# ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەزىسلىرى



تەرجىمە قىلغۇچىلار : قۇربان تۇران ، ھۆرمەتجان فىكرەت



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# ئىچىدىكىلەر


كىرىش سۆز .............................. (1)

مۇقەددىمە .............................. (3)

I باب ئاخمىنىدىلار خانىدانلىقى ۋە ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسى:
مۇقىملىق ۋە مالىمانچىلىق .............................. (1)

II باب كۆچمەن ئىمپېرىيىلەر ۋە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى (38)

III باب ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساسانىلار ۋە تۈركلەر .......... (68)

IV باب ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى .......... (96)

V باب تىبەت مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا بولۇشى .......... (127)

VI باب چىڭگىزخاننىڭ ھاياتى .............................. (144)

VII باب موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ...... (174)

VIII باب ئالتۇن ئوردا خانلىقى .............................. (204)

IX باب چاغاتاي خانلىقى .............................. (231)

X باب قازاقلار ۋە قىرغىزلار .............................. (258)

XI باب تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ ماۋارائۇننەھرنى
بويسۇندۇرۇشى .............................. (277)

XII باب شايبانىلار خانىدانلىقى .............................. (302)

IIIX باب ئۆزبېك خانلىقىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇشى .......... (326)

IVX باب چار پادىشاھ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى
تۈركىي خەلقلەر .............................. (349)

VX باب روسىيىنىڭ ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرى ۋە تۈركىستاننى
باشقۇرۇشى .............................. (358)

قوشۇمچە: قىسقارتىلمىلار .............................. (424)

# كىرىش سۆز

«ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن بۇ جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇغا ئېنىق تەبىر بېرىش خېلى تەس. مەزكۇر ئەسەردىكى «ئوتتۇرا ئاسىيا» ئاتالغۇسىدا ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت بەش جۇمھۇرىيىتى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەمدە جۇڭگو تەۋەسىدىكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاپتونوم رايون كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما، ئەسىرلەر مابەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلاقلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ياشىغان قوشنا خەلقلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن . شۇڭلاشقا مۇئەللىپ مەزكۇر ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرىسىدىن ھالقىغان تارىخىي ۋەقەلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشلىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتى.

بۈگۈنگە قەدەر، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تارىخىنى ئومۇمىي جەھەتتىن يورۇتۇش جەھەتتە ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەمگىكىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. مۇئەللىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا نىسبەتەن، ئىلگىرى مۇشۇنداق نۇقتىدىن ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقاتلار كەمدىن-كەم ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى جىددىي ھېس قىلىپ، مەزكۇر كىتابنى نەشرگە تەييارلىدى. ئەمما، قەلەمنى قولغا ئېلىش بىلەنلا مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھەجىمىگە نىسبەتەن 2500 يىللىق يازما خاتىرىلەرنى تولۇقى بىلەن بايان قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. شۇڭا مۇئەللىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارالغان نۇقتىلارنى قىسقىچە بايان قىلىش ئارقىلىق مەركەزلىك ئەكس

ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى قىسقارتماي بولمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئوقۇرمەنلەر ئىزاھلاردا كەلتۈرۈلگەن كىتابلار ۋە مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ چىقسا بولىدۇ. مۇئەللىپ مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىزاھلار بىلەن پايدىلانغان كىتابلار كاتالوگىنى بىللە بەردى.

ئوقۇرمەنلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، مۇقەددىمىدە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان كۆچمەنلەر تۇرمۇشى ھەققىدىكى ئومۇمىي مۇلاھىزىدە، ئاساسلىقى، ئالدىنقى مۇستەملىكە دەۋرى ۋە ئالدىنقى سانائەتلىشىش دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىتى سۆزلەندى. بۇ يەردە مۇئەللىپ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆتكەن زامان شەكلىنى قوللاندى. ئوقۇرمەنلەر يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەككى، زور تۈركۈمدىكى بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىز تىللارنىڭ دەسلەپكى ماتېرىياللىرىنى، ئوتتۇرا ئاسىياغا خاس ئىسىملارنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا، مەزكۇر كىتابقا قەلەم تەۋرەتكۈچىلەردىن بىرلىككە كەلتۈرۈش قاتتىق تەلەپ قىلىنمىدى.

# مۇقەددىمە

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم ۋە كۆرۈنەرلىك جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى—ئۇنىڭ دېڭىز - ئوكيانلار تەسىرىگە پۈتۈنلەي ئۇچرىمىغانلىقى. بۇ ئالاھىدىلىك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يامغۇر مىقدارىنىڭ ئاز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، يامغۇرنىڭ كەم بولۇشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن رايونلىرىنى پەۋقۇلئاددە قۇرغاق قىلىۋەتكەن. جۇغراپىيە جەھەتتىن دېڭىز-ئوكياندىن ئايرىلىپ تۇرۇشتەك بۇ خىل ئەھۋال تارىختا مۇناسىپ ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دېڭىز ئېكسپېدىتسىيىسى، سودا ياكى سىياسىي كېڭەيمىچىلىكلەردىن ئىستىسنا قىلىنغانلىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن. پەقەت XVIII ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن دېڭىز ئېكسپېدىتسىيىسى، سودا ۋە سىياسىي كېڭەيمىچىلىكلەر ئىنسانىيەت تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا قوشنا رايونلار بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى ئىزچىل ھالدا ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئەمەلىيەتتە، سەھرايى كەبىرنىڭ شىمالىدىكى شەرقىي يېرىم شاردا ھېچقانداق رايون ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوخشاش سىرتقى بېسىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ باقمىدى، ھېچ بولمىغاندا XVIII ئەسىردە روسىيە بىلەن جۇڭگو ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىنى يايلاق بەلباغلىرىغىچە كېڭەيتىشتىن بۇرۇن شۇنداق بولدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ۋە يايلاق، بۇ خىل

رومانتىك ئاتاشقا گەرچە ئازدۇر-كۆپتۇر مۇبالىغە ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، بۇنى ھەرگىزمۇ خاتا دېگىلى بولمايدۇ. ئادەتتىكىچە بايان سۈپىتىدە بولسىمۇ، بىز پۈتۈنلەي شۇنداق ئېيتالايمىزكى، قۇملۇق ۋە يايلاقلار يوق رايونلار دەل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چېگرىسى تۈگىگەن رايونلاردۇر. مەسىلەن: شىمال تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى بىلەن سىبىرىيە تايگا ئورمانلىقىنىڭ جەنۇبى ئۆزئارا تۇتىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي چېگرىسى بولسا 4000 ئىنگلىز مىلىغا يېقىن ئۇزۇنلۇقتىكى تۇتاش كەتكەن تاغلاردىن ھاسىل بولغان تاغ تىزمىسى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ تاغ تىزمىلىرى جۇڭگودىن تاكى كاسپىي دېڭىزىغا قەدەر سوزۇلغان بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ھىندىستان ئىككىنچى قۇرۇقلۇقى ۋە ئوتتۇرا شەرققە بارىدىغان يوللارنى توسۇپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەتكەن بۇ تاغ تىزمىلىرى جەنۇبىي تاغ، ئالتۇنتاغ، قۇرۇم تېغى، قاراقۇرۇم تاغلىرى، ھىندىقۇش تاغلىرى، پارو پامىسۇس تېغى، ئېلبۇرس تېغى ۋە كافكاز تاغ تىزمىلىرىدۇر. ئەمەلىيەتتە، قۇرۇم تاغ تىزمىلىرى ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغ بولسىمۇ، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ يولىدا ئېھتىمال XIX ئەسىردىن بۇرۇن ئادەملەر مېڭىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئادەملەر ئۆتەلمەيدىغان توسۇق يېرى بۇ تاغ زەنجىرلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىدىنلا ئىبارەت ، خالاس. ئەمەلىيەتتە، ھىندىقۇش، پارو پامىسۇس ۋە ئېلبۇرس تاغلىرى ئەزەلدىن جەنۇب-شىمال تەرەپتىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش پائالىيەتلىرىنى توسۇپ قالالىغان ئەمەس. بۇ تاغ زەنجىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنى بىلەن ئايرىلماس قىسمەتكە ئىگە بولغان تىبەت ئېگىزلىكى ۋە ئىران ئېگىزلىكى بار. تىبەت ئېگىزلىكى ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ھىمالايا تېغى بىلەن ئورۇلۇپ

تۇرىدۇ. ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپى كىرتار ۋە سۇلايمان تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى بولسا زاگروس تاغ تىزمىلىرىدۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپتىكى چېگرىسىنى بېكىتىش بىر قەدەر قىيىن. شەرقتە ئومۇمىي جەھەتتىن سەددىچىننى بويلاپ بىر چېگرا سىزىقى سىزىشقا، ئاندىن ئۇنى رېخې، مانجۇرىيە ئورمان بەلبېغىنى بويلاپ شىمالغا سوزۇشقا بولىدۇ. لېكىن، غەربتە ئۇكرائىنا يايلاقلىرى تاكى رۇمىنىيە، ۋېنگرىيىگە قەدەر تۇتىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاق رايونلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ۋە تارىخىي مۇساپىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

قۇملۇقلار بىلەن يايلاقلار ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆرۈنەرلىك ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيا يەنىلا ئۆزگىچە مۇرەككەپ تەبىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ يەردە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىي ۋە شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئەتراپىدىكى ئويمانلىقلارغا ئوخشاش دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭقۇر ئويمانلىقلار ۋە ئەڭ ئېگىز تاغ تىزمىلىرى بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تېمپېراتۇرا پەرقىمۇ ناھايىتى زور. ئومۇمەن شىمالىي مېرىدىيان 35 - 55 گرادۇس ئارىلىقىغا جايلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن سىر دەرياسى بىلەن تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ پەرىزىمىز بويىچە بىر سىزىق سىزساق، بۇ رايوننى شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئوخشاشمىغان ئىككى رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى قىسمەن رايونلار قۇرغاق بولسىمۇ، ئەمما، كۆپ قىسىم رايونلىرى ئىنتايىن نەم. نەم ھاۋا كلىماتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالى رايونلىرىنى كەڭ كەتكەن ئوتلاققا ئىگە قىلغان بولۇپ، كۆچمەنلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئالدىنقى ھەل قىلغۇچ ئامىل. تاكى XIX ئەسىرنىڭ

ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيىلىك ۋە جۇڭگولۇق نۇرغۇن دېھقان كۆچمەنلەر پەيدا بولغانغا قەدەر كۆچمەنلىك تۇرمۇشى ئىزچىل ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي رايونلىرىدىكى تۈركلەر ۋە موڭغۇل كۆچمەن قەبىلىلىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى.

جەنۇبتىكى يامغۇرسىز رايونلار ئىنتايىن قۇرغاق بولۇپ، بۇ يەردىكى كۆپ قىسىم رايونلار قۇملۇقتىن ئىبارەت. سوۋېت ھۆكۈمىتى كۆپلىگەن سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن بوستانلىق ۋە دەريا ئېقىملىرىدىن پايدىلىنىش بىلەنلا چەكلىنەنگەنىدى. سۇچىلىق تېخنىكىسىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يەردە ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا تۇجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك بارلىققا كەلگەنىدى. ئىران مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار خېلى بۇرۇنلا مەركىزىي شەھەر ۋە بوستانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى. بىر قىسىم باي، ئاۋات شەھەرلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشىدىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي رايونلىرىنىڭ كۆچمەن مىللەتلەرنى جەلپ قىلىدىغان ھېچنەرسىسى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن كەلگەن كۆچمەن ئىستېپلاچىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ بوستانلىق رايونلىرىنى تالان-تاراج قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچۋاقىت بۇ يەردە توپلىشىپ تۇرۇپ قالمىغانىدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا ئوتلاقلار كەمچىل بولۇپلا قالماستىن ، يەنە سۇ قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، چاپالىق سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى.

كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن بايقال كۆلى

بويلىرىغىچە بىر قاتار چوڭ تاغ تىزمىلىرى سوزۇلۇپ ياتقان بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قۇملۇق ۋە ياياقلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. بۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىزى پامىر تاغ تىزمىلىرىدۇر. پامىر تاغ تىزمىلىرى ھىمالايا تېغى، قارا قۇرۇم تېغى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ كېسىشكەن يېرىدىن شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىككە مۇۋاپىق «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. مۇزتاغ چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 24 مىڭ 388 فۇت كېلىدۇ. قوڭۇر چوققىسىنىڭ بەزى چوققىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 25 مىڭ فۇتتىن ئېشىپ كېتىدۇ. پامىر تاغ تىزمىلىرى تارىم ئويمانلىقى بىلەن سىر دەرياسى ۋە ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرىنى ئايرىۋېتىدۇ. پامىرنىڭ غەربىي ۋە شىمالغا يېقىنراق بولغانلىرى بىر قەدەر كىچىكرەك تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، بۇ تاغ تىزمىلىرى بىر قىسىم دەريا ۋادىلىرىنى ئوراپ تۇرىدۇ. سىر ۋە ئامۇ دەريالىرى مۇشۇ ۋادىلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ تۇزلەڭلىك بەلۋاغلىرى بولغان بەدەخشان ۋە فەرغانىگە ئېقىپ كىرىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى سەيياھلار ئارىسىدا بەدەخشان ئۆزىنىڭ تۇركۆيس ۋە قىزىل ياقۇتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان بولسا، يەرلىرى مۇنبەت فەرغانە جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدە «دۇلدۇللار ماكانى» دەپ ئاتالغانىدى. تەڭرىتاغ پامىرنىڭ شەرقىي شىمالغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي تەرىپى چۆللۈكلەرگە قەدەر سوزۇلىدۇ. تەڭرىتاغ ئۆزىنىڭ شىمالغا جايلاشقان مۇنبەت ئىلى دەريا ۋادىسى ۋە جۇڭغارىيەنى جەنۇبتىكى قۇرغاق تارىم ئويمانلىقى (قەشقەرىيە) دىن ئايرىپ تۇرىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرق تەرىپىدىن باشقا قالغان ئۈچ تەرىپىنى تەڭرىتاغ، پامىر تېغى، قۇرۇم تېغىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ ئوراپ تۇرىدۇ. تىك ھەم خەتەرلىك قۇرۇم تاغ تىزمىسىدىن، پەرقلىق يېرى شۇكى، تەڭرىتاغ ئەزەلدىن جەنۇب

بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىگە توسقۇنلۇق قىلىپ باقمىغان. بۇ جەھەتتە تەڭرىتاغنىڭ ئۇنىڭدىن خېلىلا ئېگىز بولغان پامىر تاغ تىزمىسى بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرى يوق. جۇڭگودا «مۇئەللەقتىكى تاغ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان تەڭرىتاغ ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ تاغ تىزمىلىرىدىن بىرى بولۇپ، خانتەڭرى چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 23 مىڭ 600 فۇت كېلىدۇ.

تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئېگىزلىكى10 مىڭ فۇت كېلىدىغان ئالتاي تاغ تىزمىلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ماكانىدۇر. تەڭرىتاغ بىلەن ئالتاي تېغىنى بىر قاتار پاكار تاغ تىزمىلىرى تۇتاشتۇرغان بولۇپ، ئۇلار جۇڭغارىيەنىڭ غەربىدىكى تاغلار ۋە تارباغاتاي تېغىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇنىراق دەريا ۋادىلىرىنى كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇ دەريا ۋادىلىرى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە ھازىرقى قازاقىستانغا كىرىشىدىكى دائىملىق يولى ئىدى. ئالتاي تېغىدىن يەنە شىمالغا ۋە شەرققە ماڭغاندا تاشقى موڭغۇلىيە تەۋەلىكىدىكى شەرقىي ۋە غەربىي سايان تاغلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، سايان تاغلىرى تاكى بايقال كۆلىگە قەدەر سوزۇلىدۇ. شۇڭا، شۇنداق دېيەلەيمىزكى، غەربىي جەنۇب، شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان تاغ زەنجىرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن بولۇپ، بۇ تاغ زەنجىرلىرى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى ھېرات ئەتراپىدىن باشلىنىپ، سىبىرىيىنىڭ ئىركۇتسكى رايونى ئەتراپىدا ئاخىرلىشىدۇ. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ۋە جۇڭگو تۇڭگانلىرىدىن باشقا، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بۇ تاغ زەنجىرىنىڭ غەربىي قىسمى بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇپ، تاغ زەنجىرىنىڭ شەرقىي تەرىپى بولسا تىبەتلەرنىڭ بۇددا دىنى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان.

تاغلارنىڭ يەر ئۈستى تۈزۈلۈشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش پائالىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمما، قۇملۇقنىڭ تەسىرىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. كاسپىي دېڭىزى بىلەن ئارال دېڭىزى ئارىسىدىكى ئۇستيۇرت، كوپپېت تاغ تىزمىسى (شەرقىي ئېلبۇرسنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تىك يار) بىلەن ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى قاراقۇم، ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلار بىلەن سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان قىزىل قۇم، سىر دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىسىدىكى يېرىم قۇملۇق بەلباغ بېتپاقدالا يايلىقى (« ئاچ يايلاق »، دېگەن نام بىلەن مەشھۇر)، ئىچكى موڭغۇل بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنى ئايرىۋەتكەن گوبى چۆللۈكى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، ستەيىن دۇنيادىكى قۇم بارخانلىرى قاپلاپ كەتكەن قۇملۇقلار ئىچىدە ئەڭ قورقۇنۇچلۇق قۇملۇق دەپ ھېسابلىغان—تەكلىماكان قۇملۇقى قاتارلىق قۇملۇقلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن . تەكلىماكاننىڭ شامال ئۇپراتقان سېرىق توپىلىق بەلبېغىنىڭ شەرقىي تەرىپى لوپنۇر كۆلى (قەدىمكى لوپنۇر كۆلىنىڭ تۇز قاتلىمى ئەڭ دەسلەپتە غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا تەخمىنەن 160 مىل ئارىلىققا سوزۇلغان بولۇپ، ئەڭ كەڭ يېرى تەخمىنەن 90 مىل كەلگەن) بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاق تاغ بار. تارىم ئويمانلىقى، شۇلې دەرياسى ئويمانلىقى، ئېچىنا دەرياسى ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ ئويمانلىقمۇ ئىنتايىن قاقاس قۇملۇقلاردۇر. دەل مۇشۇ تەرەپ ئامېرىكىلىق جۇغراپىيەشۇناس ئېللىسۋورت ھۇنتىڭتوننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئېغىر دەرىجىدىكى قۇرغاقلىق ۋە دەۋرىي ھالدىكى كېلىمات ئۆزگىرىشى دەپ قىياس قىلىشىغا سەۋەب

بولغاندى. لېكىن، ھۇنتىڭتۇننىڭ نەزەرىيىلىرى ئاساسەن دېگۈدەك سىتەيىننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلىرى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى. سىتەيىن مۇنداق جەزملەشتۈردى:

بىز سۈرۈشتۈرەلەيدىغان قەدىمكى خارابىلەر ۋە ئىشەنچلىك خاتىرىلەردىن قارىغاندا، قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدىكى غايەت زور تۆۋەن بېسىم ئوقۇرىنىڭ كىلىمات مۇھىتى ھازىرقى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك قۇرغاق بولغان. يەنە بىر خىل يەكۈن شۇكى، ئوخشاش بىر تارىخىي مەزگىلدە چوڭ دەريالار ئېلىپ كېلىدىغان سۇنىڭ مىقدارى زور دەرىجىدە ئازلاپ كەتكەن①.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىككى خىل ئالاھىدە، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا زىددىيەتلىك رول ئوينىدى. بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىنىڭ قۇرغاقلىقى ۋە قاتناش جەھەتتىكى تەبىئىي ئەۋزەللىك كەمچىل بولغانلىقى (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپىنچە چوڭ دەريالار شىمالغا قاراپ ئېقىپ شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ) ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاساسلىق رولى ئەتراپىدىكى جۇڭگو، ھىندىستان، ئىران، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئايرىۋېتىش بولدى. ئەمما، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى سودا يوللىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەتراپىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنى ناھايىتى ئاجىز، ئەمما ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئالاقە يولى بىلەنمۇ تەمىن ئەتتى. دەل مۇشۇ يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەتلەر قىممەت باھالىق تاۋارلارغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە قارشى تەرەپنىڭ چەكلىك بىلىملىرىگىمۇ ئىگە بولدى. ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىيا سودا يوللىرى بولمىغان بولسا، ئۇلار بۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى ياكى ھېچ بولمىغاندا ئېرىشىش قىيىنغا چۈشكەن بولاتتى.

سودا، قول سانائەت ۋە مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى قاتارلىق

جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ مۇھىم رايونى، ئېھتىمال، ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسى رايونلىرى بولۇشى مۇمكىن. يۇنانلىقلار ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسىنى oxus، jaxartes دېگەن ناملار بىلەن ئاتىغان بولسا، ئەرەبلەر بۇ ئىككى دەرياسىنى jayhun ۋە sayhun دەپ ئاتاشتى.② ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى غەربىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ تاكى ئىراننىڭ دەشتىكېۋىر تۈزلۈقىغا يەنى ئەرەبلەر «خۇراسان» دەپ ئاتىغان رايونغا قەدەر تۇتۇشىدۇ (ئۇ ھازىرقى ئىراننىڭ ئوخشاش نامدىكى خۇراسان ئۆلكىسىدىن كۆپ چوڭ ئىدى). ئوتتۇرا ئەسىرلەردە خۇراسان رايونىنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن نىشاپۇر، تۇس (كېيىن «مەشھەد» دېيىلگەن)، مەرۋى، ھېرات، بەلخلەر بارئىدى. بۇ شەھەرلەر ئۆزىنىڭ ئاۋات سودىسى، بولۇپمۇ مېتالچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى بىلەن داڭ چىقارغان. سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىملىرىنىڭ ئارىسىدىكى رايونلارنى يۇنانلىقلار transoxania، ئەرەبلەر mawarannahr دەپ ئاتايدۇ. ئىسلامىيەت دەۋرىدە بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت بۇ يەرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەركىزىي شەھەرلىرى ئىدى. خارەزىم ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئارال دېڭىزىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئوتتۇرا قەدىمكى زاماندا ئۆرگەنچ خارەزىمنىڭ مەركىزى بولدى، ئۆرگەنچنىڭ ئورنىنى كېيىن خىۋا ئىگىلىگەن بولۇپ، تاكى XIX ئەسىرگە قەدەر بۇ ئەتراپتىكى يەرلەر «خىۋە» دەپ ئاتالدى. سىر دەرياسىنىڭ تاشقى تەرىپى، ماۋرائۇننەھرنىڭ شەرقىي شىمالى شاش شەھىرى يەنى تاشكەنت ئەتراپىدىكى رايونلاردۇر. فەرغانە ېنىدىكى شەھەرلەرگە ئوخشاش شاش شەھەرلىرىنىڭ دائىرىسى ۋە مۇھىملىقىنى گەرچە ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراساننىڭ شەھەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ،

لېكىن، بۇ شەھەرلەر ئوتتۇرا ئەسىرلەردە دۇبۇلغا-ساۋۇت، قورال-ياراغلار، ئات جابدۇقلىرىنى ياساش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن دۇنياغا تونۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنىمۇ بۇ شەھەرلەرنى ناھايىتى ئاسانلا قوشنا كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ دەۋرىيلىككە ئىگە ئۆزگىرىشلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىتىپ تۇردى. ماۋرائۇننەھر ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلار ئۆزىگە نامۇۋاپىق ھالدا مۇسۇلمان ئالىملىرى، سەنئەتكارلار، ماھىر ئۇستىلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە يىراق شەرق، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى رايونلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقلىرىنى كېسىپ ئۆتكەن سودا تورىنى تۇتاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇردى. ماۋرائۇننەھرنىڭ قاتناش جەھەتتىكى رولى ۋە ماۋرائۇننەھر ئاھالىلىرىنىڭ يۇقىرى ماھارەتلىك ھۈنەرۋەنچىلىكى ماۋرائۇننەھرنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىدا ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

كۆپ ئەسىرلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئوتتۇرا ئاسىيا سودا كارۋانلىرىنىڭ كۆپلىگەن سودا يولى بار بولسىمۇ، لېكىن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى جۇڭگو بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يول ئىدى. XIII ئەسىردىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قەشقەرىيەنى كېسىپ ئۆتىدىغان يول بەلكىم دائىملىق يول بولۇشى مۇمكىن. سودا كارۋانلىرى گەنسۇ تەۋەسىدىكى دۇنخۇاڭ بوستانلىقىدىن يولغا چىقىپ، ياكى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى يولنى بويلاپ، ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىدىن خوتەن ۋە يەكەنگە بېرىپ، ئاندىن پامىردىن ئۆتەتتى؛ ياكى بولمىسا لوپنۇر كۆلىنى بويلاپ مېڭىپ، قۇمۇل، تۇرپانغا بېرىپ③، ئاندىن كۇچار، ئاقسۇلارنى ئايلىنىپ قەشقەرگە كېلىپ، پامىرغا باراتتى. تۇرپانغا يېتىپ كەلگەن سودا كارۋانلىرى ئۈچۈن يەنە ئۈچىنچى بىر

تاللاش يولىمۇ بار بولۇپ، ئۇ تۇرپاندىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، جۇڭغارىيىگە كىرىپ، ئۇ يەردىن يەتتە سۇ رايونىغا بېرىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن سىر دەرياسىغا بارىدىغان يول ئىدى.

سىر دەرياسىدىن باشلاپ سودا كارۋانلىرى ياكى ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى يايلاق ئارقىلىق قارا دېڭىز رايونىغا كىرەتتى؛ ياكى سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ ( كۆپىنچە ئوتراردا دەريادىن ئۆتەتتى ) ماۋرائۇننەھرگە كىرەتتى. ياكى بولمىسا مۇشۇ يەردىن خارەزىمدىكى ئۈرگەنچكە قاراپ مېڭىپ، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتكە بېرىپ، بۇ يەردە پامىرنى كېسىپ ئۆتۈپ فەرغانە جىلغىسىنى ئايلىنىپ كەلگەن سودا كارۋانلىرى بىلەن ئۇچرىشاتتى ( پامىرنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتىدىغان كارۋان يولى ئارقىلىق بەدەخشانغا كىرىپ، ئۇ يەردىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەلىخكە باراتتى ) . گەرچە بۇخارادىن كابۇل ۋە ھىندىستانغا بارىدىغان سودا كارۋانلىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى بەلىخ ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ھىندىقۇش تېغىنى كېسىپ ئۆتىسىمۇ، ئەمما، بۇخارادىن مەرۋىگە بارىدىغان يول ھەمىشە چارجۇئى تەرەپتىن دەريادىن ئۆتەتتى. مەرۋىدىن باشلاپ بۇ سودا كارۋانلىرى ياكى بەلىختە جەم بولاتتى، ياكى بولمىسا نىشاپۇرغا يول ئېلىپ، ئۇ يەردىن رەيگە ( ھازىرقى تېھران ئەتراپىدا ) باراتتى. بۇ يەردە تاللىۋېلىشقا بولىدىغان بىرقانچە يول بار بولۇپ، ئۇلار جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ ئىسفاھانغا ياكى غەربىي جەنۇبقا يۈرۈپ ھەمەدانغا ۋە باغدادقا ياكى بولمىسا غەربكە قاراپ مېڭىپ تەبرىز ۋە ۋىزانتىيىگە بېرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ھەرقانداق ئالاھىدە دەۋردە، سىياسىي مۇھىت ھامان تەبىئىي

ھالدا سودا يوللىرىنىڭ مۇھىملىقى، بىخەتەرلىكى ۋە سودا يوللىرىنىڭ گۈللىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللارغا تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن؛ XIII ئەسىردىكى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان تىنچ دەۋرلەردە، قەشقەرىيەدىن ئۆتىدىغان قەدىمكى يوللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كىشىلەر يەتتە سۇ ۋادىسى ۋە جۇڭغارىيەدىكى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن ئۆتىدىغان يوللارنى تاللىشى تۇرغان گەپ ئىدى. XVIII — XVII ئەسىرلەردە رۇسلار بايقال كۆلى رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن بولسا، نۇرغۇن سودا كارۋانلىرى ئەڭ شىمالدىكى ئورمانلىق بەلباغلىرىدىن مېڭىشقا رازى بولۇشتى، چۈنكى، بۇ رايونلاردا ئۇلار ھېچ بولمىغاندا سودا يوللىرىنىڭ مەلۇم بۆلەكلىرىدە بولسىمۇ روسىيەلىكلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيا سودا يوللىرىنىڭ مۇساپىسى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، ئۇرۇش ۋە قاراقچىلارنىڭ خەتىرىنى دېمىگەندىمۇ، يوللاردا دۇچ كېلىدىغان ناچار تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئۆزىلا كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالاتتى. سودا يولى ترانسپورتى ئات، قېچىر، ئېشەككە، غەربىي جەنۇب رايونلىرىنىڭ تاق لوكىلىق تۆگىلىرى ۋە باكترىيىدىكى ئېگىز ھەم سوغۇق رايونلارنىڭ تۆگىلىرىگە، ئېگىزلىك رايونلىرىنىڭ قوتازلىرى ۋە ئارغۇن كالىلىرى ( ياۋا قوتاز بىلەن كالىنى چېتىشتۇرۇپ يېتىلدۈرگەن شالغۇت كالا ) ھەم ئات - كالا قوشۇلغان ھارۋىلارغا تايىنىدىغان ئۇلاغ ترانسپورتى ئىدى. بۇ خىل ئۇلاغ ترانسپورتى كېمە ترانسپورتىغا قارىغاندا بىخەتەر بولمايلا قالماستىن، يەنە كېمە ترانسپورتىدىن كۆپ ئاستا ئىدى. بۇ ئۇزۇن مۇساپىلەر بەلكىم خەۋەر يەتكۈزگۈچى شاتۇرلار ۋە ئالماشتۇرۇلىدىغان ئاتلىرى تەييار چاپارمەنلەر ئۈچۈن ئۇنچە ئۇزۇن بىلىنمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما، سەپەر قىلغۇچىلار،

سودىگەرلەر، ھەج تاۋاپچىلار ياكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، يۇرۇشى ناھايىتىمۇ ئاستا ئۇلاغلار بىلەن بۇنداق ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ بولۇش ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى. دۇنيادا قۇرغاق رايونلاردا يۈك توشۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۇلاغ تۆگە بولۇپ، ئادەتتە تۆگە قۇرۇق ماڭغاندا سائىتىگە تۆت مىل يول يۇرەلەيدۇ، ئۇستىگە يۈك ئارتىلسا سائىتىگە ئىككى يېرىم-ئۈچ مىلغىچە يول يۇرەلەيدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300 قاداق ئېغىرلىقتىكى يۈكنى كۆتۈرۈپ، كۈنىگە 30 مىل ئەتراپىدا يول يۇرەلەيدۇ[4]. روسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى پىرژىۋالىسكىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، خالخا رايونىدا 500 قاداق يۈك كۆتۈرۈپ يۇرەلەيدىغان چوڭ موڭغۇل تۆگىسى كۈنىگە 28 مىل يول يۇرەلەيدىكەن، بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا موڭغۇل ئېتى كۈنىگە 40—47 مىل يول يۇرەلەيدىكەن. ئەمما چىڭخەي رايونىنىڭ تۆگىلىرى كۈنىگە 20 مىلدىن ئارتۇق يول يۇرەلمەيدىكەن[5].

XIV ئەسىردىكى فلورېنسىيىلىك سودىگەر پېگولوتتى بىزگە شىمالىي يول ئارقىلىق قارا دېڭىزدىن جۇڭگوغا بارغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى سەيياھلار مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى كېسىپ ئۆتكەن بۇ يولنى ناھايىتىمۇ جانلىق تەسۋىرلىگەن[6]. جۇڭگونى ئاخىرقى نىشان قىلغان سودىگەرلەر دون دەرياسىنىڭ دەريا ئېغىزىدىن يولغا چىقىپ، دەسلەپتە كالا ھارۋىسى بىلەن 25 كۈن ياكى بولمىسا 10 - 12كۈنگىچە ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئاستىراخان رايونى ئەتراپىدىكى ۋولگا دەرياسىغا يېتىپ بارغان. بۇ يەردە ئۇلار ئېقىمغا قارشى ئايلىنىپ مېڭىپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ قارارگاھى - سارايغا كېلىپ، سارايدىن ۋولگا دەرياسىنىڭ ئېقىمىنى بويلاپ كېمە بىلەن كاسپىي دېڭىزىغا بېرىپ،

ئاندىن ئۇرال دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى بىلەن نوغاي تاتارلىرىنىڭ ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان جايى كىچىك سارايغا كەلگەن. بۇ كېيىمە يولى سەككىز كۈنلۈك يول بولۇپ، قۇرۇقلۇقتا يۇرگەنگە قارىغاندا تۆت كۈنلۈك يول قىسقىرايتتى. كىچىك سارايدىن كېيىن ئاتلارنىڭ يەم خەشىكى يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياۋروپالىقلار تۆگىنىڭ ئېگىز-پەس سىلكىتىپ مېڭىشىغا ئادەتلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار دائىم تۆگە هارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ ماڭاتتى. كىچىك سارايدىن ئۈرگەنچكە بېرىش ئۈچۈن تۆگە هارۋىسىغا ئولتۇرسا 20 كۈن كېتەتتى ( پېگولوتتى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئىبنى بەتتۇتەنىڭ هېسابلىشىچە 30—40 كۈنچە ۋاقىت كېتەتتى) . ئۈرگەنچتىن ئوترارغا بېرىش ئۈچۈن يەنە 35—40 كۈنچە تۆگە هارۋىسىغا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. كۆپ ساندىكى سودىگەرلەرنىڭ ئۈرگەنچ يولىنى تاللىشى بۇ يەردە سودا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر كىچىك سارايدىن بىۋاسىتە ئوترارغا بېرىشقا توغرا كەلسە 50 كۈنچە ۋاقىت كېتەتتى. بۇ ئۈرگەنچتىن ماڭغانغا قارىغاندا تېزرەك بولاتتى. يۈك ئارتىلغان ئېشەكلەر بىلەن ئوترادىن يەتتە سۇ ئارقىلىق ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالمالىققا كىرىش ئۈچۈن هېسابلاشلارغا قارىغاندا 45 كۈن كېتىدىكەن. ئالمالىقتىن چىقىپ جۇڭغارىيەنى كېسىپ ئۆتۈپ، گەنسۇ كارىدورىنىڭ گەنجۇ شەھىرىگە (جاڭيې) بېرىش ئۈچۈن، يۈك ئېشەكلىرىگە يەنە 70 كۈن يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. گەنجۇ شەھىرىدىن ئاتلانغان سەيياھلار ئات بىلەن كەم دېگەندىمۇ 40—45 كۈنلۈك مۇساپىنى باسقاندىلا ئاندىن خاڭجۇغا ( ماركو پولو ئۇنى ”خاڭزەي“ دەپ ئاتىغان ) بارغىلى بولاتتى. گەنجۇدىن بېيجىڭغا بېرىش ئۈچۈن يەنە 30 كۈندىن ئارتۇق يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. پۈتۈن مۇساپىنى تاماملاش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ توققۇز

ئاي ۋاقىت كېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ پېگولوتتى يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمىگەن. چۈنكى، ئۇ يوللاردا ساقلانغىلى بولمايدىغان ھايالداپ قېلىشلارنى ھېسابلىمىغان. ۋاھالەنكى، كۆپ ساندىكى سودا كارۋانلىرى بۇنداق ھايالداپ قېلىشلارغا ھەر ۋاقىت دۇچ كەلگەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى قىزىقارلىقى شۇكى، مانجۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە بېيجىڭدىن شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىگە بارىدىغان كارۋانلار تەخمىنەن 10—12 ئايچە يول يۈرەتتى⑦.

بىمەھەل يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشلارنىڭ زەربىسىدىن ئەمەس، بەلكى دائىملىق سودا تۇرمۇشى ئالاقىلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چەت رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۆزۈن مۇددەت مىللىي كۆچلەرنىڭ ئازىيىش ۋە كۆپىيىش تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغان ھالدا ھەر خىل ھەم ئىنتايىن مۇرەككەپ تىل ۋە ئىرقلار تىپى شەكىللەندى. ئەمما XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ۋە تىللارنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى جەھەتتە تۈركىي مىللەتلەر ۋە تىللار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەر ۋە تىللارنىڭ ئورنىنى ئالغان ياكى تۈركىي مىللەتلەر ۋە تىللار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى كېيىنكى چاغلاردا ئىپتىخارلانغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قان سىستېمىسىنىڭ چىڭگىزخان ياكى ئۇنىڭ سەركەردىلىرىگە تۇتىشىدىغانلىقىنى ئىپتىشقان بولسىمۇ، ھەتتا، XIII ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستېلاسىمۇ بۇ خىل يۈزلىنىشتە قىلچە ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىدى.

شۇبھىسىزكى، بوستانلىق ۋە شەھەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا،

ئوتتۇرا ئاسىيا ئىزچىل هالدا نوپۇسنىڭ زىچلىقى ئىنتايىن تۆۋەن رايون ئىدى. زىچلىقنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى قىسمەن جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك قۇرغاق ھەم يامغۇر ئاز بولۇشتەك ھاۋا كىلىماتى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بىراق، بۇمۇ كۆچمەن ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجى— سۇغۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىق غايەت زور ئادەم كۈچىگە ئېھتىياجلىق بولغانىنىڭ ئەكسىچە، كۆچمەن ئىگىلىك كەڭ كەتكەن ئوتلاقلارغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يىرىك چارۋىچىلىقى، تۇجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىشنى ئالاھىدىلىك قىلغان رايونلار ( مەسىلەن: جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى ) بىلەن تۇپتىن ئوخشىمايتتى؛ بەلكىم بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئوتتۇرا ئاسىيادا نوپۇس ئاز بولۇشنىڭ سەۋەبى، ئىنتايىن سوغۇق ھاۋا كىلىماتى ( تىبەت ئېگىزلىكىگە ئوخشاش ) ۋە ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان ئات ئۈستى تۇرمۇشى كىشىلەرنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.⑧

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نوپۇس ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى ئارىسىدىكى زىتلىقلار ھەم بۇ ماتېرىياللارنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىدىكى پەرقلەر سەۋەبلىك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسى، ئېھتىمال، ئۇزۇن مۇددەت كۈچلۈك مۇنازىرە قىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلارنى كەلتۈرۈشتىكى مەقسەت، پەقەت ھازىرقى ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى قىسقىچىلا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت، خالاس⑨. ئادەم سانى ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەنزۇلار، سلاۋيان كۆچمەنلىرى بۇ جەدۋەلدە كۆرسىتىلمىدى.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۆزبېكلەر | 6 | مىليوندىن ئارتۇق | تۈركىي مۇسۇلمانلار |
| ئۇيغۇرلار | 4 | مىليون ئەتراپىدا | تۈركىي مۇسۇلمانلار |
| تۇڭگانلار | 4 | مىليون ئەتراپىدا | جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى |
| قازاقلار | 4 | مىليوندىن ئازراق | تۈركىي مۇسۇلمانلار |
| موڭغۇللار | 3 | مىليون ئەتراپىدا | بۇددىستلار |
| تىبەتلەر | 3 | مىليوندىن ئازراق | بۇددىستلار |
| تاجىكلار | 1.5 | مىليون | تۈركىي مۇسۇلمانلار |
| تۈركمەنلەر | 1.5 | مىليون | تۈركىي مۇسۇلمانلار |
| قىرغىزلار | 1 | مىليون | تۈركىي مۇسۇلمانلار |
| قارا قالپاقلار | 200 | مىڭدىن ئازراق | تۈركىي مۇسۇلمانلار |

سانائەتنى بەرپا قىلىش ۋە مېخانىكىلىق ترانسپورتنى كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەمەلىيەتتە سانائەت ۋە مېخانىكىلىق ترانسپورت دېگەندەك نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋال 1917- يىلىغا قەدەر داۋاملاشتى. كۆپ ئەسىرلىك ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىككى خىل تۇرمۇش شەكلى شەكىللەندى. بۇ ئىككى خىل تۇرمۇش شەكلى مەلۇم جەھەتلەردە بىر-بىرىنى تولۇقلىدى، ئەمما، يەنە بەزى تەرەپلەردە بىر-بىرىگە زىت بولدى. بىرىنچى خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى دەريا-ئېقىنلار ئەتراپىدا ياشاش نەتىجىسىدە، مەسىلەن: زەرەپشان دەرياسى ۋە تارىم دەرياسى ياكى بوستانلىق رايونلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى ئاساسىدا شەكىللەندى. مۇكەممەل سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرى بۇ رايونلارنىڭ تۈجۈپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئىگىلىكىگە شارائىت ياراتتى. بۇنداق بىر قىسىم ئولتۇراق رايونلار (قاراقۇم قۇملۇقىدىكى مەرۋى بوستانلىقى بۇنىڭ تىپىك مىسالى)

قۇملۇق ۋە يايلاق ئوراپ تۇرغان ئىنتايىن كىچىك يېزا ئىگىلىك ئارىلىنى شەكىللەندۇردى. بۇ يېزا ئىگىلىك ئارىلى ئادەتتە يېگانە ھالەتتە بولسىمۇ، ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، كۆپىنچە تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا يەنىلا ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيتتى. بۇنداق بوستانلىق ۋە دەريا-ئېقىنلاردا بىر قىسىم يېزا-بازارلار شەكىللەنگەن. بۇ يېزا-بازارلار تەرەققىي قىلىپ شۇ جايلارنىڭ بەزى قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان ۋە تارقىتىدىغان مەركىزىگە ئايلىنىپلا قالماستىن، يەنە قۇرۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان سودا كارۋانلىرىنىڭ قاتنىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان رول ئوينىدى. بۇ يېزا-بازارلار جايلاشقان ئورۇنلار مۇقەررەر ھالدا ئۆز ئاھالىلىرى ئارىسىدا ھەممە ئېتىراپ قىلغان بىر خىل «بوستانلىق ئىدىيىسى» نى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل ئىدىيىنىڭ ئالاھىدىلىكى— ئەقلىي جەھەتتىن بىلىمگە ئىنتىلىش ئىستىكىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال پەقەت كېلىپ-كېتىپ تۇرغان سودا كارۋانلىرى تەرىپىدىنلا قىسمەن تولۇقلاندى. مەركىزىي شەھەرلەردىكى نامى چىققان ئالىملارنى ئالساقمۇ، ئۇلاردىكى بىلىمنىڭ جۇڭگو ياكى ئىران مەدەنىيىتىنىڭ داۋامىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ھېچ بولمىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ئەشۇ مەركىزىي شەھەرلەر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى. تاكى XII ئەسىرگىچە، دېگۈدەك ماۋرائۇننەھر ۋە قەشقەرىيەنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەردە يەنىلا ئىران مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلاندى. شۇڭا ئىسفاھان ياكى مەشھەدىن بۇخارا ياكى ياركەندكە قاراپ يولغا چىققان سەيياھلار ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا، ئۇ يەردىكى تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزلىرىگە ئانچە ناتونۇش ئەمەسلىكىنى بايقاشتى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەنە بىر خىل تېخىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە تۇرمۇش شەكلى—كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلىدۇر. يايلاق مۇھىتى كۆچمەن ئىگىلىك ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. كۆچمەن ئىگىلىك چارۋىچىلارنى يەر تېرىشنىڭ ھارغىنلىقلىرىدىن ساقلاش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلارنى بىر جايدا ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلىشىشتىن مۇستەسنا قىلدى. ئۇلار كۆندۈرۈلگەن بۇغا، ئات، تۆگە، قوي، كالا، قوتاز قاتارلىق ئۆي چارۋىلىرىغا ئىگە بولۇپ، بۇ ھايۋانلارغا تايىنىپ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، چېدىر، يېقىلغۇ، توشۇش قوراللىرى ۋە باشقا قوشۇمچە مەھسۇلاتلارغا ئېرىشەتتى، بۇ قوشۇمچە مەھسۇلاتلار ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان قوشنا ئاھالىلەر بىلەن ئاشلىق، تۆمۈر قاتارلىق كۆچمەنلەر تۇرمۇشى تەمىنلىيەلمەيدىغان زۆرۈر بۇيۇملارغا ئالماشتۇرىلاتتى[10]. شۇڭا، كۆچمەن مىللەتلەر ئىگىلىك جەھەتتە ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ئۇلارنى يېتەرلىك جۇشقۇنلۇققا ئىگە قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنى دېھقانچىلىق تۇرمۇشىدىكىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدا يېڭىلمەيدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلاتتى. ناۋادا ئۇلار ئوۋچى ياكى ئات باقار بولغان بولسا، بۇ خىل ئۈستۈنلۈك تېخىمۇ روشەن نامايەن بولاتتى. ئوۋچىلىق ۋە ئات بېقىش كەسپى كاماندارلىق، چەۋەندازلىق ماھارەتلىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولۇپ، قىسقا ۋاقىتلىق ئۇرۇشلار ئۈچۈن توپلانغان، ئۇزۇن مۇددەت تەربىيەلەنمىگەن دېھقانلار ياكى بوستانلىق ئاھالىسىدىن تەشكىللەنگەن لەشكەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ماھارەتلەرنىڭ ھازىرلانغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، كۆچمەن مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ چارۋىلىرىغا يۆلىنىۋالغانلىقىنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا

كېلىدۇ. قوي ۋە كالا پادىلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى، كۆچمەنلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاچارچىلىقتىن دېرەك بېرەتتى. بۇ خىل يۆلىنىۋېلىش ئامىلى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى كۈچلۈك چەكلەپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەزەلدىن چارۋىلىرىنى سۇ ۋە ئوتلاق كەمچىل يەرلەرگە ھەيدەپ ئاپىرىشنى خالىمايتتى. كۆچمەن مىللەتلەر ئۆزلىرى ئىنتايىن قىيىن مۇھىتتا ياشىيالايتتى، ھۇجۇملاردىن ساقلىنىش ۋە قوغلاپ ھۇجۇم قىلىشلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەتتا ئاز-ئازدىن ئەڭ قاقاس قۇملۇقلارغا كىرىپمۇ ياشىيالايتتى، ئەمما، ئۆزلىرىنىڭ مال-چارۋىلىرىدىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىمىغان ئەھۋالدا ئوخشاشلا چىدامسىلىق بولۇشنى تەلەپ قىلالمايتتى. شۇڭا، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ كۆچمەنچىلىكى دەريا بويلىرىدىكى ئولتۇراق ئاھالىلەر ياكى بوستانلىقلاردىكى تېرىقچىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كىشىنى بەكمۇ چۆچۈتىسىمۇ، ئەمما، پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك پەيتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ خىل كۆچمەنچىلىك يەنىلا مۇساپە ۋە رايون چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ناۋادا كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ كالا، قوي، يىلقىلىرىنى مۇئەييەن رايون ۋە دائىرە ئىچىدە بىخەتەر بېقىش مۇمكىن بولسا، ئۇلار ھەرگىزمۇ چارۋا ماللىرىنىڭ جىسمانى قۇۋۋىتىنى سەۋەبسىز خوراتمايتتى. كۆچمەن قەبىلىلەر ھەمىشە سان-ساناقسىز، ھارماس كالا، قويپادىلىرىنى ھەيدەپ ئاسىيانى قۇيۇندەك كېزىپ يۈرەتتى دېگەن قاراشلار كۆچمەنلىك تۇرمۇشىدىكى تەبىئىي يوشۇرۇن كۈچنى مۇبالىغىلەشتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، قىشلاقتىن يايلاققا كۆچۈش مۇساپىسى بىر قەدەر قىسقا بولۇپ، بۇ خىل كۆچۈش كىلىمات ۋە ئېگىزلىكتىكى روشەن ئۆزگىرىشكىلا ۋەكىللىك قىلاتتى. مەسىلەن: تەڭرىتېغىدىكى قىرغىزلارنى ئالساق، ئۇلار يايلاقلارنىڭ

تۈۋەن تەرىپىگە نەچچە مىللا كېلىدىغان خىلۋەت تاغ جىلغىلىرىدا قىشنى ئۆتكۈزەتتى. يايلاق بىلەن ئۇنىڭ تۈۋەن تەرىپىدىكى قىشلايدىغان يەرنىڭ ئارىلىقى نەچچە مىڭ فۇتلا كېلەتتى. كۆچمەنلىك تۇرمۇشى تۇرلۇك باسقۇچ ۋە تۇرلۇك رايونلاردا هامان هەر خىل تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشتەك يۈزلىنىشنى نامايەن قىلاتتى. شۇڭا، ئومۇمىي بىر پرىنسىپنى ئىگىلەش ئۈچۈن XVIII ياكى XIX ئەسىردىكى موڭغۇل جەمئىيىتى، ھەتتا قازاق جەمئىيىتى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان كۆزىتىشكە ئاساسلىنىپ، XIII ئەسىر-دىكى موڭغۇل جەمئىيىتى ئۈستىدىن خۇلاسە چىقىرىش يېنىكلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇلتۇراق جەمئىيەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرى ئاز بولۇشى سەۋەبلىك، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆچمەنلىك تۇرمۇشى ئۆزىگە خاس تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە ئىدى. بۇ كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتلەردە ئەكس ئېتىپلا قالماي، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇچراشقان ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ يايلاقتىكى كۆچمەن مىللەتلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ.

تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۆز ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپلا قالماي، يەنە بىر ئۇرۇق ياكى قەۋم، بىر قەبىلە، بەزىدە ھەتتا بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭمۇ ئەزاسى ئىدى. مانا شۇنداق بىرلىككە نىسبەتەن، كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسى بىر خىل ئېنىق بەلگىلەنگەن مۇناسىۋەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۇزۇن ۋاقىتلار جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر-بىرىگە بولغان ساداقەت ۋە مەجبۇرىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىغا تىكلەنگەنىدى، مەيلى ئائىلە، ئۇرۇق ياكى قەبىلە بولسۇن، ئاقساقال ئاچقۇچلۇق ئورۇننى ئىگىلەيتتى. ئەگەر

ئاقساقاللار بولمىسا قوي، كالا پادىلىرىنى قوغداپ قالغىلى بولمايتتى، ئوتلاق، قۇدۇقلارنى قوغدىغىلى، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن قوشنىلارغا زەربە بېرىپ چېكىندۈرگىلى بولمايتتى، بۇلاڭ-تالاڭ خاراكتېرىدىكى يىراققا يۈرۈشنىمۇ قىلغىلى بولمايتتى. كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلىك تۇرمۇشىدا بىرخىل خاھىش —ئائىلە ھەم كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجە مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پەيدا بولدى. بۇ خىل دەرىجە مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئېنىق ھالدا «كۆچمەنلەر فېئودالىزمى» دەپ ئاتالدى. ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئاقساقىلى بولۇشنى ھەقىقىي قەھرىمانلارغا خاس پەزىلەت ۋە ئالاھىدە خاراكتېردىن باشقا، يەنە تۈرلۈك ئامىللارنىڭ يىغىندىسى بەلگىلەيتتى. بۇ ئامىللار نۇرغۇن مال-چارۋىلار ھەم قۇل-چاكارلارغا ئىگە بولۇش، تارىختىن بېرى ئۇرۇق ياكى قەبىلىگە سادىق بولغان بولۇش ھەمدە يۇقىرى تەبىقىدىن بولغان بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. XIII ئەسىردىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپىنچە رايونلىرىدا ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆزىنى چىڭگىزخان نەسلىدىن دېيىشى دېگۇدەك ئالدىنقى شەرتلەردىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدا «قۇنتەيجى» دېگەن بۇ شاھزادە مەنىسىدىكى ئاتالما، ئاخىرى بېرىپ چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

كۆچمەنلىك تۇرمۇشى چارۋىچىلاردىن ئولتۇراق تۇرمۇشتىكى بوستانلىق ئاھالىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ھەم ساغلام تەن بولۇشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چارۋىچىلاردىن ئولتۇراق ئاھالىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك مۇستەقىللىق ئېڭى بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. چۈنكى، كۆچمەنلەر بۇ ئارقىلىق خەتەرلىك پەيتلەردە چېچەنلىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەرىكەت

قولىنالايتتى. بۇ ئايغى چىقماس دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا باغلىنىپ قالغان ئولتۇراق تۇرمۇشتىكىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى. ئوتلاق تالىشىش، قەبىلىلەر ئىچىدىكى ماجىرالار، قان-قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى قىساس جەڭلىرى كۆچمەنلەردە تەبىئىي ھالدا تاجاۋۇزچىلىق تەبىئىتىنى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىق تەبىئىتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئولتۇراق جەمئىيەت مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياج كۆچمەنلەرنى ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ قوشنىلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا مەجبۇرلايتتى. بۇ خىل بۇلاڭچىلىق ئادىتى ھەم ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ۋەيرانچىلىقلار كۆچمەنلەرنى « توغما ياۋايىلار» دېگەن ئاتاققا ئىگە قىلدى. ۋاھالەنكى، كۆچمەنلەر كىشىلەرنى قىرغىن قىلىشتا ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمىسىمۇ، لېكىن، ئۇلار جۇڭگونىڭ فېئودال سۇلالىلىرى ۋە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىدەك ئىنتايىن ۋەھشىيانە قىلمىشلارغا مەپتۇن بولۇپ كەتمەيتتى. كۆچمەنلەر ئەزەلدىن بوستانلىقلاردىكى ئولتۇراق ئاھالىلەرنى كۆزگە ئىلمايتتى. مەسىلەن: موڭغۇللار ھەمىشە جۇڭگونىڭ تىللا-يامبۇلىرى، تاۋار-دۇردۇنلىرى، ئاشلىقلىرىغا ئېرىشمەكچى بولسىمۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ھەتتا خەنزۇ ئاياللىرى ياكى ئاقسۆڭەكلەر ئۇچۇن پارچە-پۇرات ئىشلارغا سېلىنسىمۇ، ئەمما، خۇددى كۆچمەن تۇركمەنلەر ياكى قازاقلار ماۋرائۇننەھردىكى شەھەر ئاھالىلىرى ۋە دېھقانلارنى ( ئۇلار مەيلى تاجىكلار ياكى ئولتۇراق ئۆزبېكلەر بولسۇن ) مەنسىتمىگەنگە ئوخشاش، موڭغۇللارمۇ خەنزۇلارنى ئەزەلدىن كۆزگە ئىلمايتتى. كۆچمەن مىللەتلەرنى دېھقانچىلىق مىللەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىش-ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ دەپ قارايدىغان تارىخچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدە

ئاسانلىقچە خاتا يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ بوستانلىق ئاھالىلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ( بۇ خىل ئابروي، ئاساسلىقى، يۇقىرى ھەربىي ماھارەت ئاساسىغا تىكلەنگەن ) زادىلا ئۇقمايدۇ. بىراق، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق مىللەتلىرىگە ئۆزگىرىشى— دېھقانچىلىق مىللەتلىرىنىڭ كۆچمەن مىللەتلەرگە ئۆزگىرىشىگە قارىغاندا كۆپرەك كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئىدى. ( ھەتتا مەجبۇرلاش تەركىپلىرىنى كىرگۈزگەن تەقدىردىمۇ شۇنداق بولاتتى. مەسىلەن: XX ئەسىردە ئىچكى موڭغۇلدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئاجىزلىششى شۇنداق بولدى ) . يەككە دېھقانلار ۋە دېھقانچىلىق كەنتلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقنىڭ تېخىمۇ ئاقسۆڭەكلەشكەن تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللىۋالغانلىقىغا دائىر مىساللارمۇ بار، ئەلۋەتتە⑪ .

بوستانلىق ئاھالىلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۆلۈنمە ھالەت ئۇلاردا دائىم قارىغۇلارچە ئېتىقاد پەيدا قىلغاندى. كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ بوستانلىق ئاھالىلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار دىن مەسىلىسىدە دىنىي ئەقىدىلەر ۋە شەكىللۋازلىق بىلەن چۈشىلىپ قالمايتتى. بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ، كۆچمەن مىللەتلەر شامان دىنىنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچىدىن مەدەت ئېلىپ، ئۆزلىرىگە روھىي جەھەتتىن تەسەللى ئىزدەيتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىچە، ئەر باخشىلار ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلار بىلەن پىكىر، ئۇچۇر ئالماشتۇرالايدىغان بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە ھادىسىلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان روھىي دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشالايدىغان ۋاستىچى رولىنى ئالاتتى. بۇ خىل روھىي دۇنيا ھەممىلا جايدا—يەردە، سۇدا، شامالدا، ئېگىز تاغلاردا، ئورمان-چاتقاللاردا، شۇنىڭدەك چەكسىز

كەتكەن چۆل-باياۋانلاردىكى يايلاقلاردا، قورقۇنچ-ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان قارا بورانلاردا ھەم چەكسىز، پايانسىز، سىر-ئەسرارىنى بىلگىلى بولمايدىغان كۆك ئاسماندىمۇ بار ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ دەرۋىش-شەيخلىرى، بۇددا دىنىنىڭ لامالىرى دەل ئەشۇ شامان دىنىچە شەكىل ۋە ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى قوللانغاچقا، بۇ دىنلار كۆچمەنلەرنىڭ ئىچىدە ئىزچىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرالايتتى. XIX ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپچىلىك كۆچمەن مىللەتلەر ئىسلام مۇخلىسلىرىدىن بولۇپ قالدى. لېكىن، ئەنئەنىۋى ئادەتلەر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر-كۆپتۇر بولسىمۇ ساقلىنىپ قالدى، بولۇپمۇ ئىسلام مەركەزلىرىدىن يىراق جايلاردا ياشىغان قازاق ۋە قىرغىزلار ئارىسىدا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. بۇ كۆچمەنلەر قۇرئاندا مەنئىي قىلىنغىنىغا قارىماي، قىمىز، بەزىدە ھەتتا ھايۋان قېنىنى ئىچىشىدۇ، كونىراپ قالغان گۆشلەرنى يەيدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەنلەر ئارىسىدىكى ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەرەبلەر ۋە قەدىمكى مۇسۇلمانلار رايونلىرىدىكى ئىككى جىنسنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ئادەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ روشەن پەرقلەر بار. قەدىمكى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەر-ئايالنىڭ چېگرىسى قاتتىق ئايرىلغانىدى. قىزلارنىڭ ئىپپىتىنى ساقلىشى مۇقەددەس سانىلاتتى، تويدىن بۇرۇن ئىپپىتىنى يوقىتىش (خۇددى تويدىن كېيىن بۇزۇقچىلىق قىلغانغا ئوخشاشلا) گۇناھ ھېسابلىنىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. ئەمما، ئاللىقاچان مۇسۇلمان بولۇپ بولغان ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلىرى ئارىسىدىكى ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر خىل ئەركىن، يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە مايىل مۇناسىۋەتتۇر. مەرىكە-زىياپەتلەردە قىز-يىگىتلەر ئارىلاش ئولتۇرۇپ

ئويىنايدۇ، تېخى قىز-يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلاردا قىلچە قورۇنۇش، خىجىللىق ھېس قىلماي، شەھۋانىي ئىشلارنى تىلغا ئېلىشىدۇ. قىزلارنىڭ تويدىن ئىلگىرىكى ئېپپىتىنى يوقىتىشى ھەم تويدىن كېيىنكى ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىش قىلمىشلىرى كەسكىن شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايدۇ. مۇشۇ ئىشلار قىسمەن جەھەتلەردە بولسىمۇ ئاياللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلەر جەمئىيىتىدىكى رولى بىلەن ئۇلارنىڭ نوقۇل ئولتۇراق جەمئىيەتتىكى رولىنىڭ زور پەرقلەرگە ئىگە بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر كۆچمەن ئائىلىدە ئايال بۇ ئائىلىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى بولۇپ، ئۇ ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپلا قالماي، يەنە مال بېقىشقا ياردەملىشىشى كېرەك، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۆل ئېلىش پەسلىدە ئۇلار سۈت سېغىشى، ئوغلاق-موزاي، قوزا-تايچاقلارنى ئەمچەكتىن ئايرىشى، ئائىلىدە ئەرلەر بولمىغاندا يەنە تېخى مال-چارۋىلارغا قارىشى، بېقىشى، كالا -قوي پادىلىرىنى پەسىللىك ئوتلاقلارغا كۆچۈرگەندە ئۇلار ئەرلەرگە ياردەملىشىشى ( چۈنكى، ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئات مىنىشكە ماھىر كېلىدۇ ) كېرەك ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن مىللەتلەردە ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۇرلۇك دەۋرلەردە ۋە ھەر خىل قەبىلىلەردە روشەن پەرقلەرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى مەسىلىسىدە مۇنازىرىلىك بىر مەسىلە بار. بەزى ئالىملار: كۆچمەن مىللەتلەر ئاياللىرىنىڭ ئۆمرى ئادەتتە ئازابلىق ئىش-ئەمگەك بىلەن ئۆتىدۇ، ئۇلار بىر ئۆمۈر ھوقۇقسىز ياشايدۇ ھەم تويلۇق مالغا بېقىندى بولۇپ ئۆتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما يەنە بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق بىرخىل قاراشقا مايىل: كۆچمەن مىللەتلەر ئاياللىرىنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئەركىنلىكىنى ئوتتۇرا شەرق ئاياللىرىنىڭ يۈزىگە چۈمبەل تارتىش ئادىتى ۋە

ھەرەمخانىلاردا بېكىنىپ ئولتۇرۇشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا شەرق ئاياللىرى ئەرەبلەر تارىخىدا ( ھەتتا ھۆكۈمران خانىدانلىقلاردىمۇ ) پاسسىپ رول ئوينىغان بولۇپ، بۇنى چىڭگىزخاننىڭ خوتۇنلىرى، تۇل ئاياللىرى ۋە ئاچا-سىڭىللىرى، ھەتتا ماۋرائۇننەھردىكى مۇسۇلمان ئەمىر تۆمۈر خان جەمەتىدىكى مەلىكىلەرنىڭ يۈرگۈزگەن ھوقۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدۇ.

زېرىكىشلىك كۆچمەنلىك تۇرمۇشىدا سەنئەتنى ئىپادىلەشكە ھېچقانچە ئورۇن يوق ئىدى. شۇڭا، كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى گىلەم-پالاز توقۇش، خۇرجۇن-خالتا تىكىش ۋە ئاددىي چېدىر لازىمەتلىكلىرى ياساشتىن ئىبارەت تار دائىرىلىك پائالىيەتلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئۇلار بۇ جابدۇق-سايمانلارنى ئىشلەش جەريانىدا، كۆپ دېگەندە پەقەت رەڭگە بولغان ئۆتكۈر سېزىمچانلىقىنى ۋە نەپىس لايىھىلەش ماھارىتىنىلا نامايەن قىلاتتى. چۈنكى، كۆپ ساندىكى كۆچمەن مىللەتلەر ( مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، لاما دىنى دەۋرىدىكى موڭغۇلىيە ۋە تىبەتتىكى كۆچمەنلەردىن باشقىلار) ساۋاتسىز ئىدى، كۆچمەنلىك ئەدەبىياتى، ئومۇمەن، ناخشا-ئۆلەڭ ۋە رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بولۇپ، كۆپىنچىسىنى ئەجدادلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى، قەبىلە-ئۇرۇقلارنىڭ رىۋايەتلىرى تەشكىل قىلاتتى. قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە باي ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ پەخىرلىنىدىغان مۈلكى ئۇلارنىڭ بوستانلىقلاردىكى ئاھالىلەردىن ۋە يايلاق سىرتىدا ياشايدىغان مىللەتلەردىن ئېرىشكەن زىبۇ-زىننەت، كەيپى-ساپا بۇيۇملىرى ئىدى. ئۇلار بۇ نەرسىلەرگە بەزىدە ئۇرۇش ئارقىلىق، كۆپچىلىكگە قانۇنلۇق سودا يولى بىلەن ئېرىشەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا سودا تارىخىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا

توغرا كەلسىمۇ، لېكىن، ئومۇمىي ئەھۋال يەنىلا ئېنىق ئىدى. كۆچمەنلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى سودا كارۋانلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج ئارقىلىق (بۇلاڭچىلىق يولى بىلەن ئەمەس) بىر بۆلەك مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى سېتىۋېلىشقا، جۇملىدىن قورال-ياراغ، تۆمۈر سايمانلار ھەم ئۆزلىرى ۋە ئېسىلزادە خانىملىرى بىلەن قىزلىرى تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلاتتى. شۇڭا، كۆچمەن قەبىلىلەر ئاقساقاللىرى سودا-سېتىق ئىشلىرىنى قوغداش پوزىتسىيىسىدە بولاتتى. سودا كارۋانلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج بەدىلىگە جاۋابەن، ئۇلارمۇ سودا كارۋانلىرىنى بەزىبىر قولايلىقلار بىلەن، جۇملىدىن قورۇقچى قىسىملار ۋە يول باشلىغۇچىلار بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇلار يەنە سودا كارۋانلىرىنىڭ ئۆز تەۋەسىدىن ماللىرىنى بىخەتەر ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالاتتى.

كۆچمەن مىللەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ قوشنىلىرىنى ئات، كالا، تېرە-خۇرۇم، كىگىز، قوي يۇڭى، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى، قۇللار (ئوتتۇرا ئەسىردىكى باغداد، قاھىرە، دېھلىلاردىكى مەملۇكلەر قوشۇنىدىكى تۈرك قۇللىرى)، بۈركۈت، قارچۇغا قاتارلىق زور مىقداردىكى لازىملىق تاۋارلار بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇلار يەنە ئەڭ شىمالىي رايونلاردىن چىقىدىغان كۆن-خۇرۇم، تۆمۈر سايمانلار، كەھرىۋا ھەم دېڭىز پىلى ۋە مامۇنت چىشلىرى قاتارلىقلارنىمۇ يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ئالماشتۇرۇش سۈپىتىدە كۆچمەن مىللەتلەرمۇ ئاشلىق، ئۆي جابدۇقلىرى، قورال-ياراغلار ۋە ئات جابدۇقلىرى، ئېسىلزادە ھۆكۈمرانلار بەھىر ئالىدىغان كەيپى-ساپا بۇيۇملىرى ھەم XVII ئەسىردىن كېيىن موڭغۇل بۇددخانىلىرىغا كېرەكلىك تاۋار-دۇردۇنلار، ئالتۇن-كۈمۈش

جابدۇقلار، گۆھەرلەر، سېپتا ئىشلەنگەن قورال-ياراغلار، دۇبۇلغا-ساۋۇت، ئېگەر-توقۇم ۋە چايلارغا ئېرىشەتتى.

XVIII، XIX ئەسىرلەردە روسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرى، مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقىسى جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەن مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم قوشنىلىرى جۇڭگو ۋە ئىران ئىدى. كۆپ ئەسىرلەر مابەينىدە جۇڭگو بىلەن كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنچىل تۈردە ئاكتىپ دىپلوماتىيە سىياسىتى بىلەن پۇختا مۇداپىئە سىياسىتى ئوتتۇرىسىدا داۋالغۇپ كەلدى. ئاكتىپ دىپلوماتىيە سىياسىتى جازالاش خاراكتېرلىك يىراققا يۈرۈشلەر ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىپ باردى. مۇداپىئە سىياسىتى بولسا، بىرخىل سېپىل-قورغان ۋە كۆزىتىش مۇنارلىرى سىستېمىسى ( مەسىلەن: ستەيىن گەنسۇ كارىدورىدا بايقىغان پۇختا ياسالغان سەددىچىن ) ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى. كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى گورگان دېگەن يەردە مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ خارابىلىرى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن، ئىران رايونىدىكى ھاكىمىيەتلەر بېكىنمە ھالەتتىكى چېگرا سىستېمىسىنى ئىنتايىن ئاز قۇرغانىدى. بۇنىڭدا سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى رايونلاردا بوستانلىق ئاھالىسى بىلەن كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىشى ئىران بىلەن يايلاق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشنى پەسەيتىش رولىنى ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. كۆچمەن تاجاۋۇزچىلار ماۋرائۇننەھرگە دەسلەپتە كىرگەندە، ئۇلار پەقەت ئىران ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە يۈزە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىران ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىدەك بۇ پاكىت ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئىرانغا بولغان زەربىسى ئۇلار بۇ مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلمىغان چاغلاردىكىدەك زور ئاپەتلەرنى كەلتۈرمەسلىككە

سەۋەپ بولغانىدى. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ماۋرائۇننەھرنىڭ توقۇنۇشىنى پەسەيتىش رولى يەنىلا كۆچمەنلەر ياكى يېرىم كۆچمەنلەرنىڭ ئىرانغا داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى توسۇپ قالالمىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۈرلۈك مەزگىلدىكى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرىدىكى چېگرا سىياسىتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى قاراش مەيلى تاجاۋۇزچىلىقنى توسۇش ياكى قوغدىنىش جەھەتتە بولسۇن، ھەمىشە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرىنى ئىران ۋە ئەتراپىدىكى كۆچمەن قوشنىلىرى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەتتە بەكرەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ئېلىپ باردى. سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى قەبىلىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرى بىلەن كۆچمەن قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت —كۆچمەن قەبىلىلەر ھەمىشە سەددىچىنىنىڭ سىرتىدا ماكانلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرىدا ئىچكى جەھەتتىن ئاجىزلاشقانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە ياكى قەبىلىلەرنىڭ ئۆزلىرى قۇدرەت تاپقاندا ( مەسىلەن: ئۇلارنى ۋاقىتلىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قىلىپ بىرلەشتۈرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە سەردار ئوتتۇرىغا چىققاندا ) كۆچمەن مىللەتلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرىغا ئۇرۇش قوزغاشقا توغرا كەلگەن، دەپ بايان قىلىنىپ كەلمەكتە . بۇ خىل قاراشنى پۈتۈنلەي خاتا دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما، ھەقىقەتەنمۇ مۇئەييەن دائىرە ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالغانىدى. چۈنكى، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن چېگرىدىكى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نىسپىي بولسىمۇ مۇقىم بولغانىدى. بۇ خىل مۇناسىۋەت ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئېيتقاندا پايدىلىق ئىدى. بىز شۇنى ئالاھىدە تەكىتلىمەكچىمىزكى، شىمالىي جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى

بىلەن كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى بىر-بىرىنى تولۇقلايتتى. جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك كەنتلىرىنىڭ كۆچمەنلەردىن كېلىدىغان ئۆي هايۋانلىرى، كۆن-خۇرۇم، يۇڭ-تىۋىتلارغا بولغان ئېھتىياجى كۆچمەنلەرنىڭ جۇڭگونىڭ دانلىق زىرائەتلىرى، تۆمۈر سايمانلىرىغا بولغان ئېھتىياجىغا ئوخشاشلا جىددىي ئىدى.

كۆچمەنلەر سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇستۇنلۇك ئورنىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلىيالمىسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادا زەمبىرەك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ھەر قېتىم ئولتۇراق قوشنىلار بىلەن جەڭ قىلغاندا ئۇلار ھامان غالىپ كېلەتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇزۇنغا سوزۇلغان جەڭلەر يېزا ئىگىلىك تۇرمۇشىنىڭ نورمال تەرتىپىنى بۇزۇپ، مۇرەككەپ سۇغۇرۇش سىستېمىسىنىڭ قەرەللىك رېمونت قىلىنىشىغا توسالغۇ بولاتتى. ئەمما، كۆچمەن ئىگىلىككە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشنىڭ زىيىنى ئازراق بولاتتى. كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكى ئاساسەن ھەرىكەتچانلىق بىلەن كاماندارلىق ماھارىتىنىڭ بىرىكىشى ئاساسىغا تىكلەنگەن بولسىمۇ، كۆچمەنلەر ئېتىزلىرىغا تېزراق قايتىشنى ئويلايدىغان ئەشۇ دېھقان قوشۇنلىرىغا قارىغاندا ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنى تېخىمۇ ياخشىراق قوبۇل قىلالايتتى. كۆچمەن مىللەتلەردىكى ھەرىكەتچانلىق بىلەن كاماندارلىق ماھارىتىنىڭ بىرلىشىشى، مىلتىق دورىسى كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ ئوقياچى مەرگەنلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەي قويمايتتى. ناۋادا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ سانغۇنلىرى قىلغىنىدەك، بۇ ئىككى خىل ئەۋزەللىكنىڭ بىرلىشىشىدىن باشقا، ئۇنىڭغا يالغاندىن چېكىنگەن بولۇۋېلىش ۋە يوشۇرۇن زەربە بېرىش مەشقلىرى قوشۇلغان بولسا كۆچمەنلەرنىڭ جەڭدە مەغلۇپ بولىدىغان ۋاقىتلىرى بولمىغان بولاتتى.

يايلاقتىكى جەڭلەردە ئەڭ كارغا يارايدىغان قورال ئوقيا ۋە نەيزە ئىدى. بەزىدە نەيزىگە ئىلمەكنى ئىلىپ دۈشمەن تەرەپنىڭ چەۋەندازلىرىنى ئېتىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپلا يوقىتىشقا ئىشلەتكىلى بولاتتى. ئوقيا بىلەن نەيزىنىڭ تولۇقلىمىلىرى سۈپىتىدە يەنە جەڭ پالتىلىرى، بۆرە چىشى گۈرزە، شەمشەر ياكى خەنجەر، سىرتماق، پىچاق دىگەندەك قوراللارمۇ بار ئىدى. دان سوققۇچ دىگەندەك بۇ قورال بەلكىم يايلاقتا ئەسلىدىنلا بار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ئاتلىقلار جۇڭگونىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئىشلەتكەنىدى. دان سوققۇچ ياغاچ كالتەكتىن ياسالغان بولۇپ، ياغاچ كالتەكنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر زەنجىر باغلىنىپ ، بۇ زەنجىر تۆمۈر بىلەن ئورالغان يەنە بىر كالتەككە ئۇلىناتتى. بۇ خىل قورالنى كېيىنچە جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىمۇ قوبۇل قىلغان بولۇپ، تا چيەنلۇڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگىچە (1735—1796) ⑫ ئىشلىتەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا دوبۇلغىنىڭ ئىشلىتىلىشى بەلكىم ناھايىتىمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان كۆن-خۇرۇملار ئەڭ دەسلەپتە ئىشلىتىلگەن قوغدىنىش ماتېرىياللىرى بولدى. XIII ئەسىردىكى ۋىليام رۇبرۇكنىڭ بۇ ھەقتە قالدۇرغان خاتىرىلىرىمۇ بار. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپاغا ئوخشاش، ئىگەر-جابدۇق ۋە دوبۇلغا-ساۋۇتلار ئۇلارنىڭ جانلىقلىقىنى ئىنتايىن تۆۋەنلىتىۋەتكەن ( مەسىلەن: XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېمۇر ناھايىتىمۇ يېنىك كىيىنگەن ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان جەڭدە ئېغىر دوبۇلغا-ساۋۇتلارنى كىيىشنىڭ ئېغىر زىيىنىنى بايقىغان ) بولسىمۇ تېخىمۇ ئىشەنچلىك، تېخىمۇ نەپىس ھەم تېخىمۇ قىممەت دوبۇلغا ئەمەلىيەتتە بايلىق دەرىجىسىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى. پۈتۈن ئىسلامىيەت دەۋرىدە، ئىران ۋە ماۋرائۇننەھردىكى شەھەرلەر

ئىنچىل ھالدا دوبۇلغا ياساشتىكى مۇھىم مەركەزلەر ئىدى. بۇ قورال-ياراغلار ۋە دوبۇلغىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر، ھەتتا تېخىمۇ يىراقتىكى تىبەتلەر ئۈچۈن ياسىلاتتى. تىبەتلەر ھەتتا 1904 -يىلدىكى رۇڭ خېنپېڭ يىراققا يۈرۈش قىلغانغا قەدەر، يەنىلا مۇشۇ دۇبۇلغا-ساۋۇتلارنى كىيگەندى.

توپ-زەمبىرەك بىلەن ئوت ئېچىش قوراللىرى XVI ئەسىر-دىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولدى. توپ - زەمبىرەك بىلەن ئوت ئېچىش قوراللىرى كېيىنچە يايلاقتا مۇستەھكەم قەلئە ۋە مۇستەملىكە بەرپا قىلىش ئۈچۈن يول ئاچىدىغان جۇڭگو بىلەن روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئۆلچەملىك ھەربىي ئەسلىھەلىرىگە ئايلانغاندىن كېيىن، كۆچمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى قوشنا ئەللەر ئارىسىدىكى ھەربىي ئۈستۈنلۈكىنى مەڭگۈلۈك يوقاتتى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش ئىقتىدارىدىنمۇ مەھرۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە توپ-زەمبىرەك بىلەن ئوت ئېچىش ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا تارىخىدىكى تەڭداشسىز رولىنىڭمۇ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

## ئىزاھلار:

① م. ئا. ستەيىن: «ئىچكى ئاسىيا» ، «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» 1925 - يىل نەشرى، 489 - بەت، ئى: خۇنتىڭتۇن: «ئاسىيانىڭ تومۇرى» ، 1907 - يىل، لوندون نەشرى.

② ئامۇ دەرياسى توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشتا بارتولدنىڭ «تۈزكۆل ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى توغرىسىدىكى دوكلات—قەدىمدىن 17-ئەسىرگىچە» دېگەن كىتابىغا قاراڭ. «ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى» سېپولنىڭ «ئامۇ دەرياسى» 1970-يىل.

③ خەن دەۋرىدە بۇ يول لوپنۇر ئارقىلىق كورلىغا باراتتى. ستەيىننىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كىتابىنىڭ 394 -، 395 - بەتلىرىگە قاراڭ.

④ لوندون زوئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى كۇتۇپخانىسىنىڭ بۇ مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

⑤ ن. م. پرژېۋالسكى: «موڭغۇلىيە - تاڭغۇت رايونى ۋە تىبەتنىڭ شىمالىدىكى چۆللۈك» ، 1-توم، 64 - بەت، 1876 - يىل، لوندون نەشرى.

⑥ ف. ب. پېگولوتتى: «سودىغا كۆرسەتمە» ، 1936 - يىل، كامبرىج نەشرى.

⑦ د. كارروزېرس: «نامەلۇم موڭغۇلىيە» ، 2-توم، 446 - بەت ، 1914 - يىل، لوندون نەشرى.

⑧ ر. ب. ئېكۋال: «گەنسۇ - تىبەت چەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى باغلىنىشى» ، 81 - بەت، 1939 - يىل، چىكاگو نەشرى.

⑨ 1953 - يىلدىكى شىنجاڭنىڭ نوپۇسى ۋە 1959 - يىلدىكى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ نوپۇسى توغرىلىق تۆۋەندىكى ماتېرىياللارغا قارالسۇن:

ۋ. ئا. دوگلاس- جەكسۇن «روسىيە - جۇڭگو چېگرىسى» ، 1962 - يىل نەشرى.

ل. كرادېر: «ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى» ، (171—218) بەتلەر.

⑩ج. ل. مىرىس: «كۆچمەنلىك تۇرمۇشى» ، «خان جەمەتى ئانتروپولوگىيە ئىنستىتوت ژۇرنىلى» ، 1941 - يىل؛ ر. پاتاي: «كۆچمەنلىك تۇرمۇشى: ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» ، SJA ، 1951 - يىل؛ ئې. ئې. باكون: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنىڭ تىپلىرى» ، SJA، 1954 - يىل؛ ل. كرادېر: «ئاسىيا يايلاق چارۋىچىلىرىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى ۋە قۇرۇلمىسى» ، SJA ، 1955 - يىل؛ شۇ ئاپتور: «ئوتتۇرا ئاسىيا چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىكى ئېكلوگىيە» ، SJA، 1955 - يىل؛ شۇ ئاپتور: «يايلاق جەمئىيىتىدە ئېكىئولوگىيە» — «خەلقئارا ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلى» ، 1959 - يىل.

⑪ ر.ب. ئېكۋال، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كىتاب، (80 -- 82) بەتلەر.

⑫ ب. لائۇفېر «جۇڭگو لاي ھەيكەللىرى» 1914-يىلى، (50—249) بەتلەر، چىكاگو نەشرى.

# I باب ئاخمەنىدىلار خاندانلىقى ۋە ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسى: مۇقىملىق ۋە مالىمانچىلىق

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىردە، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى يايلاق رايونلىرى تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلىۋاتقاندا، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش ھەرىكىتى ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغانىدى. ماسساگېتلار دېگەن نام بىلەن تونۇلغان كۈچلۈك بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى كېيىنچە سكىزاي نامى بىلەن مەشھۇر بولغان مىللەتنى غەربكە قوغلاپ ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇكرائىناغا كەلگەن سكىزايلار ئۇكرائىنانىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى بولغان سىممېرىئانلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، سىممېرىئانلارنى كافكازغا قوغلاپ، ئاناتولىيە رايونىغا كىردى. غەلىبە قۇچقان سكىزايلار ئۇرمىيەھ كۆلى رايونىغا بېرىپ، بۇ يەردە ئىران مېدىيە ھۆكۈمرانى كىياكسارىس بىلەن تۇتۇشتى ھەم كىياكسارىسنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ پادىشاھى مادىيىس ( پروتوتىيىسنىڭ ئوغلى ) ھۆكۈمرانلىق قىلغان 28 يىل جەريانىدا، سكىزايلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ھامىي دۆلەت بولۇپ كەلدى، تاكى كىياكسارىس زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق سكىزايلارنىڭ سەردارلىرىنى قىرىۋەتكەندىن كېيىنلا ( رىۋايەتتە شۇنداق خاتىرىلەنگەن ) ، ئاندىن سكىزايلارنىڭ قالدۇقلىرى ئاسىيادىن ئۇكرائىناغا قايتىپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى غەلىبە مېدىيە پادىشاھى كىياكسارىسنىڭ يان قانىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇنى قولىنى جەنۇبقا سوزۇپ، نىنىۋىيەگە ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 612 - يىلى نىنىۋىيەنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى تالان-تاراج قىلىندى ھەم ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيىسى ۋە مەدەنىيىتى يوق قىلىندى.

تەقىرسىزچىلەر زور كۆچ سەرپ قىلىپ، ھېرودوتنىڭ بۇ تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئىزاھلىشىدۇ①. ھېرودوتنىڭ خاتىرىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر رىۋايەت بار، ئۇنىڭدا سۆزلىنىشىچە، سىكىزايلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلىغانلار ماسساگېتلار بولماستىن، بەلكى ئىسسېدونلار ئىكەن. بۇ رىۋايەتنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتىمۇ ئاز. رىۋايەتنىڭ تەپسىلاتلىرىدىكى پەرقلەر ھېرودوتتىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى زامان تارىخى ئالىمىنىڭ يايلاق مىللەتلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىنىڭ بىزگە بولغان كۆچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىنى قىلچىمۇ ئاجىزلىتالمايدۇ. چوڭ تاغنىڭ (بەلكىم پامىر تېغى ياكى ئۇرال تېغىنى كۆرسەتسە كېرەك) شەرقىدە ئارگىپپائېلار ئولتۇراقلاشقان②. ئۇلار تاقىر باش، بۇرۇنلىرى پاناق، ئېڭىكى ناھايىتى يوغان مىللەت بولۇپ، ياۋا گىلاس شىرنىسىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئارگىپپائېلارنىڭ دەخلى-تەرۇزسىز مۇقەددەس دىنى ئۇلارنى ھۇجۇم زەربىلىرىدىن ساقلاپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى قوشنىلىرى بىلەن بولغان تالاش-تارتىشلاردا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئورۇنغا ئىگە قىلغانىدى. يەنىمۇ شەرقتە ئىسسېدونلار ئولتۇراقلاشقان. ئىسسېدونلار خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان ئاسىيو (ئۇسۇن) لار بولۇشى مۇمكىن③. پازىرىك قەدىمكى قەبرىسىدىن تېپىلغان تېپىلمىلار ھېرودوتنىڭ خاتىرىلىرىنى تېخىمۇ

كۆچلۈك دەلىللەيدىغاندەك تۇرىدۇ. ھېرودوتنىڭ بايان قىلىشىچە، ئىسسېدونلارنىڭ مۇراسىملاردا ئادەم گۆشى يەيدىغان ئادىتى بار ئىكەن. شەرققە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ماڭغاندا، ئىسسېدونلاردىن باشقا يەنە، «يەككچەشمە» ئارىماسپىئالار ماكانلاشقانىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن قەدىمكى پارسچە مەنبەلەردىكى يايلاق مىللەتلىرىنى بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ چىقىش ياكى ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ماتېرىياللار بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىكى ماتېرىياللارنى تەققاسلاپ چىقىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان يېرى ھەققىدىكى يەنە بىر يىپ ئۇچى دەل ھېرودوت باشقا بىر ئورۇندا تىلغا ئالغان، ماسساگېتلارنىڭ توپلاشقان يېرى ئىسسېدونلارنىڭ «ئۇدۇل تەرىپىدە» دېگەن مەلۇماتتۇر. لېكىن، ئىسسېدونلار دائىم دېگۈدەك، ئالتاي رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. بىز كېيىنكى مەنبەلەرگە ئاساسەن ماسساگېتلارنىڭ ياكسارتېس دەرياسى (سىر دەرياسى) نىڭ شىمالىدىكى يايلاق رايونلىرىنى ئىگىلىگەنلىكى ھەمدە پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى كىرۇسنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 559—530 يىللار) ئۇلار يەنە سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىق بىلەلەيمىز.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 550 - يىلى كىرۇس مېدىيە ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ پېرسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىراندىن شەرققە— ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيتتى. كىرۇسنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بوي سۇندۇرۇشقا دائىر ماتېرىياللار تەپسىلىي ساقلىنىپ قالمىغان، ئەمما، ھىلماند دەرياسى بويىدىكى بىر قەبىلە كىرۇسنىڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم قىلغىنى ئۈچۈن، خان جەمەتىنىڭ شاپائەتچىلىرى دەپ قارالغان④. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىرۇس

كابۇلنىڭ شىمالىدىكى مۇنبەت دامام تېغى جىلغىسىدىكى مەركىزىي شەھەر كاپىسا شەھىرىنى ۋەيران قىلغان⑤. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، كىرۇس بىر تارماق قوشۇنىنى باشلاپ گېدروسىيە (بەلۇجىستان) قۇملۇقىدىن ئۆتكەن. سىر دەرياسى يېنىغا جايلاشقان كىرۇس شەھىرى دەل ئۇنىڭ مۇشۇ رايوندىكى پائالىيىتىنىڭ دەلىلىدۇر⑥.

تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 530 - يىلى، كىرۇس ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئاراكسېس (Araxes) دەرياسىنىڭ⑦ شىمالىغىچە كېڭەيتىپ، ماسساگىتلارنى بوي سۇندۇرماقچى بولدى. پارسلار ۋە ماسساگىتلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپ ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ، تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق پەيت ئىدى. ماسساگىتلارنىڭ خانىشى تومىرىس قارشىلىق بىلدۈرمىگەن ئەھۋالدا، پارسلار دەريادىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، كىرۇس ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىپ، ۋاقىتلىق غەلىبىگە ئېرىشتى ھەم تۇمىرىسنىڭ ئوغلى سپارگاپىسېسنى ئەسىرگە ئالدى. سپارگاپىسېس ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغاندىن كېيىن، ماسساگىتلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدا ھايات-ماماتلىق جەڭ بولدى. جەڭدە پارسلار مەغلۇپ بولدى، ئاخمېنىدلار ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى كىرۇسمۇ ئۆلتۈرۈلدى.

پارسلارنىڭ بۇ قېتىملىق مەغلۇبىيىتىنىڭ ئېغىرلىقى بىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىمىزدا روشەن ھالدا كۆپتۈرۈۋېتىلگەن. ئەھۋال ناھايىتى ئېنىقكى، كىرۇسنىڭ جەستى قايتىمدىن تېپىلىپ، ئۇنىڭ يۇرتى پاسارگادائېغا دەپنە قىلىنغاندى⑧. ئاخمېنىدلار خاندانلىقىمۇ ئىزچىل ھالدا سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلارنى ئىدارە قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مالىمانچىلىقىنى يايلاقتىن

كەلگەن تاجاۋۇزچىلار ئەمەس ( ئەگەر بىز بېھىستۇن يادنامىسىدىكى ساكىلارغا ئائىت ئىشەنچىسىز ماتېرىياللارنى نەزەردىن ساقىت قىلساق ⑨ ) ، بەلكى ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. كىروسنىڭ ئوغلى كامبىسىس ئۆلگەندىن كېيىن، ماگىئانىڭ شاھلىق ئورنىنى مارىلاپ تۇرغان گائۇماتا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 552 - يىلى ھوقۇقنى تارتىۋالدى. شۇندىن كېيىن ئىمپېراتور دارىي( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى552—486 يىللار) ئالتە نەپەر شېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ نۇرغۇن رايونلىرىدا مالىمانچىلىق يۈز بەردى. كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى پارفىيە بىلەن ھىركانىيەنىڭ باش ۋالىيسى دارىينىڭ ئاتىسى ھىستاسپىس (قەدىمكى پارىسچىدا «ۋىشتاسپا» vi štaspa دېيىلىدۇ) بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، مىدىيەگە ئاسىيلىق قىلغۇچى فراۋارتىشنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھىستاسپىس جەڭدە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى مەغلۇپ قىلدى. دارىينىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى راگا ( رەي ) غا يېتىپ كەلگەندە ھىستاسپىس يەنە بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. مارگىئانادا فرادا ئىسىملىك بىر ساتقىن دارىيغا سادىق باكترىيىنىڭ باش ۋالىيسى دادارشى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئارا-خوسىيادا، پارس ئىسيانكارى ۋاخىئيازداتانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كاپىساكانى ئۇرۇشىدىن كېيىن باش ۋالىي ۋىيۋانا تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. پارفىيە توپىلىڭىدىكى قەھرىمان دارىينىڭ ئاتىسى ھىستاسپىسنى بەزى نوپۇزلۇقلار ئىراننىڭ دانىشمىنى زوروئاستېر ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىكى قوغدىغۇچى بىلەن بىر ئادەم دەپ قارايدۇ، كېيىنكىلەرمۇ ئۇنى ۋىشتاسپا ( ھازىرقى پارس تىلىدا گۇشتاسپ ) دەپ ئاتايدۇ.

ئاۋېستاچۇ ئىبستىدىكى زوروئاستېرغا دائىر شۇۋە ھەقىقەتەنمۇ ئىراننىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرىغا تەئەللۇق بولۇپ، بۇ دەل ھىستاسپېس پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلاردۇر. بۇ تەققاسلاش ھەتتا زوروئاستېرغا دائىر رىۋايەت يىللىرى - «ئالېكساندېردىن ئىلگىرىكى 258-يىل» بىلەنمۇ ماس كېلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل قاراشنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 311-يىلدىكى سېلېئۇكۇ يىلنامىسى ⑩ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق، بەلكىم دانىشمەن زوروئاستېرنىڭ يىلىنى (ياكى ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى) مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 569-يىللار دەپ قارايمىز. ئالىملار دانىشمەننىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان ھەر خىل زىددىيەتلىك چۈشەندۈرۈشلەرگە (ھېنىنگنىڭ كامبرىجدا سۆزلىگەن لېكسىيىسىدە بۇ ھەقتە ناھايىتىمۇ قىزىقارلىق مۇلاھىزىلەر بار⑪) قارىتا بىز دانىشمەننىڭ ھاياتى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق تارىخىي ئاتالغۇ بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا ئامال يوق، دەيمىز، خالاس. بۇ قاراش بەلكىم قوبۇل قىلىنىشقا كېرەك.

بۇ مالىمانچىلىقلار پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدە ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. قىسقىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى كېيىن زوروئاستېر دىنىغا كىردى. قەدىمكى پارسچە ئويما يېزىقلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆلكىلەرنىڭ ناملىرى رەسمىي تىزىلىپ كۆرسىتىلگەن، ھېرودوت (3 - جىلد 91 - پاراگراف) ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆلكىلەرنىڭ ھەر يىلى پېرسىيىگە تاپشۇرىدىغان سوۋغا - تارتۇقلىرىنىڭ سانلىرىنىمۇ تىزىپ كۆرسەتكەن.

| ئۆلكىلەر | سوۋغا-تارتۇق سانى( تارانت)⑫ |
| --- | --- |
| پارفىيە | |
| ئارىئا | 300 |
| خارەزىم | |
| سوغدىيانا | |
| باكتىرىيە (قوشنا قەبىلىلەر شۇنىڭ ئىچىدە) | 360 |
| دراگىئانا (ساگاتى، تامانائىپ، ئۇتتى ۋە مىكى شۇنىڭ ئىچىدە )⑬ | 360 |
| گاندارا (دادىكائىپ، ئاپارىتائىپ شۇنىڭ ئىچىدە) | 170 |
| ساتتاگىدىيە | |
| ساكا | |
| كاسپىي دېڭىزى | 250 |

بۇ سانلىق مەلۇماتلار بىزگە ھەر بىر شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇھىملىقىغا مۇناسىپ كېلىدىغان بەزى ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق، دىراگىئانا رايونىنىڭ (سىيستان ئويمانلىقى) ھازىرقى غايەت زور چېكىنىشنى ھېسابقا ئالغان تەقدىردىمۇ، دراگىئانانىڭ تارتۇقلىرى يەنىلا يۇقىرى تۇرىدۇ. بۇ جەدۋەلدىمۇ بەزى قالايمىقانچىلىقلار بار. مەسىلەن: جەدۋەلدە ئاراخوسىيا رايونى ( بەلكىم دراگىئانا بىلەن بىرلەشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ) چۈشۈرۈپ قويۇلغان. يەنە جەدۋەلدە يۇقىرى ھىندى دەرياسىدىكى پاكتىكا خاتا ھالدا ئەرمىنىيە بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇلغان. ھالبۇكى، ھېرودوت ئۆز كىتابىنىڭ 3 - جىلد

102 - پاراگرافىدا پاكتىكانىڭ توغرا ئورنىنى ئېنىق بايان قىلغان. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن، بۇ جەدۋەلنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى ناھايىتىمۇ يۇقىرى.

دارىي I نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە، ئاخمىندىلار خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆلكىلەرنى ئىدارە قىلىشى ناھايىتىمۇ ئۈنۈملۈك بولغانىدى. سۇسانىڭ بىناكارلىق ئويما يېزىقلىرىدا خاتىرلىنىشىچە، ئوردا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك ئالتۇنلار باكتىرىيىدىن، سېلېستىن ۋە پارقىراق قىزىل قاش تاشلىرى سوغدىيانادىن، تۈركۈيس خارەزىمدىن كەلتۈرۈلگەن، پىل چىشلىرى، ئەلۋەتتە، ھىندىستان ۋە ئېفىئوپىيەدىن كەلتۈرۈلگەن، ئەمما، يەنە بىر قىسمىلىرى ئاراخوسىيەدىنمۇ كەلتۈرۈلگەن. ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار رايونى ئەتراپىدا پىل يوق، ئەگەر قەدىمكى قەندەھار ئۆلكىسى شەرققە سوزۇلۇپ تاكى ھىندى ۋادىسىغا قەدەر بارغان بولسا، بەلكىم بىر بۆلەك پىللار بولۇشىمۇ مۇمكىن، ناۋادا ئۇنداق بولمىسا، پەقەت ھىندىستان پىللىرى ئاراخوسىيە ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن بولىدۇ.

ناھايىتىمۇ ئېنىقكى، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ شەرقىي چېگرىسىدىن ئالتۇن كىرگۈزۈپ، ئاندىن بۇ ئالتۇنلارنى غەربكە چىقارغان. كۆمۈشلەر بولسا، تارتۇق سۈپىتىدە ئېگېي دېڭىزى ۋە بالقان رايونلىرىدىن كەلتۈرۈلۈپ، يەنە شەرققە ئاققان. بۇ ۋەزىيەتنىڭ دەلىلى چامان ھۇزۇرىدا ساقلانغان يۇنان تەڭگىلىرى بولۇپ، بۇ تەڭگىلەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 380 - يىلى ئەتراپىدا كابۇلغا يېقىن جايغا كۆمۈلگەن، 1933 - يىلى بايقالغان. بۇ خىل نوكچا ئالتۇنلار ھەرىكىتى ئاخمىندىلار خاندانلىقىنىڭ قەتئىي تۈردە ئالتۇن - كۆمۈشنى تەقلىدىي ياسىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر

نەتىجىسى ئىدى.

قانداقلا بولمىسۇن، ئاخمىنىدىلار خانىدانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئىقتىسادىي نەتىجىسى — ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يېزا ئىگىلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدۇر. پارسلار بىلەن پىششىق تونۇشلۇقى بولغان سىپنوپون پارسلارنىڭ ئاكتىپ يېزا ئىگىلىك سىياسىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، پارسلارنىڭ بۇ خىل يېزا ئىگىلىك سىياسىتىگە قىسمەن جەھەتتە يەردىن كىرىدىغان كىرىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىستىكى تۈرتكە بولغانىدى. ھېرودوت ( 3 - جىلد 117 -پاراگراف ) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ئائىت قالايمىقانراق بىر ئىشنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ناھايىتىمۇ روشەنكى، مەيلى سۇ توسمىسى ئورنىنىڭ تاللىنىشى قانچىلىك مۇۋاپىق بولمىسۇن، بىرەر توسمىمۇ ھېرودوت تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك بىرلا ۋاقىتتا خارەزىم، ھىركانىيە، درانگىئانا ھەم ئورنى نامەلۇم بولغان تاماناي رايونلىرىنىمۇ سۇ بىلەن تەمىنلىيەلمىگەن. ئەمما، ھېرودوت يەنىلا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا دائىر كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى توپلاپ خاتىرىلىگەن. ھېرودوتنى بۇ ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن يامان ئىجتىمائىي ئادەتلەردىن نەپرەتلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇ سۇ ئىنشائات سىستېمىسىنى قۇرۇشتىكى مەقسەت سۇ بىلەن تەمىنلەشنى تىزگىنلەش ئارقىلىق دېھقانلاردىن باج شىلىۋېلىش ئىكەن. دەرھەقىقەت، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان ۋاقىتتا، سۇغۇرۇش قۇرۇلۇشى ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن دۆلەتنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى يېزىلارغا زورلاپ تېڭىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئاز ساندىكى ئادەملەر بەزىدە مۇشۇ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى سەۋەبلىك جاپا چېكىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن،

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مەقسىتىنى نوقۇل باج شىلىۋېلىش ئۈچۈنلا دەپ چۈشەندۈرۈش ناھايىتىمۇ ئېنىقكى ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بىز ھېرودوت تەمىنلىگەن ۋەقەلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادا يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلاننىڭ ئىنكاسى دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك.

قىزىقارلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ھەر قېتىم خارەزىمدىكى كاتتا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ھامان ئاخمىنىدىلار خاندانلىقىنىڭ تۆھپىسىنى ئىنتايىن تۆۋەن ئورۇنغا قويۇپ، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ باشلىنىشىنى بىلگىلى بولمايدىغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى بىر مىڭىنچى يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە تارتىدۇ[14]. ئەلۋەتتە، دالا تەكشۈرۈش مېتودى ئارقىلىق ئېنىقلىغان سۇغۇرۇش يوللىرىنىڭ ۋاقتىنى قەدىمكى بىناكارلىقتا ئېنىقلاش ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۇل ئىش. ئەمما، پارسلارنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇش جەھەتتىكى ماھارىتىنى دارىي 1نىڭ سۈۋەيشتە، كسېركس 1نىڭ ئاسوستا قۇرغۇزغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ[15]. بۇلار ئەڭ مەشھۇر نەمۇنىلەر بولۇپ، پارسلارنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنىڭ شۈبھىسىز دەلىلى بولالايدۇ. بۇ بەلكىم ئاخمىنىدىلار خاندانلىقى دەل بابىلون مەدەنىيىتىدىكى سۇغۇرۇش تېخنىكىسىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ كىرگەن ۋاستىچى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىشى مۇمكىن.

ھازىر كارىز(karez) ياكى يېپىق ئۆستەڭ (qanat) دېگەن ناملار بىلەن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان پارسلارنىڭ مەشھۇر يەر ئاستى سۇ سىستېمىسى ئاسسۇرى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا تونۇلۇپ بولغانىدى[16]. بۇ خىل يەر ئاستى سۇ

قۇرۇلۇشى سۇنى ھاك تېشى قاتلىمىدىن ئېلىپ چىقىشتا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، يەر ئۈستىدىن قارىغاندا، ھېچنەرسە يوقتەكلا كۆرۈنىدۇ. ئەمما، پەقەت ئاخمىندىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىلا ئاندىن كارىز يەر ئاستى سۇ سىستېمىسى يىراق مىسىرنىڭ خارگا بوستانلىقىدىكى كىرىنائىكا ۋە كۆپتىتاقەندەھار رايونلىرىغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. ئاخمىندىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن يەنە بىر ئىلگىرىلەش چەتئەلدىن كىرگۈزۈلگەن يېمەكلىك ئۆسۈملۈكنىڭ تارقىلىشى بولدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 406—400 يىللىرى ياش كىرۇس ساردىستاننىڭ باش ۋالىيلىقىنى ئۆتەۋاتقاندا، ئۆز قولى بىلەن باغۋەنچىلىك قىلغان. لېكىن كىرۇسنىڭ زادى قانداق دەرەخلەرنى تىككەنلىكى ھەققىدە ماتېرىياللار يېتەرسىز بولغانلىقى سەۋەبلىك ھازىرچە بىزگە نامەلۇم. خۇددى مانىنھىئا ئارخىپلىرىدىكى يۇنان ئويما يېزىقلىرىدا خاتىرىلەنگىنىدەك، ئىمپېراتور دارىيمۇ يېمەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنى تارقىتىشقا ناھايىتىمۇ قىزىققان. ئەپسۇسلىنارلىقى، يۇنان ئويما يېزىقلىرىدا ئوخشاشلا كونكرېت زىرائەتنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ئېسىگە كېلىدىغىنى شاپتۇل (Persicum ) بىلەن ئۆرۈك (Armeniacum) تۇر. ئەمما، شاپتۇل بىلەن ئۆرۈك مىلادىيە I ئەسىردىكى كولۇمېللا دەۋرىگە كەلگەندىلا ئاندىن غەربتە پۈتۈلگەن خاتىرىلەردە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېئوفراستۇسنىڭ شاپتۇل بىلەن ئۆرۈكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نامنى ئىشلىتىشمۇ ئىنتايىن مۇجمەل. ئېھتىمال، شاپتۇل دەرىخى بىلەن ئۆرۈك دەرىخى دارىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە جۇڭگودىن باشلانغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارقىلىش سەپىرىنىڭ 1-باسقۇچىدا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V ئەسىرنىڭ

كېيىنكى يېرىمىدا يېپەك ئاللىقاچان پارسلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن دېيىلسە، بۇ پاكىت ئاخمەندىلار خاندانلىقى بۇ دەۋردە جۇڭگو بىلەن ۋاستىلىك ئالاقە ئورناتقان، دېگەن قاراشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى قايىل قىلارلىق ھالدا دەلىللەيدۇ. قىسقىسى، Ⅳ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئارىستوتېل توقۇلما بۇيۇملار ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات قالدۇرغانىدى⑰.

ھىندىستاندىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن يېمەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئارىسىدا ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شالدۇر. ئالېكساندېرنىڭ ھەمراھلىرى باكتىرىيە، سۇسىئانا، بابىلۇنىيە ۋە سۇرىيەنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ئۆسكەن شالنى بايقىغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنى ناھايىتىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى. شالنىڭ ئاخمەندىلار خاندانلىقى دەۋردە يۇقىرىدىكى رايونلارغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى جەزىملەشتۇرۇشكە بولىدۇ. گەرچە شېكەر قومۇشى ۋە ماندارىن، ئاپېلسىن (ئەمەلىيەتتە Medicum ئاپېلسىننى ئىپادىلىگەن بولۇشى مۇمكىن) لارنىڭ كىرىش مەسىلىسى تېخى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن، بۇ ئۆسۈملۈكلەرمۇ ئاخمەندىلار خاندانلىقى مەزگىلىدە ھىندىستاندىن ئىرانغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

كسېركسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋردە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 486—465 يىلغىچە) پارس قوشۇنلىرى (بۇ قوشۇنلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 480 - يىلى يۇنانغا بېسىپ كىرگەنىدى). ئوتتۇرا ئاسىياغا ئورۇنلاشقانلىقى سەۋەبلىك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆلكىلەرنىڭ پېرسىيە ئىمپېرىيىسىگە تايىنىشى روشەن ھالدا كۈچەيدى. باكترىيىلىكلەر بىلەن ئامىرگىئان ساكلىرى (قەدىمكى پارس تىلىدا Saka Haumavarga دېيىلگەن) ۋىشتاسپانىڭ (ۋىشتاسپا پادىشاھ دارىي بىلەن ئاتوسسانىڭ ئوغلى) ئىدارە

قىلىشىدا، ئاربىئالىقلار ھىدارنېسنىڭ ئوغلى سىسامىنىسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، پارفىيە ۋە خارەزىملىكلەر فارناسپېسنىڭ ئوغلى ئاتاباگۇسپېسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، سوغدىيانلىقلار ئارتائىپئۇسنىڭ ئوغلى ئارسانېسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، قەندەھارلىقلار ۋە كاسپىي دېڭىز بويىدىكىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئارتابانۇسنىڭ ئىككى ئوغلى ئارتىفىئۇس بىلەن ئارىئومازدۇسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. مېگابازۇسنىڭ ئوغلى فېرنېندارتېس درانگىئانالىقلارغا، ئىنتامىترېسنىڭ ئوغلى ئارتايېتېس پاكتىيىسلارغا قوماندانلىق قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پېرسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، تىنچلىق ۋاقىتلىرىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىرى ئۇلار باشلاپ ئۇرۇش قىلغان ئەمەلدارلار ئىچىدە يۇقىرى مەرتىۋە ۋە مەنسەپكە ئىگە بولغانلىقى ئېنىق .

ئاخىمىنىدىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ سىرتىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەر ھەققىدە تارىخىي ماتېرىيال ۋە ئاساسلار تېخىمۇ كەمچىل. مەسىلەن: يۇنان ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ناھايىتىمۇ مۇھىم رول ئالغان ماسساگېتلار قەدىمكى پارس ئابىدىلىرىدە ھېچ ۋاقىت ئېنىق تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ بەلكىم ماسساگېتلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى سۈپىتىدە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ھالبۇكى، ئاخىمىنىدىلار خاندانلىقى بىلەن ئالاقىدە بولغان ساكلار ئارىسىدا بۇنداق مۇستەقىللىقنى ساقلىغان قەبىلىلەر ناھايىتىمۇ كەم ئۇچرايدۇ. قەدىمكى پارسچە ئويما يېزىقلاردا تىگراخا ئۇدا ساكلىرى « ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار» دېيىلىدۇ، پېرسىپىدىكى پارس ئويمىلىرىدا ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلارنىڭ ئوبرازى جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ. خائۇماۋارگا ساكلىرى بولسا، دەل ھېرودوت خاتىرىلىگەن ئامىرگىئان ساكلىرىدۇر. دارىيىنىڭ سۆۋەيش ئوبرازلىق ئويمىلىرىدا

تىگراخائۇدا ساكلىرى « سازلىقتىكى ساكلار » بويلىرىدىكى ساكلار بولۇشى مۇمكىن ) دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ( ئارال دېڭىز خائۇماۋارگا ساكلىرى بولسا « تۇزلەڭلىكتىكى ساكلار » دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئاخمىنىدىلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ساكارائۇكائىلار (Sacaraucae) ، يەنى راۋاكا ساكلىرى (rawakaSaka) مۇھىم رول ئوينىغاندى. يازما مەنبەلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتاي رايونىدىكى پازىرىكتىن بايقالغان تېپىلمىلارنىڭ ئەھمىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ تېپىلمىلار بىزنى ئاخمىنىدىلار خاندانلىقىنىڭ چېگرىسى سىرتىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. پازىرىكتىكى تېپىلمىلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلار بىر قىسىم يىراق رايونلار بىلەن، جۈملىدىن جۇڭگو ۋە ئىران بىلەن سودا ئالاقىسى ئورناتقان⑲. پازىرىكتا بىر خانلىق قەبرىستانلىق بار بولۇپ، ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. قەبرە ئىچىگە مۇز قويۇلغان بولغاچقا، قەدىمكى توقۇلما بۇيۇملار بۇزۇلماي ساقلىنىپ قالغان. بۇ توقۇلما بۇيۇملار ئارىسىدا دۇنيادىكى ئەڭ دەسلەپكى يۇڭ گىلەم بار بولۇپ، گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەتىرگۈل چەۋەنداز ۋە بۇركۇت باشلىق، شىر تەنلىك هايۋاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، گىلەمنىڭ ئەتراپىغا بىر توپ بۇغا- مارالىلار، بولۇپ ماڭغان شىرلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ گىلەم ئەتراپلىرىغا قاتار تىزىلىپ ھەربىي سەپ توقۇلما بۇيۇمغا ئوخشاش ئادەمنى ئاخمىنىدىلار خانىدانلىقىنىڭ سەنئىتى ھەققىدە قاتتىق ئويلاندۇرىدۇ. بۇ ئىككى توقۇلما بۇيۇم ئىراندىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. پازىرىك قەدىمكى قەبرىسىدە

يەنە بىر قىسىم شۇ يەردە ئىشلەنگەن كەسمە كىگىز رەسىملىرىمۇ ساقلانغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە سىبىرىيە « هايۋانات ئۇسلۇبى » تۇرقىدىكى ئۇرۇشقاق هايۋانلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلاردىن باشقا، يەنە بىر پارچە يات ئەل پۇرىقىغا ئىگە ئۇچۇۋاتقان تۇرنا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئاسما گىلەم بار بولۇپ، بۇ ئاسما گىلەم بەلكىم جۇڭگو توقۇمىچىلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇزغا قويۇلغانلىق سەۋەبلىك بىر كۆچمەن قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ جەسىتىمۇ ساقلىنىپ قالغان. بۇ قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ مۈرىسى، دۈمبىسى، پۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە هايۋانات ئۇسلۇبىدىكى نەقىشلەر چېكىلگەن، ۋەهالەنكى، مۇشۇنداق كىشىنى هەيرەتكە سالىدىغان بايقاشتىمۇ يەنىلا قەبرە ئىگىسىنىڭ سالاهىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان دەلىللەرنىڭ كەمچىل بولۇشى ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش. ئېھتىماللىقى ئەڭ زور بولغان قىياس—ئۇلار دەل ھېرودوت بايان قىلغان ئىسسېدونلار بولۇشى مۇمكىن، دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە ئادەم گۆشى يەيتتى، دەيدىغان پىكىر قوبۇل قىلىنىدىغان بولسا، بۇ قاراش تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا دەلىللىنىدۇ⑳.

موڭغۇلىيىنىڭ نوئىن ئۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى بايقاشلار نۇرغۇن جەھەتلەردە پازىرىكتىكى تېپىلمىلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەمما، ۋاقىت جەھەتتە بىرئاز كېيىنرەك㉑.

موڭغۇلىيىدىكى بۇ قەدىمكى قەبرىلەرنى هونلارنىڭ بىر تارمىقىنىڭ قەبرىلىرى دېيىش مۇمكىن. نوئىن ئۇلادىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارىسىدا بىر پارچە ئۇرۇشقاق هايۋاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىلەم، يۇنان ئۇسلۇبىدىكى توقۇلما بۇيۇملار ھەم ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2-يىل دەپ

بېكىتىلگەن جۇڭگونىڭ سىرلانغان قاچىسى بار.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 330 - يىلى ئىمپېراتور ئالېكساندىر كاسپىي دېڭىز قوۋۇقىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئوتتۇرا ئاسىيا تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىشقا باشلىدى. ئالېكساندىر ئاخمىندىلار خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى دارىي III گە قوغلاپ زەربە بەرگەندە، قېچىپ ۋاتقان دارىي III بەختكە قارشى ئۆزىنىڭ سەركەردىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئالېكساندىردىن ئىبارەت بۇ بويسۇندۇرغۇچى ئۆزىنىڭ ھۇجۇم قىلىشقىمۇ-چېكىنىشكىمۇ بولمايدىغان مۇشكۇل ۋەزىيەتتە قالغانلىقىنى بايقىدى. ماكېدونىيىنىڭ پادىشاھى بولغاچقا، ماكېدونىيە قوشۇنى ئۇ تايىنىدىغان ھەربىي كۈچ ئىدى، دەل مۇشۇ كۈچ ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەنىدى. شۇڭا ئالېكساندىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ ساداقىتى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاش زۆرۈر ئىدى؛ ئەمما، ھازىر ئۇ پېرسىيەنىڭمۇ پادىشاھى دەپ ئېتىراپ قىلىنغانىدى. ئاخمىندىلار خانىدانلىقىدىن قالغان بارلىق مەمۇرىي رايونلارنىڭ سەردارلىرى، ئادەم كۈچىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتناش لىنىيىلىرى ئۇنى يېڭى ئەمەلدارلارغا مۇلايىم پوزىتسىيە تۇتۇپ، بار كۈچى بىلەن بۇ زېمىنلارنى ئىدارە قىلىشتا ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇرلايتتى.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئالېكساندىر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەبىئىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادا پارسلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. پۇرۇسنىڭ مەشھۇر يۇمۇلاق ئويما رەسىمدە ئالېكساندىرنىڭ ئۇچىسىغا پارسچە كىيىم كىيگەن ئوبرازى ناھايىتىمۇ جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ ㉒. پارسلارنىڭ ئوردىدىكى قائىدە-يوسۇنلىرىمۇ

تەدرىجى ھالدا يولغا قويۇلدى، پارسلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شاھلارغا ئىگىلىپ تازىم قىلىش ئۇلار ئاللىقاچان ئادەتلىنىپ كەتكەن قائىدە ئىدى. ئەمما، بۇ خىل ئادەتنى ماكېدونىيىلىكلەر ۋە يۇنانلىقلارنىڭ ئارىسىغا كېڭەيتكەندە، بۇ بوي سۇندۇرغۇچىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا، بۇنداق شەرەپكە پەقەت تەڭرىلا مۇناسىپ ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئالېكساندىر ئۆلگەندىن كېيىن، كىشىلەر قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلاشتى. مۇبادا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 330 - يىلى ئالېكساندىر مۇشۇنى ئۈمىد قىلغان ياكى بۇ خىل ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن بولسا، ئۇ بەلكىم شۇ ۋاقىتتىلا ئۆز ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكى بارلىق تەبىقىلەر ئۈچۈن ئۆلچەملىك ئوردا قائىدىسى تۇرغۇزغان بولاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئاشۇ جانلىق ھېكايىلەردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئالېكساندىرنىڭ ئىسلاھاتى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن يۇنانلىقلار ئارىسىدا ناھايىتى زور نارازىلىق پەيدا قىلىدۇ، بۇ ھېكايىلەردە ئاررىئان چوڭ سوفىست كاللىستېنېسنى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاكالىتەن سۆزلىگۈچى قىلىدۇ.

دارىي III نىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلۈش كەلگەن ۋەزىيەتتە شۇ ۋاقىتتا خاننى ئۆلتۈرۈپ خان بولىۋالغان قاتىل بېسسۇسقا زەربە بېرىش ئىدى. ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا جەنۇبتا كۆتۈرۈلگەن مالىمانچىلىق ئالېكساندىرنىڭ نىشانىنى ئارتاكوئانا (ھازىرقى ھېرات) ۋە درانگىئاناغا بۇرىۋەتتى. ئۇ ئارىئادا يەرلىك باش ۋالىي ساتىبارزانېسنى قوغلىۋەتتى، درانگىئانادىن بارسائېنتېسنى ھەيدەپ چىقاردى. درانگىئانا ئۆلكىسىدە ئالېكساندىر فىلوتاستىن سۇيىقەست پىلانلىدى دەپ گۇمانلىنىپ، ماكېدونىيىلىك بۇ مەشھۇر گېنېرالنى قولغا ئالدى ھەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. بۇ ئىش يۈز

بەرگەن جايغا پروفتاسىيە ( ئالدىن بىلىش ) دەپ نام بېرىلدى. ئاندىن كېيىن ئالېكساندىر بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك قورشاش ھۇجۇمى قوزغاپ، يەنە شىمالغا باردى ۋە ئاراخوسىئانى كېسىپ ئۆتتى، ئارقىدىنلا ھىندىقۇش تېغىنىڭ ئېتىكىدە كافكازدىكى ئالېكساندىرىيە شەھىرىنى قۇرۇپ چىقتى㉓. ئالېكساندىرنىڭ تۇيۇقسىزلا شەرقىي جەنۇبتىكى باكترىيىدە پەيدا بولۇشى بىتەلەي بېسسۇسنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. قىسقىغىنە بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە ماكېدونىيىلىكلەر ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. بېسسۇس تۇتقۇنغا ئايلىنىپ، ئاخىرىدا ئېكباتاناغا ئەۋەتىلىپ، شۇ يەردە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالېكساندىر قوشۇنى باشلاپ سىر دەرياسىغا قىستاپ كېلىپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىنى قاتتىق باستۇردى.

ئەمما، سوغدىيانا ئۆلكىسىدىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردا ئالېكساندىرغا بولغان قارشىلىق بېسىقمىدى. دەريانىڭ سىرتىدىكى رايونلاردا يېڭى بىر يولباشچى سپىتامېن ئوتتۇرىغا چىقىپ، چەۋەندازلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمى ئارقىلىق ماراكاندادىكى ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى قالايمىقان قىلدى، ئۇ يەنە يايلاقتىن كەلگەن 600 دەك ساكلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ماكېدونىيىلىكلەر مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقماقچى بولغاندا، سپىتامېن ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەردى. ئالېكساندىر قوشۇنى ئۈچ كۈندە 185 چاقىرىم مۇساپە بېسىشقا مەجبۇر بولۇپ، ۋاقتىدا قايتىپ كېلىپ ياردەم بەرگەچكە، ئاندىن ئاران ئۆزى تۇرۇشلۇق جايىنى ساقلاپ قالدى. ئالېكساندىر ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ زارىئاسپا ( باكترىيە ) غا بېرىشتىن ئىلگىرى سپىتامېننى يەنە بىر قېتىم يايلاققا قوغلىۋېتىپ، قىشنى زارىئاسپادا ئۆتكۈزدى ( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 329—328-يىللىرى). ئالېكساندىر بۇ

قىيتىم دەم ئالغاچ قوشۇننى تەرتىپكە سېلىشتا يەنە بىر قېتىم خائىنلىق سۇيىقەستى بار دەپ گۇمانلاندى. بۇ قېتىمقى گۇماننىڭ ئوبيېكتى ئوردا ياساۋۇللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى تاش بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. چوڭ سوفىست كاللىستېنېسمۇ مەخپىي سۇيىقەست پىلانلاشقا ئارىلاشقىنى ئۈچۈن، بىللە قەست قىلىش جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئۇندىن كېيىن ئالېكساندىر خارەزىمنىڭ پادىشاھى فاراسمانېسنىڭ دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. ( ناھايىتىمۇ روشەنكى، خارەزىم ئەينى ۋاقىتتا ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلاتتى ) . قىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سوغدىياناغا كىردى ۋە يەرلىكلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۇلارغا ساداقەتسىزلىك قىلىدىغانلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ قوشۇننى بەش تارماققا بۆلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سپىتامېن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، « ماسساگېتلار نامى بىلەن تونۇلغان ساكلارنىڭ بىر تارمىقى » نىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا ئۆتۈپ، ماكېدونىيىلىكلەر تۇرۇشلۇق جايىدىكى يارىدارلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ھەتتا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ زارىئاسپاغا ھۇجۇم قىلدى. ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ سەردارى كراتېرۇس ماسساگېتلارنىڭ يۈرتىغا يالغان ھۇجۇم قوزغاپ سپىتامېننى قايتۇرۇپ كەلدى. كېيىن سپىتامېن كوئېنۇس قوماندانلىق قىلغان باشقا بىر قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. كوئېنۇس سپىتامېننى ئېغىر زەخىملەندۇردى ۋە ئۇنى يايلاققا قوغلىۋەتتى. سپىتامېن يايلاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياردەمچى ساك قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ياكى كوئېنۇس كۆرتىئۇسنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئايالى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

سپىتامېننىڭ كاللىسى ئالېكساندىرغا تەقدىم قىلىندى، ئۇنىڭ قىزى ئاپاما كېيىنچە ماكېدونىيىلىك گېنېرال سېلېئۇكۇسنىڭ ئايالى بولدى.

باكتىرىيە بىلەن سوغدىيانادىكى ئالېكساندىرغا قارشى كۈرەش ئەمەلىيەتتە ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن، باكتىرىيىلىك ئوكسىيارتېس يەنىلا يېزا-قىشلاقلارنى ئىگىلەپ تۇراتتى. ئوكسىيارتېس ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنى قارىسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك تاغ ئارىسىدىكى مۇھىم قورغانغا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ قورغان « سوغدىيانا چوققا قورغىنى » دەپ ئاتىلاتتى㉔. قورغاننى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەر ھەزىل قىلىپ « ئالېكساندىرنىڭ لەشكەرلىرىگە قانات چىققاندىلا، ئاندىن تىك چوققىدىكى بۇ قورغانغا ھۇجۇم قىلالايدۇ » دېيىشكەنىدى. بىراق، 300 نەپەر يۇنانلىق چوققىغا چىقىش ماھىرى مۇز تېشىدىغان پولات ئۇشكىلەرنى ئىشلىتىپ بۇ قورغانغا يامىشىپ چىقىپ ئۇنى ساقلاۋاتقانلارنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى.

ئوكسىيارتېسنىڭ قىزى ساھىپجامال روكسانامۇ ئەسىرلەرنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالېكساندىر ئۇنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ نىكاھ ئىشى تېز ئارىدىلا ئالېكساندىر بىلەن ئوكسىيارتېسنىڭ يارىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. ھازىرقى زامان ئالىملىرىدىن تارن ئالېكساندىر بىلەن روكسانانىڭ نىكاھلىنىشىنى بىرخىل سىياسىي قۇدىلىشىش، يەنى ماكېدونىيىلىكلەر بىلەن شەرقىي ئىراندىكى مىللەتلەر، باكتىرىيىلىكلەر، سوغدىيانىلىقلار ۋە ساكلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ئارقىلىق كۈنسېرى خوراپ بېرىۋاتقان ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ شەرقتە ئىران بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقىنى ساقلاشنى، بولۇپمۇ يېقىن ئارىدا ھىندىستانغا

بېسىپ كىرىشتە كېرەك بولىدىغان چەۋەندازلارنى تولۇقلاشنى مەقسەت قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ[25]. ئالېكساندىرنىڭ نىكاھ ئىشىنىڭ بۇ تەرەپتىكى رولى ناھايىتىمۇ روشەن بولدى. ئالېكساندىرنىڭ يىراقتا يۈرۈشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك نەتىجىسى ھەقىقەتەنمۇ پېرسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زومىگەرلىك ئورنىنى يوقىتىپ، ماكېدونىيىلىك ھۆكۈمرانلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ھەمكارلاشقان يەرلىك شەرقىي ئىرانلىقلارنىڭ تەركىبىنى كۈچەيتتى. پارسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى مىلادىيە Ⅲ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن ئەسلىگە كەلدى. ئەمما، قەدىمكى زامان نوپۇز ئىگىلىرى ئالېكساندىر بىلەن روكسانانىڭ نىكاھلىنىشى بىر خىل دىپلوماتىيە بولماستىن، بەلكى ئەسلى تەبىئەتلىرىدىكى ئارزۇنىڭ تۈرتكىسى، دەپ تەكىتلىشىدۇ، بىزنىڭ قەدىمكىلەرنىڭ بۇ خاتىرىلىرىنى ئىنكار قىلىشىمىز قىيىندەك تۇرىدۇ.

بۇ ئۇرۇشلاردا ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ئالېكساندىرىيە شەھەرلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى بولۇپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى كېيىن تارىختا ئىنتايىن نام چىقاردى. ئالېكساندىرىيە نامى بېرىلگەن شەھەرلەر: ئارىئادىكى ئالېكساندىرىيە، يەنى ھازىرقى ھېرات؛ درانگىئانادىكى پروفتاسىيەنىڭ ئالېكساندىرىيە شەھىرى، بۇ شەھەرنىڭ ئورنى تېخى ئېنىق ئەمەس؛ ئاراخوسىيادىكى ئالېكساندىرىيە شەھىرى[26]؛ كافكازدىكى ئالېكساندىرىيە شەھىرى، بۇ شەھەر ساران رايونىدىكى جېبېل سىراجنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارۋان شەھىرى دېگەن يېرىدە بولۇشى مۇمكىن؛ سىر دەرياسى رايونىدىكى ئۆمرى قىسقا ئېسچاتانىڭ ئالېكساندىرىيە شەھىرى. بوي سۇندۇرغۇچى سۈپىتىدە ئالېكساندىر قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەلىي خىزمەت مۇداپىئە ئىستىھكامى قىلىنغان بىر قىسىم تاكتىكىلىق كونا ماكانلارنى

رېمونت قىلدۇرۇش ۋە قوغداشتىنلا ئىبارەت ئىدى. لېكىن، يىراقنى كۆرۈش ئىستراتېگىيىسى ئالېكساندىرغا كۆپ ئەسىرلەر داۋامىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرغان رايونلارنى تاللاتقۇزدى. ماكېدونىيىلىك ھۆكۈمدار بۇ رايونلارنى قەتئىي تۈردە ساقلاپ تۇرالىغىنى ئۈچۈنلا ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان قۇرۇقلۇق قاتنىشىنى ئىلكىدە تۇتالىدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 327 - يىلى ئالېكساندىر ئىستېلا نىشانىنى پەنجاپقا يۆتكىدى. ئۇ قوشۇنىنى باشلاپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، باجائۇر ۋە ماراكەنتتىن ئۆتۈپ، بارلىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇردى. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇرۇشلۇق جايىنى ساقلاپ قالغان ئارقا سەپ قوشۇن ئىچىدە توپىلاڭ كۆتەردى، ئارقا سەپ قوغدىغۇچى قوشۇندىكىلەرنىڭ كۆپى ئەسلىدە دارىي III نىڭ ياللانما قوشۇنلىرى ئىدى. كېيىنكى يىلى 3000 يۇنانلىق كۆچمەن باكترىيە بىلەن سوغدىيانادا توپىلاڭ كۆتەردى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ياۋروپاغا قايتىدىغان ئۇزۇن مۇساپىلىك ھەربىي يۈرۈشنى باشلىدى. يۇنانلىق بۇ كۆچمەنلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ㉗. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 323 - يىلى ئالېكساندىر بابىلۇندا ئۆلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئېغىر توقۇنۇش پارتلىدى، ئۇستۇنكى سارتىپىستا㉘ تەخمىنەن 23 مىڭچە ئادەم㉙ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، يۇنانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانى بىردىككاس پېئىتوننىڭ قوماندانلىقىدا توپىلاڭنى باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتتى. پېئىتون ئۆكتەمراق ھۆكۈمران بولۇپ، ئاسىيلىق قىلغانلارغا ھەم قورال كۈچى ھەم دىپلوماتىيىنى ئىشلىتىپ، قاتتىق يۇمشاق ۋاستىلەرنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، ئاسىرتتىن توپىلاڭچىلارنى قولغا كەلتۈرۈپ،

ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە ئايلاندۇرۇش ئۈمىدىدە بولدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە توپىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى پېئىتون تەرەپكە ئۆتتى، قالغانلىرى مەغلۇپ قىلىندى. بىراق، پېئىتوننىڭ قوشۇنى بىردىككاسىنىڭ توپىلاڭچىلارنى جازالاش ھەققىدىكى پەرمانىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، پېئىتوننىڭ لاگىرىدىكى ھايات قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى ھەم ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى.

پېئىتون ئۈمىدسىز ھالدا بابىلۇنغا چېكىندى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 322 - يىلى مىسىر بىلەن بولغان جەڭدە ئۇ بىردىككاسىنى ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى پىلانلىدى. ئانتىپاتېرنىڭ ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسىنى بۆلۈۋېلىشىدا پېئىتون قايتىدىن مېدىيىگە كەلدى ھەم ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئېۋدامۇسنى مېدىيىگە يېقىن قوشنا بولغان پارفىيەنىڭ ۋالىيسى فراتافېرنېسنىڭ ئورنىغا قويدى. پېئىتوننىڭ بۇ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ۋالىيلار بىلەن پېسېستا (ئالېكساندېرنىڭ قوغدىغۇچىسى، شۇ ۋاقىتتىكى پېرسىيەنىڭ ۋالىيسى) نى پېئىتونغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. پېئىتونغا قارشى تۈزۈلگەن ئىتتىپاقتىكىلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرى روكسانانىڭ ئاتىسى، ئەينى ۋاقىتتىكى پاروپا مىسادائېنىڭ ۋالىيسى ئوكسيارتېس ئىدى. ھازىرقى بەزى نوپۇز ئىگىلىرى ئوكسيارتېسنى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مەشھۇر «ئامۇ دەرياسى خەزىنىسى» نىڭ ئىگىسى دەپ قاراشقا مايىلراق. ئەمما، خەزىنىدىكى بىر ئۈزۈكنىڭ ئۈستىدىكى ئىسىم ئوكسيارتېس دېگەن ئىسىممۇ-ئەمەسمۇ، بۇ تېخى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن خېلىلا يىراق. قانداقلا بولمىسۇن، ئوكسيارتېس مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 322-يىلى كۆڭلى يېرىم ھالدا قىزى روكسانا بىلەن خوشلاشتى. شۇ يىلى روكسانا (ئۇ

ئالېكساندېردىن قورسىقىدا قالغان ئوغلى ئالېكساندېر IV ئائېگۇسىنى تۇغدى) ئانتىپاتېر بىلەن بىللە ماكېدونىيىگە قايتتى. ئانتىپاتېر ئۆلگەندىن كېيىن، روكسانا ئالېكساندېرنىڭ ئانىسى ئولىمپىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بىراق، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 316 - يىلى ئولىمپىس ئۆلگەندىن كېيىن، روكسانا ئوغلى بىلەن بىللە ئامفىئوپولىس تەرىپىدىن كاساندېردا قولغا ئېلىنىدى ھەم تۆت يىلدىن كېيىن قەتلى قىلىندى. روكسانانىڭ ئافىنادىن قانداق كەتكەنلىكى ئۇنىڭ ياۋروپادىكى ئەسلىمىلىرىگە ئوخشاش ناھايىتىمۇ سىرلىق تۇس ئالغان㉚.

بىرلىشىپ پېئىتونغا قارشى تۇرغانلار ئارىسىدا يەنە ئارىئا ۋە درانگىئانانىڭ ۋالىيسى ستاسانور ھەم ئاراخوسىيانىڭ ۋالىيسى سىبىرتىئۇسلارمۇ بار ئىدى. ئالېكساندېرنىڭ بۇرۇنقى ۋەزىرى ئېۋمېنېس ئالېكساندېرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ يەكچەشمە ئانتىگونۇسقا قارشى چىقتى. ئېۋمېنېس كىچىك ئاسىيادىن ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ قوشۇن تارتىپ پېرسىيىگە كەلگەندە، بىرلەشكەن ۋالىيلار ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئانتىگونۇس ئىسفاھانغا يېقىن جايدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە ئىتتىپاقداشلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ئانتىگونۇس يەنە غەربكە قايتىپ، شەرقتىكى قارام زېمىنلارنى ئۆز پېتى ئەسلىدىكى ۋالىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قالدۇردى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 312 - يىلى سېلېئۇكۇس يەنە بىر قېتىم بابىلۇننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئالېكساندېرنىڭ شەرقتىكى ئۆلكىلىرىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. سېلېئۇكۇس ئانتىگونۇسنىڭ ئورنىغا مېدىيەنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان نىكانورنى يوقىتىپ، باكتىرىيەنى قايتىدىن بويسۇندۇردى ھەم ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستاندا يېڭى قۇرۇلغان مائۇريا

خانىدانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. مائۇريا خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاتاقلىق چاندراگۇپتا بولۇپ، ئالېكساندىرنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ياش چاندراگۇپتانى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇرغاندى، كېيىن ئۇ رەقىبىنىڭ 600 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى بېسىپ چۇشىدىغان زور قوشۇن بىلەن شىمالىي ھىندىستاننى بويسۇندۇرغاندى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 304 - يىلىغا كەلگەندە سېلېئۇكۇس مائۇريا خاندانلىقى بىلەن سۇلھى تۇزدى. سېلېئۇكۇسنىڭ ئەلچىسى سىبىرتىئۇسنىڭ بۇرۇنقى ۋەزىرى مېگاستېنېس ئىدى، مېگاستېنېس كېيىنچە ئۆزىنىڭ ھىندىستان ساياھىتىدىن يازغان ئەسىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغانىدى. سېلېئۇكۇس پاروپامىسادائې، ئاراخوسىيا ۋە گېدروسىيەلەرنى مائۇريا خاندانلىقىغا بۆلۈپ بېرىشكە قوشۇلغان بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. سېلىئۇكۇس سوغا سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن 500 پىلنى قوبۇل قىلدى. سېلىئۇكۇس كىچىك ئاسىياغا قايتقاندىن كېيىن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 301 - يىلىدا بۇ پىللار ئىپستىكى جەڭدە ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۇردى.

يېقىنقى بىرنەچچە قېتىملىق بايقاشلار مائۇريا خاندانلىقى سېلېئۇكۇس بۆلۈپ بەرگەن ئۆلكىلەردە ئۇنۇملۇك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھازىرقى ئافغانىستاندا چاندراگۇپتانىڭ نەۋرىسى ئاسوكانىڭ ئويما يېزىقلىرىدىن كەم دېگەندە ئۈچ پارچىسى تېپىلدى. بۇلاردىن ئارامى يېزىقىدىكى بۇزۇلۇپ كەتكەن بىرى ھازىرقى جالالئابادنىڭ غەربىي شىمالىدىكى لاغمان دېگەن يەردىن تېپىلدى. قالغان ئىككى يادىكارلىق قەدىمكى قەندەھاردىن تېپىلدى: بىرسىنىڭ ئۈستىگە ئارامى يېزىقى ۋە يۇنان يېزىقىدا ئاسوكانىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ھەم ئۇنىڭ

ۋەزىرلىرىگە يۈرگۈزگەن ئەخلاق سىياسىتى ئويۇلغان. يەنە بىرسى يۇنان يېزىقىدا ئويۇلغان ئابىدە بولۇپ، ئاسوكانىڭ 12 - ۋە 13 - تاشتىكى يارلىقىنىڭ قىسمەن تەرجىمىسى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار ئاسوكانىڭ بۇددا دىنىنى مائۇريا خانلىقىنىڭ يېڭى قوشۇلغان ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى كېيىنكى تارىختا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 324 - يىلى ئالېكساندىر سۇساغا قايتقاندىن كېيىن، سېلېئۇكۇس كۆپلىگەن ماكېدونىيىلىك قوماندانلارغا ئوخشاش بىر ئىرانلىق ئايالغا ئۆيلەندى. بۇ ئايال دەل مەشھۇر سپىتامېنىنىڭ قىزى ئاپاما ئىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 293 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئوغلى ئانتىئوكۇس سېلېئۇكۇسنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە شەرقىي ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئائىلە كېلىپ چىقىشى ۋە تەربىيىلىنىشى ياخشى بولغاچقا، ئانتىئوكۇس ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايتتى. ئانتىئوكۇسنىڭ ۋەزىپىسى ساكلارنىڭ يايلاقتىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، سېلېئۇسىد خاندانلىقىنىڭ ئارىئا ۋە باكترىيەدە قالغان زېمىنلىرىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش ئىدى. ئانتىئوكۇس مەرۋىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى ھەم ئۇ يەرگە «ئانتىئوكىيە» دەپ نام قويدى. باكترىيەدە سېلېئۇسىد خاندانلىقىنىڭ پۇل ياساش زاۋۇتى بولۇپ، سېلېئۇكۇس بىلەن ئانتىئوكۇسنىڭ ئىسمىلىرى بىللە ئويۇلغان تەڭگە پۇللارنى تارقىتاتتى. ئەمما، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 280 - يىلى ئانتىئوكۇس ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا يالغۇز ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دىققىتى كىچىك ئاسىياغا بۇرۇلۇپ، سېلېئۇسىد خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى بوشاشتى.

يېڭىدىن بايقالغان بىر ئويما يېزىقتا ئىسپاتلىنىشىچە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 261 - يىلى ئانتىئوكۇس ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن، ئاندراگوراس ئىسىملىك بىرسى ۋالىيلىق سالاھىيىتى بىلەن پارفىيە ۋە ھىركانىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ھۆكۈمران ئانتىئوكۇس II نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 264—261 يىلغىچە ) ئاندراگوراس بۇ رايونلارنى ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم خانىنىڭ نامى بولمىغان ئالتۇن ۋە كۈمۈش پۇللارنى تارقاتتى. ئەمما، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاندراگوراس يەنە بىر يېڭى سەردار - پارفىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئارساسېس تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئارساسېس ئۆزىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولغان كۆچمەن پاپىلارنى ھۇجۇمچى قىلىپ تۇرۇپ، پارفىيە ئۆلكىسىنى ئىشغال قىلدى. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ تىلىدا دەسلەپتە شەرقىي ئىران تىلىنىڭ تەركىبلىرى بولغانلىقى ئېنىق. ئەمما، ئۇلارنىڭ تىلى ناھايىتى تېزلا پارفىيەدە ئولتۇراقلاشقانلار ئىشلىتىدىغان شىمالىي ئىران دىئالېكتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 247 -يىلى ئاندراگوراس گۇمران بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئارساسېس چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئارساسېس دەۋرى باشلاندى㉛ . يېڭى قۇرۇلغان پارفىيە خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر مۇھىم مەركىزىي شەھىرى نىسا (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركمەنىستانىنىڭ ئاشخاباد ئەتراپىدا) دا ئىدى. يىرىم ئەسىردىن كېيىن بۇ رايون پارفىيە خاندانلىقىنىڭ «مىترانداتېك» دېگەن نامىنى قوبۇل قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى نىسا قەدىمكى شەھىرىدە ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بايقىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇنان ئۇسلۇبىدىكى گىرۋىكىگە پىل چىشى قويۇلغان 40 نەچچە جامۇ بار

㉜. سىيا بىلەن چېكىلگەن خەتلەر (Ostraca) بار نۇرغۇنلىغان فارفۇر بۇيۇملار پارچىلىرىمۇ مۇشۇ يەردىن تېپىلدى. قېزىۋېلىنغان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ يەردە ئىلگىرى دائىرىسى ناھايىتى چوڭ ھاراق ساقلاش ئۆيى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھاراق ساقلاش ئۆيىنىڭ بايقىلىشى ئەينى ۋاقىتتىكى يېزا ئىگىلىك ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە ھازىر ئېقىنلاشقان ئۇلارنىڭ تىلى ئارامى يېزىقى بىلەن يېزىلىدىغان پارفىيە تىلى ئەمەس، بەلكى بىرخىل پارس تىلىغا چەت تىلدىن كىرگەن نۇرغۇن سۆزلەرگە ئىگە بولغان، ئارامى يېزىقى ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىنغان تىلدۇر دېگەن قاراشتىن ئىبارەت.

كېيىنكى تارىختا پارفىيە خاندانلىقى مېسوپوتامىيىگە قاراپ ئىلگىرىلەشنى تېزلەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەركىزى تۈركمەن يايلىقىدىن يۆتكەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارفىيە خاندانلىقىنىڭ شەرقىي چېگرىسىدا يەنە بىر دۆلەت بارلىققا كەلدى. ئارساسېس باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، سېلېئۇسىد خاندانلىقىدىكى باكتىرىيىنىڭ باش ۋالىيسى دىئودوتۇسمۇ مۇستەقىل بولدى. دىئودوتۇسنىڭ مۇستەقىللىقى ئالدى بىلەن قىسمەن ھالدا دىئودوتۇسنىڭ پورترېتىنىڭ تەڭگە پۇلدا كۆرۈنۈشىدە ئىپادىلەندى. ( گەرچە بۇ تەڭگە پۇللارنىڭ ئارقا تەرىپىدە يەنىلا ئانتىئوكۇس II نىڭ ئىسمى ۋە پورترېتى ساقلانغان بولسىمۇ ) . ئەمما ئانچە ئۆتمەيلا دىئودوتۇسنىڭ نامى پادىشاھ سۈپىتىدە پۇلغا بېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىككى ياقلىمىلىق كەشپىياتى ـ گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ئىلاھى زېۋسنىڭ ئوبرازىمۇ پۇلغا چۈشۈرۈلدى. دىئودوتۇسنىڭ باكتىرىيە خانلىقى ھەيران قالارلىق ھاياتىي كۈچنى نامايەن قىلغاندى. كېيىنكى

خانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەزگىللىرىدە باكتىرىيە خانلىقىنىڭ زېمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ھىندىستان سۈپ چوڭ قۇرۇقلۇققىچە قەدەر كىرگەندى. باكتىرىيىنىڭ پارفىيەگە ئوخشاش ئاخىرقى ھېسابتا سېلېئۇسىد خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتەلىشىدە يەنە مۇھىم بىر تاشقى سەۋەپ بار، بۇ ئانتىئوكۇس II ئۆلگەندە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 246 - يىلى) مىسىر پادىشاھى پتولېمى III نىڭ سېلېئۇسىد خاندانلىقىغا بېسىپ كىرىشى ئىدى. بىرقانچە ئەسىردىن كېيىن خرىستىيان راھىبى كوسماس ئىندىكوپلېئۇستېس قىزىل دېڭىز نىڭ ئادورىس دېگەن يېرىدە بىر مەشھۇر ئويما يېزىقنى ئۇچراتتى، ئۇنىڭدا «(پتولېمى) ئېفرات دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۆزى جەڭ قىلىپ مېسوپوتامىيە، بابىلونىيە، سۇسىئانا، پېرسىيە، مېدىيە ۋە (ئىمپېرىيىنىڭ) باشقا رايونلىرىدىن تاكى باكتىرىيىنىڭ يىراق (چېگرىلىرىغا) قەدەر بويسۇندۇردى.㉝» دېگەن خەتلەر ئويۇلغاندى. سېلېئۇسىد خاندانلىقىنىڭ يۇرىكى ھېسابلىنىدىغان رايونلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلەرنىڭ كونتروللۇقىغا ئاللىقاچان ئۆتۈپ بولغان يەردە شەرقتىكى ئۆلكىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن گۇمران بولۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

باكتىرىيەدە دىئودوتۇس باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىنكى نەچچە ئون يىل ئىچىدە ئەھۋال زادى قانداق بولدى، بۇ ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. دىئودوتۇسنىڭ ئوغلى ھەم ۋارىسىنىڭ ئىسمى-فامىلىسى دىئودوتۇسنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دىئودوتۇسنىڭ پۇللىرىنى پەرق ئېتىش ئىشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى㉞. ئېيتىلىشىچە، ئىككىنچى دىئودوتۇس ئاتىسىنىڭ پارفىيە بىلەن دۈشمەنلىشىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەن. ئەمما، تەپسىلىي مەلۇماتنى پەقەت پولىبىئۇسنىڭ سېلېئۇسىد پادىشاھى ئىمپېراتور ئانتىئوكۇس III نىڭ شەرققە

يۈرۈشى توغرىسىدىكى باياندىن تاپقىلى بولىدۇ.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 208 - يىلى ئانتىئوكۇس ئېكباتانادىن قوشۇن تارتىپ كىرىپ، ئېلبۇرس تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىدىكى پارفىيەلىكلەرنىڭ قارشىلىقىنى بېسىقتۇردى، ھىركانىيىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تامبراكس ئوردىسىنى ئىگىلەپ، مۇستەھكەم قەلئە سىرىنكس شەھىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. كېيىن ئانتىئوكۇس ئارىئۇس دەرياسى ( ھارى دەرياسى ) دا باكترىيىلىك چەۋەندازلارنى قوغلىۋەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى باكترىيىنىڭ ھۆكۈمرانى ماگنېسىيەدىن كەلگەن يۇنانلىق ئېۋسىدېمۇس ئىدى.

ئانتىئوكۇس باكتراغا جايلاشقان باكترىيىلىكلەرنىڭ پايتەختىنى قورشىۋالدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشى بىكارغا كېتىپ، ھېچقانداق ئىلگىرىلىيەلمىدى. ئانتىئوكۇس ئىككى يىل جەڭ قىلغاندىن كېيىن، كېسەكتىن قوپۇرۇلغان غايەت زور شەھەر سېپىلى[35] ھەم تۆت ئەتراپىدىكى سازلىق ۋە قويۇق جاڭگاللىقلارغا دۇچ كېلىپ، رەقىبىنىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا ئاخىرى جاسارىتىنى يوقاتتى. ئۇ قورقۇنچلۇق يايلاق ساكلىرىنى ئېتىراپ قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ شەرتلىرىگە قوشۇلدى. ئېۋسىدېمۇس ئۆزىنىڭ ئىسيانكار ئەمەس، بەلكى ئىسيانكارلارنى قەتلى قىلغانلارنىڭ ئەۋلادى ( يەنى دىئودوتۇسنىڭ ئەۋلادى ) ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئانتىئوكۇس ئېۋسىدېمۇسنىڭ ئۆز پادىشاھلىقىنى ساقلاپ قېلىشىغا ماقۇل بولدى. ئېۋسىدېمۇس بولسا ئۆزىنىڭ پىلىنى ئانتىئوكۇسقا تەقدىم قىلدى. ئىككى تەرەپ ئىتتىپاق تۈزۈش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. ئېۋسىدېمۇسنىڭ ئوغلى دېمېترىئۇستىكى پادىشاھلارغا خاس كېلىشكەن قەددى-قامەت ئانتىئوكۇستا ناھايىتىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئانتىئوكۇس ئۆزىنىڭ قىزىنى بۇ شاھزادىگە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ھالبۇكى، بۇ توي كېلىشىمى ئەمەلگە

ئاشمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن، ئانتىئوكۇس ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتۈپ، پاروپامىسادائېغا كىرىپ، شۇ يەرنىڭ ھىندى ھۆكۈمرانى سوفاگاسېنۇس بىلەن كېلىشىم تۈزدى، ئاندىن كارمانىيەدىن ئۆتىدىغان ئۇزۇن يولنى بويلاپ مېڭىپ، ئۆزىنىڭ پايتەختىگە قايتىپ كەلدى. ئېۋسىدېمۇس ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماكېدونىيىلىكلەر ۋە يۇنانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە ئۆزى يالغۇز باكتىرىيىدە قالدى. (جەدۋەل)

دىئودوتۇس I (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 247-يىلى)

دىئودوتۇس II

| ئېۋسىدېمۇس خان جەمەتى | ئېۋكراتىدېس خان جەمەتى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 208-يىلى) |
| --- | --- |
| ئېۋسىدېمۇس I | |
| دېمېترىئۇس I | ئېۋكراتىدېس I |
| ئېۋسىدېمۇس II | پلاتو |
| دېمېترىئۇس II | ئېۋكراتىدېس II سوتېر |
| پانتالېئون | ھېلىئوكلېس |
| ئاگاسوكلېس | |
| ئانتىماكۇس تېئۇس | |

قەدىمكى ھۆججەتلەردە باكتىرىيىدىكى يۇنان پادىشاھلىقى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان بولۇپ، يۇنان - باكتىرىيە

پادىشاھلىقىنىڭ تارىخى پارچە - پۇرات يازما ماتېرىياللار ۋە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان قالدۇق پۇللار ئاساسىدا قايتىدىن تىكلەنگەن. تارىننىڭ ئويما يېزىق ئۇستىدىكى تەتقىقاتى يۇنان-باكتىرىيە پادىشاھلىقى تارىخىدىن ئىبارەت بۇ تەتقىقات تېمىسى ئۇستىدىكى تەتقىقاتتا بىر دەۋردىن دېرەك بەردى. بىراق، تارىننىڭ تەتقىقاتىدىكى كەمچىلىك ئۇ نەزەرىيىۋى مۇلاھىزىگە بەك كۆپ ئورۇن بېرىۋەتكەن بولۇپ، بۇ پۇلشۇناسلىقنى ئاساسى ئاجىز بولغان تارىخ دېدۇكسىيەسى ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويغان. نارائىن خاتالىقلارنى تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ، ئۇنۇملۇك تەكشۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. لېكىن، ئۇ تارىنغا بەرگەن باھاسىدا ئېھتىياتچانلىقنى ئەستىن چىقارمىغان بولسىمۇ، ئەمما، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەشتەك گۇمانلاردىنمۇ خالى بولالمىدى. بىزنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى يۇنان - باكتىرىيە پادىشاھلىقىنىڭ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا بېسىپ كىرگەنلىكى ھەققىدە ئىگە بولغان بىلىملىرىمىز، ئاساسەن، پۇلشۇناسلىقنىڭ دەلىل-ئىسپاتلىرىدىن كەلگەن. شۇڭا، بۇ پۇلشۇناسلىق ماتېرىياللىرىغا قارىتا تەنقىدىي نەزەردە تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشىمىز زۆرۈر㊱.

ئاسوكا خاندىن كېيىن، مائۇريا خاندانلىقى كۇنسېرى ئاجىزلاپ، گاندارا رايونىدا بىر بوشلۇقلا قالدى. بۇ ۋاقىتتا سىر دەرياسى رايونىدىكى ساكلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن باكتىرىيىدىكى يۇنانلىقلار قاتتىق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالدى، ئۇلار پاروپامىسۇس تېغىنىڭ جەنۇبىدا بىر ئىشەنچلىك ئارقا سەپكە ئىگە بولۇشقا تەشنا ئىدى. يۇنانلىقلار پاروپامىسۇس تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا، دېمېترىئۇس ناھايىتى زور رول ئوينىدى. چۈنكى، ئۇ ئالېكساندىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك پىل كالىسىنىڭ تېرىسىدىن قىلىنغان باش بېزىكى

بىلەن «يېڭىلمەس» (Aniketos) دېگەن بويسۇندۇرغۇچى نامغا ئېرىشكەندى. نارائىنمۇ جەنۇبىي چېگرىغا بېسىپ كىرىشتە ئانتىماكۇس تېئوسنىڭ پائالىيىتىنى تەكىتلىدى. باكتىرىيىدىكى يۇنانلىقلارنىڭ بۇ قېتىمقى جەنۇبقا كۆچكەن ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 190 - يىل بىلەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 170 - يىلنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، جەنۇبقا كۆچۈشنىڭ ئاقىۋىتى يۇنان-باكتىرىيە پادىشاھلىقىنىڭ بۆلۈنۈشىنى تېزلىتىش بولدى. دېمېترىئوسنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قورقۇنچلۇق بىر رەقىب — ئېۋكراتىدېس باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېۋكراتىدېس دېمېترىئوسنى يېڭىپ پۇشكالاۋاتىغا كىردى. بىز باكتىرىيە ۋە پەنجاپتىكى بىرمۇنچە پادىشاھلارنى بۆلۈنۈپ كەتكەن دۈشمەنلىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى خاندانلىق سىستېمىسى دەپ قارىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئىككى خاندانلىق سىستېمىسىنىڭ مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىنى جەدۋەل بىلەن ئاددىي قىلىپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ (يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن جەدۋەلگە قارالسۇن).

1948 - يىلى ئافغانىستاندىن يۇنان-باكتىرىيەنىڭ بىر تۈركۈم مۇھىم تەڭگىلىرى بايقالدى. بۇ پۇللار كېيىنچە «قۇندۇز غەزىنىسى» دېگەن نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولدى. بۇ قېتىمقى مۇھىم بايقاش بىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى باكتىرىيە ھۆكۈمرانلىرى ھەققىدىكى بىلىملىرىمىزنى بېيىتتى. بۇرۇن، بىز «قۇندۇز خەزىنىسى» ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى بىر ئاددىي تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەپ قويغانىدۇق㊲. يېقىندا «فرانسىيە ئافغانىستان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ دوكلاتى» ناملىق ئەسەردە بۇ قېتىملىق بايقاش تەپسىلىي بايان قىلىندى㊳. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شۇ قېتىم ئەينى ۋاقىتتا تارقىتىلغان ئادەتتىكى تۆت درەخمەلىك پۇللاردىن باشقا، يەنە بەش دانە پىل

ئوردېنى، قوش 10 دىرەخمەلىك چوڭ-كىچىك پۇللارمۇ بايقالدى. بۇ پۇللارنى كېيىنكى مەزگىلدىكى ھۆكۈمران ئامىنتاس تارقاتقان بولۇپ، ھەر بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 84 گرامدىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. بىزنىڭ كېيىنكى بابتا داۋاملىق توختالماقچى بولغىنىمىز مانا شۇ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھىندى-باكترىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇرەككەپ دەۋرىدۇر.

**ئىزاھلار:**

① ھېرودوت ئەسەرلىرى 4-توم 11-بەت.

② ئې.د.فىللىپس: «ھېرودوت بايان قىلغان ئارگىپپائېلار»، «ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسى» ژۇرنىلى 1960-يىل 23-سان.

③ئىسسېدونلارنىڭ ئاسيو (ئۇسۇن) لار ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى دەلىل-ئىسپاتقا ۋ. سامولىننىڭ «تۆۋەن ئېقىنىدا تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان تارىخى ئىرقلار توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن، توكيو، 1956-يىل نەشرى، 38-بەت.

④ ئاررىئان: «ئالېكساندىرنىڭ يىراققا قىلغان يۈرۈشى»، 3-توم 27-بەت.

⑤ پلىنى: «ناتۇرال تارىخ»، 6-توم 92-بەت.

⑥ ئې.بېنۋېنىستې: «كىرۇس شەھىرى».

⑦ ھېرودوت بۇ يەردە سىر دەرياسىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك.

⑧بۇ باياندا ئاررىئاننىڭ «ئالېكساندىرنىڭ يىراققا قىلغان يۈرۈشى» ناملىق ئەسىرى (6-توم، 29-بەت) گە ئاساسلىنىلدى.

⑨ ر.گ.كېنت: «قەدىمكى زاماندىكى پارسلار»، 1953-يىل نەشرى، 134-بەت.

⑩ ئەرەب ئاسترونوملىرىمۇ سېلېئۇكۇ يىلنامىسىنى «ئالېكساندىر يىلنامىسى» دەپ ئاتايدۇ. ئال-بىرۇنىنىڭ «قەدىمكى مىللەتلەر يىلنامىسى» گە قاراڭ، 121-بەت.

⑪ ۋ.ب.ھېنىنىڭ: «زوروئاستېر، سىياسەتچى ياكى پېرىخون»، 1951-يىل، ئوكسفورد نەشرى.

⑫ سوۋغا-تارتۇقققا زىخچە كۈمۈش تاپشۇرۇلغان، بابىلۇننىڭ ئۆلچىمى بويىچە بىر تالانت 30.024 كىلوگرامغا تەڭ كېلىدۇ.

⑬ ھېرودوت ياقا يۇرتلۇقلارنى ئاتاشتا قەدىمكى پارسچىدىكى «saranges» دېگەن

سۆزنى قوللانغان. مېدىيەدىكى مەمۇرىي رايونلار ناملىرىنىڭ بىردەك بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، مەزكۇر كىتابتا كېيىنكى مەزگىللەردىكى يۇنان يازغۇچىلىرىنىڭ ئادەتلەنگىنى بويىچە «درانگىئانا» دېگەن نام قوللاندى.

⑭ مەسلەن: تولستوف مۇشۇنداق قارايدۇ، تولستوفنىڭ «قەدىمكى زاماندىكى خارەزىم خارابىلىرى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن، بېرلىن، 21953-يىل نەشرى، 111 -بەت.

⑮ ئا.ت.ئولمستېد: «پېرسىيە ئىمپېرىيىسى»، 146-، 248-بەتلەر.

⑯ ج.لاسسې: «ئۆلخۇنىڭ سۇغۇرۇش سىستېمىسى».

⑰ «هايۋانات تەزكىرىسى»، 5-توم، 19-بەت.

⑱ گ.پوسېنتېر: «پارسلارنىڭ مىسىردىكى تۇنجى هاكىمىيىتى»، قاهىرە، 1936-يىل نەشرى، 183-بەت.

⑲ س.ئى.رۇدېنكو: «سكىفلار دەۋرىدىكى گورنو ئالتاي ئاهالىلىرىنىڭ مەدەنىيىتى»، موسكوۋا، 1953-يىل نەشرى.

⑳ ك.جېتمار: «تۈركلەردىن ئىلگىرىكى ئالتاي رايونى»، ستوكهولم، 1951-يىل نەشرى، 182-بەت.

㉑ تىرېۋېر: «شىمالىي مۇڭغۇلىيىدە قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، لېنىنگراد، 1932-يىل نەشرى.

㉒ ب.ۋ.هېئاد: «ئەڭ دەسلەپكى يۇنان—باكترىيە ۋە يۇنان-هىندىستان پۇللىرى».

㉓قەدىمكى يۇنانلىقلار هىندىقۇش تېغىنى كافكاز تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارايدۇ، شىمالىي هىندىستان شېۋىسىدە هىندىقۇش تېغى «پاروپا مىسۇس تېغى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان.

㉔ بۇ چوققا قورغىنىنىڭ جايلاشقان ئورنى ئېنىق ئەمەس. ئىسلام دەۋرىدە مۇغ تېغىدا سوغدىلارنىڭ تاغ ئارىسىغا جايلاشقان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قورغىنى بولغان.

㉕ ۋ.ۋ.تارن: «ئىمپېراتور ئالېكساندېر»، 2-توم، 326- بەت.

㉖ تارن «پارفىيەدىكى راباتلار»دا خاتىرىلەنگەن ئالېكساندېرىيە شەهىرىنى غەزنىگە جايلاشقان دەپ قارايدۇ («باكترىيە ۋە هىندىستاندىكى يۇنانلىقلار»، 49-بەت).

㉗ دىئودورۇسنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ ئاسىيلىق قىلغۇچىلار قىرىپ تاشلانغان، ئەمما،

كۆرتىئۇسنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇلار ئاخىر يۇرتىغا يېتىپ بارغان.

㉘ بۇ، يۇنانلىقلارنىڭ مېدىيەنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئۆلكىلەر توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئاتالمىسى.

㉙ تارن بۇ «23 مىڭ ئادەم» دېگەن سانغا قوشۇلمايدۇ، ئۇ ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي سانىنىڭ ئاران 3000 ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. تارنىنىڭ «باكتىرىيە ۋە ھىندىستاندىكى يۇنانلىقلار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 72-بېتىگە قارالسۇن.

㉚ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 311-، 310-يىللىرىدىكى ساقلانغان بىر مال تىزىملىكىگە ئاساسلانغاندا، روكسانا ئافېناغا ئالتۇن جام ۋە مارجاندىن ئىبارەت تېپىك ئىران سوۋغىتىنى تەقدىم قىلغان، ئەمما، ئۇنىڭ ئافېناغا بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈدىغان دەلىل-ئىسپات يوق.

㉛ ۋولسكى تېخىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرنى تىلغا ئالىدۇ، يېڭىدىن تېپىلغان ئاندراگوراسنىڭ ئويما يېزىقى ئۇنىڭ خۇلاسىسىگە سەل زىت كېلىدۇ.

㉜ ئا.مونگايت بۇ تېپىلمىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇدى، مونگايت: «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيىسى»گە قارالسۇن.

㉝ ئې.ئو.ۋىنستېد: «خرىستىئان دىنى توپوگرافىيىسى»، كامبرىج، 1909-يىل نەشرى، 73-، 74-بەتلەر.

㉞ ئا.ك.نارائىن «ھىندىستاندىكى يۇنانلىقلار» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئىككى پورترېتنى پەرق ئەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما، ئې.ت.نېۋېل بۇنىڭغا قارىمۇقارشى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «شەرقىي سېلېئۇسىد خاندانلىقىنىڭ پۇل قويۇش زاۋۇتى»، 248-بەت.

㉟ بۇ خارابىلەر توغرىسىدا ب.داگېنس، م.لې.بېرې ۋە سلومبېرگېرلارنىڭ «ئافغانىستاندىكى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن (پارىژ، 1964-يىل نەشرى، 69-بەتتىن 75-بەتكىچە).

㊱ بۇ مەزگىلدىكى نوپۇزلۇق پۇل مۇندەرىجىلىرى: پ.گاردنېر: «بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ھىندىستان پۇللىرىنىڭ مۇندەرىجىسى—باكترىيىدىكى يۇنان، سكىف خانلىرى»، لوندون، 1866-يىل نەشرى؛ ر.ب.ۋايتېھېئاد: «پەنجاپ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان پۇللار مۇندەرىجىسى»، لاھور، ئوكسفورد، 1914 -يىل نەشرى.

㊲ ئا.د.ھ.بىۋار: «قۇندۇزدىكى باكترىيە خەزىنىسى» .

㊳ ر.كۇرئېل، گ.فۇسمان: «قۇندۇزدىكى پۇل خەزىنىسى» ، پارىژ، 1965-يىل نەشرى.

# II باب كۆچمەن ئىمپېرىيىلەر ۋە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى

ئېۋكراتىدېس باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىدىكى باكترىيە خاندانلىقى زېمىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىلكىگە ئالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىدىمۇ ھىندى-باكترىيە پادىشاھلىقى بارلىققا كەلدى. ئېۋكراتىدېس خاندانلىقى بىلەن ئېۋسىدېمۇس خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش زادىلا بېسىقمىدى، ھەرقايسى خاندانلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ تەخت تالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى پۈت تېپىشىش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالدى.

دېمېترىئۇس ئۆلگەندىن كېيىنكى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى170-يىلى) 40 يىلنىڭ ھەر ئون يىلىدا بىر ئۇلۇغ شەخس ئوتتۇرىغا چىقىپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. دېمېترىئۇس ئۆلگەندىن كېيىنكى بىرىنچى ئون يىلدىكى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 170- يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 160-يىلغىچە) ھۆكۈمران ئاپوللودوتۇس I ئىدى. ئاپوللودوتۇس زور تۈركۈمدە پۇل تارقاتقان بولۇپ، تىروگۇسمۇ ئۇنى تىلغا ئالغانىدى. ئاپوللودوتۇستىن كېيىنكى ئون يىلدا مىلىندە I سوتېر ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. مىلىندە I نىڭ ھۆكۈمرانلىقى كېيىنكىلەرگە ناھايىتىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ بۇددا



دىنىغىمۇ قىزغىن پوزىتسىيە تۇتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇددا دىنىنىڭ كىلاسسىك دەستۇرى «مىلىندەپەنھە» ( Milindapañha ) دە مىلىندە I ئاساسلىق پېرسوناژ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. «مىلىندە پەنھە» ئەپلاتوننىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان پەلسەپۋى سۆھبەتلەردىن ئىبارەت①. بۇددىزم رىۋايەتلىرىدە مىلىندە شاھنىڭ پايتەختى ساگالادا دېيىلىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە ساگالانى پەنجاپ رايونىدىكى سىئالكوت دەپ قارىشىدۇ. ۋاھالەنكى، مىلىندە I قىش پەسىللەردە ئاندا-ساندا سىئالكوتتا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، پۇلشۇناسلىقنىڭ دەلىللىرى قايىل قىلارلىق ھالدا شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مىلىندە I پادىشاھلىقىنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى پۇشكالاۋاتى يەنى ھازىرقى پېشاۋەر ئەتراپىدىكى چارسادا بولغان. ھازىرقى زاماندىكى بىر قىسىم نوپۇزلۇقلارنىڭ قارىشىچە، مىلىندە I بىرخىل ئېرا ياراتقان بولۇپ، مۇشۇ ئېراغا ئاساسلىنىپ ھىندىستاننىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى كۆپلىگەن ئويما يېزىقلىرىنىڭ ۋاقتىنى ئېنىقلىغىلى بولىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، مىلىندە I بەرپا قىلغان دېيىلىۋاتقان ئېرا بەلكىم يۇنان ئېراسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئېرا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 155- يىلى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مىلىندە I نىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى دېرەك بېرىدۇ. مىلىندە I نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ھەققىدە بىز تېخى باشقا ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، ھىندىستاندىكى يۇنان پادىشاھلىرى ئىچىدە مىلىندە I شۈبھىسىزكى ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرىدۇر.

مىلىندە I دىن كېيىنكى ئون يىلدا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 145-يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 135-يىلغىچە بولۇشى مۇمكىن) ئوتتۇرىغا چىققان ھۆكۈمدار — ئانتىئالسىداس. يۇقىرىدا تىلغا

ئېلىنغان پادىشاھلارغا ئوخشاش، ئانتىئالسىداسىنىڭ ئىسمىمۇ ئۇ تارقاتقان پۇللاردا ئۇچرايدۇ. مەشھۇر بېسناگېر تاش تۈۋرۈكىدىكى بىراھمان يېزىقىدىكى پۈتۈكتىمۇ ئانتىئالسىداسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئويما يېزىق پادىشاھنىڭ ئەلچىسى ھېلىئودوروسنىڭ قوشنا ئەل تۇپرىقىدا ھىندىلارنىڭ ئىلاھى ۋىسنۇغا ئاتاپ يازغان بېغىشلىمىسى ئىدى. ھېلىئودوروس تاكسىلانىڭ پۇقراسى ئىدى، بىراق ئانتىئالسىداس پۇشكالاۋاتىنى ۋە مىلىندە I ئۆلگەندە قالغان ھىندى-باكتىرىيە پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ مەركىزى ئافغانىستاننىڭ گەردىز شەھىرى بولۇشى مۇمكىن.

ھىندى-باكتىرىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەۋلاد يۇنان-ماكېدونىيەلىك ھۆكۈمرانى ھەققىدە ھۆججەت ۋە ئويما يېزىق دەلىللىرى ناھايىتىمۇ كەمچىل. بار دەلىللەر پەقەت پۇل ماتېرىياللىرىدىنلا ئىبارەت. بۇ مەزگىلدىكى گەۋدىلىك ھۆكۈمران ستراتو I (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 135-يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 125-يىلغىچە) دۇر. ستراتو I ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى پۇشكالاۋاتىدىن باشلىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما، بىرنەچچە يىللىق تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى ۋە بىر مەزگىللىك مۇساپىرچىلىقلاردىن كېيىن، ستراتو I نىڭ پائالىيىتى يەنە تاكسىلا ۋە گەردىز رايونلىرىغا يۆتكەلدى. پۇلشۇناسلىق توغرىسىدىكى ئانالىزلار ستراتو I نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدىكى بۇ مالىمان مەزگىللەر ھەققىدە بەزى پايدىلىق خۇلاسىلەرنى چىقىرىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ (جەدۋەل a غا قاراڭ)، ئەمما، كونكرېت سەۋەبلەرنى بۇ يەردە بىرمۇ-بىر بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە.

(جەدۋەلa) ھىندى-باكتىرىيەدىكى پۇل قۇيۇلۇش ئەھۋالى

| پۇشكالاۋاتى | تاكسىلا | گەردىز | كافكاز-ئالېكساندرىيە |
|---|---|---|---|
|  | |  | |
| ئېۋكراتىدېس | | ئاپوللودوتۇس I | |
| مىلىندە I سوتېر | | مىلىندە I سوتېر | |
| ?زوئىلۇس I دىكائىئوس | | | |
|  | | | |
| دىئوفىرۇس | | | |
| نىسىئاس | | | |
| لىسىئاس (درەخمەلابار) | | لىسىئاس (درەخمە) | |
|  | | | |
| فىلوكسېنۇس(a) | | فىلوكسېنۇس(a) | |
| ئانتىئالسىداس | | ئانتىئالسىداس | |
| ستراتو (1-قارار) | | | |
| ھېرمائېئۇس(a) | | | |
|  |  |  | |
| ھېلىئوكلېس II | ھېلىئوكلېس II | ھېلىئوكلېس II | ھېلىئوكلېس II |
| ستراتو (2-قارار)a | مىلىندە II | (درەخمە) | |
| ستراتو & ئاگاسوكلېس | دىكائىئوس | | |
| چىرس | | | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| فىلوكسېنۇس (b) + $\sum$ | | | ھېرمائېئۇس & كاللىئوپې |
| ھېرمائېئۇس & كاللىئوپې | | | ھېرمائېئۇس (b) |
| ھېرمائېئۇس (b) | | | |
| ستراتو (2-قارار b) | | | ستراتو (2-قارار b) |
| ستراتو (3-قارار) | ئامىنتاس | | ئامىنتاس |
|  | ستراتو (4-قارار) | ستراتو (4-قارار) | ستراتو (4-قارار) |
| | پولىكسېنۇس | پولىكسېنۇس | |
| | ئارچېبىئۇس | ئارچېبىئۇس | ئارچېبىئۇس |
| ستراتو (3-قارار) | | | |
| | ماۋېس |  | |
| | | ئارچېبىئۇس | |

جەدۋەل a دىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، گەرچە ستراتودىن بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىسمىنى ئويدۇرۇش تەرتىپىنى ئىسپاتلاشقا ھازىرچە مۇمكىنچىلىك بولمىسىمۇ، لېكىن، بۇ مەزگىلدىكى پۇل قۇيۇش پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى يەنىلا ئېنىق. ستراتو بىرىنچى قېتىم ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا (ستراتو 1-قارارغا قاراڭ)، ھېلىئوكلېس ئىسىملىك بىرسى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا تۆت پۇل ياساش زاۋۇتىنى كونترول قىلىۋالدى. ھېلىئوكلېس دېگەن كىشى باكتىرىيىدىكى ھېلىئوكلېس بىلەن بىر ئادەممۇ-ئەمەسمۇ، ھازىرچە بۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، پۇلشۇناسلار ئۇنى ھېلىئوكلېس II دەپ ئاتاش ئارقىلىق ئۇنى باكتىرىيىدىكى ھېلىئوكلېس بىلەن پەرقلەندۈرىدۇ

كېيىن ستراتو پۇشكالاۋاتىغا قايتتى، بۇ يەردە ئۇ بىرقانچە ھۆكۈمرانلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى. ئاخىرى ئۇ پۇشكالاۋاتىدىن كەتتى، ستراتو يەنە تاكسىلا، گەردىز، كافكاز-ئالېكساندىرىيە شەھەرلىرىدە پەيدا بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئامىنتاسنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئامىنتاسنىڭ نامى ئۇنىڭ قوش ئۇن درەخمەلىك پۇلى بىلەن مەشھۇر. ئاخىرى ھېرىپ پۇشكالاۋاتىدىن باشقا جايلاردىكى پۇل زاۋۇتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ستراتونىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىنى ئارچېبىئۇسنىڭ ئىسمى ئىگىلىدى. پۇشكالاۋاتىدىكى ئەھۋالنىڭ زادى قانداقلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. تۆتىنچى ئەۋلاد ھىندى-باكتىرىيە پادىشاھلىرىنىڭ تارىخى ئاپەتلەر ئېغىر بولغان تارىخ بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا جەڭلەر كۆپ يۈز بەرگەچكە، ھەر خىل كۈچلەر بىردە ئاجىزلاپ، بىردە ئۈلغايدى، ئىشلارنى ئېنىقلىغىلى بولماي قالدى. تېخىمۇ شەرقتىكى پەنجاپ رايونىدا ئۆزىنى ئاران قوغدايدىغان تەسىر دائىرىسى ئاجىز بىر قىسىم ھۆكۈمرانلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مەشھۇرلىرى زوئىلۇس II سوتېر بىلەن ئاپوللوفانېس ئىدى، ئۇلار كىچىك درەخمەلىك سۈپىتى ناچار پۇللارنى تارقاتتى.

باكتىرىيە پادىشاھلىقى بىلەن ھىندى-باكتىرىيە پادىشاھلىقى توختاۋسىز ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پاتقاندا، باكتىرىيىلىكلەرنىڭ سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرىسىنى بويلىغان لىنىيىسى ئۇرۇش تۇمانلىرى بىلەن قاپلانغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئېۋسىدېمۇس ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىمۇ (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 208-يىلى) باكتىرىيەلىكلەر يايلاق ساكلىرىنىڭ تەھدىتىنى ئاران-ئاران توسۇپ تۇراتتى. ئېۋسىدېمۇستىن كېيىنكى يىللاردا سىر دەرياسى يايلاقلىرىدىن كېلىدىغان يېڭى بېسىم باكتىرىيىگە يېقىنلاپ كەلدى. بۇ يېڭى بېسىم باكتىرىيەدىكى يۇنانلىقلارنىڭ

مۇداپىئە كۈچىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەنىدى. بۇ قېتىمقى يېڭى بېسىمنىڭ كېلىش مەنبەسى شەرقتىكى يىراق جۇڭگو چېگرىسى ئىدى. ئەمدى بىز ئارقىمىزغا قايتىپ، شۇ قېتىمقى بېسىمنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئىزدەپ باقايلى.

جۇڭگونىڭ موڭغۇلىيە يايلىقى چېگرىسىدا «ھون» (匈奴) دېگەن نام بىلەن تونۇلغان بىر كۆچمەن مىللەت بار ئىدى. ھونلارنى (匈奴) مەلۇم ئەسىرلەردىن كېيىن ياۋروپا تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەشھۇر ھونلار (Huns) (匈人) دەيدىغان بۇ خىل قاراش ئادەتتە يەنىلا مۇنازىرىلىك بولسىمۇ، بىزنىڭ قارىشىمىزدا، ھوننى (Hunas) (匈人) نى ھونلار (Huns) (匈人) دېگەن بۇ قاراشنى يەنىلا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ھونلار تىل ۋە ئىرق جەھەتتە زادى قايسى مىللەتكە يېقىنراق دېگەن مەسىلىدە بىز ھازىرچە ھېچنەرسە بىلمەيمىز. ئەمما، ئادەتتە ھونلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مەلۇم جەھەتلەردە مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىلىدۇ. شەرق ۋە غەربنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى ھونلارغا ئائىت بايانلاردا ناھايىتىمۇ روشەن بىر ئورتاقلىق — ھونلارنىڭ جەڭدە ھەددىدىن زىيادە ياۋۇز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بار. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، تارىخ كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى ھامان ھونلار ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلەرگە كومېدىيىلىك تۈس بېرىشكە مايىل بولۇپ، بەزى بايانلار كۆپتۈرۈۋېتىشلەردىنمۇ خالىي ئەمەس. ۋەھالەنكى، ھونلارنىڭ ياۋۇزلۇقلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر شۇ قەدەر ئومۇمىيۈزلۈككى، ئوقۇپ كەلسە شۇنداق تەبىئىي ھەم چۈشىنىشلىك بىلىنىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ بۇ تۈردىكى خاتىرىلەردە ئاساسىي پاكىت ئامىللىرىمۇ بارلىقى شۈبھىسىز. نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن ئامىئانۇس مارسېللىنۇس ياۋروپادىكى ھونلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

چىئونىتلار② ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما، بۇ ئىككى مىللەتنى ئوخشاش ھاقارەت سۆزلىرى بىلەن تىللاپ تەسۋىرلەيدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، ھونلار بىلەن Huns لارنىڭ 800 يىللىق تارىخىدا ھونلار بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك رەقىبلەر بولۇپ كەلدى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردە ھونلارنىڭ موڭغۇل يايلىقىدىكى كۈچى تولغان دەۋرگە يەتتى، ئۇلار تېز ئارىدىلا جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلارغا كۈچلۈك تەھدىت پەيدا قىلدى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى خارابىلىرى ئىچىدە ھەممىدىن مەشھۇر بولغان سەددىچىن سېپىلى مانا شۇ ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سېلىنغانىدى. ئەمما، چىن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 221-يىلدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 216-يىلغىچە) نىڭ يىمىرىلىشكە ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلىششقا باشلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ھونلارنىڭ تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ھونلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئاشتى. تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209-يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174-يىلغىچە) گە كەلگەندە ھونلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. باتۇر تەڭرىقۇت سىيانپىيلار، قىتانلار ۋە تۇنگۇس قاتارلىق ھونلار بىلەن قوشنا قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، موڭغۇل يايلىقىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى.

گەنسۇنىڭ غەربىدە يەنى كېيىنچە دۇنخۇاڭ (مىڭ ئۆي) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان يەردە توخرىلار دەپ ئاتىلىدىغان، تەركىبى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان بىر كۆچمەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بار ئىدى. ھونلارنىڭ خانى باتۇر تەڭرىقۇت توخرىلارنى مەغلۇپ قىلدى ھەم شىمالدىكى ئاسىيولارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى

غەربكە قوغلىۋەتتى. باتۇر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى رۇشات تەڭرىقۇت توخرىلارغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغاپ، توخرىلارنى مەغلۇپ قىلدى ھەم توخرىلارنىڭ پادىشاھىنى ئۆلتۈردى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق مەغلۇبىيەت قورقۇنۇچلۇق توخرى قەبىلىسىنى (ئۇلارمۇ ھونلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆچمەن مىللەت) تولپىشىپ غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. توخرىلار بەلكىم ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن ئۆتۈپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ غەربكە ئىلگىرىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىسسىق كۆل رايونىدا توخرىلار بىر ساك قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى غەربىي جەنۇبقا قوغلىۋەتتى. «ئالدىنقى خەننامە» دە بۇ ساكلار «ساكلارشاھى» دېيىلگەن. بىراق، توخرىلار ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە يەنە ئاسىيولا (ئۇسۇن) قەبىلىسى بىلەن تۇتۇشتى، بۇ ۋاقىتتا ئاسىيولار (ئۇسۇن) ئارقىدىن كېلىپ توخرىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئاسىيولار(ئۇسۇن) نىڭ زەربىسىدىن توخرىلار تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ، ساكلارنىڭ ئارقىسىدىن فەرغانە رايونىغا قوغلىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 160-يىلدىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۇنان-باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ سىر دەرياسى چېگرىسىدىكى رايونلىرى ساكلار بىلەن توخرىلاردىن ئىبارەت ئىككى قۇدرەتلىك كۆچمەن قەبىلىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى.

مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ غەربنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ باكترىيىنى بويسۇندۇرۇشى بايان قىلىندى. كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلار كەمچىل بولسىمۇ ، لېكىن، ھازىرقى زاماندىكى ئالىملار ئادەتتە خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان ياۋچىلارنى دەل غەرب ھۆججەتلىرىدە «توخرى» دەپ ئاتالغان قەبىلە دەپ قارىشىدۇ. سترابونىڭ (Strabo) مەشھۇر

«جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدە كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار بايان قىلىنغان بىر ئابزاس بار.

”يۇنانلارنىڭ قولىدىن باكتىرىيەنى تارتىۋالغان ئاسىئى ياكى ئاسىئانلار، توخرىلار ۋە ساكارائۇكائىلار مەشھۇر كۆچمەن قەبىلىلەردۇر. ئۇلار يىراق سىر دەرياسى بويلىرىدىن، ساكلار ۋە سوغدىياناغا قوشنا بولغان رايونلاردىن كەلگەن بولۇپ، بۇ يەر ئىلگىرى ساكلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانىدى“.

بۇ يەردە ئاسىئى ياكى ئاسىئانى دەسلەپكى قېتىم يازما خاتىرىلەردە ئۇچرايدۇ. گەرچە پومپېئۇس تروگۇسنىڭ ئەسەرلىرى پۈتۈنلەي يوقىلىپ، پەقەت «مۇقەددىمە» قىسمىنىڭ پارچىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭدا ئىككى يەردە بۇ كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ۋەقەلەردە ئوينىغان رولى خاتىرىلەنگەن. «مۇقەددىمە» XLI دا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ”Sacaraucae) Saraucae ، ساكارائۇكائې دەپ ئوقۇلىدۇ) ۋە ئاسىئانىدىكى سىكىزاي قەبىلىلىرى باكتىرىيە بىلەن سوغدىيانانى بېسىۋالدى“. «مۇقەددىمە» XLII دە كېيىنكى ۋەقەلەر تۆۋەندىكىچە خاتىرىلىنىدۇ: ”ئاسىئانىلار توخرىنىڭ پادىشاھى بولدى، Sacaraucae) Saraucae دەپ ئوقۇلىدۇ) بولسا گۇمران قىلىندى“.

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما، بىز مۇشۇ مەلۇماتلاردىن ئەسلىي ئولتۇراقلاشقان ماكانىدىن ئايرىلغان كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۇنان-باكتىرىيە پادىشاھلىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. تارىنىڭ ئەقلىي خۇلاسىسىگە ئاساسلانغاندا، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ بۇ قېتىمقى باكتىرىيىگە بېسىپ كىرىشى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 141-يىلىدىن كېيىن بولغان. تارىنىڭ قارىشى ھازىر تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاندى. «قۇندۇز خەزىنىسى» (چوقۇم

كۆچمەن مىللەتلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە كۆمۈۋېتىلگەن) دە سېلېـئـۇسىد خانىدانلىقىنىڭ خانلىرىدىن ئالېكساندېر بادجۇس (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 150-يىلدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 145-يىلغىچە) نىڭ بىر دانە تاق تۆت درەخمەلىك پۇلى بار بولۇپ، ئەگەر بۇ پۇلنىڭ سۇرىيەدىن قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرۈپ باكتىرىيىگە كەلگىچە بولغان ۋاقىتنى بەش يىل دەپ ھېسابلىساق، ئۇ ھالدا، «قۇندۇز خەزىنىسى» دىكى بايلىقلارنىڭ خەزىنىگە كىرگۈزۈلگەن ۋاقتىنىڭ يۇقىرى چېكى تارىنىڭ ئەقلىي خۇلاسىسى بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك بولۇپ چىقىدۇ. يەنە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 129-يىلى پارفىيەدىمۇ كۆچمەن مىللەتلەر بېسىپ كىرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئەقلىي خۇلاسە چىقارغاندا، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ باكتىرىيىگە بېسىپ كىرگەن ۋاقتىنىڭ تۆۋەن چېكى ھېچ بولمىغاندا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 129- يىلدىن ( ناۋادا تېخىمۇ بالدۇر بولمىغانلا بولمىسا ) كېيىن بولمايدۇ.

بۇ كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ كېيىن قەيەرگە كەتكەنلىكى ھەققىدە ھازىرچە بىۋاستە دەلىللەر كەمچىل. ئەمما، بىز كېيىن پەيدا بولغان ئالاقىدار يەر ناملىرىغا ئاساسلىنىپ، ئۇلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكى ھەققىدە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرالىشىمىز مۇمكىن. ئېھتىمال، مۇشۇ مەزگىللەردە بولسا كېرەك، ھىلماند كۆلى رايونى (ھازىر ھامۇن، Hamun دېيىلىدۇ) درانگىئانا دېگەن نامنى يوقىتىپ، ساكاستان (Sakastan ، يەنى Segistan) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، ھەم ساكاستان دېگەن بۇ نامدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ھازىرقى سېئىستان (Seistan يەنى Sistan) دېگەن نامغا تەرەققىي قىلدى. ماتۇرا شىر تۈۋرۈكىدىكى قارۇشتى يېزىقىدىكى ئويما يېزىقتا④ دەلىللىنىشىچە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىر

ساكلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، ساكاستان دېگەن بۇ ناممۇ ناھايىتى كەڭ دائىرىنى كۆرسىتىدىغان بولغان. ئۇنىڭ دائىرىسى ساكلار ھىندىستاندا بويسۇندۇرغان بارلىق زېمىنلارنى، يەنى رىم مۇئەللىپلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ھىندى-سىكىزايلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ۋاھالەنكى، مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇپ بېرىدىغىنى ھىلماند رايونىدىكى مىللەت بولۇپ، ئۇلار ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىردە Sagzi دېگەن نام بىلەن كىشىلەرگە مەلۇم بولغان. Sagzi دېگەن بۇ سۆز بۇرۇنقى Sagčik دېگەن سۆزدىن كەلگەن. تۆۋەن ھىلماند رايونىدىكى مىللەتنىڭ نامى، ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ساكلار ئىكەنلىكىنى ناھايىتىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرىدۇ. بىز يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلاش ئاساسىدا ساك قەبىلىسى جەنۇبقا قىلغان يۈرۈشتە ھېرات تېغى ئېغىزىدىن ئۆتكەن ھەمدە ئەسلىدىكى درانگىئانا رايونىدا ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان، دېگەن قاراشقا كېلىمىز. بۇ خۇلاسە ئىشەنچلىك بولسا كېرەك. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردە ساكلار شەرقىي شىمالغا ئىلگىرىلەپ ئاراخۇسىياغا كىرىپ، ھىندى دەرياسىغا يېتىپ باردى. ئۇندىن كېيىن يەنە ئىككى يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ۋە تۆۋەن ئېقىمىدىن ئىبارەت ئىككى نىشانغا قاراپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ، ساكلار بىرلا ۋاقىتتا بىر تەرەپتىن تاكسىلا بىلەن شىمالىي ھىندى تۈزلەڭلىكىگە كىرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ساراسترا بىلەن ئۇجائىن رايونىغا يېتىپ باردى.

ساكلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى نەتىجىسىدە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردە ھىندىستان بىلەن ئاراخوسىيادا ساك ئىمپېرىيىسى دەۋرى باشلاندى. بۇ دەۋردىكى ساكلارنىڭ تارىخى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيما يېزىقلار بىلەن پۇللارغا ئاساسەن قايتا

تىكلەندى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى جون مارشال ئەپەندى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىكى ساك ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىنى قايتا تىكلەشتە تولىمۇ پايدىلىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، كۆپلىگەن ساك قەبىلىلىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يوللار ئارقىلىق شىمالىي ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما، قېزىۋېلىنغان پۇللار تۇنجى ساك پادىشاھىنىڭ ماۋېس دېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ماۋېس بولسا ھىندى - باكتىرىيە پادىشاھلىقىنىڭ مەركىزىي رايونى تاكسىلادا ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ خىل زىددىيەتلىك ئەھۋال نارائىننىڭ "ماۋېس ساكلارنىڭ بىر تارمىقىنى باشلاپ خوتەندىن يولغا چىقىپ، پامىر تاغ تىزمىلىرىدىن ئېشىپ، ھىندى دەرياسى بويىدىكى كوھىستان رايونىدىن ئۆتۈپ، شىمالدىن ئۇدۇل تاكسىلاغا بارغان" دېگەن كونا قاراشنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇشىغا سەۋەب بولدى. ناھايىتىمۇ خەتەرلىك بولغان بۇ يول جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى تەرىپىدىن "تىك ھاڭ" دەپ ئاتالغان. ۋاھالەنكى، ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق قىيىن يولدىن ئۆتۈشنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئادەملەرنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. كىشىلەر ئاسانراق قوبۇل قىلىدىغان يەنە بىر خىل چۈشەندۈرۈش "ماۋېس تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ساكلارنىڭ ياللانما قوشۇنىنىڭ سانغۇنى بولۇپ، كېيىنكى ھىندى - يۇنان خانلىرى، جۈملىدىن ئارچېبىئۇس ئۈچۈن خىزمەت قىلغان" دېگەن پەرەزدىن ئىبارەت. ھىندى - يۇنان خانلىقلىرى پارچىلىنىۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساك تاجاۋۇزچىلىرى زور قوشۇن بىلەن قىستاپ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ماۋېستەك بۇنداق شەخسنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئېرىششى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن.

جەنكىنس پۇللارنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئاپوللودوتۇس

Ⅱ نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا يۇنانلىقلار ماۋېسنى ( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 97 - يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلغىچە ) ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاكسىلادىن ھەيدەپ چىقارغان دېگەن قاراشقا كەلدى. بۇ ۋاقىتتىكى كابۇل دەرياسى ۋادىسى بىلەن گاندارا يەنىلا يۇنانلىقلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئاراخوسىيادىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ساك خاندانلىقى بايقالغان بولۇپ، بۇ خاندانلىقنى بەلكىم يېڭى كەلگەن تاجاۋۇزچىلار قۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ئاراخوسىيا ساك خاندانلىقى خانلىرىنىڭ پۇللىرىدىن بىلگىلى بولىدۇ. تەتقىقاتچىلار ئاراخوسىيادىن بايقالغان ساك خانلىرىنىڭ رەت-تەرتىپى، ئۇلار: ۋونونېس، سپالىرىس، سپالاگدامېس، سپالىرىسېس، ئازېس I ۋە ئازىلىسېسلاردىن ئىبارەت. ماۋېس ماتۇرادىكى بىر قېتىملىق جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. ماتۇرادىكى شىر تۈۋرۈك ماۋېسنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئورنىتىلدى. ئەمما، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئازېس I مۇ تاكسىلادا ساكلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كىرىشتى. ئازېس I ئۇرۇشتا بەزىدە يېڭىپ، بەزىدە يېڭىلگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يۇنانلىقلارنىڭ خاندانلىقلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. شۈبھىسىزكى، يېڭى «ئازېس ئېراسى» ئازېس I نىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تىكلەنگەن (”ئازېس ئېراسى“ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 57 - يىلدىن باشلانغان ). پارفىيەلىكلەر درانگىئانا ۋە ئاراخوسىيادىكى ساكلار زېمىنىغا ئۆزلۈكسىز بېسىپ كىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ساك ئىمپېرىيىسى پەنجاپ رايونىنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ تۇردى. ھازىرچە ئازېس Ⅱ نىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ئېنىق ۋاقتىنى دەلىللەيدىغان تېخىمۇ كۆپ ماتېرىيال يوق بولسىمۇ، لېكىن، ئازېس Ⅱ نىڭ

ئازىلىسىپىستىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغانلىقى ئېنىق.

ساك قوشۇنلىرىنىڭ مۇشۇنداق كەڭ زېمىنلاردا زوراۋانلىق قىلالىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب— ئۇلارنىڭ يۇكسەك ھەرىكەتچانلىقىدىندۇر. گەرچە ساكلار ھىندىقۇش تېغىنىڭ ئەگرى-توقاي بەلۋاغلىرىغا ئەزەلدىن كىرىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئانقا مىنىپ يۈرىدىغان كۆچمەنلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلار بىپايان زېمىندا ئاجايىپ زور ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. ساكلارنىڭ جەڭلەردە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئۇلارنىڭ يېڭى ئۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى، يەنى چەۋەندازلاردىن زىچ ئۇيۇشقان قوشۇن تەشكىللەپ ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدى. ساك چەۋەندازلىرى ئىككى قولىدا نەيزە تۇتۇپ، بەدىنىنى ياپراقچە ساۋۇت بىلەن قوغدايتتى. ساكلارنىڭ پۇللىرىدا بۇ خىل ساۋۇت جانلىق تەسۋىرلەنگەن. ئوتتۇرا ئەسىر ھۆججەتلىرى ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان تروگۇس خاتىرىلىگەن قىممەتلىك پارچىلاردىمۇ ساكلارنىڭ قورال-ياراغلىرى ئوبرازلىق بايان قىلىنغان⑤:

” ۋەھشىي سكىزاي قەبىلىلىرى تۈزلەڭلىكتىكى جەڭدە قويۇن كەبى چاپىدۇ. ئۇلار پۈتۈن بەدىنىنى ساۋۇت بىلەن قوغدايدۇ، پۇتىغا تۆمۈر تىزلىق تارتىدۇ، بېشىغا ئالتۇن دوبۇلغا كىيىدۇ.“

توخارىلار بىلەن ئاسىئانىلار(阿色尼人)مۇ ساكلار بىلەن بىللە شۇ قېتىمقى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. ئۇلار ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا ماكانلاشقان بولۇپ، ساك قوشۇنلىرىنىڭ يۈرۈش قىلىش لىنىيىسىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلەتتى. ساكلار ھېرات تېغى ئېغىزى ئارقىلىق ئاراخوسىيا ۋە پەنجاپ تۈزلەڭلىكىگە كىرگەن ۋاقىتتا، توخارىلار بىلەن ئاسىئانىلارنىڭ ئەھۋالى زادى قانداق ئىدى؟ ئەمدى بىز ئارقىمىزغا

قايتىپ، مۇشۇ مەسىلىنى بايان قىلمىز. ئاسىئانىلارنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخى ھەل بولمىدى، ئەمما، ئۇلارنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى ناھايىتىمۇ ئېنىق. چۈنكى، بىزگە مەلۇمكى، ئاسىئانىلار "توخارىنىڭ پادىشاھى بولغان" قەبىلىدۇر. ئاسىئانىلارنىڭ نامىنى خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېكىتىشكە تېخى تازا ئىشەنچىمىز بولمىسىمۇ لېكىن، ئاسىئانىلارنىڭ پائالىيىتى زامان ۋە ماكان جەھەتتە كېيىنكى مەشھۇر كۇشان قەبىلىسىنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن ماس كېلىدۇ. تارن ئاسىئانىلارنى تارىختىكى كۇشان قەبىلىسى، دەپ قارايدۇ. تارننىڭ بۇ پەرىزى ھالۇننىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە قارىغاندا، كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدۇ. ھالۇن ئاسىئانىلارنى ئاسىيولار دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش كېيىن سىنورنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى⑥. قانداقلا بولمىسۇن "كۇشان" دېگەن بۇ نام تارىختا بىرىنچى قېتىم مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ماۋرائۇننەھر رايوننىڭ ھۆكۈمدارى ھېرائۇسنىڭ تەڭگە پۇللىرىدا ئۇچرايدۇ. بۇ پۇللارنىڭ ئارىسىغا ھېلىئوكلېسنىڭ يۇنان-باكتىرىيە تۆت درەخمەلىك تەڭگە پۇللىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن، تەڭگىلەرنىڭ ئۈستىگە يۇنان يېزىقىدا « ھېرائۇس ھۆكۈمرانلىقىدىكى كۇشان سەردارى ( ؟ ) » دېگەن خەت ئويۇلغان⑦. بۇ خەتلەر ناھايىتىمۇ ئەھمىيەتلىك. بۇ باكتىرىيە-لىكلەرنىڭ ئۆز ئىسىم-فامىلىسىنى بىرىنچى قېتىم يۇنان يېزىقىدا يېزىشى بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللىقاچان يۇنانچە ئالدى قوشۇمچە San ئارقىلىق ئىران تىللىرىدا ناھايىتىمۇ ئومۇمىي بولغان ئىسقىرىق تاۋۇش š نى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

پتولېمىنىڭ « جۇغراپىيە » ناملىق ئەسىرىدە توخارى "چوڭ قەبىلە" دەپ ئاتىلىدۇ. توخارىستان ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى

ئىقىمىغا ياناداش بولۇپ، قۇندۇز بىلەن باغلاننى مەركەز قىلىدۇ. توخارى دېگەن بۇ نام بىلەن توخارىستان رايونى زىچ باغلىنىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ توخارىلارنىڭ قوشۇن باشلاپ يۈرۈش قىلىش لىنىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە تۇخارى قوشۇنلىرى جەنۇبقا قاراپ ئاتلىنىپ، ھىندىقۇش تېغى ئېغىزىغا قىستاپ كەلدى. مىلادىيە يىلى باشلانغان دەسلەپكى بىرنەچچە ئون يىلدا توخارى كۇشان قەبىلىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاخىر بىرلىككە كەلدى ھەم كابۇل قىيپاش ئويمانلىقىغا ماكانلاشتى. ئۇلار كۇشان پادىشاھى كۇجۇلا كادفىسېنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە تاغلىق رايوندىن چىقىپ، پەنجاپ تۈزلەڭلىكىگە كىردى. « كېيىنكى خەننامە » دە بۇ ھەقتە مەشھۇر بىر ئابزاس بايان بار بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇشۇ ۋەقە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ.

”باشتا توخرىلار ھونلار تەرىپىدىن يېڭىلىپ باكترىيىگە كۆچۈپ كەلدى ۋە ۋاخان، سىياماكا، كۇشان، پارۋان، دۇمىدىن ئىبارەت بەش يابغۇلۇققا بۆلۈندى. شۇنىڭدىن يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن كۇشان يابغۇسى كۇجۇلا كادفىسې قالغان تۆت يابغۇنى يوقىتىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى ۋە خانلىقنىڭ نامىنى كۇشان دەپ ئۆزگەرتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارشاكلار (پارفىيەلىكلەر)غا ھۇجۇم قىلدى، كابۇل يابغۇلۇقىنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالدى، يەنە پۇدا ۋە كەشمىر خانلىقلىرىنى يوقۇتۇپ ئۇلارنىڭ پۈتكۈل زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلدى. كۇجۇلا كادفىسې 80 نەچچە ياشقا كىرىپ ئۆلدى، ئورنىغا ئوغلى ۋىما كادفىسىس خان بولدى“.

مىلادىيە يىلى باشلانغاندا ئاراخوسىيا بىلەن پەنجاپ رايونىدىكى ساك ئىمپېرىيىسى زاۋاللىققا قاراپ ماڭغانىدى. بۇ ۋاقىتتىكى ساك ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئازېس II بولۇپ، ئۇنىڭ كۈمۈش

پۇللىرىنىڭ سۈپىتىدىكى ناچارلىششىمۇ ساك ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋاللىق ئەھۋالىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ساك ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ يەردىكى پارفىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىر خاندانلىقى ھىلماند دەريا ۋادىسىنى بويلاپ شەرققە قىستاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ پارفىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يىلنامىلىرى ھەققىدە ھازىر ئىلىم ساھەسىدە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. ئەمما، ئارساسېس تېئوس ئاتلىق قەيەرلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بىرسىدىن باشقىلىرىنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە: پاكورېس، ئورتاگنېس، گوندوفارېس، ئابداگاسېس ۋە ساسان (Sasan) . باشقا بىر دەلىلىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، سانابارس دېگەن بىرسى بۇ رايوننىڭ غەربىي چېگرىسىغا يېتىپ بارغان. بۇ خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە گوندوفارېسنىڭ نام-ئابرويى يۇقىرى بولۇپ، باشقا خانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. تاختى باھىنىڭ 103 - يىلىدىكى ئويما يېزىقلارغا ئاساسلىنىپ گوندوفارېسنىڭ تاكسىلادىكى يىللىرىنى ئېنىقلىيالايمىز. 103 - يىلى گوندوفارېس تەختتە ئولتۇرغانلىقىنىڭ 26 - يىلى بولۇپ، بۇ يەردىكى 103 - يىلى چوقۇم مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 57 - يىلدىن باشلىنىدىغان «ئازېس ئېراسى» بويىچە ھېسابلانغان، شۇنداق بولغاندا 103 - يىلى مىلادىيە 46 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيە 20 - يىلدىن تارتىپ گوندوفارېسنىڭ تاكسىلاغا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. قەدىمكى ھىندى پۇللىرى ۋە ئويما يېزىقلىرى بايقىلىشتىن بۇرۇن، بۇ تەخمىن گوندوفارېسقا مۇناسىۋەتلىك بىر قېتىملىق بىردىن بىر خاتىرە بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدۇ. گوندوفارېس دېگەن ئادەم دىن تارقاتقۇچى توماسنىڭ كېمە بىلەن ھىندىستانغا بارغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەگەر بۇ رىۋايەت

ئىشەنچلىك بولسا، توماس كروسفىكشىن ( مىلادىيە 29 - يىلى ياكى 33 - يىلى ) دىن كېيىن دەرھال يولغا چىققان بولىدۇ. تەخمىنەن ئون يىلدىن كېيىن رىم دۇنياسىدىن كەلگەن سەيياھ تىيانالىق ئاپوللونىئۇسمۇ ھىندى - باكتىرىيە پادىشاھلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. پارفىيە پادىشاھى ۋاردانېسنىڭ 3-يىلى (مىلادىيە 43-، 44-يىللىرى) ئاپوللونىئۇس بابىلۇندا بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 46 - يىلى تاكسىلاغا يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. ⑧

كىشىلەر ئادەتتە تاختى باھىدىكى ئويما يېزىقنىڭ بىر يېرىدە كۇشان خانى كۇجۇلا كادفىسې تىلغا ئېلىنىغان دەپ قارىشىدۇ. بۇ ھەقتىكى قاراشلاردا ئومۇمەن كۇجۇلا كادفىسېنىڭ توخرى قەبىلىسى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا باشلانغان دېيىلىدۇ. كۇجۇلا كادفىسې قۇرغان كۇشان ئىمپېرىيىسى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ناھايىتى تېزلا ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغىچە كېڭەيتتى، كۇشان ئىمپېرىيىسىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ئەڭ كەڭ بولغان مەدەنىيەتلىك، قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. كۇشان ئىمپېرىيىسى شىمالىي ھىندى تۇزلەڭلىكىگە كىرگەن ۋە ئۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، بىز شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەككى، كۇشانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي كۆچمەن مىللەت ئىكەنلىكىگە قارىتا ناھايىتى ئېنىق تونۇشقا ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئۇلار جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى، چۈنكى، بۇ يەرلەر ئۇلارنىڭ كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان يېرى ئىدى. شۈبھىسىزكى، مول ئۇلاغ ترانسپورت بايلىقى كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇڭگو سودىسىغا تەسىر كۆرسىتىشىنى يېتەرلىك ۋاسىتىلەر بىلەن تەمىن ئەتكەن بولۇپ، ئۇلارنى جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ھىندى مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول

ئويناتقۇزدى. كۇشانىلارنىڭ كۆچۈش جەريانىنىڭ مۇرەككەپلىكى سەۋەبلىك كۇشانىلارنىڭ ئىرقى ۋە تىلى ئۇستىدىكى تەتقىقات خىزمىتى نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. شۇندىن كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىر مابەينىدە كۇشان ھۆكۈمران ئۇرۇقلىرىنىڭ يۇمۇلاق يۈزلىرى بىلەن ساڭگىلاپ تۇرغان ساقاللىرى قەدىمكى زامان مۇئەللىپلىرىدە ناھايىتىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، بۇ ئۇلارنىڭ كۇشانلارنى ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەت دېيىشكە قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب مۇئەللىپى ئەل بىرۇنى كۇشانىلارنى"تىبەتلەر" دەپ ئاتايدۇ. سۇرىيەلىك باردېسانېس خاتىرىلىگەن كۇشانلاردىكى ئانىلىق تۈزۈم خاھىشى بىرۇنىنىڭ قارىشىنىڭ قايىل قىلارلىق بىر دەلىلىدەك قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، كۇشانىلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تۈركى ئىرق دېيىدىغان قاراشلارنىمۇ پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قارىمايمىز. ئەمما، ماتۇرادا كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەنگەن كانىشكا شاھنىڭ ئوبرازىغا كىيدۈرۈلگەن پۈتۈن لىباسلاردىن قارايدىغان بولساق، كۇشانىلارنىڭ كىيگىنى تېپىك يايلاق پارسلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈمىز. كانىشكا ئۇچىسىغا تۆگمىلىك ئۇزۇن تون، ئات مىنىدىغانلار كىيىدىغان سىلىنىپ تۇرۇدىغان ئىشتان كىيگەن. جەڭلەردە كۇشانىلارمۇ ساكلارغا ئوخشاش پۈتۈن بەدىنىگە مېتال ياپراقچىسىدىن ياسالغان ساۋۇت كىيگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرى ئارىسىدا ئۇچ فۇت ئۇزۇنلۇقتىكى بىرخىل تۈز شەمشەر بولغان.

كۇشانىلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بولغانمۇ - يوق ، بۇ ھازىرچە تېخى مەلۇم ئەمەس. كۇشان ئىمپېرىيىسىدىكى كۆچمەن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى تەبىقىسىدە كۇشانلاردىن كېيىنلا توخارىلار تۇراتتى. توخارىلارنىڭ تىلى مەسىلىسىدە دەسلەپكى ئالىملار ئۇنى

كۇچار ۋە قارا شەھەردىن بايقالغان پارچە يازمىلاردىكى ئىككى خىل ھىندى-ياۋروپا تىللىرىنىڭ دىئالېكتلىرى بىلەن باغلايدۇ. ھازىر بۇ ئىككى دىئالېكت ئادەتتە «كۇچا تىلى» ۋە «قارا شەھەر تىلى» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ، ئەمما، بىر قىسىم نوپۇزلۇق ئالىملار ئۇلارنى داۋاملىق « توخارى A »ۋە «توخارى B » دەپ ئاتاپ، مۇشۇ ئارقىلىق بۇ ئىككى دىئالېكتنى تارىختىكى توخارىغا مەنسۇپ دەۋاتىدۇ. بۇ خىل پىكىردىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئامىللار بار ئىكەنلىكى شەك-شۈبھىسىز. نۆۋەتتە توخارىلارنىڭ تىلى مەسىلىسىدە يەنىلا تالاش-تارتىش مەۋجۇت. مەسىلەن : ھېنىنىڭ ئاتالمىش « ‹ توخارى تىلى › دېگەن بۇ دىئالېكتنىڭ ئاسىيودىئالېكتى بولۇش ئېھتىماللىقى زور بولۇپ، ھەرگىزمۇ توخرىلارنىڭ يەرلىك تىللىرى تېپىدىكى تىل ئەمەس » دەپ قارايدۇ. ⑨ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشلەر كۇچا بىلەن قارا شەھەردىن بايقالغان بۇ دىئالېكتلار ھەقىقەتەنمۇ توخارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ، ۋاھالەنكى ھەممە مەسىلىلەر تېخى ھەل بولغىنى يوق.

تەرەققىي تاپقان كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئورنى جەھەتتە توخارىدىن كېيىنكى ئورۇندىكىسى ساكارائۇكائېلار بولۇشى مۇمكىن. كۇشانلار ساكارائۇكائېلارنى يۆلەپ شىمالىي ھىندىستاندىكى كۆپ قىسىم رايونلارنىڭ ھۆكۈمرانى قىلدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تارقىتىۋېتىپ، قالغانلىرىنى كۇشان ئىمپېرىيىسى ئۆزىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىغا كىرگۈزدى. شۈبھىسىزكى، ساكارائۇكائېلارنىڭ تىلى—شەرقىي ئىران دىئالېكتىدۇر. ئۇلارنىڭ تىلى ئۈچ قەبىلىنىڭ تىلىدىن ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان بىردىن بىر تىل بولۇشى مۇمكىن. ساكارائۇكائېلارنىڭ تىلىنىڭ ئېنىق خاراكتېرىنى بېكىتىش ئۈچۈن

تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ھازىرچە تېخى ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقلار بار. ئەمما، ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە ئىنتايىن مۇھىم دەلىلدىن ئۇچى بار. سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى قارۇشتى ۋە براھمان يېزىقلىرىدىكى يادىكارلىقلاردا ئىران تىللىرىدىن كىرگەن بىر تۈركۈم سۆزلەر بار بولۇپ، ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان بەزى سۆزلەر بىلەن ئوخششىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: horakahoramurta (ئىئانە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى)، bakanapati (راھىب) ۋە كىشى ئىسمى Ysamotika قاتارلىقلار. بەزىلەر ئۇدۇن تىلى بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى مۇناسىۋەتلىك دىئالېكتلاردا "Saka" (ساكا) دېگەن بۇ سۆز بار ئىدى دەپ قارىشىدۇ. ئەمما، بائىلېي "saka" دېگەن سۆزنىڭ مۇشۇ تىللاردىكى ھۆججەتلەردە قوللىنىلغانلىقىنى دەلىللەيدىغان بىۋاسىتە يازما دەلىل يوق دەپ قارايدۇ⑩.

ھازىرقى ئافغانىستان ۋە پاكىستاندىكى پۇشتو تىلىنى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ساكلارنىڭ تىلىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەيدىغان قاراش ھەققىدىمۇ تالاش-تارتىش بار. براھمان يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردىكى Castana (باش ۋالىي) دېگەن بۇ نام پۇشتو تىلىدىكى tsaxtan (خوجايىن) دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ پاكىت ئىككى خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھىندى - سكىزاي تىلى، ئۇدۇن تىلى ۋە پۇشتو تىلىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئۇدۇن تىلى بىلەن پۇشتو تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ئانچە قويۇق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ساك تىلى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە پەرق بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئافغانىستاننىڭ سۇرخ كوتال دېگەن يېرىدىن بايقالغان يۇنان ھەرپى بىلەن يېزىلغان 25 قۇر شەرقىي ئىران تىلىدىكى ئويما يېزىق بۇ

مەسىلىنى 4-خىل ئامىل بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ خىل يېڭى تىل كۇشان خانىدانلىقىنىڭ پۇللىرىدىن مەلۇم بولغان تىل بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ تىلنىڭ باكتىرىيىدىكى يەرلىك دىئالېكت ئىكەنلىكى ئالىملارغا ئىسپاتلاندى. باكتىرىيە دىئالېكتىدىكى بەزى سۆزلەر ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆججەتلەردىكى سۆزلەر بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن: باكتىرىيە تىلىدىكى xšono ئۇدۇن تىلىدىكى Kṣuna (سەلتەنەتنىڭ 1 - يىلى) دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، بىز ئۇدۇن تىلىدىكى بۇ سۆزنى شەرقىي ئىران دىئالېكتىدىن كەلگەن دەپ جەزملەشتۈرەلمەيمىز.

كۇشان خانلىرىنىڭ يىل دەۋرى تارىختا ئەڭ كۆپ مۇنازىرە بولغان تېمىلارنىڭ بىرىدۇر. ئەمما، كۇشان يىل دەۋرى مەسىلىسىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بەكلا كۆپتۈرۈۋېتىلگەن. ئادەتتە كۇشان خانلىرىنىڭ پۇللىرىغا ئاساسلىنىپ چىقىرىلغان كۇشان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ رەت تەرتىپىگە قارىتا باشقىچە پىكىرلەر يوق. مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدىن باشلىغاندا، كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمرانى كۇجۇلا كادفىسې بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى «ئۇلۇغ قۇتقۇزغۇچى» (Soter Megas) دېگەن نام بىلەن تونۇلغان « ئىسمى نامەلۇم پادىشاھ » ۋە ۋىما كادفىسېستۇر. قالغانلىرى تېخىمۇ مەشھۇر شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار كانىشكا، ھۇۋىشكا ۋە ۋاسۇدېۋالاردىن ئىبارەت. دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغىنى ۋىما كادفىسېس بىر خىل ئەلا سۈپەتلىك تىللانى ھىندى - پارفىيە دەۋرىدىكى سۈپىتى ناچار بولغان پۇلنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن. ۋىماكادفىسېس تارقاتقان تىللالارغا رەسمىي رىسىم تىللالىرىدىكى ئۆلچەملىك ساپ ئالتۇن بىلەن بىرىكمە ئالتۇننىڭ نىسبىتى قوللىنىلغان. بۇ تىللالا بەلكىم رىملىقلار سودىدا تۆلىگەن پۇل ياسىلىدىغان نوكچا ئالتۇنلاردىن ياسالغان

بولۇشى مۇمكىن. كۇشان هۆكۈمرانلىرىنىڭ ئېنىق يىللىرىنى بىلىشتە سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بايقالغان ئۇستىدە يىللىرى بار كۆپلىگەن قارۇشتى ۋە براھمان يېزىقىدىكى ئويما يېزىقلارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، سۇب چوڭ قۇرۇقلۇق تارىختا ئوخشاش بولمىغان بىر نەچچە خىل ئېرالارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ كۇشان خانلىرىنىڭ يىل دەۋرى مەسىلىسىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. ئەڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق قىياس، ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل ئېرا بولغانلىقى ھەققىدىكى پەرەز بولۇپ، بۇلارنى رەتكە تىزساق تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

a تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 155-يىلى باشلانغان ھىندى-باكتىرىيە ئېراسى (ئادەتتە "ساك ئېراسى" دېيىلىدۇ).

b مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 57 - يىلدىن باشلانغان ئازېس ئېراسى.

c تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 128 - يىلى باشلانغان كانىشكا ئېراسى.

يۇقىرىدىكى بىر قانچە خىل ئېرا ئىچىدە، كانىشكا ئېراسى ھەققىدىكى مۇنازىرە ئەڭ كۈچلۈك. بىز تۆۋەندىكى يىللار جەدۋىلىدە قوللانغىنىمىز بىر خىل ئەنئەنىۋى كۆزقاراشتىن ئىبارەت. بۇ ئەنئەنىۋى كۆزقاراش كۆپلىگەن قارشى پىكىرلەر تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنمايلا قالماستىن، بەلكى، يېقىندا ئافغانىستاندىكى سۇراخ كوتالدىن بايقالغان بىر پارچە ئويما يېزىق تەرىپىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلاندى⑪. كانىشكا ئېراسىنىڭ يىل دەۋرى جەدۋىلىدە مۇناسىپ ھالدا تۆۋەندىكى ئاساسلىق كۇشان ھۆكۈمرانلىرى بار:

| ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىسىملىرى | يىللار |
|---|---|
| كانىشكا I | 2—23 - يىللار |

| | |
|---|---|
| ۋاسىشكا | 24—28 - يىللار |
| ھۇۋىشكا | 28—60 - يىللار |
| ۋاسۇدېۋا | 74—98 - يىللار |
| ئىسمى ئېنىق ئەمەس | 99 - يىللار |

41 - يىلىدىكى بىر ئويما يېزىقتىمۇ كانىشكانىڭ ئىسمى بايقالغان بولۇپ، ئادەتتە بۇ كانىشكا ئىسىملىك 2- بىر ھۆكۈمران دەپ قارىلىدۇ، شۇڭا ئۇ كانىشكا II دەپ ئاتىلىدۇ. ناھايىتىمۇ روشەنكى، 1- كانىشكا تەختكە ئولتۇرغاندىن تارتىپ بۇ خاندانلىق توپتوغرا 100 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. بىزنىڭ ھېسابلاش ئۇسۇلىمىز بويىچە بولغاندا، كانىشكا خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تاكى تەخمىنەن مىلادىيە 227 - يىلىغا قەدەر داۋام قىلغان.

بىز ھېسابلاپ چىقارغان نەتىجىگە ئاساسلانغاندا، كانىشكا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ياشىغان دەۋر قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىدىكى ھادرىئانۇس ۋە كېيىنكى ئانتونىئۇسنىڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى دۇنيا تارىخىدا بۇ بىر بۈيۈك ھەم گۈللەنگەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە كۇشان ئىمپېرىيىسى دۇنيانىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. مىلادىيە I ، II ئەسىرلەر جۇڭگو بىلەن رىم ئوتتۇرىسىدىكى ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتكەن يىپەك سودىسى ئەڭ جانلانغان دەۋر بولدى. ھەر قېتىم پارفىيە ئىمپېرىيىسى يامان نىيەت بىلەن يىپەك سودىسىغا ئارىلاشقاندا، كۇشان ئىمپېرىيىسى دەرھال سودا كارۋانلىرىنى جەنۇبقا يۆتكەپ بەلىخ ئارقىلىق ھىندى دەرياسى دېلتىسىغا ماڭغۇزۇپ، تاۋارلارنى دېڭىز يولى ئارقىلىق توشۇغۇزدى. ئىمپورت قىلىنغان يىپەكلەر بىلەن ئالماشتۇرۇلىدىغان تاۋارلار سۈپىتىدە رىم ئىمپېرىيىسى ئېكسپورت قىلغان مەھسۇلاتلار—تۇرلىرى مول قول سانائەت

بۇيۇملىرى ( مەسىلەن: ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە قاش تېشى قادالغان يۇڭ گىلەملەر⑫ كىچىك ھەيكەللەر ۋە مېتال قازان-قومۇچلار ) دىن ئىبارەت بولغان. رىملىقلار ئېكسپورت قىلغان تاۋارلار ئارىسىدا ئەڭ مۇھىمى بەلكىم ئالېكساندىرىيەنىڭ ھەشەمەتلىك ئەينەك قاچا-قومۇچلىرى بولۇشى مۇمكىن ( بۇ ۋاقىتتا جۇڭگودا ئەينەك ياساش ئىشلىرى بارلىققا كەلمىگەن)⑬. نەرسىلەر ۋە ماددىي بايلىقلار ئالماشتۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۇشان ئىمپېرىيىسىدىكى ھىندى زېمىنى ( مىلادىيە 57 - يىلىغا كەلگەندە كۇشان ئىمپېرىيىسى بويسۇندۇرغان تېررىتورىيىنىڭ دائىرىسى ئاللىقاچان گانگ دەرياسى ۋادىسىغىچە كېڭىيىپ بولغانىدى) نەپىس پىل چىشى بۇيۇملىرىنى ئېكسپورت قىلدى. فرانسىيىنىڭ ئافغانىستاندىكى بېگرامدىن قازغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ دەۋردىكى سودا ئەھۋالىغا دائىر مەسىلىلەرنى ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىپتىدائىي ماتېرىيالدۇر⑭. يەنە باشقا رايونلاردىمۇ كىچىك دائىرىلىك بايقاشلار بولدى.

مىلادىيە I ، II ئەسىرلەر ئارىلىقىدا كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشىدە ئۆزگىچىلىك بولمىدى. ھۇۋىشكا دەۋرىدىكى ئىچكى ئۆزگىرىشنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ھەم كونكرېت تەسۋىرلەپ بېرىش تەس بولسىمۇ، لېكىن باشقا بىر ئىش بىزگە بىر قەدەر كونكرېت يىپ ئۇچى قالدۇردى. چېچەك ئىلاھەسى ھارىتىنىڭ ( Haritti ) پەرز تۇتۇۋاتقان ئوبرازى بۇ ۋاقىتتا گاندارا ئېقىم ھەيكەللىرى ئارىسىدا بەس-بەس بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا گاندارا سەنئىتى بۇددا نوملىرىدىكى مەزمۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەمما، ھارىتىنىڭ ئالاھىدە ئوبرازى بولسا ئەينى ۋاقىتتىكى رېئاللىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. مىلادىيە 165 -

يىلى پارفىيە ئۇرۇشىدا ناھايىتىمۇ مەشھۇر بىر ۋەقە يۈز بەردى، ئاۋىدىئۇس كاسسىئۇس باشلاپ ماڭغان رىم قوشۇنلىرى كىتىپسفونغا كىرگەندە، ئۇلار بىرخىل ھالاكەتلىك تارقىلىشچان كېسەللىكنىڭ زەربىسىگە دۇچ كەلدى[15]، يېقىنقى تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، مۇشۇ ۋاقىتتا ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىمۇ ناھايىتى زور بالايى ئاپەت يۈز بەرگەن، بۇ ئاپەت قورقۇنۇچلۇق تارقىلىشچان كېسەللىك بولۇشىلا مۇمكىن ئىكەن. بۇ خىل تارقىلىشچان كېسەللىك چېچەك بولۇشى مۇمكىن. بۇ قېتىمقى چېچەك كۇشان ئىمپېرىيىسىدىن باشلىنىپ، سودا يوللىرىنى بويلاپ قەدىمكى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان. ئەگەر بۇ نۇقتا ئېنىقلىنىدىغان بولسا، شۇ قېتىملىق ئوخشاش ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقە رىۋايەتنىڭ ۋاقتىنى دەلىللەشكە پايدىلىق بولىدۇ.

كۇشان ئىمپېرىيىسىدىكى دىن مەسىلىسىمۇ بىزنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىمىزنى قوزغايدۇ، چۈنكى، كانىشكا بىلەن ھۇۋىشكانىڭ پۇللىرىغا ناھايىتىمۇ روشەن قىلىپ ھەر خىل ئىلاھلارنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان. ساسانىلارنىڭ نەزەرىدە كۇشانىلار زەردۇشت دىنىنىڭ رەسمىي مۇخلىسلىرى ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كۇشانىلارمۇ زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. كانىشكا بىلەن ھۇۋىشكانىڭ پۇللىرىدىكى ئىلاھلار سۈرەتلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى زەردۇشت دىنىغا تەئەللۇق[16]. يەنە بىر قىسىم پۇللاردىكى نەقىشلەردە ئۇچرىغان ئىلاھ سۈرەتلىرى، مەسىلەن: كۆچ ئىلاھى بىلەن رىم ئىلاھى قەدىمكى رىمنىڭ تەسىرىنى ئەسكە سالسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رىمنىڭ سېراپىس ئىلاھى يوق. سېراپىسنىڭ ئوبرازى كۇشان پۇللىرىدا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن، يۇقىرىدىكى رىم ئىلاھلىرىغا ئوخشىمايدىغان يېرى سېراپىس ئاللىقاچان ئوتتۇرا ئاسىيا مۇھىتىغا ماسلاشقان. كۇشان

پۇلىلىرىدا ئۇچرايدىغا ھىندى ئىلاھلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىلاھ شىۋە بولۇپ، بۇ ۋاقىتلاردا يەنە تەڭرى سكەندە ۋە باشقا ئىلاھ ئوبرازلىرىمۇ پەيدا بولدى. كۇشان خاندانلىقىنىڭ بۇددا دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى كېيىنكى دەۋرلەرگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. كانىشكانىڭ بىر دانە قىممەتلىك تەڭگىسىدە بۇددانىڭ ئوبرازى ئويۇلغان. بۇددىزىم ئەسەرلىرىدىن مەلۇمكى، كانىشكا بۇددا دىنىغا بولغان مېھرىبانلىقى بىلەن نام چىقارغان. كانىشكا تېخى پېشاۋەردا ھەيۋەتلىك بۇددا مۇنارى سالدۇرغان. 1908 - يىلى پېشاۋەردىن مەشھۇر كانىشكا ئالتۇن ئۆككى قېزىۋېلىندى. يېقىندا ئالتۇن ئۆكەك ئۇستىدىكى قارۇشتى يېزىقىدا ئويۇلغان خەتلەر[17] قايتىدىن يېشىپ چۈشەندۈرۈلدى. بۇ ئويما يېزىقتا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ ئالتۇن ئۆكەك شاھىنشاھ كانىشكانىڭ كانىشكاپۇرادىكى ئۆزى سالدۇرغان بۇدخانىغا تەقدىم قىلغان سوۋغىتى ئىكەن. كانىشكاپۇرا دېگەن بۇ يەر نامى، روشەنكى، خاندانلىقنىڭ نامى قويۇلغان پېشاۋەر شەھىرى. بۇددىزىم تارىخىدا كانىشكا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ۋاكىت بولۇپ، ئۇ كانىشكانىڭ كەشمىردە ( ياكى يەنە بىرخىل قاراش بويىچە جالاندارادا ) بۇددا دىنىنىڭ 3 - قېتىملىق نوم تەھقىقلەش يىغىلىشىنى ئېچىپ، بۇددا نوملىرىنى شەرھىلەتكۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت. شۇ قېتىملىق يىغىلىشقا قاتناشقان ئاساسلىق شەخسلەردىن ئىككىسى پارشۋا بىلەن ۋاسۇمىترا بىرلىشىپ تۈزگەن شەرھىلەردىن بىرى «ئەبىدەرمە مەھاۋىباشا شاسترە» بولۇپ، ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ھازىرمۇ ساقلانغان. كانىشكانىڭ ئۆزى بۇددا دىنىغا كىرگەن-كىرمىگەنلىكىنى ئېنىقلاشقا ھازىرچە مۇمكىنچىلىك بولمىسىمۇ، ئەمما كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە بۇددا دىنى ھەقىقەتەنمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققى

قىلىنغانىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇددىزىم سىرتقا كېڭىيىپ، ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ سودا يوللىرىنى بويلاپ جۇڭگوغا تارقالدى. بامىيان، سۇرخ كوتال ھەم تاجىكىستاننىڭ ئازنە تۆپە ⑱ قاتارلىق جايلىرىدىكى غايەت زور بۇدلارنىڭ ياسالغان ۋاقتى مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇددا دىنى تارقىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىندىستاننىڭ قارۇشتى يېزىقى ھەم قەندەھاردىكى «دەرمەلەر دەستۇرى»گە ئوخشاش بىر قىسىم بۇددا دىنى ئەسەرلىرىمۇ مۇشۇ يولنى بويلاپ جۇڭگوغا تارقالدى. قارۇشتى يېزىقى خوتەندىن ئانچە يىراق بولمىغان نىيەدىن چىققان ھۆججەتلەردە بايقالدى. مۇبادا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بولمىسىلا، كانىشكانىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە بۇددىزىم ئاللىقاچان ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ بولدى ھەم جۇڭگوغا قاراپ تارقىلىشقا باشلىدى.

## ئىزاھلار

① ئى.ب.خورنېر تەرجىمە قىلغان «مىلىندە پەنھە»گە قارالسۇن (1963-يىل) نەشرى.
② چىئونتىلار توغرىسىدا XIV باب 3-پاراگرافنىڭ 1-بېتىگە قارالسۇن؛ ياۋروپادىكى ھونلار توغرىسىدا XXXI باب 2-پاراگرافنىڭ 1-بېتىگە قارالسۇن.
③ بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن تەرجىمە ۋائىللانت تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن تەرجىمىدىن ئېلىندى. گ.ھالۇن: «توخرىلار ئۈستىدە تەتقىقات»، «گېرمانىيە شەرق جەمئىيىتى ژۇرنىلى»، XCI، 244-بەتكە قارالسۇن.
④ س.كونوۋ: «قارۇشتى يېزىقىدىكى ئويما يېزىق»، كالكۇتتا، 1929-يىل نەشرى، 46-بەتتىن 49-بەتكىچە. دانى بۇ ھەقتە قىزىقارلىق باھا بېرىدۇ، ئۇ بۇ ئويما يېزىقنىڭ ئويۇلغان ۋاقتىنى تېخىمۇ كېيىن دەپ قارايدۇ. ئا.ھ.دانىنىڭ «ماتۇرا شىر تۈۋرۈكىدىكى ئويما يېزىق—قەدىمكى يېزىقلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن. ئەمما، ئويۇلغان ۋاقتىنىڭ بالدۇر-كېيىن بولۇشى ئويما يېزىقنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىكى ئەھۋال ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خۇلاسە بىلەن مۇناسىۋەتسىز.
⑤ ئو.سېئېل: «پومپېي تروگۇس ئەسەرلىرىدىن پارچىلار»، لېيپسىگ، 1956-يىل نەشرى،

179-بەت.

⑥ د.سىنور: «ئىچكى قۇرۇقلۇق ياۋروپا-ئاسىيا تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە»، 233-بەت.

⑦ ر.ب.ۋايتېھېئادنىڭ «ھىندى-يۇنانلىقلار توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن، 1940-يىل نەشرى، 120-بەتتىن 122-بەتكىچە.

⑧ فىلوستراتۇس: «تىيانالىق ئاپوللونىئۇسنىڭ قىسسىسى».

⑨ ۋ.ب.ھىننىڭ: «قاراشەھەر ۋە ‹توخارى تىلى›»، «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئاخباراتى»، 1937-يىللىق 9-سان، 564-بەت. بۇنىڭدا كرائۇس «توخارى تىلى» توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلدى.

⑩ ھ.ۋ.بائىلېي: «كۇشان تىلى»، «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئاخبا-راتى»، 1952-يىللىق 14-سان، 420-بەت؛ «ساك تىلى»، 131-بەت.

⑪ ئا.د.ھ.بىۋارنىڭ «سۇراخ كوتالدىكى ئويىما يېزىقتا ئەكس ئەتكەن كانىشكا يىل دەۋرى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن، «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئاخباراتى»، 1963-يىللىق 26-سان، 498-بەتتىن 502-بەتكىچە.

⑫ بۇلار تارىم ئويمانلىقىدىكى كىروران خارابىسىدىن تېپىلغان، م.ئا.ستەيىننىڭ «مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑬ م.ۋېلېر: «ئىمپېرىيە زېمىنى سىرتىدىكى رىم»، لوندون، 1954-يىل نەشرى، 175-بەت.

⑭ ج.ھاكېن: «بېگرامدىكى يېڭى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات».

⑮ ھارىتتىم توغرىسىدا ئا. فۇچېرنىڭ «گاندارادىكى يۇنان-بۇددا سەنئىتى» ناملىق ئەسىرى 2-توم 130-بەتكە قارالسۇن. كتېسفون توغرىسىدا دىئوكاسسىئۇس، XI X، 2، 4كە؛ ئاممىئانۇس مارسېللىنۇس، XXII، 6، 24كە قارالسۇن.

⑯ م.ئا.ستەيىن: «ھىندى-سكىزاي پۇللىرىدىكى زەردەشت دىنى ئىلاھلىرى»، 1887-يىل نەشرى، 88-بەت. بۇنىڭدىن بېرى مالىكمۇ بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ باردى، ئا.مالىكنىڭ «كانىشكا ئابىدىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑰ ب.ن.مۇكېرجېئې: «شاھجىكى دېرى ئۆكىكىگە ئويۇلغان خەتلەر».

⑱ ۋ.ئا.لىتۋىنسكى: «سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى تاجىكىستان ئارخېئولوگىيىسى»، 1967-يىل نەشرى، 3-توم، 118-بەت.

# III باب ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساسانىلار ۋە تۈركلەر

بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى گاندارا سەنئىتى ئېقىمىغا خاس ھەيكەل ۋە رەسىملەرنىڭ تېپىلغان ئورنىغا قاراپ كۆرستىش مۇمكىن. بۇ يول ھىندىقۇش تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، گاندارا ئارقىلىق باكترىيىگە، ئۇ يەردىن تارىم ئويمانلىقىغا، ئاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تۇتىشىدۇ. گاندارا سەنئىتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر دۇردانىسى يېشىل تاش ياپرىقىنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان ھەيكەللەر ۋە قاپارتما نەقىشلەر بولۇپ، مىلادىيە I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاكسىلا ۋە پېشاۋەر ۋادىسىدا بارلىققا كەلدى. ئەمما، گاندارا سەنئىتى ئۇسلۇبى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم دەۋر بەلگىسى ساكيامۇنى ئوبرازىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىدى. ھىندىستاننىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدىكى بۇددا سەنئىتى ئېقىمىدىكىلەر ساكيامۇنىنىڭ مۇقەددەس ئوبرازىنى ھېچقاچان يېنىكلىك بىلەن ئويۇپ باقمىغانىدى. بىراق، گاندارا رايونىدا بولسا قەدىمكى يۇنان ۋە رىمنىڭ شۇنداقلا ئوخشاش بىر دەۋردە مەۋجۇت بولغان ماتۇرانىڭ مەبۇد ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىدە بۇ ھەل قىلغۇچ ئىسلاھات بارلىققا كەلدى. ساكيامۇنى ئوبرازىنىڭ گاندارا رايونىدا ئەڭ دەسلەپتە مەيدانغا كەلگەن كونكرېت ۋاقتىنى تېخى ئېنىقلىيالمىغان بولساقمۇ، ئەمما، كانىشكانىڭ پۇللىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ ئىسپاتلىشىدىن قارىغاندا، مىلادىيە II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا

كەلگەندە، ساكىيامۇنىنىڭ ئوبرازى ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغانىدى. ئېھتىمال، پاكىتى بىلەن كۆرسەتكىلى بولىدىغان ئەڭ دەسلەپكى ساكىيامۇنى ئوبرازى مەشھۇر بىماران ئالتۇن ئۆكىكىنىڭ ياسالغان ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيە 57-يىلغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئالتۇن ئۆكەك ھازىر بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

گاندارا سەنئىتىدە ساكىيامۇنىنىڭ ئوبرازى ئىپادىلىنىپلا قالماي، يەنە ساكىيامۇنىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن تۈرمۇش كۆرۈنۈشلىرىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرخىلى ساكىيامۇنى ھايات ۋاقتىدىكى تۈرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، يەنە بىرخىلى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ساكىيامۇنىنىڭ ئالدىنقى ھاياتىدىكى تۈرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن ئىبارەت. ساكىيامۇنىنىڭ يالغۇز تۇرغاندىكى يەككە ئوبرازىدىن كېيىن مانا شۇنداق ۋەقەلەر ئىچىگە قويۇلغان كۆرۈنۈشتىكى ھەيكەللەرنى ئىشلەش گاندارا سەنئىتىنىڭ ئەڭ تىپىك تېمىسى بولۇپ قالغانىدى. كانىشكا ئالتۇن ئۆكىكى بىلەن بىماران ئالتۇن ئۆكىكى بىزگە گاندارا سەنئەت ئېقىمىنىڭ مىتال قاچا-قۇچىلارنى ئىشلەش جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى نامايەن قىلىپ بەردى. ئەمما، گاندارا سەنئەت ئەسەرلىرى ئارىسىدا ئەڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى تارىم ئويمانلىقىدىكى مىرەن خارابىسىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى، بۇ قىيا تاش رەسىملىرىنى سىر ستەيىن ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا بايقىغانىدى. مىرەن قىيا تاش رەسىملىرى سەنئەت ئۇسلۇبى ۋە تېما ماتېرىياللىرى جەھەتتە كانىشكا ئالتۇن ئۆكىكى بىلەن ئىنتايىن بىردەك، بىز بۇنىڭغا ئاساسەن مىرەن قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ۋاقتىنى كانىشكا دەۋرىگە تەئەللۇق دەپ جەزملەشتۈرەلەيمىز. كۇشان ھاكىمىيىتى ئىدارە قىلىدىغان ئاساسىي مەركىزى

رايونلاردىن شۇنچىلىك يىراقتىكى تارىم ئويمانلىقىدا مۇشۇنداق قەدىمكى گاندارا قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىزنىڭ ناھايىتىمۇ كەڭ تارقالغان بىر رىۋايەتنى ئىسپاتلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، كانىشكا سودا يولىنى بويلاپ ئۆز ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى يىراقتىكى جۇڭگو رايونلىرىغىچە كېڭەيتكەن①. كۇشان خانىدانلىقىنىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ قىلغان شۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ۋاقتى ناھايىتىمۇ قىسقا بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا خەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى بۇ رايونلاردا كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. كۇشان كۈچلىرى تارىم ئويمانلىقىدىن چېكىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما، گاندارا سەنئىتىنىڭ تەسىرى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى، ھەتتا كۇشان ئىمپېرىيىسى گۇمران بولغاندىن كېيىنمۇ، گاندارا ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن قىيا تاش رەسىملىرى يەنىلا تارىم ئويمانلىقىدا ئېقىپ يۈردى. مەسىلەن: كۇچادىكى قىزىل مىڭ ئۆي مانا شۇنىڭ مىسالىدۇر. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، باميان تاش ئۆڭكۈر بۇتخانىسى ھەم ئۇنىڭدىكى غايەت زور بۇددا ھەيكىلىمۇ كۇشان ئىمپېرىيىسى دەۋرىگە تەئەللۇق. لېكىن، قىزىل مىڭ ئۆيدىكى 35 مېتىرلىق چوڭ بۇتنىڭ ئايلانما شەكىللىك قورۇلۇشى ئىچىدىكى پارچىلىرى ساقلىنىپ قالغان قىيا تاش رەسىملىرىدىن ۋاقتى ئەڭ بۇرۇن بولغان قىيا تاش رەسىملىرىمۇ تەخمىنەن مىلادىيە 227-يىلى كۇشان ئىمپېرىيىسىدىكى بۈيۈك خانلارنىڭ ئاخىرقىسى ۋاسۇدېۋا تەختتىن غۇلىغاندىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. قىزىلدىكى قىيا تاش رەسىملىرى ئارىسىدىكى بەزى رەسىملەرنى ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن كۇشان ـ ساسان تىپىدىكى ھەيۋەتلىك بېزەلگەن تاجغا ئاساسەن بىرقەدەر كېيىنكى يەنى مىلادىيە IV ئەسىرلەردىكى

ئەسەرلەر دەپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن.

ھازىر تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىچە، كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇمران بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ساسان پارسلىرىنىڭ كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى زېمىنلىرىنى بويسۇندۇرۇۋالغانلىقى ئىكەن. مىلادىيە 224-يىلى ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەردەشىر I پارفىيە خانى ئەرداۋان V نى مەغلۇپ قىلىپ ھەم ئۆلتۈرۈپ، ئىراننىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. ئەردەشىر يەنە پارفىيەدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ناھايىتىمۇ جانلىنىپ كەتكەن نۇرغۇن يەرلىك ئۆششاق ھۆكۈمرانلارنى تازىلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ساسانى خان جەمەتىدىكىلەردىن ۋالىي تەيىنلىدى. ئەگەر ئەل تەبەرىنىڭ مەشھۇر خاتىرىلىرى ئىشەنچلىك بولسا②، ئەردەشىر ھەتتا ئىراننىڭ شەرقىغىمۇ جەڭ ئېچىپ، سىستان، ئەبەشاخىر (ھازىرقى نىشاپۇر)، مەرۋى، بەلخ، خارەزىملەرنى ئىشغال قىلغان. ئۇ يەنە كۇشان خانى ئەۋەتكەن تەسلىم بولىدىغانلىقىنى يەتكۈزگىلى كەلگەن ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشكەن. بىزنىڭ يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى مىلادىيە 227-يىلى، يەنى كۇشان خانى ۋاسۇدېۋا I نىڭ دەلىللىگىلى بولىدىغان ئەڭ ئاخىرقى يىلى دەپ بېكىتىشىمىز بىر ئاز مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ. دەرھەقىقەت بەزى بىشارەتلەردە كۇشان خان جەمەتىنىڭ بىر تارمىقى داۋاملىق ھالدا ھىندى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارغا نەچچە ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كۇشان خان جەمەتىنىڭ بۇ تارمىقى «Murundas» دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى 3-كانىشكا بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇ تارقاتقان پۇللار دەلىللەيدۇ. ئەمما، باشقا ماتېرىيال كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىي رايونلىرى بولغان

باكتىرىيە بىلەن كابۇل قىيپاش ئويمانلىقى بۇ ۋاقىتتا ئالىلقاچان ساسانىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ساسانىلارنىڭ كۇشان زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلغانلىقى ھەققىدە بىز ئىراننىڭ پارس ئۆلكىسى ئەتراپىدىكى نەقشى رۇستەمدىن تېپىلغان ساسانى خانى شاپۇر I (مىلادىيە 240—272-يىللار) نىڭ ئويما يېزىقىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك دەلىلگە ئىگە بولالايمىز. بۇ ئويما يېزىق پەھلەۋىچە، پارفىيەچە ۋە يۇنانچە ئۈچ خىل يېزىقتا ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مىلادىيە 260-يىللاردىكى ساسانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆلكىلىرى تىزىپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ئابىدىنىڭ ئۈچ خىل يېزىقتىكى تولۇق تەرجىمىسى تېخى نەشر قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ھونىگمان بىلەن مارىك ئويما يېزىقنىڭ يۇنانچە نۇسخىسىنى رەتلەپ ھەم ئۆزلىرىنىڭ يەشمىلىرىنى قوشۇپ نەشر قىلدۇردى③. ئويما يېزىقتا سانالغان ساسانى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆلكىلىرى «يىراق پېشاۋەردىكى كۇشان ئىمپېرىيىسى» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئويما يېزىقتىكى بۇ قۇرلار شاپۇر I نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئەسلىدىكى كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىلا مۇستەقىل خانلىق دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ساسانى پارسلىرى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغانلىقىنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى تەپسىلىي دەلىللەيدىغان ماتېرىياللار ھازىرچە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شاپۇر ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتىكى ساسانىلار ئەينى ۋاقىتتا ساسانىلار ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى كۇشان زېمىنلىرىنى زادى قانداق باشقۇرغان. بۇ ھەققىدىمۇ ھېچقانداق يازما خاتىرىلەر يوق. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن، ھېرزفېلد كۇشان- ساسانىلار سىستېمىسىدىكى پۇللاردىن ئەڭ دەسلەپكى ساسانى ۋالىيلىرى ئىچىدە شاپۇر

ئىسىملىك بىر كىشى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بىز مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ساسانىلار خانىدانلىقىنىڭ كۇشان ئۆلكىسىنىڭ 1-ۋالىيسى دەل كېيىنكى خان شاپۇر I بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ تېخى ئىران ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىگە چىقمىغان ئىدى، دېگەن خۇلاسىگە كېلەلەيمىز.

مىلادىيە 206-يىلدىن كېيىنكى 100 يىلدا باكتىرىيە، سوغدىيانا ۋە گاندارا ئىزچىل ساسانىلار خان جەمەتىگە مەنسۇپ ۋالىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلدى. ھېرزفېلد بۇ باش ۋالىيلارنىڭ پۇللىرى ئۈستىدە بەزى مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى④، ھازىرقى ئالىملار بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلدى. ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ساسانى ۋالىيلىرىنىڭ تىزىملىك تەرتىپى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

شاپۇر(يەنى كېيىن مىلادىيە 240—272-يىللار تەختتە ئولتۇرغان ئىران خانى شاپۇر I )

كۇشان شاھ ئەردەشىر I

كۇشان شاھ ئەردەشىر II

كۇشان شاھ فىرۇز I

كۇشان شاھ ھورمىز I (تەخمىنەن مىلادىيە 277—286-يىللىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ بەھرام II گە قارشى چىققان)

كۇشان شاھ فىرۇز II

كۇشان شاھ ھورمىز II (يەنى كېيىن مىلادىيە 302—309-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ئىران خانى ھورمىز II )

كۇشان شاھ پروران I

كۇشان شاھ پروران II (مىلادىيە 360 - يىلى تەختتە ئولتۇرغان)

بۇرۇنقى كۇشان زېمىنلىرىدىكى ساسانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە يازما ماتېرىياللار تولىمۇ كەمچىل. ئەمما، لاتىنچە «ئاۋگۇستا تارىخى» دېگەن كىتابتا كۇشان شاھ ھورمىز I نىڭ لەشكەر تارتىپ ئىنىسى، ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ خانى بەھرام Ⅱ (مىلادىيە 276—393-يىللار) گە قارشى تۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنغان⑤، ماركۋارتمۇ كېيىنكى لاتىنچە قەسىدىلەردە مۇشۇ ۋەقەنىڭ سۆزلىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. مىلادىيە 283-يىلى رىم پادىشاھى كارۇس كتېسفۇننى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا، ساسانىلار خانى بەھرام Ⅱ ئىراننىڭ شەرقىدىكى دۈشمەنلىرى بىلەن قىلىۋاتقان جەڭدىن قەددىنى رۇسلىيالماي ۋاتقانىدى. شەرقى قىسىمدىكى بۇ جەڭ بەھرام Ⅱ نى خېلىلا ھالسىراتقان بولۇپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن رىملىقلار ئالدىدا پايتەختتە تۇرۇپ مۇداپىئەلەنگەندەك ماجالى قالمىغانىدى. پۇلشۇناسلىق ماتېرىياللىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، كۇشان شاھ ھورمىز I بۇ ۋاقىتتا مەرۋى(ئۇ بۇ يەردە تىللا قۇيدۇرغان) ۋە ھىرات (بۇ يەردە تەڭگە تارقاتقان) لارنى ئىشغال قىلغان. كۇشان شاھ ھورمىز I بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسى كۇشان شاھ فىرۇز Ⅱ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھازىرچە پۈتۈنلەي قاراڭغۇ بولسىمۇ، شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئاخىرقى ھېسابتا ھورمىز مەغلۇپ قىلىنغان.

كۇشان—ساسانى ۋالىيلىرىنى پەرق ئېتىشتە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇلارنىڭ پۇللىرىدىكى ئۆزگىچە تاج شەكىللىرى ئاساس قىلىندۇ. كۇشان شاھ پرووران Ⅱ نى ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ تاجى بىرخىل قوچقار مۈڭگۈزى شەكىللىك تاج بولۇپ، تاجنىڭ شەكلىگە ئاساسەن پرووران Ⅱ بىلەن ئاممىئانۇس مارسېللىنۇس كۆرگەن ئادەمنى بىر ئادەم دەپ ئېيتالايمىز. ئاممىئانۇس مارسېللىنۇسنىڭ خاتىرىسىگە(19-باب، 1-پاراگراف، 1-،

2-بەتلەر) ئاساسلانغاندا، مۇشۇ ئادەم 360-يىلى ئامىداغا قورشاپ هۇجۇم قىلغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىلغانغا ئوخشاش شەكىلدىكى تاج كىيگەن. ۋاھالەنكى، تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئامىداغا قورشاپ هۇجۇم قىلغان بۇ كىشى ساسانىلار خانى شاپۇر Ⅱ ئىكەن. ئەگەر كۇشان شاھى پروران Ⅱ بىلەن ساسانىلار خانى شاپۇر Ⅱ بىر ئادەم دەيدىغان بۇ قاراش پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان بولسا، بىز مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ پروران Ⅱ نىڭ يىلنامىسىنى ئېنىقلاپ چىقالايمىز، چۈنكى، مىلادىيە 360-يىلى ئۇ چوقۇم تەختتە بولغان بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، كۇشان ۋالىيلىرى تىللالىرىنىڭ بەزىلىرىدە پۇل قۇيۇلغان زاۋۇتنىڭ ئىسمى ئويۇپ قويۇلغان. مەسىلەن: Baxlo (بەلىخ)، ئەمما، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تىللالارنىڭ ئۈستىدە زاۋۇتنىڭ ئىسمى يوق. بىزنىڭ پەرىزىمىزچە، پۇل قۇيۇلغان زاۋۇتلارنىڭ ئىسمى يوق پۇللار كۇشان ۋالىيلىرىنى ئىدارە قىلىش مەھكىمىسىدىن تارقىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ كۇشان ۋالىيلىرىنى ئىدارە قىلىش مەھكىمىسى كابۇل ياكى قەنپىسا بولۇشى كېرەك. ئەمما، بىز يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، كۇشان شاھ پروران Ⅱ نىڭ تارقاتقان پۇللىرىدا بەلىختىكى پۇل قۇيۇلغان زاۋۇتنىڭ ئىسمى يوق. ئېھتىمال، كۇشان شاھ پروران Ⅱ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە، ساسانىلارنىڭ كۇشان ۋالىيلىرى يايلاقتىن كەلگەن يېڭى تاجاۋۇزچىلارنىڭ دولقۇنلىرى ئالدىدا، باكتىرىيىنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالغان، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قولىدا كابۇل ۋادىسىلا قالغان بولسا كېرەك. تۆۋەندە بىز دىققەت ئېتىبارىمىزنى شۇ قېتىملىق يېڭى زەربىنىڭ تەپسىلاتلىرىغا قارىتىمىز.

مىلادىيە Ⅳ ئەسىرگە كەلگەندە، موڭغۇل يايلىقىدىكى هون كۆچمەن ئىمپېرىيىسى ئاللىقاچان جەنۇبىي هونلار ۋە شىمالىي

هونلار دەپ بىر-بىرىگە بېقىنمايدىغان ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي ۋە شىمالىي هونلار مالىمانچىلىق ئىچىدە تۇراتتى. مىلادى 311-يىلى جەنۇبىي هونلار جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مەركىزىي شەھەر لوياڭغا بېسىپ كىردى ۋە شەھەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى. لوياڭ شەھىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يىپەك يولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئىدى، رىملىقلار ئارىسىدا لوياڭ شەھىرى «Sera Metropolis» (يىپەك شەھىرى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، غەربكە ئىچكىرىلەپ بارىدىغان قۇرۇقلۇق يولىدا كەينى-كەينىدىن مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلدى. بۇ سوغدى يېزىقىدىكى قەدىمكى مەكتۇبلاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. كېيىن جەنۇبىي هونلار لوياڭ شەھىرىدە سۇلالە قۇردى، بۇ سۇلالە تاكى مىلادىيە 350-يىلغىچە هۆكۈم سۈردى. جەنۇبىي هونلار ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان ساتقىنىنىڭ قىرغىن قىلىشى بىلەن هالاك بولدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا سىيانپى قەبىلىسى كۈنسېرى قۇدرەت تېپىپ، شىمالىي هونلارنىڭ كۆشەندىسىگە ئايلاندى هەم ئۇلارنى بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى رايونلاردىن غەربكە قوغلاپ چىقاردى. شۇندىن كېيىنكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا شىمالىي هونلار تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىغا كۆچتى. ئەمما، قەدىمكى شەرق-غەرب تارىخچىلىرى شىمالىي هونلارنىڭ شۇ قېتىملىق كۆچۈش ئەھۋالى ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا شىمالىي هونلار سوغدىيانانىڭ شىمالى قىسمىدىكى سىر دەريا يايلاقلىرىدا پەيدا بولدى. مىلادىيە 350-يىلدىن كېيىن سىر دەرياسىغا بارغان هونلارنىڭ كۆپلىگەن شاخچىلىرى ساسانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي ئۆلكىلىرىگە بېسىپ كىردى، ئۇلار بۇ يەردە ”چىئونىتلار

" (Chionites) دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. قالغان هون قەبىلىلىرى بولسا كېيىنچە ئالانلار ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جەنۇبىي روسىيە يايلىقىدىكى گوتلار ئارىسىدا پەيدا بولدى. بۇ هون قەبىلىلىرى ياۋروپادا "هونلار" دېگەن نام بىلەن مەشهۇر بولدى.

مىلادىيە 350-يىلى ئىران شاهى شاپۇر Ⅱ (مىلادىيە 309—379-يىللار) رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مېسوپوتامىيەدىكى مۇهىم قەلئەسى نىسىبىسقا قورشاپ هۇجۇم قىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز كۆچمەن تاجاۋۇزچىلار ساسانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا بېسىپ كىردى، دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. شاپۇر Ⅱ دەرهال چېكىنىپ، تەهدىت ئاستىدا قالغان رايونلارغا قاراپ قوشۇن تارتتى. كابۇلدىكى ساسانىلارنىڭ قازىسى سىلىيۇكى (Slwky) ساسانىلار شاهىنىڭ ئوردىسىغا مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن كەلگەنمۇ-ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىگە قارىتا يېقىندا بەزى ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى⑥. ئەمما، بىر نۇقتا ناهايىتىمۇ روشەنكى، شۇ قېتىمقى جەڭدە شاپۇر Ⅱ ئۆزىنىڭ قوماندانلىق بارگاهىنى نىشاپۇردا قۇرغانىدى. "نىشاپۇر" دېگەن نام «شاپۇرنىڭ بۈيۈك تۆهپىسى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ شاپۇرنىڭ شۇ قېتىملىق لەشكىرى يۈرۈشىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ شەهەرگە مۇشۇ نام بېرىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە شاپۇر Ⅱ ساسانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغاپ، چىئونىتلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ۋاقىتلىق ئەهۋالدىن ئېيتقاندا، شاپۇر Ⅱ ھەقىقەتەنمۇ غەلىبىگە ئېرىشتى. مىلادىيە 360-يىلى ئۇ يەنە غەربكە قايتىپ، رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن قايتىدىن جەڭ قىلدى. چىئونىتلارقوشۇنىمۇ شاپۇرنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى سۈپىتىدە چىئونىت پادىشاهى گرۇمباتېسنىڭ

قوماندانلىقىدا ئىران قوشۇنلىرى بىلەن بىللە جەڭگە ئاتلاندى. ئەمما، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شاپۇر II نىڭ ئىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتتى. پاكىتلار ناھايىتىمۇ ئېنىقكى، مىلادىيە 360-يىلىدىن كېيىنكى قىسقىغىنە نەچچە 10 يىلدا ئەسلىدىكى كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆلكىلىرى ساسانىلار خاندانلىقى ۋالىيلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ يايلاقتىن كەلگەن يېڭى ئىستېلاچىلارنىڭ سەردارلىرىغا ئەل بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدا يېڭى بىر كۈچ باش كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇلار چىئونىتلار ھەم ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى كىدارالار ۋە ئېفتالىتلار ( Hephthalitesياكى Ephthalites) ئىدى.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئەڭ دەسلەپ خۇراساندا پەيدا بولغان ھونلار بەلكىم ئاممىئانۇس مارسېللىنۇس تىلغا ئالغان چىئونىتلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ياۋروپاغا بارغان ھونلاردىن 25 يىلچە بۇرۇن خۇراساندا پەيدا بولدى. چىئونىت دېگەن بۇ نام بەلكىم ئوتتۇرا ئىراننىڭ Xiyōn(Hun) دېگەن سۆزىگە يۇنانچە قوللىنىدىغان قەبىلىلەردىكى سۆز ئاخىرى قوشۇمچىسى - «LtaL» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ھېنىنگنىڭ قارىشىچە، «Ephthalites» دېگەن بۇ نامدىكى سۆز ئاخىرى قوشۇمچىسى سوغدىچىدىكى كۆپلۈك شەكلى ئىكەن. چىئونىتلار ئاخىر شاپۇر II بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندىن كېيىن، ئۇلار شاپۇر II نىڭ مېسوپوتامىيىدىكى رىم ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان جېڭىگە قاتناشتى. ئۇ يەردە چىئونىت پادىشاھى گرۇمباتېسنىڭ ئوغلى ئامىدا( دىيارىبەكر Diyarbakr ) غا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قۇربان بولدى. ئاممىئانۇس مارسېللىنۇسنىڭ خاتىرىلىشىچە، مەزكۇر چىئونىت شاھزادىسىنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئاممىئانۇس خاتىرىلىگەن بۇ ۋەقە

ناھايىتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، چىئونىتلار بىللە تۇرۇۋاتقان ساسانىلار قوشۇنىدىكىلەر زەردەشت دىنى مۇخلىسلىرى بولۇپ، زەردەشت دىنىدىكىلەر ئۆچۈن ئېتىقاتاندا جەسەتنى كۆيدۈرۈش بىرخىل ئەيىبلەشكە تېگىشلىك ئىش ھېسابلىناتتى. ئەمما، ئاممىئانۇس مارسىپللىنۇس بايان قىلغان جەسەت كۆيدۈرۈش تەپسىلاتلىرى ياۋروپا ھونلىرىغا دائىر ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىلەن ماس كېلىدۇ. تاجىكىستاننىڭ بىشكېنت ۋادىسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بايقالدى⑦. «جۇنامە» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئوخشاش بىر دەۋردىكى ئاگىنى مىللىتىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئادەت بولغان، ئاگىنىلارمۇ بەلكىم ھونلار بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك.

مەلۇمكى، چىئونىتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ ئانچە ئۆتمەيلا، ھونلارنىڭ سەردارى كىدارا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مىلادىيە IV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى نەچچە ئون يىلىدا كىدارا باكترىيىدىكى قەبىلىلەر ئارىسىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئىگە بولغان شەخسكە ئايلاندى. كىدارانىڭ پۇللىرى (بۇ پۇللار ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىقراق ئاتاش بولمىسا كېرەك) ساسانى ئىران پادشاھلىرى شاپۇر II (309—379)، ئەردەشىر II (379—383) ۋە شاپۇر III (383—388) لەرنىڭ پۇللىرى بىلەن بىللە كابۇلغا يېقىن تېپەمارانجاندىكى پۇل خەزىنىسىدىن تېپىلدى. شەك-شۈبھىسىزكى، كىدارانىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى يۇقىرىدىكى ئۈچ ساسانى ھۆكۈمرانىنىڭ دەۋرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ياكى بولمىسا ئۇلاردىن كېيىنكە توغرا كېلىدۇ. يۇناننىڭ ھونلارغا دائىر تارىخ يازغان تارىخچىسى پرىسكۇس كۆپ ئورۇندا «كىدارالار» نى تىلغا ئالىدۇ. گەرچە كىدارا ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ پۇللىرىدا كۇشان زېمىنلىرىدىكى يەرلىك نام «كۇشانشاھ» (Kushanshah) نى

داۋاملىق قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما، پرىسكۇسنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى، كىدارا قەبىلىسىدىكىلەر بەزى ئالىملار قەتئىي تۈكىتلەۋاتقاندەك كۇشانلار ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەن ھونلاردۇر. ئەمەلىيەتتە، كىدارادىن بۇرۇن كۇشان زېمىنلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان ساسانى ۋالىيلىرىمۇ «كۇشانشاھ» دېگەن بۇ نامنى ئىشلەتكەنىدى. ئەلۋەتتە، پرىسكۇسنىڭ مىلادىيە V ئەسىردىكى «كىدارا ھونلىرى» ھەققىدىكى بايانلىرىدا ھەقىقەتەنمۇ يىل خاتالىقى مەۋجۇت. چۈنكى، مىلادىيە V ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ يەردە ئاللىقاچان يېڭى بىر كۆچمەن قەبىلە ئوتتۇرىغا چىققانىدى. كىدارانىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى(پۇللار ئۇنىڭ كىدارا بىلەن ئوخشاش ئىسىمدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇڭا بىز ئۇنى كىدارا II دەپ ئاتىدۇق) نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە يەنە بىر يېڭى ھون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، ئېفتالىتلار بۇ چاغدا باكترىيىگە بېسىپ كىردى ھەم كىدارالارنى پەنجاپقا قوغلىۋەتتى. پەنجاپ رايونىدىن تېپىلغان تىللالارنىڭ نۇرغۇنلىرىدا كىدارانىڭ ئىسمى بايقالدى. ئەمما بۇ تىللالارنىڭ قۇيۇلغان ئورنى ۋە ئېنىق تەۋەلىكى تېخى نامەلۇم.

گىرشمانىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، چىئونىتلار (ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدىكى Chionites دېگەن بۇ نام كىدارالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ مىلادىيە V ئەسىردە تارىخ سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئېفتالىتلاردىن ھېچقانداق پەرقى يوق. ئەمما، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بىر قىسىم خەنزۇشۇناسلار، جۈملىدىن ماكگوۋېرن، ك. ئېنوكى قاتارلىقلارنىڭ قاراشلىرى تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدى. بۇ نوپۇزلۇق ئالىملار: ئېفتالىتلار يېڭى كەلگەن كۆچمەن تاجاۋۇزچىلاردۇر،

دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئېفتالىتلار مىلادىيە V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باكتىرىيىگە بارغان، ئاندىن كىدارالارنى جەنۇبقا قوغلىغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مىلادىيە 427-يىلى بەھرام IV تەرىپىدىن ئىراندا مەغلۇپ قىلىنغان شەرقىي قىسىمدىكى تاجاۋۇزچىلار كىدارالار ياكى ئېفتالىتلار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىغا بېسىپ كىرگىنى ئېفتالىتلار بولۇشى-بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، شۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق ئېفتالىتلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن كۆتۈرۈلگەن قالايمىقانچىلىقنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ناھايىتىمۇ ئېنىق بىر پاكىت باركى، مىلادىيە 457-يىلى ساسانى شاھزادىسى فىرۇز ئىنىسى ھورمىز III تىن ئىراننىڭ تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئېفتالىتلاردىن ياردەم سورىدى. كېيىن فىرۇز يۈز ئۆرۈپلا ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئېفتالىتلارغا قارشى تۇردى. ئەمما ئۇنىڭ قارشىلىقى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئۆزى ئېفتالىت شاھىنىڭ مەھبۇسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەل تەبەرى بۇ ئېفتالىت شاھىنى ئاخسىنۋار (Akhšnwar) دەپ ئاتىسا، فىردەۋسى ئۇنى خۇشناۋاز (Khušnavaz) دەپ ئاتايدۇ. شۇ قېتىم ئېفتالىتلار فىرۇزنىڭ ئوغلى قۇبادنى تۇرغاق قىلىپ، فىروزنى قويۇپ بەردى. كېيىن فىرۇزى ئوغلى قۇبادنى قايتۇرۇپ كېلىپلا، يەنە ئېفتالىتلارغا ھۇجۇم باشلىدى. بىراق، فىرۇزنىڭ چەۋەندازلىرى يولدا بىر يەر ئاستى ئېرىققا چۈشۈپ كېتىپ، پۈتۈن قوشۇن ھالاك بولىدى. بىز يۇقىرىدا مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان چيئونىتلارنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرىدىغان دەپنە ئادىتىگە سېلىشتۇرغاندا، قىزىقارلىقى شۇكى، ئەل تەبەرىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئېفتالىتلار پادشاھى خۇشناۋاز پارسلارنىڭ جەسەتلىرىنى قەبرىگە قويۇپ دەپنە قىلغان.

ئېفتالىتلارنىڭ دەپنە ئادىتى ھەم فىرۇزنىڭ ئېفتالىتلاردىن

مەغلۇپ بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ۋەقە ھەققىدە پروكوپىئۇس ناھايىتىمۇ ئىشەنچلىك خاتىرە قالدۇردى، پروكوپىئۇسنىڭ قارىشىچە، ئېفتالىت دېگەن بۇ نام ۋە ئۇلارنىڭ ئىرقىدىن قارىغاندا، ئېفتالىتلار ھونلار بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ كەچۈرۈۋاتقىنى كۆچمەنلىك تۇرمۇشى ئەمەس ئىكەن.

ئېفتالىتلارنىڭ تېرىسى ئاقۇش، بەش ئەزاسى راۋۇرۇس بولۇپ، ئۆلگەنلەرنى تۇپراققا دەپنە قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېفتالىتلار ئۆزلىرىنىڭ سەردارلىرىنى دەپنە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يېقىن دوستلىرىدىن 20 نى بىللە قوشۇپ دەپنە قىلىدىكەن. سېلىشتۇرما قىلساق، ئېفتالىتلارنىڭ تۇپراققا دەپنە قىلىشتەك بۇ ئادىتى چىئونىتلارنىڭ كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

مىلادىيە 488-ياكى 489-يىللىرى ياش ۋاقتىدا ئېفتالىتلارنىڭ قولىدا تۇرغاق بولغان ساسانى شاھزادىسى قۇباد ئېفتالىتلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئوڭۇشلۇق ھالدا پېرسىيەنىڭ شاھلىق تەختىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەمما، ئېفتالىت قەبىلىلىرى بۇ ۋاقىتتا يەنىلا ئىراننىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. باشقا بىر ساسانى خانى خۇسراۋ(531—579) گۇرگان تۈزلەڭلىكىدە مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرۇپ، ئېفتالىت قەبىلىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇردى. ئاخىرىدا تۈركلەرنىڭ ئامۇ دەرياسى رايونىدا پەيدا بولۇشى بىلەن، خۇسراۋ تۈرك قاغانى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئېفتالىتلارغا بىرلىكتە زەربە بەردى. غەربنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا خۇسراۋ بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن تۈرك قاغانى Sinjibu ياكى Silzibul (ئىستەمى)⑧ دېيىلىدۇ. مىلادىيە 557-يىلدىن كېيىنكى بىر قېتىملىق شىددەتلىك جەڭدە ئېفتالىتلار مەغلۇپ قىلىندى. ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئامۇ دەرياسىنى چېگرا قىلىپ ساسانىلار

ئىمپېرىيىسى بىلەن تۈركلەر بۆلۈشۈۋالدى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېفتالىتلار زېمىنلىرىنى ساسانىلار ئالدى. ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى پۈتۈن زېمىنلەر بولسا تۈركلەرنىڭ قولىغا كىردى.

مىلادىيە V ئەسىرنىڭ ئاخىرى VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى ئېفتالىتلار باكترىيىدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققاننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ھىندى تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، پەنجاپ رايونى ئارقا-ئارقىدىن تاجاۋۇزغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، «ھونلار» (Hunas) دېگەن نام بىلەن تونۇلغان بىر مىللەتمۇ مۇشۇ ۋاقىتلاردا غەربىي ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ناھايىتىمۇ روشەنكى، بۇ تاجاۋۇزچىلار ھونلاردۇر. ئەمما، ئۇلار ھونلارنىڭ زادى قايسى تارمىقى، بۇنىسى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. بۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تارمىقى زابۇلىتېسلاردۇر. مىلادىيە 458-يىلىلا گۇپتا شاھزادىسى سكانداگۇپتا چاقىرتىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا قويۇلدى. بۇ تاجاۋۇزچىلار ھونلار ئىدى. سكانداگۇپتا ھايات ۋاقتىدا ھونلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسقانىدى، لېكىن، مىلادىيە V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، گۇپتا ئىمپېرىيىسى زاۋال تاپتى. مىلادىيە 510-يىلىغا كەلگەندە بولسا، ھونلارنىڭ سەردارى تورامانا ھىندىستاننىڭ كەڭ زېمىنلىرىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەپ بولغانىدى. تورامانانىڭ ۋارىسى ئۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئابرويىنى تۆكىۋالغان مىھىراكۇلا ئىدى. مىھىراكۇلا پەنجاپنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىن تەخمىنەن مىلادىيە 525-يىلى بولسا كېرەك، مىھىراكۇلا ھىندى تۈزلەڭلىكىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئەمما، ئۇ كەشمىرگە داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مىھىراكۇلا پىلنى

كەشمىرنىڭ تىك يارلىرىدىن دومىلىتىپ، پىلنىڭ پەستىكى قىيا تاشلارغا ئېتىلىپ قالغاندىكى قورقۇنۇچلۇق چىرقىرىشىدىن ھوزۇرلىنىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. تورامانا ۋە مىھىراكۇلادىن كېيىنكى ھون پادىشاھلىرىدىن يەنە لاكھانا بىلەن خىنگىلانى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يىمىرىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ئېنىق ۋاقىتلىرى ھازىرچە نامەلۇم. كېيىنكى بۇ ھون خانلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار كابۇل ۋادىسى ياكى گەردىزدىن ئىبارەت. يېقىندا بايقالغان بىر ئويما يېزىقتا ئىسپاتلىنىشىچە، خىنگىلانىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ئاز دېگەندىمۇ سەككىز يىل داۋاملاشقان⑨.

مىنورىسكىنىڭ دوكلاتىدىكى «خالاج» تۈركلىرىنىڭ دىئالېكتلىرى ئىچىدە ساقلانغان بىر قىسىم قەدىمكى ھون تىلىنىڭ ئىزنالىرىدىن باشقا⑩، بىز ئاسىيا ھونلىرىنىڭ تىلى ھەققىدە خۇددى ئۇلارنىڭ ياۋروپالىق قېرىنداشلىرىنىڭ تىلىغا ئوخشاشلا ھېچنەرسە بىلمەيمىز. زادى قايسى مىللەت تىل ۋە ئىرق جەھەتتە ھونلارغا يېقىن كېلىدۇ، بۇ مەسىلىنى ئىزاھلاشتا ھازىر ئاساسلىق ئىككى خىل پەرەز بار. 1-خىل پەرەز گىرشمان ۋە ئېنوكى تەشەببۇس قىلغان «ئىران تىللىرى» قارىشى. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ ئاساسلىق ئاساسى پۇللاردىكى يۇنان يېزىقىنىڭ يازما شەكلى بىلەن ئويۇلغان خەتلەردىن ئىبارەت. بۇ خىل قاراش ئاللىقاچان يېڭى بايقاشلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى. كىشىلەر پۇلغا ئويۇلغان بۇ خەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە شەرقىي ئىراندىكى يەرلىك باكترىيە دىئالېكتى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. سۇرخ كوتالدىكى باكترىيە ئويما يېزىقىنىڭ تېپىلىشى بۇ خۇلاسىنى مۇشۇ ھەقتىكى ھۆكۈمگە ئايلاندۇردى. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل ئىران تىلى ھەققەتەنمۇ

ئىدارە قىلىش ئېھتىياجى بىلەن هونلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان، ئەمما، هونلارنىڭ ئەمەلىي قوللانغان تىلى زادى قايسى؟ هازىرقى خالىغانچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرەز مىنورىسكىنىڭ «تۈركىي تىللار» قارىشىدۇر. ۋەهالەنكى، «تۈركىي تىللار» دېگەن بۇ قاراشمۇ گۇڭگۇلدىكىدەك قاراش ئەمەس. چۈشىنىش قىيىن بولغىنى شۇكى، «جۇنامە» دە ئېيتىلىشىچە، ئېفتالىتلاردا كۆپ ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. بۇ بايان ئېفتالىتلارنى هىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ دېگەن نەزەرىيىگە نىسبەتەن شەكسىزكى ئەڭ كۈچلۈك قارشى ئىسپات بولالايدۇ. ئۇلارنى تۈركلەرگە يېقىن دېگەندىن كۆرە، تىبەتلەرگە يېقىن دېگەن تۈزۈك. بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدىكى بىر كۈمۈش تەخسىگە سىزىلغان شەرقىي هونلارنىڭ (روشەنكى، كىدارىلارنىڭ) ھەربىي قورال-ياراغلىرىدىنمۇ ئۇلارنىڭ ئىرقىي مەنبەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كۈمۈش تەخسىدىن هونلارنىڭ قوراللىرى بىر دانە قوش قوللاپ تۇتىدىغان ئۇچلۇق شەمشەر بىلەن بىر يا ئىكەنلىكى، ئەمما، ئۇزەڭگە يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. هونلارنىڭ قورال-ياراغلىرىدىكى 1- ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئالاھىدىلىك ئۇلارنى كېيىنكى ئاۋارلار بىلەن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئاۋارلارنىڭ خاسلىقىقا ئىگە قورال-ياراغلىرى ئەگمە شەمشەر بىلەن ئۇزەڭگىدىن ئىبارەت. ئەمما، ئاۋارلار ئادەتتە موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ. مىنورىسكىنىڭ قارىشىچە، ئىراندىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خالاجلار بىلەن ئافغانىستاندىكى پۇشتۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان غىلزائىلار (ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىر خاتىرىلىرىدە "خالج" دەپ ئاتالغانلار بىلەن بىر مىللەت بولسا كېرەك) ئېفتالىتلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. بۇ خىل قاراش

دەمالىلىقىقا ئۆزئارا زىددىيەتلىكتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما، بىز بۇ قاراشقا پايدىلىق كۆپلىگەن ئۇششاق دەلىللەرنى بايقىيالايمىز. بۇ دەلىللەر ئافغانىستاندىكى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھازىر تىللىرىدا تۈركىي تىللارنىڭ ئېلېمېنتلىرى بار غىلزائىسلار ئولتۇراقلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىزنىڭ شۇنداق دېيىشكە تولۇق ئاساسىمىز باركى، ئىراندىكى خالاجلار بىلەن ئالاقىسى بولغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوخشاش بىر نام بىلەم ئاتالغان بىر بۆلەك تۈركلەر ئافغانىستان رايونلىرىدىكى ئېفتالىتلار ئارىسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئۇلار كېيىن سان جەھەتتە مۇتلەق كۆپ بولغان پۇشتۇ تىللىق قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىنىپ كەتكەن. پۇشتۇ تىللىق بۇ قەبىلىلەر شەرقىي ئىراندىن كەلگەن. خالاجلار بىلەن باغلىنىشى بولغان بۇ تۈركلەر ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلار مۇشۇنىڭدىن پەيدا بولغان قەبىلىلەر ئارىلاشمىسىغا «خالج» دېگەن نامنى قالدۇرغان. بىر تاجاۋۇزچى قەبىلىنىڭ ئۆز تىلىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئەسلىي يەرلىك مىللەتنىڭ تىلىنى قوبۇل قىلىشى ئافغانىستاندا پەقەت كۆرۈلۈپ باقمىغان ھادىسىمۇ ئەمەس. مەسىلەن: ئافغانىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھازارا موڭغۇللىرىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشىنىڭ موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پارس تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ئېفتالىتلار ئىرق ۋە تىل جەھەتتە زادى قايسى مىللەت بىلەن يېقىن كېلىدۇ؟ دېگەن بۇ مەسىلىگە دائىر دەلىل-ئىسپاتلار تېخى يېتەرسىز بولغاچقا، نۆۋەتتە بۇ ھەقتە خۇلاسە چىقىرىشقا تېخى بالدۇر بولسىمۇ، ئەمما مىنورىسكىنىڭ نەزەرىيىسى يېتەرلىك

دىققەتنى تارتىشى كېرەك.

كۆپلىگەن شەرقىي هون قەبىلىلىرى باكتىرىيە ۋە هازىرقى ئافغانىستاننىڭ باشقا رايونلىرىغا هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا موڭغۇلىيەدىكى يايلاق مىللەتلىرى ئارىسىدىمۇ زور دەرىجىدە خاندانلىق ئالمىشىش يۈز بېرىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، دەل موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدىكى مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر ئاخىرى بېرىپ ئېفتالىت ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەب بولدى. سىيانپىلار شىمالىي هونلارنى ئورخۇن دەرياسى بىلەن مىنۇسىنسكى رايونىدىن باكتىرىيىگە قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرى موڭغۇل يايلىقىغا بىر مەھەل هۆكۈمرانلىق قىلدى. بىراق، مىلادىيە VI ئەسىرگە كەلگەندە، «جۇرجانلار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبىلە موڭغۇل يايلىقىدا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. جۇرجانلار كېيىنچە «ئاۋارلار» دېگەن نام بىلەن ياۋروپادا پەيدا بولغان قەبىلە بولۇشى مۇمكىن. مىلادىيە 560-يىلدىن كېيىن ئاۋارلار ۋېنگرىيە يايلىقىغا كەلدى. ئاۋارلارنىڭ مەيلى موڭغۇل يايلىقىدىكى ئەھۋالى ھەققىدە بولسۇن ياكى ئۇلار ۋېنگرىيىگە بېرىپ ماكانلاشقاندىن كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە بولسۇن، بىزنىڭ ئاۋار خاندانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتىمۇ ئاز. ئەمما تارىخشۇناسلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاۋار مىللىتى كۈچلۈك بىر قىزىقىش ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب دەل شۇ ئاۋارلار ياۋروپاغا ئات ئۈستىدىكى جەڭنىڭ ئىككى مۇھىم قورالى — ئۈزەڭگە بىلەن شەمشەرنى تارقاتقانلىقىدى⑪. مىلادىيە V ئەسىردە جۇڭگو بىلەن يايلاق ئارىسىدىكى رايونلاردا ئۈزەڭگە بىلەن ئەگرى چەۋەنداز شەمشىرى كەشپ قىلىندى. بۇ ئىككى خىل كەشپىيات ئاۋارلار ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا ۋىزانتىيە تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى. ئۈزەڭگىدەك ئاددىيتىكى بىر

جابدۇق پۇتۇن رىمدىكى قەدىمكى مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئاڭلاپ باقمىغان ئىش بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا ساسانى پارسلىرىغا ئوخشاش ئات مىنىش، ئات بېقىشقا ئادەتلەنگەنلەرنىڭمۇ ئۇزەڭگىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدەك پاكىت ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، ئەمەلىيەت ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولغانىدى.

تۈركلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۈللىنىشى نەتىجىسىدە جۇرجان خانىدانلىقى موڭغۇل يايلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. مۇشۇ جەرياندا تۈركلەر تارىخ سەھنىسىگە چىقىشقا باشلىدى. مىلادىيە 552-يىلىغا كەلگەندە جۇرجانلار پۈتۈنلەي ھالاك بولدى. تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچى قاغانى خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللاردا تۇمەن (تۈركچە ئويما يېزىقلاردا «بۇمىن Bumin» دېيىلگەن) دەپ ئاتالغان سەردار ئىدى. تۈرك قاغانىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى كۇچانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاق تاغ (Aq Dagh) دا ئىدى، ئەمما، تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە تاكى ئامۇ دەرياسى ۋە كاسپىي دېڭىزىغا باراتتى. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈرك قاغانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ئەمەلىيەتتە بۇمىن قاغانىنىڭ ئىنىسى ئىستەمىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئىستەمى دېگەن بۇ كىشى غەرب تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى Sinjibu (Silzibul) بىلەن بىر ئادەم . ئىستەمى بىلەن ئىراننىڭ پادىشاھى خۇسراۋ I ئىتتىپاق تۈزدى. تۈركلەر بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى جۇرجان ئىمپېرىيىسىنى گۇمران قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، تۈرك ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدا ئورتاق چېگرا ھاسىل قىلدى. ئىستەمى مىلادىيە 576-يىلى ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن، تۈركلەر سوغدىياناغا بولغان كۈچلۈك تەسىرىنى يەنىلا ساقلاپ قالدى، ھەتتا شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقلىرى ئايرىم-ئايرىم

هالدا مىلادىيە 630-يىلى ۋە 659-يىلى نامدا جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغاندىن كېيىنمۇ ئەھۋال يەنىلا شۇنداق بولدى.
مىلادىيە 682-يىلى تۈركلەر موڭغۇلىيىدە يېڭى بىر شەرقىي (كۆك) تۈرك خانلىقىنى قۇردى. شەرقىي تۈرك خانلىقى بىزگە ئورخۇن ۋادىسىدىكى رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىنى قالدۇرغان بولۇپ ⑫، سىنور بۇ ئابىدىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. تۈرك ئابىدىسىدە ئېلتېرىش قاغان (681—689) نىڭ ئوغۇزلارنى قانداق يېڭىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بېسىپ كىرگەنلىكى، تىنچ ئوكيان بويلىرىغا بارغانلىقى قاتارلىق ئىش-ئىزلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئېلتېرىش قاغاننىڭ ۋارىسى بەگچۇر قاغان بولۇپ، ئۇ غەربتە خاككاس ۋە تۈركەش قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، سوغدىياننىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىغا يېتىپ باردى. ئەمما 3-قاغان بىلگە قاغان (716—734) نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە كەلگەندە ئوغۇزلار ئاسىيلىق قىلىپ تاڭ سۇلالىسى زېمىنىغا قېچىپ باردى. بىلگە قاغان گەرچە جان تىكىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، ئاخىرقى ھېسابتا شەرقىي تۈركلەرنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتقۇزالمىدى.
مىلادىيە 699 -يىلدىن 711 -يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەسلىدىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ پۈتكۈل زېمىنى گۈللەنگەن شەرقىي تۈركلەر زېمىنىغا قوشۇۋېلىندى. شەرقىي تۈركلەر زاۋال تاپقاندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ تۈركەش قەبىلىسى گۈللىنىشكە باشلىدى. تۈركەش سەردارى سۇلۇ، ئەرەب قوماندانى قۇتەيبەنىڭ ئىزباسارىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئەرەبلەر بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلدى. مۇشۇ ۋاقىتلاردىن تارتىپ، سوغدىيانىدىكى ئەرەب ئىستېلاچىلىرىنىڭ دەۋرى باشلاندى. شۇندىن كېيىن سوغدىيانا «ماۋرائۇننەھر» (Mawarannahr) دېگەن ئەرەبچە نام بىلەن ئاتالدى. مىلادىيە 651 -يىلىدىلا ئەرەب قوشۇنلىرى ئىراننى ئىشغال

قىلىپ، قېچىپ كەتكەن ساسانىلار پادىشاھى يەزدەگىرد Ⅲ (651—632) نى مەرۋىگە قوغلاپ كەلدى. يەزدەگىرد Ⅲ مەرۋىدە قاتىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. نەچچە يىل ئۆتمەيلا ئەرەبلەر ئۆز ئىستىلاسىنىڭ تازا ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەرەب قوشۇنلىرى ئامۇ دەريا بويىدا توختاپ، تۈركلەر بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تالىشىشقا مەجبۇر بولدى.

تۈركلەر ئەرەبلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىۋاتقان چاغدا، موڭغۇل يايلىقىدىكى تۈرك زېمىنلىرىنىڭ شەرقىي ئۇچىدا مەدەنىيەت جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تەسىرگە ئىگە تۈرك ھاكىمىيىتى — ئۇيغۇر خانلىقى مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇرلار قارلۇق، باسمىل ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر بىرلىكتە شەرقىي تۈرك ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ھەمدە مىلادىيە 744-يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ، ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى ئوردۇبالىقنى خانلىقنىڭ پايتەختى قىلدى. ئوردۇبالىق تاكى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە، «قارابالغاسۇن» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. بۇ جاي ئۈچ خىل يېزىقتىكى ئۈچ خىل تىل بىرلەشتۈرۈلگەن مەڭگۇ تاشلارنىڭ تېپىلغانلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. تۆۋەندە بىز مۇشۇ ئابىدە ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز. خامىلتوننىڭ تەتقىقاتى بىزنى ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ يىلنامىسى بىلەن تەمىن ئەتتى⑬. ئەمما، ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ناملىرى مەسىلىسى خېلىلا مۇرەككەپ مەسىلىدۇر. چۈنكى، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى بىز خەنزۇچە يېزىلىشى بويىچە بىلىمىز. بىزنىڭ خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن بىلگىنىمىز ياكى ئەسلىگە قايتۇرۇلغان تۈركچە ئىسىملار قېلىپلاشقان ناملاردىنلا ئىبارەت، خالاس. مەسىلەن: خامىلتون جەدۋەلدە كۆرسەتكەن 1-قاغاننىڭ نامى

خەنزۇچە «گۇلىپىيلو» دەپ يېزىلغان، تۈركىي تىلىنىڭ ئۆزىدە بولسا Qutlugbilgä kül qaghan (قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان، مەنىسى: ھەيۋەتلىك ۋە شەۋكەتلىك دانا قاغان ئالىيلىرى).

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىدىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت ھادىسىسى— مىلادىيە 762-يىلى 3-ئۇيغۇر ھوكۇمرانىنىڭ مانى دىنىغا كىرگەنلىكى بولدى. بۇ ۋەقە قارا بالغاسۇندىكى ئۈچ خىل تىل بىللە ئويۇلغان ئابىدىدە خاتىرىلەنگەن. ئۈچ خىل تىل بىرلەشتۈرۈلگەن ئابىدە خەنزۇچە، سوغدىچە، تۈركچە ئۈچ خىل يېزىقتا ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەقەت خەنزۇ يېزىقىسىدىكىلا مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. ناھايىتىمۇ روشەنكى، ئۇيغۇرلار يېپەك يولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان لوياڭنى ئىشغال قىلىش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر قاغانى بىلەن مانى دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى ئۇچراشقان. مىلادىيە 694-يىلدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە مانى دىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ پائالىيىتى باشلانغانىدى. مانى دىنى بىر خىل ئارىلاشما دىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىدە زەردۇشت دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى قاتارلىق ھەر خىل دىنلارنىڭ تەركىبلىرى بار ئىدى. ساسانىلار ئىمپېرىيىسى ئىراندا پەيدا بولۇپ ۋە گۈللىنىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، مانى دىنىنىڭ ئاساسچىسى مانى مېسوپوتامىيەدە مانى دىنىنى ياراتتى. مانى دىنىنىڭ بارلىققا كەلگەن كونكرېت ۋاقتى مىلادىيە 244-يىلىدۇر. دىن تارقاتقۇچى مار ئاممونىڭ باشچىلىقىدا بۇ يېڭى دىن دەسلەپ خۇراسان بىلەن سوغدىياناغا كىردى. مانى دىنى تەشكىلاتلىرى ساسانىلار تۈپرىقىدا كۈنسېرى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ (كېيىن خەلىپە ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش زىيانكەشلىك ۋەقەسى يەنە يۈز بەرگەن)، مانى دىنى مۇخلىسلىرى (شۇبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىرى سوغدىلار ۋە

سودىگەرلەر ئىدى) بەس-بەس بىلەن جۇڭگوغا بارىدىغان يولنى بويلاپ شەرققە سۈرۈلدى.

مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، مانى دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق چوڭ ۋەقەلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر هازىر ساقلىنىۋاتقان مانى دىنى دەستۇرلىرىدا قالغان. مانى دىنىنىڭ بۇ دەستۇرلىرى ناھايىتى ئاز ئادەم بىلىدىغان تىللاردا، جۇملىدىن پارفىيە تىلى، سوغدى تىلى ۋە پەھلەۋى تىلىدا يېزىلغان. هازىر ساقلىنىۋاتقان مانى دىنى دەستۇرلىرى پەھلەۋى تىلىدىكى «Shaburagan» («شاپۇرنامە») نىڭ پارچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتابنىڭ پارچىلىرىدا مانىنىڭ ساسانىيلار پادىشاھى شاپۇر I گە ئۆز ئېتىقادىنى چۈشەندۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. پەھلەۋى تىلىدىكى پارچىلاردىن باشقا، بۇ كىتابنىڭ باش قىسمىنى ئەرەب سالنامىچىسى ئەل بىرۇنى ساقلاپ قالغان⑭.

"خۇدانىڭ ئەلچىلىرى ئەقىل-پاراسەت ۋە ئەزگۇ قىلىقلارنى بىر-بىرلەپ ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلدى. ئالەم بىنا بولغانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ساكيامۇنى ئىسىملىك ئەلچى ئۇنى ھىندىستانغا ئېلىپ كەلدى. يەنە بىر دەۋرگە كەلگەندە زاروئاستىر ئۇنى پارسلارغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرگە كەلگەندە، يەھۇۋە ئۇنى غەربكە ئېلىپ كەلدى. هازىر ۋەھىي يەنە بىر قېتىم چۈشتى، ئاخىر زاماننىڭ بېشارەتچىسى مەن — خۇدانىڭ خالىغان ئەلچىسى — ئارقىلىق مانى بابىلونىيىگە ئېلىپ كېلىندى".

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مۇھىم پارچە Kavan ياكى «ئۇلۇغلار كىتابى» دىمۇ مانى دىنىنىڭ باشقا بىر ئەسىرى ساقلىنىپ قالغان. مانى دىنى ئىدىيە جەھەتتە خەتتاتلىقنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن بولۇپ، بۇ نۇقتا مانى دىنى ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىشىدا تەبىئىي هالدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇندىن باشقا، ئۇلار مانى دىنى سەنئىتىدە

قولىيازمىلارنىڭ مۇقاۋىلىنىشى ۋە رەسىملەر بىلەن بېزىلىشىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بۇمۇ مانى دىنىنىڭ تارقىلىشىغا پايدىلىق ئىدى.

3. ئۇيغۇر قاغانى مانى دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، پارسچە « Zahagi - Mani » (مانىنىڭ پەيغەمبەر ئوغلى) دېگەن ئاتاقنى قوبۇل قىلدى. مانى دىنى دەسلەپتە ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ دىنى ئىدى، ئۇيغۇر قاغانىنىڭ مانى دىنىغا كىرىشى بىلەن مانى دىنى تۇنجى قېتىم بىر قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن مانى دىنى ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىپ، تەدرىجىي گۈللىنىشكە قاراپ ماڭدى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئېيتساق، ئۇلار مانى دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ خىل يېڭى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىر قەدەر مەدەنىيەتلىك ماۋرائۇننەھر رايونى ۋە ئىران مەدەنىيىتىگە يېقىنلىشىدىغان يولغا ئىگە قىلدى. ئابىدىدە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك بايان بار:

"گۆش يەپ قان ئىچىشتەك ئادەتلەردىن كۆكتات ۋە تاماق يەيدىغان يۇرتقا ئايلاندى. بۇلاڭ-تالاڭ، قىرغىن قىلىشلاردىن ساخاۋەت ئېلىگە ئۆزگەردى".

1. ئۇيغۇر خانلىقى تاكى مىلادىيە 840-يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ۋاقىتلاردا يېنىسەي دەرياسى بويلىرىدا خاكاس (قىرغىز) قەبىلىسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. خاكاسلار ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ زەربىسىدە ئون ئۈچ ئاساسلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى چۆچۈگەن قۇش كەبى تەرەپ تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. بىر قىسىم قەبىلىلەر غەربىي جەنۇب تەرەپكە كۆچۈپ، تارىم ئويمانلىقىدا ھاكىمىيەت تىكلەپ، ئاستا-ئاستا بۇ يەردىكى ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى مىللەت — بولۇپمۇ

”توخارى“ دېيىلگەنلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. كېيىنچە بۇ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق مەركەز دۇنخۇاڭنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى گەنجۇ ۋە تۇرپان بوستانلىقىدىكى قوچۇ (ئىدىقۇت) بولدى. قوچۇدىن كۆپلىگەن يازما يادىكارلىقلار بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر، مانى دىنىغا دائىر يازمىلار ھەم سۇرىيە يېزىقىدىكى قوليازمىلارمۇ بار. بۇلاردا مانى دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ ئەھۋالى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ كۆپىنچىسى قەرەللىك ژۇرناللاردىكى ماقالىلاردا تارقاق ھالدا ئېلان قىلىندى.

بىز ئۇلاردىن كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىدىكى مۇرەككەپ مەدەنىي تۇرمۇشقا ئائىت بىر قىسىم مەلۇماتلارنى بىلەلەيمىز. بۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پەيدا بولغان ۋە گۈللەنگەنگە قەدەر داۋاملىشىپ، ئەڭ ئاخىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى. ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان ئۆزىگە خاس يازما ئەسەرلەر ۋە رىۋايەتلەرنىڭ قوليازمىلىرىنى قالدۇردى. ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئىمپېرىيىسى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ھەم كېيىنچە ”ئىدىقۇت“ دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئالىي ئۇيغۇر ھۆكۈمرانى ھەققىدىكى رىۋايەت، ھەتتا ئادەمدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدىغان قارا بالغاسۇن ئويما يېزىقى قاتارلىق بۇ ماتېرىياللار جۇۋەينى چىڭگىزخاننىڭ تارىخىنى يازغاندا («تارىخى جاھان گۇشاي» — دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى) پايدىلاندى.

جۇۋەينى بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلانغاندا، بەزى يەرلىرىنى سەل بۇرمىلىۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**ئىزاھلار:**


① ت.ۋاتتېرس: «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»، 1-توم، 124-بەت.

② گوئېجى: «ئەل تەبەرى تارىخى»، 819-بەت.

③ ئې.ھونىگمان ۋە ئا.مارىك: «گېستايلار ھەققىدە تەتقىقات».

④ ئى.ھېرزفېلد: «كۇشان-سانى پۇللىرى»، كالكۇتتا، 1930-يىل نەشرى.

⑤ «ئاۋگۇستا تارىخى. كارۇسنىڭ تەرجىمالى».

⑥ بۇ مەسىلىنى ھېننىڭ پېرىسىيىنىڭ پارس پەھلەۋى تىلىدىكى ئويما يېزىق ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ ئويما يېزىقنىڭ ئويۇلغان ۋاقتىنى بۇرۇن ئېيتىلغاندەك شاپۇرنىڭ 48-يىلى ئەمەس، بەلكى 18-يىلى دەپ تونۇدى.

⑦ گ.فرۇمكىننىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيىسى»نىڭ 4-قىسمى «تاجىكىستان»غا قارالسۇن.

⑧ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى Istemi (ئىستەمى).

⑨ د.ك.ساركار: «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۈچ ئويما يېزىق».

⑩ ۋ.مىنورسكى: «خالاج تۈركلىرىنىڭ دىئالېكتلىرى»، «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئاخباراتى»، 1940-يىللىق 10-سان، 417-بەتتىن 437-بەتكىچە.

⑪ ئۆزەڭگە توغرىسىدا ئا.د.ھ.بىۋارنىڭ «ئۆزەڭگە ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑫ تومسېن بۇ ئابىدە ئۈستىدە يول ئېچىش خاراكتېرىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ۋ. تومسېننىڭ «ئورخون ۋادىسىدىكى ئابىدىگە ئىسپاتلىق چۈشەندۈرمە» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن، 1896-يىل نەشرى، 5-توم، 1-بەتتىن 224-بەتكىچە.

⑬ ج.ر.خاملتون: «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخ ماتېرىياللىرى»، 139-بەت.

⑭ ئەل بىرۇنى: «قەدىمكى زامان مىللەتلىرىنىڭ يىل جەدۋىلى»، 190-بەت.

# IV باب ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستىپلاسىنى ئوغۇشلۇق، ئىلگىرىلىگەن، مۇرەككەپ ئىستراتېگىيىلىك جەريان دېيىشىمىزنىڭ بىر سەۋەبى شۇ قىتىملىق تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ئاخىرقى قوشۇلۇش نۇقتىسى بىر بولغان لىنىيە بويىدا ئىككى يۆنىلىش بويىچە تەڭلا ئورۇنلانغانلىقى بولدى. ھىجرىيە 21-يىلى، مىلادىيە 642-يىلى نىھاۋەندتىكى جەڭدە ئەرەبلەر پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنىنى تېرە-پېرەڭ قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن پارسلارنىڭ تەشكىللىك ئاساستىكى قارشىلىقى ئاخىرلاشتى. ساسانىلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى يەزدەگىرد III قاچقۇنغا ئايلاندى. يەرلىك ھۆكۈمرانلار تارقاق قارشىلىشىنى تەشەببۇس قىلىشقان بولسىمۇ، ئۈنۈمى ئانچە زور بولمىدى. ھىجرىيە 29-يىلى، مىلادىيە 649-يىلى كۇفە ۋالىيسى سەئىد بىننى ئاسىنىڭ قوشۇنى ھەمەدان ۋە رەيدىن ئاتلىنىپ شىمالىي قىسىمدىكى يولنى بويلاپ جۇرجان، خۇراسانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. دەل شۇ ۋاقىتلاردا ئەرەبلەرنىڭ بەسرەدىكى ۋالىيسى ئابدۇللا بىننى ئەمىر خارس ۋە كىرمان ئارقىلىق تەبەسىن ئويمانلىقى، نىشاپۇر ۋە مەرۋىلەرگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. تارىخشۇناس ئەل-بەلەزۇرىنىڭ ئىسلام بويسۇندۇرغۇچىلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى ئەسىرىدە بۇ ۋەقەلەر ئۈستىدە قىسقىچىلا بايان قىلىنغان بولۇپ①، مۇنداق بىر ھېكايەت نەقىل قىلىنغان: تۆستىكى پارس ئەمەلدارى (Marzban) يۇقىرىدا

تىلغا ئېلىنغان ئىككى ۋالىينىڭ ھەربىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم مەكتۇپ يوللاپ، تۇسقا قايسىسى بۇرۇن يېتىپ كەلسە، بۇ ئۆلكە شۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ماڭغان يول ئېگىش قىيىن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ يۈرۈش سۈرئىتى تېز بولغاچقا، بۇ رىقابەتتە ئۇ غەلىبە قازىنىپ تۇس ئۆلكىسىنى ئىگىلىگەن. خۇراسان رايونىدىكى چوڭ شەھەرلەردىن سەرەخس، تۇس، ھېرات، مەرۋى قاتارلىقلار تېز ئارىدىلا تاجاۋۇزچىلارغا تەسلىم بولغان. سەرەخسنى ئىشغال قىلىش جېڭىدە بولغۇسى ۋالىي ئابدۇللا ئىبنى كازىم زور تۆھپە كۆرسەتكەن. رابى ئىبنى زىياد باشلاپ ماڭغان يەنە بىر تارماق قوشۇن كىرماندىن يولغا چىقىپ، سىستاننى بوي سۇندۇرۇشقا ئاتلانغان. رابىمۇ ئۆز بۇرچىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلغان. ئەمما، ئەھنەف ئىبنى قەيس قوماندانلىقىدىكى ئالدىن يۈرەر قىسىم ھېراتنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا كەلگەندە مۇرغاب دەرياسىغا يېقىن يەردە قاتتىق قارشىلىققا دۇچ كەلگەن. ئەھنەف شىددەتلىك جەڭلەردىن كېيىن شۇ يەردىكى بازارنى ئىشغال قىلىپ، بەلىخكە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

خەلىپە ئەلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە (ھىجرىيە 35-يىلدىن 40-يىللىغىچە، مىلادىيە 656-يىلدىن 661-يىلغىچە) ئەرەب ئىمپېرىيىسىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شۇ قېتىملىق توپىلاڭ نەتىجىسىدە ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر خۇراساندىن چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەرنىڭ خۇراسانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئاجىزلاپ قالدى. ئەمما، مۇئاۋىيە خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئابدۇللا يەنە بەسرەگە قايتىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر يەنە خۇراساننى كونترول قىلدى. ۋەھالەنكى، ئابدۇللا ئۆزى زىيادە كەڭ قوللۇقى تۈپەيلىدىن ھىجرىيە 44-يىلى، مىلادىيە 664-يىلى ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ

ئورنىغا زىياد بىننى ئابى سۇفىيان بەسرەگە ۋالىيلىققا تەيىنلەندى. ئۇ ئالدى بىلەن خۇراسان ئۆلكىسىنى تۆت قىسمىغا بۆلدى، بۇ تۆت قىسىم نىشاپۇر، بەلىخ، مەرۋرۇد(مۇرغاب دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان) ۋە ھىراتتىن ئىبارەت. ئەمما، زىيادنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللا بىننى زىياد ھىجرىيە 54-يىلى، مىلادىيە 674-يىلى خۇراساننىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئەرەبلەر ئاندىن قايتا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى، بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزدا ئەرەب قوشۇنلىرى ئوكسۇس (ئامۇ) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇخارا ھۆكۈمرانىنى مەغلۇپ قىلدى.

ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەنلىكىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرىدە ئەرەبلەرگە قارشى تۇرۇپ بۇخارانى قوغداشتا ئاساسىي رول ئوينىغۇچى شەخس «خاتۇن» (Khatun) لەقەملىك بىر تۈرك خانىشى دېيىلگەن. بۇ خىل قاراش ئادەتتە بىرخىل رىۋايەت ھېسابلىنىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، كېيىنكى خۇراسان ۋالىيلىرى، بولۇپمۇ زىيادنىڭ يەنە بىر ئوغلى سەلىم داۋاملىق ھالدا ئوكسۇس (ئامۇ) دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا بېسىپ كىردى. سەلىم ھىجرىيە 61-يىلى، مىلادىيە 681-يىلى خۇراسان ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ ناھايىتىمۇ ئۇتۇقلۇق ھالدا ئۇرۇش قوزغاپ، خارەزىملىكلەرنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇندىن كېيىن سەلىم سەمەرقەندكە بېسىپ كىردى. ئۇنىڭ خوتۇنى— ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ ئوكسۇس (ئامۇ) دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشىگە قاتناشقان تۇنجى ئەرەب ئايالى سەمەرقەندتە بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇلار ئوغلىغا "سوغدى" (al—Soghdi يەنى سوغدىيانا) دەپ ئىسىم قويدى.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي زېمىنلىرىدا ئەرەب ۋالىيلىرىنىڭ ئورنى يەنىلا خەلىپىلىك ھاكىمىيىتىنىڭ يىراقتىكى بولغان رايوندا يۈز

بەرگەن ئىسيانلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتاتتى. بۇ ئىسيانلار ھىجرىيە 64-يىلى، مىلادىيە 683-يىلىدىن ھىجرىيە 73-يىلى، مىلادىيە 692-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن خەلىپىگە قارشى ئابدۇللا ىبنى زۇبەيىر كۈچلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. خەلىپىلىك ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش تۈپەيلىدىن خۇراسانغا كىرگەن ئەرەب قەبىلىلىرىمۇ مەزھەپچىلىك كۈرىشى بىلەن بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا سەلىم ئۆز ئورنىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئابدۇللا ىبنى كازىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئابدۇللا ىبنى كازىم بولسا زۇبەيىرنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن ئىدى. تاكى ھىجرىيە 72-يىلى، مىلادىيە 691-يىلىدىكى بىر قېتىملىق ماجىرادا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر، ئابدۇللا ىبنى كازىم ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ھۆكۈمران سۈپىتىدە خۇراسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كازىمنىڭ ئوغلى مۇسا ىبنى ئابدۇللا ىبنى كازىممۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى تىرمىز (Tirmiz) قەلئەسىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇ يەرنى ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلدى. تاكى ھىجرىيە 85-يىلى، مىلادىيە 704-يىلىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە ئۆلگەنگە قەدەر، مۇسا ئىزچىل مۇستەقىللىقنى ساقلاپ كەلدى، ئۇ ئۇمەييەد خانىدانلىقىنىڭ سەردارلىرىغىمۇ، تۈرك ۋە سوغدى سەردارلىرىغىمۇ قارشى تۇردى.

خۇراسان ۋالىيلىرىنىڭ بۆلۈنۈپ مۇستەقىل بولۇۋېلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلۇغ خەلىپە ھەججاج ئۇمەييەد خانىدانلىقىنىڭ خەلىپىسى ئابدۇل مالىكقا ۋاكالىتەن ئىراقتا ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ھىجرىيە 78-يىلى، مىلادىيە 697-يىلى ھەججاج ئاتاقلىق قوماندان مۇھەللەب ىبنى ئەبى سۇفرەنى خۇراسانغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى. مۇھەللەب ئەرەبلەرنى قايتىدىن ئوكسۇس دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى

رايونلاردا ئۇرۇش قىلىشقا تەشكىللەپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئۇزۇندىن بېرى ئىستاقسىزلىق ۋەزىيىتىدە تۇرغان ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ كۆچىنى بىر نىشانغا قاراتماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھرى سەبىز (Shahrisabz) بىلەن ناخشاب (NaKhshab) كە بېسىپ كىردى. بىراق، قايتىش سەپىرىدە مۇھەللەب كۆكرەك پەردىسى ياللۇقىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ھىجرىيە 82-يىلى، مىلادىيە 701-يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى يەزىد بىننى مۇھەللەب ۋارىسلىق قىلدى. يەزىد ناھايىتىمۇ بەتخەج، قەبىھ ۋە شەھۋەتپەرەس ئىدى. يېقىندا بايقالغان ئەرەب ـ ساسانى پۇللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يەزىد خوجگان رايونىدا جان بېجى ئالغان، پۇلدا ئۇنىڭ پورتېرىتىمۇ ئېنىق ساقلىنىپ قالغان②. كېيىن يەزىد جەنۇبقا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھەججاجقا ۋاكالىتەن توپىلاڭچىلارنى باستۇردى. بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى ئابدۇل راھمان بىننى مۇھەممەد بىننى ئاشات قوزغىغان بولۇپ، ئاشات ھەججاج بەسرەدىن سىستانغا ئەۋەتكەن، قورال-ياراغلىرى خىل «توز قوشۇن» نىڭ قوماندانى ئىدى. بىراق، كېيىن ئاشات ھەججاج بىلەن ئارازلىشىپ قېلىپ، لەشكەر تارتىپ ھەججاجقا قارشى چىققى.

ۋاھالەنكى، ھىجرىيە 85-يىلى، مىلادىيە 704-يىلى ھەججاج يەزىدنى ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاۋال يەزىدنىڭ ئىنىسى مۇفەددەل بىننى مۇھەللەبنى خۇراسان ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. لېكىن، نەچچە ئاي ئۆتمەيلا يەنە مەشھۇر قۇتەيبە بىننى مۇسلىمنى مۇفەددەلنىڭ ئورنىغا قويدى. شۇندىن كېيىنكى بىر قاتار شىددەتلىك جەڭلەردە ئوكسۇس دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمى ئەرەبلەرنىڭ يۇتۇۋېلىش نىشانىغا ئايلاندى، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قۇتەيبە مەسئۇل ئىدى. قۇتەيبە بۇخارا بىلەن

سەمەرقەندنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى شاش(تاشكەنت) تە بىر بازا قۇردى ھەم شىمالغا تېخمۇ ئىچكىرىلەپ، ئىراق ئىسفىجاب شەھىرىگىچە باردى. بۇ ۋاقىتتا قۇتەيبەنىڭ ئىنىسى ئابدۇل راھمان خارەزىم خانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ خارەزىمنى قارام ئەل قىلدى. ھىجرىيە 96-يىلى، مىلادىيە 715-يىلى قۇتەيبەنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى سۇلايماننىڭ خەلىپە بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە قۇتەيبە تېخى فەرغانىدە جەڭ قىلىۋاتاتتى. قۇتەيبە يېڭى ھۆكۈمرانغا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىشتىن باش تارتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قوشۇنىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. توپىلاڭچىلار قوماندان قۇتەيبەنىڭ بارگاھىغا باستۇرۇپ كىرىپ، قۇتەيبە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ۋەھشىيانە ئۆلتۈردى. شۇ قېتىمقى توپىلاڭدا پەقەت قۇتەيبەنىڭ ياساۋۇللىرىلا ئۇنىڭغا سادىق بولدى. بۇ ياساۋۇللارنىڭ ھەممىسى سوغدىلارنىڭ تۇرغاقلىرى ئىدى.

قۇتەيبەنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ماۋرا ئۇننەھىردىكى تەسىر كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. قۇتەيبە ھەججاجنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، مۇشۇنداق ئالاھىدە ئۇستۇنلۈككە ئىگە بولالىغانىدى. قۇتەيبەنىڭ ئورنىغا چىققانلار بۇنداق قوللاشقا كەمدىن-كەم ئېرىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قوللاشقا ئېرىشكۆدەك سالاھىيىتى يوق ئىدى. خۇراساندىكى ئەرەبلەر ئارىسىدا مەزھەپچىلىك كۈرىشى ئەۋج ئالغانىدى. كېيىن خۇراساننىڭ ئۆزىدىكى ھەر خىل مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەردىن سىرت، يەنە ئۇمەييەد خەلىپىلىكىنى ئاغدۇرۇش پېيىدە بولۇۋاتقان «ئاباس جاسۇسلىرى» نىڭ مەخپىي تەشۋىقاتلىرى پەيدا بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ

جەھەتتىن ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان تاجاۋۇزىنى ئاجىزلاشتۇردى. ئەمما، ئەرەبلەرنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى تەسىر كۈچىنى ئاجىزلاتقان ئەڭ مۇھىم سەۋەب سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تۈركىي تۈركەش قەبىلىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئىدى. تۈركەشلەر ماۋرائۇننەھردىكى يەرلىك سوغدىلار قوماندانىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئەرەبلەرگە قارشى تۇردى. ھىجرىيە 106-يىلى، مىلادىيە 724-يىلى تۈركەشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ فەرغانىگە كىرىش يۈرۈشىنى ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ قىلدى. ئەرەبلەر جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق قايتىدىن سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، ئالدى-كەينىگە قارىماي قاچتى. ئەرەبلەرنىڭ قوشۇنى بۇ قېتىمقى جەڭدە ئىنتايىن قىينالغان بولغاچقا، بۇ قېتىملىق جەڭ «سۇسىز كۈنلەر» دەپ ئاتالدى③. شۇندىن كېيىنكى ئون نەچچە يىلدا ئەرەبلەر مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ۋاقىتلاردا ئەرەبلەر ۋە سوغدىيانا، تۇخارىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسىگە كۆپلەپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنى تۈركەشلەرگە بېسىم چۈشۈرۈشكە كۈندۈرۈشنى ئويلايتتى.

قۇتەيبە ئۆلگەندىن كېيىنكى بۇ مالىمانچىلىق مەزگىللىرىدىن تارتىپ مۇھىم بىر ھۆججەتلەر ئورىسى ساقلىنىپ كەلدى. ئورىدا ساقلانغان ھۆججەتلەرنىڭ كۆپى سوغدىچە ھۆججەتلەر ئىدى. بۇ ھۆججەتلەر زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى پەنجىكەنتنىڭ ھۆكۈمرانى ، سوغدى پادىشاھى دىۋاستىچنىڭ ئارخىپىدىن تەركىب تاپقانىدى. دىۋاستىچ ئەرەبلەرنىڭ جازا يۈرۈشىدىن قېچىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇغ تېغى (Mount Mugh)

دىكى قەلئەسىگە يوشۇرۇنۇۋالدى. لېكىن ئەرەبلەر ئاخىرى بۇ قەلئەنىمۇ ئالدى ۋە ھېچنېمىنى قويماي بۇلاپ كەتتى. دىۋاستىچنىڭ ئارخىپلىرى يېقىنقى يىللاردا مۇغ تېغىدىن بايقالدى. پەنجىكەنتنىڭ ئۆزىمۇ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان قېزىش نۇقتىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى پەنجىكەنت رايونىدىن بىر گۈرۈپپا مۇھىم قىيا تاش رەسىملىرىنى بايقىدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشلارغا قارىغاندا، بۇ قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ۋاقتى دەسلەپكى ئىسلامىيەت باسقۇچىغا ناھايىتىمۇ يېقىن كېلىدىكەن.

تۈركەشلەر بىلەن بولغان جەڭدە ئەرەبلەر، ئەمەلىيەتتە، ئوكسۇس دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بارلىق زېمىنلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. تۈركەش قاغانى سۇلۇ ھەتتا ئوكسۇس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغىچە تاجاۋۇز قىلىپ بارغانىدى. ئەمما، كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ۋالىيسى ئەسەد بىننى ئابدۇللا ئەل قەسرى سۇلۇ قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇلۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. سۇلۇنىڭ ئۆلۈمى تۈركەش ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپلا قالماي، يەنە تۈركەشلەرنىڭ ئەرەبلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەھدىتىنىمۇ يوقاتتى. ھىجرىيە 120-يىلى، مىلادىيە 737-يىلى ئەسەد ئالەمدىن ئۆتۈپ، ناسىر بىننى سايىيار ئەسەدنىڭ ئورنىغا چىقىپ ۋالىي بولدى. تۈركەشلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەن بولغاچقا، ناسىر تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولۇپ، خۇراسان ئۆلكىسىنى قايتا قۇردى.

ناسىر پاراسەتلىك ھەم ئېھتىياتچان ۋالىي ئىدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا خۇراساندىكى ئەرەبلەر ئارىسىدىكى مەزھەپچىلىك كۈرىشى يەنىلا كەسكىن بولغان بولسىمۇ، ناسىر يەنىلا خۇراسان

مەدەنىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. كىشىلەرنىڭ ناسىرغا بولغان ھۆرمىتى ئۇنىڭ يەھيا بىننى زايىددىنىڭ ئۆلۈمىدە ئوينىغان رولى تۈپەيلى سۇسلىنىشىپ كەتتى. يەھيا ئەلىنىڭ خەلىپە بولۇشىنى تەلەپ قىلغۇچىلاردىن بىرى، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى جانلانغان تەشۋىقات ھەرىكىتىنىڭ غوللۇق ئادىمى ئىدى. يەھيا بەلختە ئوتتۇرىغا چىققاندا، ناسىر يەھيانى قاماقتا ئېلىپ، ئۇنى پايتەختتە دەمەشىققە ئاپىرىشقا بۇيرىدى. لېكىن، يەھيا نىشاپۇر ئەتراپىدا قېچىپ كەتتى. ئۇ يەرلىك ھۆكۈمرانلار بىلەن كۆپ قېتىم كىچىك دائىرىدە جەڭ قىلغاندىن كېيىن، كىچىكرەك بىر قوشۇن تەشكىللەپ، ئەنبىر (ھازىرقى ئافغانىستاندىكى سارىپۇل ، Sar—i Pul )گە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ناسىر ئاتلىق تارماق قوشۇندىن بىرنى ئەۋەتىپ يەھيا بىلەن جەڭ قىلدى. كېيىنكى جەڭدە يەھيا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ جەسىتى سېپىل تېمى ئۈستىگە ئارتىپ قويۇلدى. ئاخىرىدا ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تەرىپىدىن دەپنە قىلىندى. يەھيانىڭ قەبرىسى كۆركەم بېزەلگەن سېلىگىد شېھىتلەر قەبرىستانلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرغا قەدەر كىشىلەرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ھىجرىيە 129-يىلى، مىلادىيە 747—748 يىللىرى ئاباسىلار سۇلالىسىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى ئەبۇ مۇسلىم (ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئابدۇل راھمان بىننى مۇسلىم) خۇراسانغا كەلدى. ئۇنىڭ سەپەرۋەرلىكى ناھايىتى تېزلا زور ئۇتۇققا ئېرىشتى. ئەبۇ مۇسلىم دېھقانلار (ئىراندىكى يەر ئىگىلىرى)نىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇمەييەد خانىدانلىقىغا قارشى كۈچلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. ئەرەب قوشۇنلىرى يەنىلا مەزھەپچىلىك قايىنمى ئىچىدە تۇرۇۋاتقاچقا، ناسىر بىننى

سايىيارنىڭ قارارگاھى مۇداپىئەسىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى، ناسىرنىڭ غەربكە چېكىنمەكتىن باشقا يولى قالمىدى. ناسىر چېكىنىش سەپىرىدە يولدا ئۆلدى.

ئەبۇ مۇسلىمنىڭ غەلىبىسى ئۇمەييە خانىدانلىقىنىڭ ماتەم سىگنالىنى چېلىش بىلەن بىللە، ئابباسىلار خانىدانلىقى تىكلەنگەنلىكىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى. ئەمما، غەربتە مانا شۇنداق زور ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، شەرقتىكى ئەرەبلەر بويسۇندۇرغان رايونلاردا يەنە يېڭى خەۋپ تۇغۇلدى. بۇ ۋاقىتتا قۇدرەتلىك تاڭ خانىدانلىقىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلارغا كىردى. شاشنىڭ ھۆكۈمرانى بويسۇنۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، تاڭ خاندانلىقى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قوماندانى زىياد بىننى سالىھ ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلدى ھەمدە بىر قېتىملىق جەڭدە تاڭ خاندانلىقى قوشۇنلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. بۇ جەڭ تاڭ خاندانلىقىنىڭ ماۋرائۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇرۇنۇشلىرىنى يوققا چىقاردى. ئەمما بۇ قېتىملىق جەڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر ئاقىۋەت پەيدا قىلدى، سەمەرقەنت خەلقى جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن ئەسىرلەردىن قەغەز ياساش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالدى. بۇ قەغەز مەھسۇلاتلىرى يېزىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ياۋروپاغا تارقىلىپ قوي تېرىسى ۋە ئۆسۈملۈك قەغىزىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

ھىجرىيە 138-يىلى، مىلادىيە 755-يىلى ئەبۇ مۇسلىم ئۆزىنىڭ ئابباسىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى - خەلىپە مەنسۇر تەرىپىدىن ئالداپ ئىراققا ئېلىپ كېلىندى، كېيىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. ئەمما، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ خۇراساندىكى تەسىرى ناھايىتىمۇ چوڭ بولۇپ، خۇراسانلىقلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس بىر

سىيماغا ئايلانغانىدى، ئۇ كېيىن پەيدا بولغان يات دىندىكىلەرنىڭ ئەسەبىي چوقۇنۇشى بىلەن باغلىنىشلىق هالدا ئەبۇ مۇسلىمنى ياد ئېتىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. بۇ خىل ئەسەبىي چوقۇنۇش بەزىدە ئاشكارا ئىسيان كۆتۈرۈش شەكلى بىلەن ئابباسىلار هاكىمىيىتىگە قارشىلىق بىلدۈرەتتى. بۇ قارشىلىق بىلدۈرۈش هەرىكىتىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك بولغان بىر قېتىملىقى هىجرىيە 160-يىلى، مىلادىيە 776-يىلىدىكى هاشىم ئىبنى هاكىم باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ بولدى. هاشىم "مۇقەننا" (al—Muqanna ، نىقاپلىق كىشى مەنىسىدە) دېگەن نام بىلەن تونۇلدى. هاشىم ئۆزىنى خۇدانىڭ نامايەندىسى دەپ ئاتاپ، ئۆزىنىڭ روهى بۇرۇن ئادەم، نۇھ، ئىبراهىم، مۇسا، ئەيسا، مۇهەممەد قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئەبۇ مۇسلىملارنىڭ ۋۇجۇدىدا بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى④. بۇ خاۋارىجلار (بۆلۈنۈپ چىققانلار) كېيىن ئابباسىلار خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن كىش ئەتراپىدىكى بىر قەلئەگە قاپسىۋېلىندى، ئاخىرى هەممىسى شۇ قەلئەدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

خەلىپە ئەلىنىڭ هۆكۈمرانلىق دەۋرىدىلا (هىجرىيە 35-يىلدىن 40-يىلغىچە، مىلادىيە 656-يىلدىن 661-يىلغىچە) ئوخشاش بولمىغان سىياسىي قاراشتىكى خارىجىتلار ئىسلام ئەسلىيەچىلىرىدىن ئايرىلىپ چىقتى. مۇقەننا قوزغىلىڭىنى كۆتىرىش بىلەن بىللە، خارىجىتلار داۋاملىق مۇستەقىللىقنى ساقلاپ، ئۆكتىچى هاكىمىيەت شەكلىدە مەركىزىي هاكىمىيەت بىلەن قارشىلاشتى. خارىجىتلارنىڭ ئابباسىلار خاندانلىقىغا بولغان قارشىلىقى ئۇمەييەد خاندانلىقىغا بولغان قارشىلىقىدىن قېلىشمايتتى؛ خارىجىتلار كۆپ قېتىم باستۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا باش ئەگمەي، داۋاملىق قارشىلاشتى. سىستان ۋە كىرمان

قاتارلىق ئۆلكىلەردە خارىجىتلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. ھىجرىيە 181-يىلى، مىلادىيە 797-يىلى خەلىپىگە قارشى چىققان خارىجىتلارنىڭ ئەزاسى ھەمزە بىننى ئابدۇللا (ئۇ يەنە Hamza b. atrak ياكى Hamza b.adhrak دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مەشھۇر ئەرىبابقا ئايلاندى. ھەمزە ھەتتا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئابباسىلار خانىدانلىقىنىڭ خەلىپىسى ھارۇن رەشىدنى مەنسىتمەسلىككە جۈرئەت قىلدى. ئەرەب تارىخچىلىرى ھەمزەنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئەمما، پارسچە «سىستان تارىخى» دا ھەمزەنىڭ تەۋەككۇلچىلىكلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ناھايىتىمۇ تەپسىلى بايان قىلىنغان، كىتابتا يەنە خارىجىتلار بىلەن خەلىپە ئوتتۇرىسىدىكى مەكتۇپلارنىڭ تولۇق تېكىستى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بۇ مەكتۇپلار ناھايىتىمۇ قايىل قىلارلىق⑤. ھەمزە گەرچە باندىتلارنىڭ ئاتامانى بولسىمۇ، ئەمما، ھەمزە باغدات خەلىپىلىك ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىگۈدەك مۇستەقىللىق تەلەپ قىلۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. شۇڭا، ھەمزە ھەققىدىكى قەھرىمانلىق قىسسىلىرى سىستاندا ناھايىتىمۇ كەڭ تارقالغان. كىشىلەر ئافغانىستاندىكى گەردىز شەھىرىنى ھەمزە بەرپا قىلغان، دەپ ئىشىنىدۇ. ۋاھالەنكى، ماددىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، ھەمزە سىستاننىڭ مەركىزى زەرەنجىنى ئىشغال قىلالمىدى. «سىستان تارىخى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، خەلىپە ھارۇن رەشىد ھىجرىيە 193-يىلى، مىلادىيە 809-يىلى ھەمزىنى باستۇرۇش سەپىرىدە تۇسقا يېقىن يەردە قازا قىلغان. خەلىپىنىڭ شۇ قېتىملىق يىراققا يۈرۈشىنىڭ يەنە بىر مەقسىتى، شۈبھىسىزكى، رافى بىننى لەيسنىڭ سەمەرقەنتتىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە خاتىمە بېرىش ئىدى. رافى خۇراساننىڭ بۇرۇنقى

ۋالىيسى ناسىر بىننى سايىيارنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ھىجرىيە 158-يىلى، مىلادىيە 810-يىلى مەئمۇننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە رافى بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما، ھەمزەنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدىكى بايان تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇچرىمايدۇ.

ھارۇن رەشىد ئۆلۈش ئالدىدا خەلىپىلىكنى ئىككى ئوغلى ئەمىن ۋە مەئمۇنگە بۆلۈپ بەردى. ئەمىن ئىراقتا ۋە ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا ئىگىدارچىلىق قىلدى. خۇراسان بولسا مەئمۇنگە مەنسۇپ بولدى. ھارۇن رەشىدنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشىغا داغدام يول ئېچىپ بەردى. شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا شەرقتىكى ئۆلكىلەردە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەتلىرى بارلىققا كەلدى. كېيىن مەئمۇن ئىنىسى ئەمىننىڭ ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، خۇراساننىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ پارس قوماندانى «ئىككى يۈزلىمچى» تاھىرغا ھەدىيە قىلدى. تاھىر جۇمە خۇتبىسىنى خەلىپىنىڭ نامىغا ئوقۇماسلىقنى بەلگىلىگەندە، مەئمۇن تاھىرنى يوشۇرۇن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمما خۇراساننىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى يەنىلا تاھىر جەمەتىنىڭ قولىدا قالدى. تاھىر ئۆلگەندىن كېيىن خۇراساننىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاۋال تاھىرنىڭ چوڭ ئوغلى تالھاغا بېرىلدى، كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇللاغا ئېلىپ بېرىلدى، شۇنداق قىلىپ، خۇراساندا نىشاپۇرنى مەركەز قىلغان ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئىسمىي جىسمىغا لايىق مۇستەقىل پادىشاھلىق شەكىللەندى.

تاھىرىلار خانىدانلىقىنىڭ خانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىدىكى خۇراسان ئۆلكىسى دائىرىسى بىلەن چەكلەشكە قانائەت قىلدى، ئەمما، تاھىرىلار خاندانلىقى

ھاكىمىيىتى بولسا، خەلىپە ھاكىمىيىتىگە بېقىندىلىق شەكلىنى ساقلىدى. مۇشۇ دەۋرگە تەئەللۇق ئىسلاھاتلاردىن بىرى پارس تىلىنى ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىش بولۇپ، بۇ ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى ئەدەبىيات ئۈچۈن ئىدى⑥. چۈنكى، خەلىپىلىك ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىقىدا پۈتۈن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەرەب يېزىقىدا يېزىلاتتى. پارس تىلىدا بۇرۇن يېزىش قولايسىز بولغان پەھلەۋى يېزىقى قوللىنىلغانىدى.

مىسگەر ياقۇپ بىننى لەيس سەفەر سىستانداقۇرغان دۆلەت تاھىرىلار خانىدانلىقى قۇرغان پادىشاھلىق بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايتتى. سەفەرىلەر خانىدانلىقى دېگەن بۇ ئىسىم "مىسگەر" دېگەن نامدىن كەلگەنىدى. ياقۇپ ئاباسىلار خانىدانلىقى خەلىپىسىنىڭ لەشكىري ئەمەلدارلىرىدىن بولماستىن، بەلكى، قورقۇنچلۇق قاراقچى ئىدى، ئۇ لەشكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ، بۇست ۋالىيسى سالىھ بىننى ناسىرنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇندا لەشكىري مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقانىدى. سالىھ زەرەنج شەھىرىگە قوشۇن تارتىپ، تاھىرىلار خانىدانلىقىنىڭ ۋالىيسى ئىبراھىم قەۋىسىنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئاتلانغاندا، ياقۇپمۇ سالىھ بىلەن بىللە ئاتلاندى. ھەم شۇ قېتىمقى جەڭ مالىمانچىلىقىدىن پايدىلاندى. بۇ قېتىملىق جەڭ نەتىجىسىدە ياقۇپ سالىھ ۋە ئۆزىگە رىقابەتچى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان يەنە بىر رەقىبىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ ھىجرىيە 247-يىلى، مىلادىيە 861-يىلى ئەمىرلىككە سايلىنىشىغا ئاساس ھازىرلىدى. ياقۇپ ئادەمنى ھېيىقتۇرغىدەك قەبىھ لەشكەر بولۇش سۈپىتى بىلەن داۋاملىق تۈردە بۇست قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، مۇھاپىزەتچى قوشۇن بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى. بۇ مۇھاپىزەتچى قوشۇن شەرقىي شىمال تەرەپتىكى تاغ دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانى، تۈرك قوماندانى زۇنبىلنىڭ قوللىشىغا

ئېرىشتى. جەڭدە ياقۇپ مۇشكۇل ئەھۋالدا قالدى. ئەمما، ياقۇپ 50 ئاتلىق ئەسكەردىن تەشكىللەنگەن زەربىدار ئەترەتنى ئىشقا سېلىپ، زۇنبىلنى ئۆلتۈرۈپ، دۈشمەنلەرنى پاتپاراق قىلىۋەتتى. بۇ جەڭدە ياقۇپ 20 چاتما كېمىگە قاچىلىغۇدەك ئۇرۇش ئولجىلىرىغا ئىگە بولدى.

بۇست جېڭىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، ياقۇپنىڭ كۈچى داۋاملىق زورايدى. ئۇ ھېراتقا بېسىپ كىرىپ، تاھىرىلار خاندانلىقىغا قاراشلىق ھېرات ۋالىيسىنىڭ قولىدىن بۇ شەھەرنى تارتىۋېلىشتىن ئىلگىرى، ياقۇپ خارىجىتلار مەزھىپىنىڭ قوماندانى ئەممارنى ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارقىتىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ غەربكە بۇرۇلۇپ كىرمان ۋە فارسنى بويسۇندۇرۇپ، ئاخىرى نىشاپۇرغا قوشۇن تارتىپ كىردى ھەم نىشاپۇرنى ئىشغال قىلىپ، تاھىرىلار خاندانلىقىنىڭ ئەمىرى مۇھەممەدنى زىندانغا تاشلىدى. ئارقىدىنلا ياقۇپ يەنە جۇرجاننى ئىشغال قىلىپ، تەبەرىستانغا بېسىپ كىردى ھەم تەبەرىستاننىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ھەسەن بىننى زايدنى قوغلاپ چىقاردى. ياقۇپنىڭ كۈچىنىڭ كۈنسېرى زورىيىۋاتقانلىقى خەلىپە مۇرتەمىدنىڭ تەشۋىشىنى قوزغىدى، ئۇ سەفەرىلەر خاندانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى دەپ ئەيىبلىدى. كېيىن ياقۇپ داۋاملىق ئىلگىرىلەشنى قارار قىلىپ، ھۇجۇم نىشانىنى خەلىپىنىڭ ئۆزىگە قاراتتى. ھىجرىيە 263-يىلى، مىلادىيە 876-يىلى ياقۇپ باغداتقا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئەمما پايتەختكە يېقىن دەرئاقۇل دېگەن يەردە ياقۇپ بىرىنچى قېتىم مەغلۇپ بولدى. كېيىن جۇدەشاپۇرغا چېكىنىپ ھىجرىيە 265-يىلى، مىلادىيە 879-يىلى شۇ يەردە قازا قىلدى.

ياقۇپنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئەمىر بىننى لەيس ۋارىسلىق

قىلدى. ئەمىر ياقۇپقا ئوخشاش پولاتتەك ئىرادىگە ئىگە بولمىسىمۇ سەفەرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ سىستان، فارس ۋە خوراساندىكى زېمىنلىرىدا 21 يىل ئونۇملۇك ھۆكۈمرانلىق قىلدى ھەم ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى كۈچلۈك قارا نىيىتىنى نامايان قىلدى. ئەمىرنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى فارداغان ئىدى، ئۇ غەزنىگە ۋالىي بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە كابۇل ئەتراپىدىكى لوگېر جىلغىسىغا جايلاشقان ساكاۋاند ھىندى ئىبادەتخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەرنى تالان-تاراج قىلغانىدى. فارداغانىنىڭ بۇ قىلمىشى ھىندى دەريا ۋادىسىدىكى ئوھىند ئەتراپلىرىنى ئىدارە قىلىۋاتقان ھىندى دىنىدىكى شاھىيا خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى كامالۇنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. چۈنكى، دەپسەندە قىلىنغان مۇقەددەس جاي ئۇنىڭ زېمىن تەۋەلىكى ئىچىدە ئىدى⑦. ھىجرىيە 287-يىلى، مىلادىيە 900-يىلى خەلىپىنىڭ ئالدىشى ۋە كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئەمىر تەپ تارتماستىن ئوكسۇس دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. ئەمما، ئەمىر بەلخكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ۋاقىتتا، يېڭى بىر ھاكىمىيەت — سامانىلار خاندانلىقى ھاكىمىيىتى ئۇ كۆز تىكىۋاتقان زېمىندا مەيدانغا كەلدى. سەفەرىلەر خاندانلىقى قوشۇنى بەلختە قارشىلىققا دۇچ كېلىپ، سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەمىرى ئىسمائىل بىننى ئەھمەدنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى. ئەمىر قاچماقچى بولغاندا ئەسىرگە ئېلىندى ۋە مەھبۇس سۈپىتىدە باغداتقا ئەۋەتىلدى. ئۇ يەردە ئەمىر زىندانغا قامىلىپ زىنداندا ئۆلدى. مۇسۇلمان تارىخچىلىرى ھامان ئەمىرنىڭ بۇ بالا قازاسىدىن ئىلگىرىكى روناق تاپقان چېغى بىلەن كېيىنكى پاجىئەلىك قىسمىتىنى سېلىشتۇرما قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

سىستاندا سەفەرىلەر خاندانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى نەچچە

ئون يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولسا بىرنەچچە ئەسىر داۋام قىلدى⑧. ئەمما، ماۋرائۇننەھردە ئاللىقاچان سامانىلار خانىدانلىقى تىكلىنىپ بولغانىدى. سامانىلار خانىدانلىقى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، نامدا خەلىپىنى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران دەپ بىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت شۇنداقلا سىستانىنىڭمۇ ھۆكۈمرانى ئىدى. ئىسمائىل دەۋرىدىن باشلاپ سامانىلار غەربىي چېگرىلارنى ئىدارە قىلىشقا كىرىشىپ، جۇرجان بىلەن تەبەرىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ تۈرلۈك دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى شاش (تاشكەنت) سامانىلار خانىدانلىقىنىڭ مۇھىم سودا مەركىزى ئىدى، سامانىلار خانىدانلىقىنىڭ شىمالىي چېگرىسى تاكى يىراق چىمكەنتتىكى ئىسفىجاپقىچە سوزۇلغانىدى. سامانىلار خانىدانلىقىنىڭ نىشاپۇردىكى ۋالىيسى خۇراسانغا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنىدى، سامانىلار خانىدانلىقى ئەمىرىنىڭ پايتەختى بۇخارا ئىدى.

سامانىلار خانىدانلىقى ھاكىمىيىتى قۇدرەت تاپقان دەۋرلەردە ھەربىي جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى، ئۇ مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى يات دىندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، سامانىلار خانىدانلىقى مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بەزى ئالىملار: سامانىلار ئەمىرى ناسىر بىننى ئەھمەد (ھىجرىيە 301-يىلدىن 331-يىلغىچە، مىلادىيە 913-يىلدىن 943-يىلغىچە) ئىسمائىلىيە مەزھىپى تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ قايىل قىلىشى بىلەن يوشۇرۇن ھالدا دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن، دەپ ھۆكۈم قىلىسىمۇ، دەل مانا شۇ

سامانىلار خاندانلىقى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئىسلامنىڭ ئەنئەنىچىلەر ئېقىمى- سۈننى مەزھىپى ماۋرائۇننەھر رايونىدا مۇستەھكەم يىلتىز تارتالىدى. سامانىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدا قانۇن، تەرتىپ ۋە مال-مۈلۈك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، قازىلار ۋە دىنىي ئاقساقاللارمۇ يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بولدى. سامانىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرى يەنە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قىزغىن ئىلھام بەردى. ئەرەب تىلى ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت تىلى، ھەم يېزىق تىلى بولسىمۇ، دەل سامانىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە پارس ئەدەبىياتىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. شائىر رۇداكى مۇشۇ دەۋردە ناسىر بىننى ئەھمەدنىڭ ئوردىسىدا ياشىغاندى. ئۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان نەپىس پارسچە بىر قەسىدىسىدە خان سارىيىدىكى زىبايەتنى تەسۋىرلىگەنىدى. پارسچە نەسرىي ئەسەرلەرمۇ ئەينى دەۋردە بىرخىل ئېقىمغا ئايلانغان بولۇپ، بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى بالامىنىڭ تەبەرىنىڭ ئەرەب سالنامىسىنى پارسچىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

يايلاقتىكى يات دىندىكى تۈركلەر بىلەن بولغان جەڭلەردە سامانىلار خاندانلىقى ھېچقانچە ئولجا ئالالمىغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇ جەڭلەر سامانىلار خاندانلىقىنى يېتەرلىك قۇل مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەسىر ئېلىنغان بۇ قۇللارنىڭ بەزىلىرى ئىسلامنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدە سېتىلاتتى. ئىسلامنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە تۈرك قۇللىرى ئابباسىلار خاندانلىقى خەلىپىلىرىنىڭ ئوردا نۆكەرلىرىنىڭ تولۇقلىمىسى بولاتتى. سامانىلار خاندانلىقى ئۆزىمۇ تۈرك قۇل ئەسكەرلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلاندى، تۈرك قۇللىرى ھەتتا سامانىلار خاندانلىقى قوشۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. تۈركلەرنىڭ ھەممىگە مەلۇم يۇقىرى

ھەربىي ساپاسى ئۇلارنى سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ قوشۇنىدا دائىم يۇقىرى رەھبەرلىك ئورنىغا كۆتۈرەتتى. مەشھۇر ئالپتېگىن مانا شۇنداق ئۆسكەن قۇل ئوفىتسېر ئىدى. ئەمىر ئابدۇل مالىك بىنى نۇھ (ھىجرىيە 343-يىلدىن 350-يىلغىچە، مىلادىيە 954-يىلدىن 961-يىلغىچە) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئالپتېگىن خۇراسان قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانلىقىدىن ئىبارەت ئالىي مەنسەپكە ئۆسكەنىدى. كېيىن ئالپتېگىن ئابدۇل مالىكنىڭ ئورنىغا چىققان مەنسۇر I گە قارشى چىقىش سۇيىقەستىدە بولدى، ئەمما، يەنە مەنسۇر I نىڭ تەسىر كۈچىدىن قورقتى. شۇنىڭ بىلەن ئالپتېگىن سامانىيلار خانىدانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېگرىسىغا چېكىنىشنى قارار قىلدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ ھىندىستان چېگرىسىدىكى يېرىم مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىقنى تىكلىشىدىن ئۈمىد بار ئىدى، بەلكىم پەيتىنى كەلتۈرۈپ، «غازات» قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇنداق يىراقتا يۈرۈش قىلىشنىڭ نەمۇنىسى ئىلگىرىمۇ بولغانىدى. سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ قوماندانى قارا تېگىن ھايات ۋاقتىدا (تەخمىنەن ھىجرىيە 317-يىلى، مىلادىيە 929-يىلى) بۇستتا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يىراققا يۈرۈش قىلغانىدى. قارا تېگىننىڭ ۋارىسى ئۇنىڭ قۇللۇقتىن كۆتۈرۈلگەن سەردارى بولغانىدى.

ئالپتېگىن غەزنىگە يېتىپ كەلگەندە، غەزنىنىڭ ھۆكۈمرانى ئابۇبەكرى لەۋىك (ياكى "ئانۇك") ئۇنىڭ غەزنىگە كىرىشىنى رەت قىلدى. ئەمما، ئالپتېگىن ھىجرىيە 361-يىلى، مىلادىيە 962-يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا غەزنە شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. كېيىنكى يىلى ئالپتېگىن ئالەمدىن ئۆتتى⑨. ئورنىغا ئوغلى ئىسھاق (ياكى ئەبۇ ئىسھاق) ئولتۇردى. ئىسھاق ھاكىمىيەتكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن سامانىيلار خانىدانلىقى دائىرىلىرىنىڭ

ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ لەۋىك تەرىپىدىن غەزنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا، ئىسھاق يەنە سامانىلار خاندانلىقى دائىرىلىرىگە ھال ئېيتىپ، غەزنىگە قايتىدىن كىردى. ئىسھاق ھىجرىيە 355-يىلى، مىلادىيە 966-يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قۇللۇقتىن كۆتۈرۈلگەن يەنە بىر ئوفىتسېر بىلگە تېكىن ۋارىسلىق قىلدى. ھىجرىيە 364-يىلى، مىلادىيە 975-يىلى بىلگە تېكىن گەردىزدىكى خارىجىتلارنىڭ ئەمىرىنى قورشىۋالغاندا، بەختكە قارشى يا ئوقىدا ئۆلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، غەزنەۋىلەر خاندانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى سەبۇكتېگىن تەختكە چىقتى. سەبۇكتېگىنمۇ تۈرك قۇللىرىنىڭ نەسلىدىن ئىدى.

ھىجرىيە 367-يىلى، مىلادىيە 977-يىلى سەبۇكتېگىن ئوھىندتىكى ھىندى دىنىدىكىلەرنىڭ شاھىيا پادىشاھلىقىغا زەربە بېرىپ، شاھىيا پادىشاھى جاپالنى ئەسىرگە ئالدى. كېيىن جاپال جان ئولپىنى تۆلەپ ، ئاندىن قويۇپ بېرىلدى. بۆلۈنۈپ مۇستەقىل تۇرۇش بىلەن بىللە سەبۇكتېگىن ھامان ئۆزىنى سامانىلار خاندانلىقى ئەمىرىنىڭ سادىق خىزمەتكارى دەپ ھېسابلايتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىجرىيە 383-يىلى، مىلادىيە 993-يىلى سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەمىرى نۇھ II ئۆزىنىڭ سەركەردىلىرى فائىق بىلەن ئابۇ ئەلى سىمجۇرىلار لەشكەر تارتىپ ئىسيان كۆتۈرگەندە نۇھ II سەبۇكتېگىننى خۇراسانغا كېلىپ ئۇلارنى توسۇشقا چاقىردى. سەبۇكتېگىنمۇ بۇ ۋەقەنى ئادىل بىر تەرەپ قىلدى. سەبۇكتېگىن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھىجرىيە 384-يىلى، مىلادىيە 994-يىلى يەنە بەلىخ، تۇخارىستان، بامىيان، غۇر ۋە غارخىستانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىلكىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇدقا (يەنى كېيىنكى غەزنىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد) خۇراساننىڭ

باش سەركەردىلىك ۋەزىپىسى بېرىلدى. مەھمۇد خۇراساندىكى قوماندانلىق قارارگاھىنى نىشاپۇردا تەسىس قىلدى. ھىجرىيە 387 - يىلى، مىلادىيە 997 - يىلى سەبۇكتېگىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەھمۇد ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى، پۈتۈنلەي مۇستەقىل ھۆكۈمران سۈپىتىدە ئاتىسىنىڭ زېمىنلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلسا بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. مەھمۇد ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى زېمىنغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىدى. بۇ ۋاقىتلاردا سامانىلار خاندانلىقى ئېغىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى، يېڭى بىر ھاكىمىيەت — تۈركلەرنىڭ قاراخانىلار خاندانلىقى ھاكىمىيىتى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سامانىلار خاندانلىقىنى قىستاپ كېلىۋاتاتتى. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن غەزنەۋىلەر خاندانلىقى سامانىلار خاندانلىقىنىڭ زېمىنلىرىنى بۆلۈشۈۋالدى.

ئوخشاش بولمىغان تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئېتىنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىدە مۇنازىرە بىرقەدەر كۈچلۈك⑩. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى ئارىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان پىكىر ئىختىلاپلىرىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بىر قىسىم ئاتالغۇلار مەسىلىسى ئۈستىدىكى تالاش-تارتىشتىنلا ئىبارەت، خالاس. ھازىر ئومۇمىيراق بولغان قاراش قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قارلۇق قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقىدۇر، دېگەندىن ئىبارەت. ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى، قارلۇقلار سامانىلار خاندانلىقى چېگرىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى بالا-ساغۇن (چۇ دەريا ۋادىسىدا) ۋە تاراز (تالاس) نىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. خەلىپە مۇقتەدى (ھىجرىيە

487-يىلى، مىلادىيە 1094-يىلى ئۆلگەن ) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، مۇئەللىپ مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر ۋە تىللارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز زامانىسىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنى غەربتىن شەرققە قاراپ ئىككى رايونغا بۆلىدۇ، بىرىنچى رايوندىكى قەبىلىلەر ناملىرىنىڭ تەرتىپى: پەچەنەك (ۋىزانتىيە چېگرىسىغا جايلاشقان)، قىپچاق، ئوغۇز، يەمەك، باشقىرت، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار ۋە خاكاس (قىرغىز) لاردىن ئىبارەت. ئىككىنچى رايوندىكى قەبىلىلەر: چېگىل، تۈركەش، ياغما، ئوغراق، چارۇق، چۇمۇل، ئۇيغۇر ۋە تاڭغۇتلار ئىدى. شۇبھىسىزكى، مەھمۇد كاشغەرىي تۈركلەرگە ئوخشىمايدىغان، ئەمما، تۈركلەرگە تەۋە بولغان بەزى قەبىلىلەرنىمۇ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر قاتارىغا قوشىدۇ. ئۇ بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئىككى خىل تىلدا — تۈركىي تىلدىن باشقا يەنە يەرلىك غەيرىي تۈركىي تىلدىمۇ سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. تۈركىي تىللارنىڭ شېۋىلىرى ئارىسىدا مەھمۇد كاشغەرىي «خاقانىيە تۈركچىسى» نى ”ئەڭ پاساھەتلىك تىل“ دەپ تەرىپلەيدۇ. ناھايىتى روشەنكى، بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلغىنى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئوردا تىلى ئىدى. ئۇ يەنە ياغمىلار بىلەن توخسىلارنىڭ تىلىنى ”ئەڭ توغرا“ تىل دەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە ئوغۇزلارنىڭ تىللىرىنىمۇ پەرقلەندۈرىدۇ. ئەمما، مەھمۇد كاشغەرىي بۇ تىللارنى تەسۋىرلىگەندە، زادى قايسى تىلنى سېلىشتۇرۇش ئۆلچىمى قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىنى باشتىن-ئاخىر ئېنىق ئېيتمايدۇ.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ زېمىنى تېز سۈرئەتتە شەرققە

كېچىكىپ، قەشقەر رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدۇكېرىم ساتۇق دېگەن بىر خاقان قاراخانىلار خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان پادىشاھ ئىكەن. ساتۇق ھىجرىيە 344-يىلى، مىلادىيە 955-يىلى ۋاپات بولغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىراننىڭ نىشاپۇر دېگەن يېرىدىن كەلگەن شەيخ ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد بىننى سۇفيان كاراماتى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان، ئەبۇل ھەسەن ھىجرىيە 350 -يىلى، مىلادىيە 961-يىلى قاراخانىلار ئوردىسىدا ۋاپات بولغان. قاراخانىلار خاندانلىقى ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولغاچقا، ھىجرىيە 382-يىلى، مىلادىيە 992-يىلى ھارۇن بۇغراخان ئىسلام ھۆكۈمرانى سۇپىتىدە سامانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، سامانىلار خاندانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، بۇخارانى ئىشغال قىلدى. ئەمما، سامانىلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختىگە بېرىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ھارۇن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھارۇن قوشۇن چېكىندۇرۇشكە باشلىدى، ھارۇن مۇشۇ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە ئۆلۈپ كەتتى.

ھارۇن ئۆز قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن، سامانىلار خاندانلىقى شۇندىن كېيىن ئۇزۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى. ھىجرىيە 389-يىلى، مىلادىيە 999-يىلغا كەلگەندە قارا خانىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانىنىڭ بىر تارماق قوشۇنى يەنە بۇخاراغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىقتا ئېلىك ناسىر قوماندانلىق قىلدى. ئېلىك قارشىلىقسىزلا بۇخارا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەمىرى ئابدۇل مالىك بىننى نۇھ ۋە ئۇنىڭ

قېرىنداشلىرى زىندانغا چۈشۈپ، ئوردۇكەندكە سۈرگۈن قىلىندى.
سامانىلار خاندانلىقى شاھزادىلىرىدىن ئىسمائىل ئىسىملىك بىر شاھزادە ئوغۇشلۇق ھالدا قاماقتىن قېچىشقا مۇۋەپپەق بولغان ھەم بىرنەچچە ئاي داۋاملىق قارشىلاشقان بولسىمۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. مۇشۇ ۋاقىتلاردا، ئېلىك بۇخاراغا كىرگەن ئايدا سەبۇكتېگىننىڭ ئوغلى، غەزنىدىكى مەھمۇد غەزنەۋىلەر خاندانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. مەھمۇد ئېلىك ناسىرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېلىك بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ ئوكسۇس (ئامۇ) دەرياسىنى ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسى قىلىپ بېكىتتى. ئەمما، قاراخانىلار خاندانلىقى ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا شەرتنامىگە خىلاپلىق قىلىپ، يىراققا يۈرۈش قوشۇنىنى ئەۋەتتى، بۇ قوشۇن ئوكسۇس دەرياسىدىن ئۆتتى. مەھمۇد بۇ تاجاۋۇزچىلارنى ئانچە كۈچىمەيلا مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مۇقىم ھالدا شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن چەك دائىرىسى ئىچىدە تۇردى. بىراق كېيىن مەھمۇد تەسىر كۈچىنى خارەزمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلارغىچە كېڭەيتتى.
ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن تولغان سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە يېڭى بىر قەبىلىلەر گۇرۇھى تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. بۇ سەلجۇق تۈركلىرى ئىدى. سەلجۇق تۈركلىرى ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار سىر دەرياسىنىڭ ئېغىزى ئەتراپىدىكى جەند (Jand) ئوتلاق رايونىدىن جەنۇبقا كۆچكەنىدى. بۇ ئوغۇزلارنىڭ سەردارى سەلجۇق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى. ھىجرىيە 382-يىلى، مىلادىيە 992-يىلى سامانىلار خاندانلىقىنىڭ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خانى ھارۇن بۇغراخانغا قارشى ئۇرۇش جېڭىدە سەلجۇقنىڭ ئوغلى ئىسرائىل سامانىلار خاندانلىقىغا ياردەم بەرگەنىدى. كېيىنچە ئوكسۇس (ئامۇ)

دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە مەھمۇد غەزنىۋى ئىسرائىلنىڭ ھوقۇقىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئۇنى تۇتۇپ ھىندىستاندا تاكى ئۆلگۈچە زىندانغا قاماپ قويىدۇ. ئەمما، يەنە شۇ ۋاقىتلاردا مەھمۇد سەلجۇق قەبىلىلىرىنىڭ ئوكسۇس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ نىسسا ۋە ئەبىۋەرددىكى زېمىنلىرىدا ئولتۇراقلىشىشىغا ئىجازەت بەردى. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ يول باشچىلىرى چاغرى بەگ بىلەن تۇغرۇل بەگ ئىدى، ئۇلار ئۆز كۈچىنى تېز سۈرئەتتە كۆپەيتتى، ھىجرىيە 429-يىلى، مىلادىيە 1037-يىلغا كەلگەندە چاغرى بەگ بىلەن تۇغرۇل بەگ مەرۋى ۋە نىشاپۇردا ئەمىر سۈپىتىدە تەختتە ئولتۇردى. ھىجرىيە 432-يىلى، مىلادىيە 1040-، 1041- يىللىرى مەھمۇدنىڭ ۋارىسى، غەزنىۋى خانىدانلىقىدىكى مەسئۇد مەرۋىگە يېقىن دەندەقەندە سەلجۇق تۈركلىرىگە قارشى جەڭ قوزغىدى. بىراق، مەسئۇد سەلجۇق تۈركلىرى تەرىپىدىن ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ قىلىنىپ، غەزنىگە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەسئۇد خۇراساننى سەلجۇق تۈركلىرىگە ئۆتۈنۈپ بەردى. بۇ ۋەقە غەزنىۋىلەر خانىدانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. شۇندىن كېيىن غەزنىۋىلەر خانىدانلىقىنىڭ ئاساسىي ھۆكۈمرانلىق مەركىزى لاھورغا يۆتكىلىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتى غەزنىۋىلەر خانىدانلىقىنىڭ ھىندىستان تۇپرىقىدىكى ئىشلىرىغا مەركەزلەشتى.

شۇنىڭدىن بىر ئەسىر كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا غور خانىدانلىقى باش كۆتۈردى. «غور» دېگەن بۇ نام غور تاغلىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن. غور تاغلىرى ئافغانىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھىرات بىلەن كابۇل ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، يېقىن يولاش قىيىن بولغان تاغلىق رايون ئىدى. ئىسلامنىڭ بويسۇندۇرۇشى دەۋرىدە قاتناش قىيىن بولغان بۇ رايون بەلكىم تاشلىنىپ قالغان بولۇشى

مۇمكىن. «ھۇدۇدۇل ئالەم» (ھىجرىيە 372-يىلى، مىلادىيە 983-يىلى يېزىلغان) نىڭ مۇئەللىپى ئۆزى ياشىغان شۇ دەۋردە بۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولۇپ بولغانلىقىنى ئېيتىسمۇ، ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشى ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس.

مەھمۇد غەزنىۋى غۇرنىڭ ھۆكۈمرانىنى قوراللىق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇپ، غۇردا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئورناتقان بولسىمۇ، لېكىن، غۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى غۇر خانىدانلىقىنىڭ دۆلەت قۇرغۇچىسى ئىززەلدىن ھۈسەيىن ئىدى. ئىززەلدىن سەلجۇق سۇلتانى سەنجەر (ھىجرىيە 511-يىلدىن 552-يىلىغىچە، مىلادىيە 1117-يىلدىن 1157-يىلغىچە) بىلەن زاماننداش بولۇپ، سەنجەرگە قارام خان ئىدى. ئۇ يەنە سەنجەرگە غۇرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن قورال-ياراغ، پوچتا هارۋىسى، پولات دوبۇلغا قاتارلىقلارنى تارتۇق قىلىپ تۇراتتى. غۇرنىڭ تۆمۈرچىلىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان قورال-جابدۇقلارنى ياساش بىلەن مەشھۇر ئىدى. كېيىن غەزنىۋىلەر خانىدانلىقىنىڭ سۇلتانى بەھرام شاھ (ھىجرىيە 512-يىلدىن 547-يىلغىچە، مىلادىيە 1118-يىلدىن 1152-يىلىغىچە) غۇر خانىدانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان قۇتبىددىن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرگەندە، قۇتبىددىننىڭ ئىنىسى سەيفىددىن سۇرى لەشكەر تارتىپ غەزنىگە باستۇرۇپ كىردى، ئۇ بەھرامنى قوغلاپ چىقىرىپ، غەزنىنى ئىشغال قىلدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن بەھرام قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تۇيۇقسىز زەربە بەردى ۋە سەيفىددىننى ئەسىر ئالدى ھەم ئۇنى ھىجرىيە 544-يىلى، مىلادىيە 1149-يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇتبىددىننىڭ 3- ئىنىسى ئالاھىددىن ھۈسەيىن غۇر خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئالاھىددىن خانىدانلىق قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن تارتىپ

غەزنىنى ئالدى ھەم غەزنىنى توپ-تۈز قىلىۋەتتى. مۇشۇ قېتىمقى قانلىق قىرغىنچىلىق سەۋەبىدىن، ئالائىددىن «جاھانسۇز» (جاھاننى كۆيدۈرگۈچى) دېگەن لەقەمگە ئىگە بولدى.

قۇتبىددىن مۇھەممەد ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىلا ئۇ ھېرى دەرياسىنىڭ فىرۇزكۇھ دېگەن يېرىدە غور ئىمپېرىيىسىنىڭ يېڭى پايتەختىنى قۇرۇشقا كىرىشكەنىدى. بۇ رايوننىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئاساسلىق خارابىسى جامە ئىچىدىكى بىر ھەيۋەتلىك ئۇچلۇق مۇناردىن ئىبارەت، ئۇنى غور خانىدانلىقىنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانلىرىدىن غىياسىددىن مۇھەممەدخان (ھىجرىيە 558-يىلدىن 599-يىلغىچە، مىلادىيە 1162-يىلدىن 1202-يىلغىچە) سالدۇرغانىدى. 1957-يىلى ئاندرى مارىك بۇ ئۇچلۇق مۇنارنى بايقىدى. غىياسىددىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ھىجرىيە 596-يىلى، مىلادىيە 1200-يىلى بىر قېتىملىق ئۇرۇش قوزغاپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى پۈتۈن خۇراسانغىچە كېڭەيتتى. غىياسىددىن ھېراتنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، نىشاپۇر، سەرەخس ۋە مەرۋىلەرنى ئالدى، ئاندىن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ تاكى يىراق بىستام رايونلىرىغىچە باردى. غىياسىددىننىڭ دۈشمەنلىرى سەلجۇق سۇلتانىنىڭ خارەزىم رايونىدىكى ۋالىيلىرى يەنى خارەزىمشاھلار ئىدى. مانا شۇ خارازىمشاھلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا سەلجۇق تۈركلىرى خارەزىم تۇپرىقىدا ۋاقتىنچە تۇرالىغانىدى. ئەمدى بىز ئارقىمىزغا قايتىپ، بۇ خارەزىمشاھلارنىڭ باش كۆتۈرۈش ئەھۋالىنى بايان قىلىمىز.

خارەزىم خانىدانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئانۇشتېگىن دېگەن بىر تۈرك قۇلى ئىدى . سەلجۇق سۇلتانى مالىك شاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە (ھىجرىيە 465-يىلدىن 485-يىلغىچە، مىلادىيە 1072

-يىلدىن 1092-يىلغىچە) كەلگەندە، ئانۇشتېگىن ئالىلقاچان ئىدىش بېشىلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ بولغانىدى. ئۇندىن كېيىن سۇلتان بەركىيارۇقنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە ئانۇشتېگىننىڭ ئوغلى خارەزىم ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. سۇلتان سەنجەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە كەلگەندە، ئانۇشتېگىن جەمەتىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلادى خارەزىمشاھ ئەزىز ئاللىقاچان ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇستەقىللىقنى نامايان قىلغانىدى. سەنجەر ئۈچ قېتىملىق جاپالىق جەڭدىن كېيىن ئاندىن ئەزىزنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن سەلجۇقىلەر سۇلتانلىقىنىڭ زاۋال تېپىشىغا ئەگىشىپ، خارەزىمشاھلار مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانلارغا ئايلاندى، ئۇلارنىڭ تەسىرىمۇ پۈتۈن خۇراسانغا كېڭەيدى. خارەزىمشاھلار خاندانلىقىنىڭ 6-ئەۋلادى شاھى تاكاش يات دىندىكى قارا قىتانلارنىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. قارا قىتانلار جۇڭگودىكى كۆچمەنلەر خاندانلىقى لياۋ خاندانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئىدى. ئۇلار دۈشمەن قەبىلىلەر تەرىپىدىن جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ، زاۋال تاپقان قاراخانىلار ئىمپېرىيىسىنى كونترول قىلدى. تاكاش قاراقىتانلارغا ئولپان تاپشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇراساننى دەپسەندە قىلىپلا قالماي، يەنە ئىراققا كىرىپ، ئابباسىلار خەلىپىلىكى ھاكىمىيىتى بىلەن سۈركىلىش پەيدا قىلدى. تاكاش ھىجرىيە 596-يىلى، مىلادىيە 1200-يىلى ئۆلدى، غور خاندانلىقىدىكى غىياسىدىن مۇھەممەد بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر ئۇرۇش بىلەنلا خۇراساننى ئىشغال قىلدى. لېكىن، غىياسىدىنمۇ ھىجرىيە 599-يىلى، مىلادىيە 1202-يىلى ئۆلۈپ كەتتى.

غىياسىدىن مۇھەممەدنىڭ ۋارىسى غور خاندانلىقىدىكى

شىھابىدىن مۇھەممەد( ئۇ كىيىنچە، «مۇئىززىدىن» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان) ئىدى. شىھابىدىن يېڭى خارەزىمشاھ ئالائىددىن مۇھەممەد بىننى تاكاشىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ توقۇنۇشتا مۇئىززىدىن مەغلۇپ بولدى. ھىجرىيە 602-يىلى، مىلادىيە 1206-يىلى مۇئىززىدىن قەستكە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى. غۇر خاندانلىقىنىڭ قالغان شاھزادىلىرى ئارىسىدا غۇر ئىمپېرىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك بۇ ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك بىرىمۇ چىقمىدى. غەزنى بىلەن دېھلىدە غۇر خاندانلىقىنىڭ قۇللۇقتىن كۆتۈرۈلگەن قوماندانلىرىدىن يىلدىز بىلەن ئاپاق مۇستەقىللىق جاكارلىدى. خارەزىمشاھ بولسا، ھېراتقا قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ، غۇر خاندانلىقىنى بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىدى. ھىجرىيە 607-يىلى، مىلادىيە 1210-يىلى خارەزىمشاھ ئۆز كۈچىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە قۇدرەت تاپقانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خارەزىمشاھ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى قارا قىتانلارغا ئولپان تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي خارەزىمشاھ قوشۇن باشلاپ قارا قىتانلارغا جەڭ ئاچتى. بۇ ۋاقىتتا قارا قىتانلار ئۆزىنىڭ شەرقىي چېگرىسىدىكى نايمان قەبىلىسىنىڭ سەردارى كۈچلۈكنىڭ توپىلىڭى بىلەن ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، چىڭگىزخان ئىستېلاسىنىڭ ھارپىسىدا قارا قىتان ئىمپېرىيىسى ئاللىقاچان پارچىلىنىش ھالىتىگە كېلىپ قالغانىدى. پۈتۈن ئىسلام ئوتتۇرا ئاسىياسى زېمىنلىرىغا خارەزىمشاھ يالغۇز ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى.

## ئىزاھلار:

① ف.س.مۇرگوتتېن: «ئىسلام ئەللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، نيۇيورك، 1924-يىل نەشرى، 11-توم، 39-بەت.

② ج.ۋالكېر: «يېڭىدىن بايقالغان ئەرەب-ساسان پۇللىرى»، «پۇلشۇناسلىق»، 1952-يىل نەشرى، 108-بەت.

③ ھ.ئا.ر.گىب: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى»، 66-بەت.

④ ئې.گ.برووۋن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، لوندون، 1902-يىل نەشرى، I توم 247-بەت؛ ۋ.بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، 199-بەت.

⑤ مالىك شۇئارا بەھەر: «سىستان تارىخى»، تېھران، ھىجرىيە 1314-يىلى، مىلادىيە 1935-يىلى نەشرى، 156-، 162-بەتلەر. بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان پارسچە ھۆججەت مۇسۇلمانلارنىڭ دەسلەپكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

⑥ تاھىرىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە «بادغىس ھەزىللىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن پارسچە شېئىرلار توغرىسىدا س.ئې.ۋىلسوننىڭ «ھازىرقى زامان پارس يېزىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن. ئەمما، سەففارىلەر خاندانلىقىدىن ئىلگىرى پارسچە شېئىرلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئىسپاتلاش قىيىن. «سىستان تارىخى» نىڭ 209-بېتىدە مۇھەممەد بىننى ۋەسىف يازغان بىر كۇپلېت پارسچە شېئىر نەقىل كەلتۈرۈلگەن، بۇ شېئىر ياقۇب بىننى لەيسنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان. كىتابتا يېزىلىشىچە، شۇ چاغدا پارسچە يېزىقنى قوللىنىش يېڭىلىق ھېسابلىنىدىكەن.

⑦ ئائۇفى «تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلەر قامۇسى»غا كىرگۈزگەن بۇ تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقە توماسنىڭ «ھىندىستاننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابىدا ئىپلان قىلىندى. ھازىر يەنە «سىستان تارىخى»نىڭ 255-بېتىدىكى بايان ئارقىلىق يەنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئې.توماس: «ھىندىستاننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، لوندون، 1958-يىل نەشرى، I توم 317-بەت.

⑧ ج.ۋالكېرنىڭ 1936-يىلى نيۇيوركتا نەشر قىلىنغان «سىستاندىكى 2-سەففارىلەر خاندانلىقىنىڭ پۇللىرى» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن. پارسچە «سىستان تارىخى»دا سەففارىلەر خاندانلىقىنىڭ بۇ كېيىنكى ھۆكۈمرانلىرى توغرىسىدا قىلىنغان بايانلار بار.

⑨ «تارىختىن قىسقىچە بايان» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، ئالپتېگىن غەزنىگە 16 يىل

ھۆكۈمرانلىق قىلغان، مۇنداق قاراش، شۈبھىسىزكى، توغرا ئەمەس. ھەمدۇللاھ مۇستەۋفى قازۋىنىنىڭ «تارىختىن قىسقىچە بايان» (Tarikh—i Guzida) ناملىق كىتابىنىڭ ئې. گ.بروۋن ۋە ر.ئا.نىكولسون تەرىپىدىن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، 1913-يىل لوندوندا نەشر قىلىنغان II توم 78-بېتىگە قارالسۇن.

⑩ ئو.پرىتساك: «قاراخانىلار خاندانلىقى»، «قارلۇقلاردىن قاراخانىلار خاندانلىقىغىچە». بارتولدمۇ كېيىن ئۆزىنىڭ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ بىر مەزگىل قاراخانىلار خاندانلىقى ياغمىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغاندىن كېيىن، قارلۇقلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان، دېگەن پىكىرنى قوبۇل قىلدى.

# V باب تىبەت مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا بولۇشى

تۇبۇتلەر موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇپ، تىبەت تىلى بىلەن بىرما تىلى بىر تىل ئائىلىسىگە كىرىدۇ. تىبەتتىن ئىبارەت بۇ خىلقۇەت رايون توغرىسىدا تارىخىي خاتىرىلەر بارلىققا كەلگەندىن بىرى، تۇبۇتلەر تىبەت ئېگىزلىكىدە ياشاپ كەلدى، يەنە ئاز بىر بۆلەك تۇبۇتلەر تىبەت چېگرىسى سىرتىدىكى رايونلاردىمۇ ياشاپ كەلدى. تىبەت رايونىدىكى تاغ تىزمىلىرى تىبەت ئېگىزلىكىنى كىرىش قىيىن بولغان رايونغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولۇپ، بۇ تاغ تىزمىلىرى تىبەت جەمئىيىتىنى ئۆزىنىڭ قوشنىلىرىدىن ئايرىپ تاشلىغان. ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاق رايونىدىكى قۇدرەتلىك تۈرك ۋە موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىمۇ جەلپكارلىقى بولمىغان بۇ رايوننى ئىگىلەش كويىدا بولمىغانىدى. تىبەت يېزىلىرى ئاز ساندىكى تارقاق جايلاشقان ئازغىنە ئاھالىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنىلا قامدىيالايدۇ. ھەتتا ھازىرقى كۈندىمۇ تىبەت ئاھالىسى 3 مىليونغا يەتمىسە كېرەك. زور كۆپچىلىك تۇبۇتلەر تىبەتنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئولتۇراق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تىبەتنىڭ جەنۇبىي قىسمى ھىندى دەرياسى، ساتلېج دەرياسى، براھماپۇترا دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ باشلىنىش جايىدۇر. لخاسا، رىكازې، جاڭزى شەھەرلىرى ھەم نۇرغۇنلىغان بۇتخانىلارمۇ مۇشۇ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. لېكىن، تىبەتنىڭ شەرقىي شىمالىي بۆلىكى ۋە كۆكنۇر كۆلى

ئەتراپىدىكى سايدام ۋە ئاندۇ رايونلىرىدا كۆچمەنلەر ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالىغۇدەك يايلاقلار بار.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، قەدىمكى دەۋرلەردىكى تىبەت تارىخىنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن، ئەڭ بۇرۇنقى تۇبۇتلەر كۆچمەنلەردىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يالاڭ-تاقىر چاڭتاڭ رايونىدا ياشاۋاتقان كۆچمەنلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمىسە كېرەك. ھازىرغىچە بايقالغان تىبەت كۆچمەنلىك سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى ياۋروپا-ئاسىيا يايلاقلىرىدىن تېپىلغان سەنئەت ئەسەرلىرىگە تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ كۆچمەنلىك سەنئەت ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا، تىبەتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا تۇبۇتلەر شىمالدىكى قوشنىلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولغان بولۇشى ئېھتىمال. تۇبۇت ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە مىلادىيە VII ئەسىردىكى تارىخىي پادىشاھلىقتىن ئىلگىرىكى زامانلارغا دائىر رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان تۇبۇت ھۆكۈمرانلىرى توغرىسىدا ئەسلىمىلەر ساقلىنىپ قالغان. لېكىن، تۇبۇتلەر كۈچلۈك تارىخىي ئاڭ يارىتالمىغان، بۇ ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگىنى كۆپىنچە سىياسىي ۋەقەلەر توغرىسىدىكى بايانلار ئەمەس، بەلكى دىنغا ئائىت نەسىھەتلەر ئىدى. شۇڭا بىز تىبەت رايونىنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولغان پۆنچۆ دىنى توغرىسىدىكى مەلۇماتلاردىن سىرت، VII ئەسىردىن بۇرۇنقى تىبەت تارىخى توغرىسىدا ئەمەلىيەتتە ھېچ نەرسە بىلمەيمىز. پۆنچۆ دىنى بىرخىل شامانچىلىق ئېتىقادى بولۇپ، ئۇ ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا بىر مەزگىل داۋاملاشقان دىنىي ئېتىقادقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تۇبۇتلەر تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە پۆنچۆ دىنى تۇبۇتلەرنىڭ ئېڭىدا

چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ بولغانىدى. VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لىخاسانى بازا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى قۇدرەتلىك خانلىق تۇزۇلمىسى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ، تىبەت تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. قەبىلىلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۇمران ئورۇندا تۇرغان بىر جەمئىيەتتە دەل خانلىق تۇزۇم تەمىن ئەتكەن ھەرىكەتلەندۇرگۇچ كۇچنىڭ تۇرتكىسى بىلەن تىبەت رايونى ئۇدا ئىككى ئەسىر داۋامىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. تۇبۇتلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆپچىلىك قوشنىلىرى، بولۇپمۇ تاڭ خاندانلىقى (618—917) ھۆكۇمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونى بىلەن ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەن چاغدا، خانلىق تۇزۇم مۇشۇ ئالاھىدە كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىنى زۆرۈر رەھبەرلىك بىلەن تەمىنلىدى. خانلىق تۇزۇم يەنە ھىندى بۇددا دىنىنىڭ تىبەت رايونىغا كىرىشىنى ئىلگىرى سۇرۇدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇددا دىنى باشتا پۆنچۆ دىنى بىلەن ئۆزئارا قارشىلاشتى، كېيىن پۆنچۆ دىنى ئامىللىرىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سانگى چۇلۇ(لاما دىنى) دەپ ئاتالغان ئارىلاشما دىن بارلىققا كەلدى. يۇقىرىقى ئۇسۇل ئارقىلىق تۇبۇتلەر بىلەن قوشنا ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئەنئەنىۋى باغلىنىش تىكلەندى. تۇبۇتلەر بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي باغلىنىشلار تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق دەرىجىدە بولسىمۇ، لېكىن، ھىندىستاندىن كەلگەن روھىي مىزانلار ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر تۇبۇتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. تۇبۇتلەر تاڭ خاندانلىقى بىلەن باردى كەلدى قىلىش داۋامىدا ماددىي جەھەتتىن مەنپەئەتكە ئېرىشتى. تۇبۇتلەر خەنزۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرى ھەم قول ھۇنىرى بۇيۇملىرىدىن سىرت، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن قەغەز، سىيا، يىپەك، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى،

چاي، سېرىق ماي ھەم ئارپا ھارىقىغا ئېرىشتى . تۇبۇت رايونىغا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن يەنە قىسمەن مۇرەسسە-مادارا ئىدىيىسى كىردى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانىدانلىقلىرى ھەر دائىم ئەنە شۇ نەرسىلەر ۋاسىتىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى سادda، تۈز كۆڭۈل قوشنىلىرىنى ئالداپ كەلگەنىدى. تېبەت خانلىق تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى VII ئەسىردىن IX ئەسىرگىچە ئاساسىي جەھەتتىن تىبەت تارىخىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى سانىلىدۇ. تىبەتلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ بۇ مەسىلىنى ئىستىخىيىلىك ھالدا تونۇپ يەتتى. ئۇلار ھامان ئۆتمۈشنى سېغىنىش ھىسسىياتى بىلەن سۇڭزەنگەنبۇ، چىسۇڭدېزەن، ۋە چىزۇ دېزەنلەرنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرلىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئېلىشىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئۆزئارا زىت كېلىدىغان شۇنداق بىر تەرىپىمۇ باركى، بۇ باتۇر پادىشاھلار دەل تىبەت بۇددا دىنىنى بەرپا قىلغۇچىلار ئىدى.

سۇڭزەنگەنبۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (تەخمىنەن 620-يىلدىن تەخمىنەن 649-يىلغىچە) دە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەردىن ئىلگىرىمۇ تۇبۇت تارىخىدا خاتىرىلەرگە پۈتۈلمىگەن كۆپ يىللىق قوشۇۋېلىش دەۋرىنىڭ بولغانلىقى ئېنىق. سۇڭزەنگەنبۇنىڭ ئاتىسى تىبەتنىڭ جەنۇبىدا بەلگىلىك دەرىجىدىكى بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرغان ۋە كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا باشلىغانىدى. بۇ سىياسەتكە سۇڭزەنگەنبۇ ۋارىسلىق قىلىدى. قۇدرەتلىك خانلىق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى. تۇبۇت ھاكىمىيىتىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇشىنىڭ قىسمەن سەۋەبى، ئېھتىمال، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ شۇ خىل زىيانلىرىنى تولۇقلاپ بېرىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك تالان-تاراج قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن بولسا

كېرەك. مەيلى قانداقلا بولسۇن، سۆڭزەنگەنبۇ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە تۇبۇت قوشۇنلىرى تاڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە ۋە يۇقىرى بىرمىغا ئەۋەتىلدى. بۇ چاغدا تۇبۇت ھاكىمىيىتى نېپالغىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇشى ئېھتىمال. سۆڭزەنگەنبۇ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى، تاڭ خاندانلىقىنىڭ خانى تەيزۇڭ تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ مەلىكىسى ۋېنچېڭ مەلىكىنى سۆڭزەنگەنبۇغا خوتۇنلۇققا بەردى، شۇنىڭدەك نېپال ھۆكۈمرانىمۇ ئۆزىنىڭ قىزى چىزۇڭ مەلىكىنى تۇبۇتلەرگە ئەۋەتىپ بەردى. مەلىكىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى تەقۋادار بۇددىسلاردىن ئىدى، ئۇلار ئۆز ئېلىنىڭ ئادەت تۇسىگە كىرگەن قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئېلىپ كەلگەندىن سىرت، يەنە بىر بۆلەك بۇددا راھىبلىرىنى ھەم نوم پۈتۈكلەرنى تىبەتكە ئېلىپ كەلدى①. ئېھتىمال، بۇ ئىككى مەلىكىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىدىن ياكى قىسمەن سىياسىي مۇددىئا تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، سۆڭزەنگەنبۇ بۇددا راھىبلىرىنىڭ تىبەتتە دىن تارقىتىپ، تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشىدىكى تەۋرەنمەس قوللىغۇچىسى بولۇپ قالدى. تىبەت رايونىدا سۆڭزەنگەنبۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە راھىبلىق لاۋازىمى بەلگىلىنىپ، ئىبادەتخانىلار قۇرۇلدى. سۆڭزەنگەنبۇنىڭ ئۆزى بۇدالا ئوردىسىنىڭ ئورنىدا ئوردا ياساتقاندىن سىرت، يەنە لخاسا شەھىرىدە رامۇچى ۋە لاسا زۇلاكاڭ دېگەن داڭلىق ئىبادەتخانىلارنى سالدۇردى. شۇنىڭدەك، ئۇ يەنە باش ۋەزىر تۇنمى ساڭبۇجانى زامانىسىنىڭ ئاساسلىق بۇددا تەتقىقات مەركىزى بولمىش كەشمىرگە ئەۋەتتى. تۇنمى ساڭبۇجا ئۇ يەردە بىرخىل يېزىقنى ئۆگەندى. بۇ خىل يېزىق شۇ چاغلاردا تېخىچە يېزىقسىز بولغان تىبەت تىلىنى قوشۇپ يېزىشتا قوللىنىلدى②.

سۆڭزەنگەنبۇنىڭ ئۆلۈمى تۇبۇتلەر كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ۋاقىتىنچە توختاپ قېلىشىغا ۋە بۇددا دىنىنىڭ تىبەت زېمىنىدا

تارقىلىشىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. ئەمما، چىسۇڭدىزەن (تەخمىنەن754-يىلدىن تەخمىنەن 797-يىلغىچە) ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بۇ ئىككى ئېقىم يەنە باشقىدىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. نېپال ۋە كەشمىرلەردە تۇبۇتلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئېتىراپ قىلىندى. شىمال تەرەپتە تۇبۇتلەرنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللۇق بازىسى ئۇيغۇرلار زېمىنى بىلەن تۇتاشتى. تاڭ خاندانلىقى چېگرىسى تەرەپتە تۇبۇت قوشۇنلىرى كەڭسۇ كارىدورىنى بېسىۋالدى. تاڭ خاندانى سۇزۇڭ چاڭئەن شەھىرى (ھازىرقى شەنشىدىكى شىئەن شەھىرى) نى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. سۇزۇڭنىڭ ۋارىسى دەيزۇڭخان ئاللىقاچان پۈتۈشۈپ قويغان ئولپان (تۆلەم) نى تۆلەشنى رەت قىلغاندا، تۇبۇتلەر ئۇنىڭ ئەنتىنى ئېلىش تەرزىدە 763-يىلى چاڭئەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. تۇبۇت تارىخىدىكى بۇ كېڭەيمىچىلىك دەۋرىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۇبۇت خان جەمەتى مۇنبەت گانگ دەريا تۈزلەڭلىكىگە قىلچە نەزەرىنى سالمىدى. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب، ئېھتىمال، ھىندىستاننىڭ ناچار ئىقلىمىدىن بولغان بولۇشى ياكى بۇددا ۋەتىنىگە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن ۋەياكى يەنە بىر سەۋەبمۇ بار بولۇشى مۇمكىنكى، براھماپۇترا ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيەت شەرقىي شىمالدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنى ئاسسىمىلياتسىيىلەشتۈرۈشتە قىيىنلىشىۋاتقان شارائىتتا، جەنۇب تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىشقا چولىسى تەگمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت شۇكى، بۇ دەۋردە تۇبۇت قوشۇنلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاڭ خاندانلىقىنىڭ چېگرىسىدا مۇداپىئەلىنىشكە ئەۋەتىلگەندى.

لېكىن، چىسۇڭدىزەننىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرى ئۇنىڭ ھەربىي

جەھەتتىكى غەلىبىلىرىدىلا ئەمەس (بۇ توغرىلىق كېيىن توختىلىمىز)، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ بۇددا دىنىنىڭ قىزغىن ھىمايىچىسى سۈپىتىدە ئوينىغان رولىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇددا دىنى تىبەتكە تارقالغان بىر ئەسىر جەريانىدا پەقەت ۋاقتىنچە پۇت تىرەپ تۇرۇش، نۇقتىسىغىلا ئىرىشتى، خالاس. چىسۇڭدېزەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە بۇددىزىمنىڭ ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. مىلادىيە VII — VIII ئەسىرلەردە تىبەت ئېلىگە تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ مەھايانە مەزھىپى مەخپىيەت مەزھىپى سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تىبەت جەمئىيىتىنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. بۇددىزىم تىبەت زېمىنىغا تارقالغان چېغىدىلا، ئۇ ناھايىتى تېز ئىلىك بىلەن پۈنچۈ دىنىنىڭ ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىرخىل ئارىلاشما ھاسىلات پەيدا بولدى ۋە يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىلمىي ھېكمەت تەپەككۇرى ۋە ئادەت تۇسىگە ئىگە خۇراپىلىق ئۇنىڭدا راۋاجلاندى. نىما مەزھىپى ياكى «قىزىل بۆكلۈكلەر مەزھىپى» نىڭ ئاساسلىق چوقۇنۇش ئوبيېكتى، ئاتاقلىق دىن تارقاتقۇچى راھىب ۋە سېھىرگەر پەدمەسەمبەۋە (Padmasambhawa) نىڭ كەچمىشلىرىدە بۇددىزىمنىڭ تىبەت زېمىنىغا تارقىلىش جەريانىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئېتىلدى. پەدمەسەمبەۋەنىڭ ياشلىق دەۋرى ئۇدىيانا رايونى (ھازىرقى سۋات) دا ئۆتتى. ئۇدىيانا رايونى قەدىمكى زاماندا ھەم بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى رايونى، ھەم ھەر خىل دىنلارنىڭ ئارىلىشىپ يۇغۇرۇلىدىغان ئاساسلىق رايونى ئىدى. پەدمەسەمبەۋە داڭلىق سېھىرگەر سۈپىتىدە چىسۇڭدېزەن تەرىپىدىن نالانداادىن تىبەتكە چىللاپ ئېلىپ كېلىندى. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇنى بۇددا دىنىنىڭ تىبەت رايونىغا تارقىلىشىغا قارشىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ قارالغان ئالۋاستىلارغا قارشى كۈرەشكە سېلىش

ئىدى. ئاتالمىش ئالۋاستى دېيىلگىنى پۆنچۆ دىنى مۇرىتلىرى بولسا كېرەك. پەدمەسەمبەۋە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان قۇدرەت بىلەن ئالۋاستىلار ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. تەخمىنەن 779-يىلى تىبەت لاما دىنى سىستېمىسى بويىچە ئەڭ قەدىمكى ئىبادەتخانا سامىيېگۇەنبا بۇتخانىسى قۇرۇلدى. پەدمەسەمبەۋە—نىما مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى سۈپىتىدە تىبەت رايونىنىڭ دىن تارىخىدا ئۆچمەس تەسىر قالدۇرغان بولۇپ، تىبەت بۇددا دىنىدا ئۆزىگە خاس مەخپىيەت مەزھىپى خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

پەدمەسەمبەۋە دەۋرىدىن تارتىپ بۇددا دىنىنى تارقاتقۇچى راھىبلارنىڭ تىبەت رايونىدىكى پائالىيىتى كۈنسېرى جانلاندى، بۇددا نوملىرىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى يەنىمۇ كۈچەيدى. بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى پۆنچۆ دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. بۇددا دىنىغا قارشى ھەرىكەتكە ئاقسۆڭەكلەر يېتەكچىلىك قىلدى. ئاقسۆڭەكلەر ئېھتىمال خانلىق ھاكىمىيەتنىڭ بۇ خىل يېڭى دىندىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭدىن بىر قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، خانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىمەكچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسا كېرەك③. چىسۆڭدېزەن ھايات چېغىدىلا بۇ خىل ئۆكتىچى كۈچلەر باش كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى. خانىش (ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولسا كېرەك) بۇددا دىنىغا قارشى توپنىڭ رەھبىرى دەپ قارالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرىمۇ (ئۇلار ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن قوبۇل قىلىنغانلار ئىدى) ھىندىستان ۋە نېپالدىن كەلگەن دىن تارقاتقۇچى راھىبلار سېھىرگەرلەر ئىكەن دېگەننى باھانە قىلىپ، پادىشاھنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، بۇ دىن تارقاتقۇچى راھىبلارنىڭ تىبەت زېمىنىغا

كۆپلەپ كىرىشىنى توسماقچى بولدى . مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئاقسۆڭەكلەر مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرماقچى بولغان تۇبۇت خانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ بۇددا دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق قورالى دەپ قارىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاقسۆڭەكلەر يېتەكچىلىك قىلغان بۇددا دىنىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى يۇقىرى پەللىگە يەتتى ھەمدە تىبەت ھۆكۈمران خانىدانلىقىنىڭ غۇلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بۇددا دىنى ۋاقىتلىق تونجۇقتى، ئاقسۆڭەكلەر نامدا غەلىبىگە ئېرىشتى. لېكىن، ئەمەلىيەت ئاقسۆڭەكلەر غەلىبىسىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ چاغدا خانلىق ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلۇۋېتىلىش بىلەن بىللە، تىبەت سىياسىي ھاياتىدىكى ئەڭ تەپسىلىي ۋە ئىنچىكە بولغان ئاددىي تۈزۈممۇ بىتچىت قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن تىبەت تارىخىدا ئاسارەتتىن قۇتۇلغان، ئۇزاق داۋام قىلغان ئەركىن بىر دەۋر بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ ئۆزى خانلىق تۈزۈمدىكىدىنمۇ تەپسىلىي بولغان دىنىي تەبىقە تۈزۈمى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. بۇ خىل دىنىي تەبىقە تۈزۈمى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بۇددا مەزھەپلىرى ئارىسىدا پەيدا بولدى. قايتىدىن تىرىلگەن پۆنچۆ دىنىمۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئەنە شۇ دىنىي تەبىقە تۈزۈمى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتتى.

لېكىن، چىسوڭدېزەن ئالەمدىن ئۆتكەن VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئۆزگىرىشنىڭ

باشلانغانلىقى توغرىسىدا تېخىچە ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئىگە ئەمەسمىز. IX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 20 يىلىدا خانلىق ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولمىش بۇددا راھىبلىرى بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچىيىپ كەتكەندەك كۆرۈندۇ. بۇ ئۆزگىرىش چىزۇدېزەن ياكى رېباجېن (815-يىلدىن 838-يىلغىچە) لار تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن يۈز بەردى. پۈتكۈل تىبەت خەلقى تا بۈگۈنگىچە چىزۇدېزەننى بۇددا دىنىنىڭ بۈيۈك ھىمايىچىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ بۇ يېڭى دىننى قوغداشتىكى مۇددىئاسىنىڭ نىمىلىكىدىن قەتئىينەزەر، چىزۇدېزەننىڭ ئۆزى ھەقىقەتەن تەقۋادار بۇددىست ئىدى، ئۇ بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، كونا دىن ئېتىقادچىلىرىنى ئۆزگەرتتى. چىزۇدېزەننىڭ بۇددا راھىبلىرىغا بولغان خۇراپىيلارچە چوقۇنۇشى ئۇنى بۇددىستلارنىڭ قولىدىكى مۇلايىم قورالغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە چىزۇدېزەن ئۆز پۇقرالىرىدىن بىزار بولىدىغان بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ پۇقرالارنىڭ زور كۆپچىلىكى، ئېھتىمال، يەنىلا شۇ كونا تىبەت دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان كىشىلەر بولسا كېرەك. چىزۇدېزەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە بۇددا دىنىنىڭ تۇبۇت دۆلەت ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا بولغان تەسىرى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتىكى، بىر راھىبنى ھەتتا باش ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە بولاتتى. بۇ خىل ئىش ئەسلىدە پەيدىنپەي ئۆزگىرىش جەريانى بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئاقسلانە بولمىغان سۇرئەتنى تېزلىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، ئاقىۋەتتە بىر قېتىملىق ئەتراپلىق پىلانلانغان پادىشاھنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش سۈيىقەستى ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە تىبەت تەختى لاڭدارما (834-842) ئاتلىق پۈتۈنچۈ دىنى نامزاتى قولىغا چۈشۈپ قالدى.

ئارقىسىدىنلا لاڭدارما بۇددىستلارغا رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. تاكى يېڭى پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ بىر بۇددا دەرۋىشىنىڭ قولىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگىچە شۇنداق بولدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇددا دىنى بىلەن پۈنچۈ دىنى ناھايىتى كەسكىن دىنىي كۈرەش دەۋرىگە كىرىپ كەتتى. كېيىنكى ئۈرۈش قالايمىقانچىلىقىدا خانلىق ھاكىمىيەت ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى. خانلىق ھاكىمىيەتنىڭ يۇقىلىشىغا ئەگىشىپ، تۈبۈتلەرنىڭ كۈچلۈك ھەربىي دۆلەت دېگەن شۆھرەتلىك زامانىمۇ ئاخىرلاشتى. ھەتتا كېيىن چىڭزۇدېزەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە تۈبۈت قوشۇنلىرى يەنىلا كەڭسۇغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمدى بۇ چاغقا كەلگەندە بۇ خىل بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتى توختاپ قالدى. تۈبۈت ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئىمزالانغان تاڭ ـ تۈبۈت كېلىشىمىدە تۈبۈتلەرنىڭ چېگرىسى كۆكنۇر رايونى قىلىپ بېكىتىلدى.

تۈبۈت تارىخىدىكى زور كۆپچىلىك مۇھىم جەمەتلەر ئۆزلىرىنى شەرقىي شىمال چېگرا رايوندىن كەلگەن دېيىشىدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈدىكى، يىراق قەدىمكى زامانلاردا ئاقسۆڭەك كۆچمەن قەبىلىلەر ئاندۇ رايونىدىن جەنۇب تەرەپكە كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. لېكىن، تۈبۈت ئىمپېرىيىسىنىڭ غۇلىشى ۋە جەنۇبنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىملىقىنىڭ ئاجىزلىشىشى تۈپەيلى، شەرقىي شىمال قىسمىدىكى تۈبۈت قەبىلىلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، IX — XI ئەسىرلەردە تاڭغۇت ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. تاڭغۇتلار تۈبۈتنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىن شىمال ۋە شەرق تەرەپلەرگە قاراپ كېڭىيىپ، جەنۇبىي تاغ ۋە ئېل دەرياسىدىن تارتىپ، نىڭشيادىكى راشان قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، ئوردوس يايلىقى ۋە خۇاڭخې دەرياسى

قولتۇقىغىچە باردى. 1227 -يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن يوقىتىلغىچە بولغان دەۋردە تاڭغۇت ئىمپېرىيىسى ئىزچىل تۇردە دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرىكتۈرۈش ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى. لېكىن، تاڭغۇت ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇھىملىقى كەڭسۇ كارىدورىدىن ئۆتىدىغان سودا يولىنى تىزگىنلەپ تۇرۇشىدا كۆرۈلىدۇ.

تاڭغۇتلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇبۇتنىڭ جەنۇبىي بۆلىكى ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى. مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈمنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن بۇددا دىنى ئومۇميۈزلۈك يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. بۇتخانا - ئىبادەتخانىلار چېقىلدى، دىنىي مۇراسىملار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ياكى ئۇلار بۇزمىلىنىپ، سېھىرگەرلەر تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىندى، راھىبلار قەتلى قىلىندى ياكى چەتلەرگە ھەيدەپ چىقىرىلدى. پۆنچۆ دىنى ھەممە يەردە دېگۈدەك قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. پۆنچۆ دىنى بۇددا دىنىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتالمىغان يەرلەردە بولسا، پۆنچۆ دىنى ئۆزىنىڭ دىن تارقىتىش ئۇسۇللىرىغا بۇددا دىنىنىڭ ئادەت - قائىدىلىرىنى سىڭدۈردى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مۇشۇنداق تولىمۇ پايدىسىز شارائىتتا، XI ۋە XII ئەسىرلەردىكى بۇددا دىنىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشى باشلاندى. تۇبۇت ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بۇددا مەدەنىيىتى تېز سۈرئەتتە كېڭەيدى، يېڭى ئىبادەتخانىلار سېلىندى. بۇددا دىنى ئۈيۈشمىلىرىمۇ كېڭەيدى. نۇرغۇن دىن تارقاتقۇچى راھىبلار تىبەتكە كەلدى. ئۇلار ھىندىستان، نېپاللاردىن كېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىنمۇ كەلدى. تىبەت مەدەنىيىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەممىدىن مۇھىمى زور مىقداردىكى بۇددا نوملىرىنىڭ تەرجىمە

قىلىنىشى بولدى. چىڭزۇدېزىن ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىلا بىر ئالىملار ھەيئىتى بىر خىل ئەدەبىي تىلنى ياراتتى. سانسكرىت، پالى ئۇدۇن ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى بۇددا نوملىرى مۇشۇ تىلغا تەرجىمە قىلىندى. شۇڭلاشقا تىبەتنىڭ «زۇلمەتلىك دەۋرى» ھارپىسىدا ئەدەبىي جەھەتتىكى يۇغۇرۇلۇش، تەرجىمە ۋە شەرھىچىلىك ئەۋج ئالغان بىر بۈيۈك دەۋر بولۇپ ئۆتتى. زور مىقداردىكى بۇددا نوملىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى بىلەن ئالدىنقى دەۋرلەردىكى بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. نەتىجىدە بۇددا دىنىنى روشەن ھالدا تىبەتچە ئۇسلۇپتا شەرھىيلەيدىغان يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى تۈزۈم بارلىققا كەلدى. بۇ خىل تىبەتچە ئۇسلۇب قەدىمكى تۈبۈت ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەنئەنىسى بىلەن چەتتىن كەلگەن يېڭى ئېلېمېنتلارنى يۇغۇرۇپ بىرلەشتۇردى.

بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە X ئەسىردە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق دەۋرلەردە خۇددى سۇڭخۇزەنگەنبۇ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىلگىرى ئۇششاق شەھەر بەگلىكلىرى مەۋجۇت بولغىنىدەك، تىبەت رايونى كۆپلىگەن بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ دەل مۇشۇنداق ئوڭۇشسىز شارائىتتا XI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى بۇددا دىنىنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى لاسادىن ناھايىتى يىراق بولغان ئىككى رايوندا باشلاندى. بۇ ئىككى رايون تىبەتنىڭ ئىككى چېتىگە جايلاشقان. تىبەتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى دوكاڭ دېگەن جاي قالدۇق بۇددا راھىبلىرىنىڭ توپلاشقان مەركىزى ئىدى. بۇ راھىبلار بۇددا ئەقىدىلىرىنى قايتىدىن جارىي قىلدۇرۇپ، بۇددا دىنىنىڭ ئەسلىدىكى شۆھرەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىرادىسىگە كەلدى. ئۇلار ئاخىرى سامىيېگۆەنبا ئىبادەتخانىسىغا بارىدىغان يولنى

ئاچتى ھەمدە سامىيېگۇەنبا ئىبادەتخانىسىنى تىبەتنىڭ ئوتتۇرا رايونلىرىدا بۇددا دىنىنى باشقىدىن تارقىتىدىغان بازىغا ئايلاندۇردى. يەنە دەل شۇ ۋاقىتتا لاداق رايونىدىكى گۇگې دېگەن يەرنىڭ بىر ھۆكۈمدارى ئۆزىگە «يېشېسئود» دەپ نام بېرىپ، بۇددا راھىبى بولدى. لاداق رايونى ئەلمىساقتىن بېرى تىبەت بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كارىدورى ئىدى. يېشېسئۇد بىر بۆلۈم ياشلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تاللاپ، بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان كەشمىرگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى، شۇ ئارقىلىق ھىندىستان بىلەن تىبەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇددا دىنى ئالاقىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. كەشمىرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ياشلار ئارىسىدا كېيىنچە تىبەت تارىخىدا «بۈزرۈكۋار تەرجىمان ئۇستاز» دەپ ئاتالغان رېنچېنساڭپو (958 ــ 1055) مۇ بار ئىدى. پۆنچۆ دىنىنىڭ قارشىلىق دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ تىبەتكە تارقىلىش دولقۇنى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى. رېنچېنساڭپو بۇددا نوملىرىنى تىبەت تىلىغا تەرجىمە قىلىش ھەرىكىتىنى يېڭىباشتىن زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈردى. تىبەتنىڭ غەربىي رايونىدا كۆپلىگەن ئىبادەتخانا - بۇتخانىلارنى سالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىندىستان بۇددا دىنىنىڭ تىبەتكە مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. رېنچېنساڭپونىڭ خىزمەتلىرى ئەسلىدىلا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، راھىب ئاتىشانىڭ تىبەتكە كېلىشى ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئاتىشا باڭلادىشلىق (بېنگاللىق) مەشھۇر ئالىم ۋە تىلسىماتچى ئىدى. ئۇ 1042 -يىلى مەگەدە ئىبادەتخانىسىدىن گۇگېغا كەلدى. ئاتىشانىڭ ئابرويى شۇ قەدەر يۇقىرى ئىدىكى، ھەتتا شۇ چاغدا 85 ياشقا كىرگەن رېنچېنساڭپومۇ بۇ بېنگاللىققا مۇرىت بولدى. ئاتىشا گۇگې رايونىدا رېنچېنساڭپونىڭ بۇددا

دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ساپلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىشىلەر قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملىدى ھەمدە تەرجىمە خىزمىتىگە ياردەملەشتى. كېيىن ئۇ تىبەتنىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونىغا بېرىپ، سامىيېگۇەنبا ئىبادەتخانىسىنىڭ بۇددا دىنىنى تارقىتىش جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاتىشا 1045 -يىلى نىرۋانىلىقتا يەنكۇچە (ۋاپات بولغۇچە) سامىيېگۇەنبا ئىبادەتخانىسىدا ياشىدى. بىر راھىب سۆزىدە ، ئاتىشانىڭ تەسىرى ھەرقانچە تەكىتلەنسىمۇ ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولمايدۇ. ئاتىشانىڭ سامىيېگۇەنبا ئىبادەتخانىسىغا كېلىشى سەۋەبلىك گۇگې ۋە كاگدودىكى بىر-بىرى بىلەن ھېچقانداق چېتىشلىقى بولمىغان بۇددا دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەتلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تىبەتنىڭ باشقا رايونلىرىدا بۇددا ئېتىقادىنىڭ كېڭىيىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. مۇبادا ئاتىشادىن ئىبارەت بۇ شانلىق ئۆلگىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بولمىغىنىدا ، بۇددا دىنىنىڭ تىبەتتە تارقىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش زادى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ئاتىشانىڭ تىرىشچانلىقى سەۋەبلىك، تىبەت بۇددا دىنى مەنىۋىيەت ۋە بەدىئىي ئەدەبىيات جەھەتتىكى خاسلىقتا ئىگە بولدى. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بۇ خىل خاسلىق يەنىلا كەملىك قىلىنىۋاتىدۇ. ئاتىشانىڭ ئۆرنەك بولارلىق ئىشلىرى پۈتكۈل XII ۋە XIII ئەسىرلەردە مارپا (1012—1079) ۋە ئالىيجاناب دەرۋىش شائىر مىلاراسپا (1040—1123) لارغا ئوخشاش ئۇستاز ، ئەۋلىيالارنى رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى④. XIII ئەسىردە رىكازىپ يىپىندىكى نەيتاڭ ئىبادەتخانىسىدا ساقلانغان بۇددا نوملىرىنىڭ تىبەتچە تەرجىمە توپلىمى بۇددا دىنىنى قايتا گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر يېزىلىۋاتقان دەۋردە ،

تىبەت بۇددا دىنى تارىخچىسى پۇدون (1290—1364) ئەڭ ئاخىرى تىبەت بۇددا دىنىنىڭ ئىككى كلاسسىك ئەسىرى بولغان «گەنجۇر» بىلەن «دەنجۇر»نى تۈزۈپ چىقتى.

بىراق بىز XII ۋە XIII ئەسىرلەردە بۇددا دىنى تىبەتتە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى دېسەك، يەنە دەل شۇ دەۋردە بۇ دىن قاتماللىشىشقا باشلىدى. بۇ ھال بىر جەھەتتىن شۇ چاغدا كېلىپ چىققان دىنىي جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن تىبەت بىلەن ھىندىستاننىڭ ئايرىلىپ تۇرغانلىقىدىن بولدى. بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونىدا ئەڭ ئاخىرىدا يوقىلىشى تىبەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەنبەسىنى ئۈزۈپ قويدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە تىبەت بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان پايدىلىق مۇناسىۋەت تاماملاندى. شۇنىڭدىن كېيىن تىبەتنىڭ دىنىي ۋە (سىياسىي) ھاياتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە موڭغۇلىيىگە يۈزلەندى. بۇ خىل بۇرۇلۇشنىڭ مەنبەسى چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ دىنغا خۇشتارلىقىدىن بولدى.

ئىزاھلار:

① كېيىن بۇ ئىككى مەلىكە جوما تەڭرىنىڭ ئۆزگەرمە گەۋدىسى دەپ ئۇلۇغلاندى، ئۇلار «ئاق جوما» ۋە «يېشىل جوما» دەپ ئاتالدى. ئا.گېتتىنىڭ «شىمالدىكى بۇددا دىنى ئىلاھلىرى» ناملىق ئەسىرى (ئوكسفورد، 1928-يىل نەشرى، 119-بەتتىن 124- بەتكىچە) ۋە گ.تۇسسىنىڭ «سۇڭزەنگەنبۇ» ناملىق ئەسىرى (1962-يىل نەشرى، 121-بەتتىن 126-بەتكىچە)گە قارالسۇن.

② گانھار كەشمىر بىلەن تىبەت بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەت توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ 1956-يىل دېھلىدا نەشر قىلىنغان «كەشمىر ۋە لاداقتىكى بۇددا دىنى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

③ تۇسسى بۇ كۈرەشنىڭ سىياسىي ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەيدۇ. گ.تۇسسىنىڭ «تۇبۇت

زامپۇلىرىنىڭ قەبرىلىرى» ناملىق ئەسىرى (1950-يىل نەشرى، 172-بەت)گە قارالسۇن.

④ مارپا ۋە مىلاراسپانىڭ ھاياتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قارالسۇن: ج.باكوت: «تەرجىمە ئۇستىسى مارپانىڭ تەرجىمھالى»؛ ب.لاۋفېر: «مىلاراسپا»؛ ۋ.ي.ئېۋانس-ۋېنتس: «تىبەتنىڭ بۈيۈك يوگا چارەسى مىلارېپا»؛ ھ. خوفمان: «مىلاراسپا».

# VI باب چىڭگىزخاننىڭ ھاياتى

XII ئەسىردىن ئىلگىرى موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئانچە تەسىرى يوق ئىدى. چىڭگىزخان زامانىسىدىن بۇرۇن «موڭغۇل» دېگەن نام پەقەت بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر كىچىك قەبىلىنىڭ نامى ئىدى. XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھازىر موڭغۇلىيە دېگەن نام بىلەن تونۇلغان بۇ رايونغا ئۈچ مۇھىم قەبىلە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. موڭغۇلىيىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى بۇئىر كۆلى بىلەن خۇلۇن كۆلى ئەتراپىغا تاتارلار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. تاتارلارنىڭ غەربىي تەرىپىدە كېرەي قەبىلىسى تۇغلا دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەريا ۋادىسى ۋە ئونون دەرياسى ، كېرۇلېن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. كېرەيلەرنىڭمۇ غەربىدە سېلېنگا دەرياسى بىلەن ئالتاي تېغى ئارىلىقىدىكى رايونلار بولۇپ، بۇ رايونلارغا نايمان قەبىلىسى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. موڭغۇل قەبىلىسى بولسا كېرەيلەر بىلەن تاتارلارنىڭ يايلاقلىرى ئارىسىدىكى ئونون دەرياسى بىلەن كېرۇلېن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا چارۋىلىرىنى باقاتتى. كېرەيلەر بىلەن نايمانلارنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يەنە باشقا قەبىلىلەر بولۇپ، بۇ قەبىلىلەردىن ئاساسلىقلىرى ئويرات قەبىلىسى بىلەن مېركىت قەبىلىسى ئىدى. ھازىر بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى «موڭغۇل مىللىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. يۇقىرىدىكى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئىرق ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە باغلىنىش بولۇپلا

قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تۈركلەر ۋە تۇنگۇسلار بىلەنمۇ يىراق باغلىنىشى بار ئىدى. ئوۋچىلىق قىلىش، بۇغا، مارال كۆندۈرۈش ۋە يۇڭ-تېرە سودىسى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان شىمالىي ئورمانلىقتىكى قەبىلىلەردىن باشقا، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدا كۆچۈپ يۈرىدىغان كۆچمەن قەبىلىلەر ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى كۆپ ھاللاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانىدانلىقلىرىغا زور تەھدىت پەيدا قىلاتتى. ئالايلى، ماشىنىلىشىشتىن ئىلگىرىكى دەۋردە كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ناھايىتى زور ھەربىي پائالىيەتچانلىقى جۇڭگو تارىخىدا مۇھىم بىر تېما— چېگرا مۇداپىئەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانىدانلىقلىرىنىڭ بۇ كۆچمەن قەبىلىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى مەيلى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك بولسۇن، قىسمەن جەھەتتە پەۋقۇلئاددە باسقۇچتىكى بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىق دەرىجىسىگە باغلىق بولسا، قىسمەن جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەرنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش دەرىجىسىگە باغلىق بولدى. XII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى (چىڭگىزخاننىڭ ھايات مەزگىلىدىكى) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانىدانلىقلىرى بىلەن كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىمى، ئەمەلىيەتتە شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۈچ ئەسىردە جۇڭگونىڭ شىمالىنى كۆچمەن مىللەتلەر قۇرغان خانىدانلىقلار سورىغانىدى. ئۇلار قىتان ياكى لياۋ خانىدانلىقى (947—1125) بىلەن جۇرجىد ياكى جىن خانىدانلىقى (1122—1234) دىن ئىبارەت. موڭغۇللارنىڭ خەنزۇلاردىن بىۋاستە ئالغان خەنزۇ مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار قىتان ياكى جۇرجىدلاردىن خەنزۇ مەدەنىيىتىگە دائىر تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرگە ئېرىشتى. ئومۇمەن

ئېيتقاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ چېگرىسىغا ئەڭ يېقىن تۇرغان قەبىلىنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشمۇ ئەڭ كۈچلۈك بولدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى ئېپتىخارلانغان ھالدا «ۋاڭ (پادىشاھ)»، «تەيزى» (شاھزادە) دېگەنگە ئوخشاش خەنزۇچە ناملارنى قوبۇل قىلغانىدى.

شامان دىنى(bōge) ئورمانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئارىسىدىلا قەبىلىۋى ئىشلاردا ھەل قىلغۇچ تەسىرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، موڭغۇللار رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى شامان دىنى مۇخلىسلىرى ئىدى. يايلاق رايونلىرىدا سەردارلار قەبىلە ۋە ئۇرۇق ئاقساقاللىرىدىن تەيىنلەنگەن بولۇپ، قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ سالاھىيىتى ۋە ۋەزىپىسى كۆچمەنلىك جەمئىيىتىگە ناھايىتىمۇ روشەن ھالدا بىر خىل دۇنياۋى ھەم ئاقسۆڭەكلەرچە ئالاھىدىلىك ئاتا قىلغانىدى. قەبىلە ئاقساقاللىرى «خان» دەپ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى «قاغان» دەپ ئاتالغانىدى. ئورمان بەلباغلىرىدىن باشقا يەرلەردىكى موڭغۇل رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان كۆچمەن ئىگىلىكى بولۇپ، بىر قەبىلىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ئۇنىڭ ياشاش ئىقتىدارى شۇ قەبىلە ئىگە بولغان يايلاقلارنىڭ سۈپىتى ۋە كۆلىمىگە باغلىق ئىدى. بەزى بىر قەدەر ئىلغار قەبىلىلەر ئارىسىدا سودا-سېتىق ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا قوشۇمچە ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايتتى.

XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، موڭغۇل رايونلىرىدا چوڭ ئۇرۇقلار تېخىمۇ كىچىك بىرلىكلەرگە پارچىلىنىشتەك بىرخىل ۋەزىيەت شەكىللەندى، نەتىجىدە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بولغان يايلاق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سانى كۆپەيدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش نېمە ئۈچۈن پەيدا بولغان، قايسى ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىققان، بۇ

مەسىلىلەرھازىرچە ئېنىق ئەمەس، ئەمما، بۇ خىل ئۆزگىرىش قوي-كالا بېقىش بىلەن ئات بېقىش ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ كۆچىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئات بېقىش ئاقسۆڭەكلەرگە خاس بىرخىل كەسىپ بولۇپ، ئاتقا ئىگە بولغاندىلا، ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكىلى بولاتتى. ھالبۇكى، بۇ خىل ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولغان سەۋەبنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا، پۈتكۈل XII ئەسىردە بىر خىل يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكلى — مەلۇم شەكىلدىكى كۆچمەن فېئودالىزم مەيدانغا كەلگەن. بۇ خىل يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت چىڭگىزخاننىڭ ئىستىلالىرى ئۈچۈن ئىجتىمائىي ۋە ھەربىي ئاساس ھازىرلىغانىدى. شۇنداقىلا چىڭگىزخاننىڭ ئىستىلالىرىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە، بۇ خىل كۆچمەن فېئودالىزمدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىشكە زور تەسىر كۆرسەتتى. نۆۋەتتە بۇ خىل ھادىسىگە توغرا تەبىر بېرىش ئىمكانىيىتى يوق. ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا فېئودالىزمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇللاردا بىر خىل «قۇرۇلتاي»، يەنى خانلار بىلەن سەردارلارنىڭ كېڭىشى پۇلغانىدى. بۇلارنىڭ رولى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن، «قۇرۇلتاي» نى بەلگىلىم پىلانتاگېنېت خانىدانلىقى ۋە گاپې پادىشاھلىقى پادىشاھىنىڭ «بۈيۈك مەجلىس» لىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولار. موڭغۇل جەمئىيىتى تۈرلۈك تەبىقىلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ نۆۋىتىدە ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ( بۇ كوڭزىچىلىق تەلىماتىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك

خاندانلىقلىرىنىڭ بيۇروكرات تەبىقىچىلىك تۈزۈمى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ) تۇراتتى. دەرىجىسى ئېنىق بەلگىلەنگەن بۇ جەمئىيەت ئىپىراممىنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدە بولسا يانچىلار ۋە قۇللار تۇراتتى. كۆچمەن ئاقسۆڭەكلەر مول چارۋىلارغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن باشقا كوممۇنا ئەزالىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋىتى، نىكاھ رىشتىسى، ياساۋۇللار قاتلىمىغا خاس بولغان ئىدىيىۋى قاراش ۋە باھادىرلارنىڭ ئەخلاق مىزانى قاتارلىق ئامىللار ئاقسۆڭەكلەرنى زىچ بىرلەشتۈرگەنىدى. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي ياۋروپا جەمئىيىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتىكى ئۆزلەش ۋە چۈشۈش ئېھتىمالى تېخىمۇ چوڭ ئىدى. موڭغۇللارنىڭ يانچىلىق تۈزۈمى بىزگە نىسبەتەن يەنىلا بىر سىر . ئەمما، موڭغۇل جەمئىيىتىدە «يانچىلار» دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بىر قاتلام بولغانلىقى ئېنىق. ئۇلار، ئومۇمەن، ئۇرۇش ئەسىرلىرى ياكى ئەسىرلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى. يانچىلار قاتلىمى مەلۇم دەرىجىدە جىسمانىي ئەركىنلىككە ۋە مال - مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، قوشۇندا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەندىن باشقا، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى مەلۇم نىسبەت بويىچە خوجايىنلىرىغا تاپشۇراتتى. قوشۇندا يانچىلار بىر خىل مالايلارنىڭ رولىنى ئوينايتتى. مەسىلەن: چېدىر تىكىش، چارۋىچىلارنىڭ ئىشىنى قىلىش ۋە ھۆكۈمرانلار ھەم ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلىدىغان قورشاۋ ئوۋلىرىدا ياۋايى ھايۋانلارنى قوغلايدىغان ياردەمچى بولۇش قاتارلىقلار. ئۇلار پەقەت زورىغا ئىجازەت بېرىلگەندىلا، ئاندىن ئۆزلىرى ئىگە بولغان ھوقۇقلارنى ئىشلىتەتتى.

بىز XII ئەسىردىكى موڭغۇل جەمئىيىتى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا جەمئىيىتىنى داۋاملىق سېلىشتۇرماقچىمىز. موڭغۇل خانى سۇيۇرغال قىلىنغان يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا بۆلۈپ بېرەتتى ھەم ھەربىي مۇلازىملار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىنى ساقلايتتى. بۇ ھەربىي مۇلازىملار ئورتاق ئىدىيە، ساداقەت، ئۆزئارا پايدا-مەنپەئەت ھەم ئورتاق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن ھۆكۈمرانلار ئالدىدا مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلاتتى. بۇ خىل ھەربىي مۇلازىم ياكى ياساۋۇللار بەلكىم موڭغۇللارنىڭ ئەڭ تىپىك «فېئوداللىق» تۈزۈمى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەربىي مۇلازىملار ئورۇشتا «سەرخىللار قىسمى» نىڭ رولىنى ئويناپلا قالماستىن، يەنە تېخى باشقا قىسىملارنى قوماندانلىق قىلغۇچىلار بىلەن تەمىنلەيتتى. ئەمما، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ھەربىي مۇلازىملار چىڭگىزخان قۇرغان ھەربىي تەشكىلاتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى. تىنچ مەزگىللەردە ئىشەنچكە ئېرىشكەن ھەربىي مۇلازىملار يەرلىك ھۆكۈمران بولسا بولۇۋېرەتتى. چىڭگىزخان ئىگىلىك تىكلەشكە باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر توركۇم ئەگەشكۈچىلەر توپلانغان بولۇپ، ھەربىي مۇلازىملار بەلكىم مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار چىڭگىزخاننىڭ قوشنا دۈشمەنلەر ئۈستىدىكى زومىگەرلىكىنى ساقلىشىغا ياردەم بەردى. ھەربىي مۇلازىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نامدار ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققانىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، «ھەربى مۇلازىم» موڭغۇلچىدا «n ö k öd» دېيىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى « n ö k ör» ( ھەمراھ) ئىدى، بۇ سۆز روشەن ھالدا فېئوداللىق ھەم قەھرىمانلىق تۈسكە ئىگە ئىدى. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەلۇم ھۆكۈمراننىڭ شەخسىي

ئەگەشكۈچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەربىي مۇلازىملار ئۆز خوجايىنلىرىنى ئىختىيارىي تاللىسا بولاتتى. ئەمما، مەيلى ئۇلار مەلۇم خىل ساداقەت قەسىمى ئىچكەن بولسۇن ياكى بولمىسۇن، (بۇ تەرىپى يەنىلا گۇمانلىق)، دوست ھەم مەسلىھەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەربىي مۇلازىم بىلەن ئۇنىڭ خوجايىنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چوقۇم ئىنتايىن يېقىن بولاتتى. بۇ ئورۇندا ئانگلو ساكسۇنلارنىڭ "House — carl"، پلانتاگېنېت خاندانلىقىنىڭ "Comitatus" ۋە دەسلەپكى مەزگىللەردىكى كىيېفنىڭ "druzhennik" لىرىنىڭ ھەممىسى موڭغۇللارنىڭ «nö k ör» ى بىلەن ئوخشاشلىقلارغا ئىگە.

لېكىن، موڭغۇل جەمئىيىتى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ بۇ خىل ئوخشاشلىقلىرىنى ئاشۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ ناھايىتى روشەن. كۆچمەنلىك جەمئىيىتى ئوتلاق ھوقۇقىغا ھامان ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەمما، ئۇلار يەرنىڭ مۈلۈكدارلىق ھوقۇقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى. ۋاھالەنكى، يەرنىڭ مۈلۈكدارلىق ۋە ئىگىلىك ھوقۇقلىرى يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. موڭغۇل جەمئىيىتىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپانىڭ بارونلار خوجىلىق زېمىنى ۋە ۋىلايەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىدەك ھېچقانداق سىياسىي بىرلىكمۇ يوق ئىدى. شاھلىق ھوقۇقى، ئەدلىيە ھوقۇقى، مال-مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى خرىستىئان دىنى ياكى ئىسلام دىنى تارىخىدا خېلى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئەمما، كۆچمەنلىك جەمئىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار بۇنداق ئاۋارىچىلىقلاردىن خالىي ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ قانۇنى بولغان «ياسا» ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى

ئۆزئارا مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقنىڭ ئۆلچىمى بولماستىن، بەلكى چىڭگىزخاننىڭ بېقىنغۇچىلىرى بىلەن ۋارىسلىرى ئەمەل قىلىشى شەرت بولغان بىر قىسىم مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئەمىر - پەرمانلاردىن ئىبارەت ئىدى①. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، موڭغۇل ھۆكۈمرانىنىڭ مۇتلەق مۇستەبىتلىكىنى يولغا قويۇشقا ھېچقانداق چەكلىمە يوق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، قارشىلىق پەيدا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇش ۋە ئىجتىمائىي تەبىقىچىلىك تۈزۈمىگە سىڭىپ كەتكەن ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ ئادەتلىرى بىلەن ئۇرۇقداشلىق ھېسسىياتىنىڭ كۈچى بۇ خىل مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى يەنىلا چەكلەپ تۇراتتى.

تەخمىنەن مىلادىيە 1125 - ، 1126-يىللىرى چىڭگىزخان (ئەسلى ئىسمى تېمۇجىن) موڭغۇلىيىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە دۇنياغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتىكى موڭغۇل جەمئىيىتىگە فېئودال ئىجتىمائىي مىزانلار سىڭىپ كەتكەنىدى. تۇغۇلۇشىدىلا ئاقسۆڭەكلەرگە مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈن، چىڭگىزخاننىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى بارلىق پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى ناھايىتىمۇ ئېنىق ھالدا ئىپادىلىدى. ئۇ ئىش-ھەرىكىتىدە ئادەتتىكى قەبىلە ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپلىق قىلىپ كەلدى. چىڭگىزخان مەشھۇر بۆرجىگىن ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى يەسۈگەي باغاتۇر قەبۇلخان ئىسىملىك كىشىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. قەبۇلخان ئۆز ھاياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە جىن خاندانلىقى چېگرىلىرىنى پاراكەندە قىلغانىدى، ئۇ ھەتتا، «خاقان» دېگەن بۇ بۈيۈك نامغىمۇ ئىگە بولغانىدى. بىراق، جىن خاندانلىقى تاتارلارنى كۈشكۈرتۈپ قارا نىيىتى ئاشكارا قوشنىلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بۇ قىسقىغىنا كېڭەيمىچىلىك باسقۇچى

ئاخىرلاشتى. ۋەھالەنكى، قەبۇلخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر تېمۇجىننىڭ قارا نىيەتكە تولغان ياش قەلبىنى غىدىقلاپ ئارام بەرمەيتتى. يەسۈگەي باغاتۇر بولسا كۆچمەن فېئودالىزمىنىڭ تىپىك ئادىمى بولۇپ، نۇرغۇن مال پادىلىرى ۋە يانچىلارغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا يەنە ئۇرۇق-تۇغقان ۋە خىزمەتكارلاردىن تەشكىل تاپقان كۈچلۈك ئەگەشكۈچىلىرى توپلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭغا يەرلىك قەبىلىلەر بىلەن بولغان جەڭلەردە ياردەم بېرەتتى. تېمۇجىن ياش ۋاقىتلىرىدا ئېغىر سىناقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىدارلىق ياۋايىلاردىن بولماستىن، بەلكى ئاقسۆڭەكلەر ئەنئەنىسى بىلەن قەدىمكى شان-شۆھرەت چۈشلىرىنىڭ ۋارىسى ئىدى.

يەسۈگەي باغاتۇر تەخمىنەن مىلادىيە 1165-يىلى قازا تاپتى. يەسۈگەي باغاتۇر ئۆلگەندىن كېيىنكى يىللاردا ئۇلارنىڭ ئاتا جەمەتىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تېمۇجىن ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنە چارۋىلىرىنىمۇ باقالماي قالدى. ئۇلار نامراتلىق ۋە قارشى قەبىلىدىكىلەرنىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلار نامراتلىقتىن بېلىق ئوۋلاپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما، كىچىككىنە بىر پارچە سۈيۈرغال يەرگە ئىگە بولۇشىنىڭ تەسىرىدىن قوزغالغان ماددىي ئىستەك تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىق ئىقتىدارى تېمۇجىننى تەدرىجىي ھالدا ئۆز ئەتراپىغا ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا ۋە ئوخشاش ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى توپلاشقا ئېلىپ باردى. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۆز تالانتىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارى، ئەقىل - پاراستى ۋە

ئىپھتىياتچان پوزىتسىيىسى بۇ كىشىلەرنى ئۇنىڭغا رام قىلدى. تېمۇجىن يەنە ئاتىسىنىڭ بۇرۇنقى ئىتتىپاقدىشى كېرەي قەبىلىسىنىڭ خانى توغرىلنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. توغرىلنىڭ قوللىشى بىلەن تېمۇجىن كىچىك سەركەردىلىك ئورنىغا مۇيەسسەر بولدى. تېمۇجىننىڭ ئايالى بورتە مېركىت قەبىلىسى تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەندە، تېمۇجىن توغرىلدىن ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنۈپ (ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن توغرىلغا مېركىت قەبىلىسىنى قۇربان قىلىپ ئۆزىنىڭ خېلىلا زورىيىپ قالغان كۈچىنى ئاشۇرماسلىققا كاپالەت بەرگەن بولسىمۇ)، ئۇنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېمۇجىن قول ئاستىدىكىلىرىنى ئادەتتىكىدىنمۇ ياخشى ھەم ئۇنۇملۈك تەشكىللەشكە باشلىدى، مۇھاپىزەتچى قوشۇن قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە يېڭى ئات تولۇقلاش تۈزۈمىنى بېكىتتى ھەم خەۋەرچى ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ پەرمانلىرىنى يەتكۈزدى.

XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تاتار قەبىلىسى تەدرىجىي كۈچەيدى، ئۇلارنىڭ جىن خاندانلىقىغا بولغان تەھدىتىمۇ كۈنسېرى ئاشتى. جىن خاندانلىقى ئىلگىرى تاتارلاردىن پايدىلىنىپ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ قارا نىيىتىنى سۇندۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە جىن خاندانلىقى ئۆرۈلۈپلا كېرەي قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، تاتارلارنىڭ بۇ يېڭى تەھدىتىگە تاقابىل تۇردى. كېرەي قەبىلىسىمۇ تاتار، موڭغۇل قەبىلىلىرىگە ئوخشاشلا كۆچمەن قەبىلە ئىدى. لېكىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە تاغۇت ئىمپېرىيىسى بىلەن، مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، كېرەي قەبىلىسىنىڭ باشقا موڭغۇل قەبىلىلىرىگە قارىغاندا بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا خىرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىيان

مەزھىپىگە كىرىپ بولغانىدى. ئادەتتە توغرىلنى ئوتتۇرا يەر دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەھلى سەلىپ قوشۇنىغا قاتناشقانلار رىۋايەت قىلغان پرېستېر يوھان (Prester John) شۇ دەيدىغان قاراشلار بار. توغرىل تېمۇجىننىڭ ياردىمىدە غەرب تەرەپتىن تاتارلارغا زەربە بەردى. بۇ ۋاقىتتا جىن خاندانلىقى جەنۇب تەرەپتە ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن تاتارلار ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ قىلىندى. شۇندىن كېيىن تاتارلار بىر مۇستەقىل قەبىلە سۈپىتىدە قايتا مەۋجۇت بولالمىدى. جىن خاندانلىقى ئىتتىپاقداشلىرىنى مۇۋاپىق تارتۇقلىدى. توغرىل ۋە تېمۇجىنلار جىن خاندانلىقى بەرگەن ئۇنۋانلارنى قوبۇل قىلدى . ۋەھالەنكى، تېمۇجىن يەنىلا توغرىلنىڭ قول ئاستىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئېغىر ئۇقۇشماسلىقلار پەيدا بولۇپ، بىر-بىرىنى ئەيىبلەشتى. ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە ئېيتقاندا، توغرىلنىڭ ئاسىيلىق قىلمىشى ئۇنى رەسۋا قىلغانىدى. توغرىل تېمۇجىننىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلىغانىدى. ئەمما، تېمۇجىن ئانچە كۈچمەيلا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھامىيسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. قىسقىغىنە بىر قېتىملىق جەڭدىن كېيىن توغرىلنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆزى ئۆلتۈرۈلدى②.

تېمۇجىن كېرەي قەبىلىسىگە ياردەملىشىپ تاتارلارنى تارمار قىلغانىدى، تېمۇجىن كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى سۈپىتىدە ئاللىقاچان كۆزگە كۆرۈنۈپ، شۆھرەت قازانغانىدى. ئەمدىلىكتە كېرەي قەبىلىسى بىلەن تاتار قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئايلاندى. تېمۇجىن داۋاملىق ئېشىپ بېرىۋاتقان بۇ كۈچلەردىن پايدىلىنىپ نايمان قەبىلىسىگە زەربە بەردى. نايمانلار تۇرغان زېمىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى، ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئەڭ ئاۋۋال قوللانغان موڭغۇللار

ئىدى. نايمان قەبىلىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىتىكى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇلارنى موڭغۇلىيىنىڭ سىرتىدىكى ناتونۇش رايونلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتقانىدى. تېمۇجىن نايمان قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا يەنە مېركىت قەبىلىسىنىمۇ بويسۇندۇرۇپ، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئايلاندۇردى. تېمۇجىن ھېچقانداق تالاش-تارتىشسىزلا بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسىغا ئايلاندى.

1206-يىلى ئونون دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىغا يېقىن يەردە «قۇرۇلتاي» ئېچىلدى . بۇ قۇرۇلتاي موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ كونكرېت تەپسىلاتلىرى ھازىر تېخى ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن، تېمۇجىننىڭ مۇشۇ قۇرۇلتايدا «بۈيۈك خان» دېگەن نام ۋە «چىڭگىزخان» دېگەن ئىسمىنى قوبۇل قىلغانلىقى شۈبھە تۇغدۇرمايدۇ. شۇ قېتىملىق قۇرۇلتايدىن كېيىن بويسۇندۇرۇلغان ھەم ئىتتىپاققا كىرگەن قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى «موڭغۇل» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى . بۇ ئىشنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ بىرى كۆكچۇ (ياكى Teb—Tengri) ئىسىملىك شامان دىنى مۇخلىسى ئىدى. كۆكچۇ چىڭگىزخاننىڭ بويسۇندۇرۇشى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشۋىق قىلدى . بۇ خىل ئىدىيە كېيىنچە تاكى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىگىچە داۋاملاشتۇرۇلدى.

ھازىر ئومۇمەن 1206-يىلدىكى «قۇرۇلتاي» چىڭگىزخان ھاياتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇ ۋاقىتتا تېخى چىڭگىزخاننىڭ تارىختىكى ئەڭ بۈيۈك بويسۇندۇرغۇچى بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەت يوق ئىدى. يېشى 50 تىن

ئېشىپ قالغان چىڭگىزخان ئالېكساندىرغا ئوخشاش ئۇنداق ياش ئەمەس ئىدى. بۇ ۋاقىتتا چىڭگىزخان پەقەت جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگرىلىرىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانىدىنلا ئىبارەت ئىدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كۆپلىگەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىنىڭ سەردارلىرى مۇشۇنداق رولنى ئوينىغانىدى. ئەمما، چىڭگىزخاننىڭ بىر ئىستراتېگىيىچى ۋە تەشكىللىگۈچى سۈپىتىدىكى ئىقتىدارى شۇ چاغدا نامايان بولۇشقا باشلىدى. ھەرىكەتچانلىق بىلەن جانلىقلىق كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ يايلاق جەڭلىرىدە بۇرۇندىن بار بولغان ئەۋزەللىكى ئىدى. بۇنىڭغا چىڭگىزخان يەنە بىر يۈرۈش قەتئىي ئەمەل قىلىنىدىغان قاتتىق ئىنتىزامنى قوشتى. ئۇ قوشۇننى ئون، يۈز، مىڭ، تۈمەن قاتارلىق بىرلىكلەرگە بۆلگەن بولۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ دەرىجىسى ئىنتايىن زىچ تۇتاشقان قوماندانلىق سىستېمىسى بەرپا قىلدى. ھەر بىر دەرىجە ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىگە مۇتلەق بويسۇنۇشى شەرت ئىدى. چىڭگىزخان ئاقسۆڭەكلەرگە خاس بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىن خالىي بولالمىسىمۇ، ئەمما مەيلى قايسى تەرەپلەردە بولمىسۇن، ھەممىسىدىلا ئۇنىڭ ئىقتىدارى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلارنى كۆرىمىز.

چىڭگىزخان قۇرغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى روشەن ھالدىكى بىر خىل فېئودالىق جەمئىيەت قۇرۇلمىسى بولۇپ، ئۇ بۈيۈك خاننىڭ جەمەتىنى ھوقۇق مۇنارىنىڭ ئەڭ چوققىسىغا قوياتتى. چىڭگىزخان ئۆزىنى موڭغۇل مىللىتىنىڭ داھىيسى ھېسابلاپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سەردارى دەپ بىلەتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاقسۆڭەكلەر ھامان تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققانلارغا قارىغاندا ئالدى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىگە نائىل بولاتتى. مۇشۇ خىل

ئۇسۇلغا تايانغانلىقى ئۈچۈن، چىڭگىزخان ئۆز قەبىلىسىدىكى ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، يەنە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكىلەر ۋە بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر باشلىقلىرىنىڭ سادىقلىق بىلەن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ مۇشۇ مەقسەتتە نۇرغۇن سۇيۇرغال يەرلەرنى ئۆتۈنۈپ بەردى. يەرلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش ئۇسۇلى چىڭگىزخاننىڭ ئۆز تەۋەلىكىدىكى زېمىنلارغا بولغان كونتروللۇقىنى ئاجىزلاشتۇرمايتتى. پىشىپ يېتىلىۋاتقان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قانۇنىنىڭ مەنبەسىنى 1206-يىلدىكى «قۇرۇلتاي»غا تۇتاشتۇرۇش مۇمكىن. بۇ قانۇنلار «ياسا» نى شەكىللەندۇرگەنىدى، «ياسا» زورلۇق بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ۋە ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان قائىدە-پرىنسىپلار ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئىجتىمائىي مىزان بەلگىلەپ، ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشتەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى كۈچەيتتى.

1206-يىلدىن 1209- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئويرات قەبىلىسى بىلەن قىرغىز قەبىلىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ موڭغۇللارغا بەيئەت قىلدى. ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، ئەسلىدە قارا قىتان خانىدانلىقىنىڭ سۇيۇرغالى سۈپىتىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ناھايىتى زېرەكلىك بىلەن موڭغۇللارغا ئىتائەت قىلىدىغان بولدى. شۇندىن كېيىن چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ بويسۇندۇرۇش نىشانىنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك ئولتۇراق قوشنىلىرىغا يۆتكىدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ كېيىنكى كۆچۈشلىرىنى XIII ئەسىردىكى موڭغۇللار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن چۈشەندۈرۈشنىڭ، شۇنداقلا بۇ خىل كۆچۈشنى ئەسلىدىكى موڭغۇلىيە يايلاقلىرىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنىڭ نەتىجىسى

دەپ قاراشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. بىر داھىي بولۇش سۈپىتى بىلەن پەقەت كۆچمەن ئاقسۆڭەكلەرنى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەلىگەندىلا، ئاندىن كۈچلۈك قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قۇرغىلى بولاتتى. چۈنكى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە بايلىق توپلاش ئۈچۈن ئاجىز قوشنىلىرىنى شىلىۋېلىش، سودا يوللىرىنى بويلاپ باج يىغىۋېلىش قاتارلىقلار ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتاتتى. چىڭگىزخان ئەگەشكۈچىلىرىنى مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇندىن باشقا، ئۇ يەنە نامرات ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ بۈيۈك ئارزۇسى — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى. چۈنكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق، سان-ساناقسىز زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ۋە زور تۈركۈمدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى بار ئىدى.

موڭغۇلىيىنىڭ جەنۇبىدا تۆت پادىشاھلىق بار ئىدى، جىن خانىدانلىقى شىمالىي جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا جەنۇبىي سۇڭ خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق بازىسى كەڭسۇ ئىدى، تاڭغۇتنىڭ جەنۇبىدا تىبەت بار ئىدى. موڭغۇللاردىن ئىبارەت غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە تاجاۋۇزچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تاجاۋۇز قىلىش پەيتى ئاللىقاچان پىشىپ يېتىلگەنىدى. چىڭگىزخان ئالدى بىلەن تاڭغۇتقا ھۇجۇم قىلدى. بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ئولتۇراق دېھقانلار بىلەن كۆچمەنلەرنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەشكىل تاپقانىدى. چىڭگىزخان تاڭغۇتلار بىلەن بىۋاسىتە سودا-سېتىق قىلىدىغان كېرەي، نايمان قەبىلىلىرى ۋە ئۇيغۇرلاردىن تاڭغۇتقا دائىر زۆرۈر ئاخباراتلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، 1209-يىلى تاڭغۇتقا بېسىپ

كىردى ھەم ئۇدۇل تاڭغۇتنىڭ پايتەختى — خۇاڭخې ساھىلىغا جايلاشقان جۇڭشىڭفۇغا قاراپ ئىلگىرلىدى. چىڭگىزخان تاڭغۇتنىڭ پايتەختىگە ھۇجۇم قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن، تاڭغۇتنىڭ ھۆكۈمرانى چىڭگىزخانغا تەسلىم بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ ۋاسسالىغا (رەئىيەت) ئايلاندى. چىڭگىزخاننىڭ غەلىبىسى بىلەن ئۇنىڭ شۆھرىتى كۆنسېرى ئېشىپ باردى. ئۇندىن باشقا، ئۇ يەنە مۇداپىئە سېپىلى بار شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئولتۇراق ئاھالىلەر ئارىسىدا جەڭ قىلىش جەھەتلەردىمۇ يېڭى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى. بۇ ۋاقىتلاردا چىڭگىزخان يەنە جۇڭگونىڭ شىمالىنى ئىگىلەپ تۇرغان جىن خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. چىڭگىزخان بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىمكانقەدەر ئاخبارات توپلىدى؛ ئۇ بۇ ئاخباراتلارنى جىن خاندانلىقىنىڭ چېگرىسىغا يېقىن ئولتۇراقلاشقان ئۆڭگۈت قەبىلىسى ۋە جىن خاندانلىقى بىلەن سودا قىلىدىغان مۇسۇلمان سودىگەرلەردىن ئالدى. ئۆڭگۈت قەبىلىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر كېرەي قەبىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاشلا نېستورىيان دىنى مۇرىتلىرى ئىدى. مۇسۇلمان سودىگەرلىرى بولسا يايلاق رايونلىرىنىڭ بىر پادىشاھنىڭ قولى ئاستىغا بىرلىككە كېلىشىنى قىزغىن قوللايتتى. مۇشۇنداق بولغاندا بۇلاڭ-تالاڭ ۋە قەبىلىلەر ئۇرۇشلىرىنى تىزگىنلىگىلى، بۇ ئارقىلىق سودا يوللىرىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. 1211-يىلى چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر سەردارلىرى بىلەن تۆت ئوغلى - جۆچى، چاغاتاي، ئۆگېتەي، تولۇيلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قوشۇن تارتىپ جىن خاندانلىقىنىڭ چېگرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ئىگىلىدى. جىن خاندانلىقىنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ھەيۋەتلىك قوشۇنى بار ئىدى. پاكىت چىڭگىزخاننىڭ ئۇرۇش سەنئىتى، ماھارىتى ئۇنىڭ قۇدرەتلىك

رەقىبىنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ قېتىملىق ئۇرۇش تاكى 1212-يىلىغىچە داۋاملاشتى، بۇ ۋاقىتتا مانجۇرىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قىتانلار قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، جىن خاندانلىقىغا قارشى چىقتى ھەم موڭغۇللارغا ئەل بولدى. 1214-يىلىغا كەلگەندە چىڭگىزخان قوشۇنى ئاللىقاچان بېيجىڭغا كېلىپ بولغانىدى. لېكىن، چىڭگىزخان ئۆزى بىلەن بىللە زور تۈركۈمدىكى قىممەتلىك ئۇرۇش ئولجىلىرىنى ئېلىپ ماڭغانىدى، ئۇ بۇ ئولجىلارنى بىخەتەر ھالدا موڭغۇلىيىگە يۆتكەپ كېتىش قارارىغا كەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭگىزخان مەقسەتسىزلا جىن خاندانلىقىنىڭ ئەڭ سەرخىل قىسىملىرى مۇداپىئە قىلىۋاتقان، قەلئە سېپىللىرى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولغان پايتەختىگە ھۇجۇم قىلمىدى. نەتىجىدە موڭغۇللار بىلەن جىن خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. چىڭگىزخان جىن خاندانلىقى مەلىكىسىدىن بىرىگە ئۆيلەندى. مەلىكە قىز مېلى سۈپىتىدە ئۆزى بىلەن بىللە نۇرغۇن قۇل، ئات ۋە ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى ئېلىپ كەلدى. بىراق، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنە ئۇرۇش باشلىنىپ، موڭغۇل قوشۇنلىرى جىن خاندانلىقىغا يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭگە جەبە بىلەن مۇقالىدىن ئىبارەت ئىككى سەركەردە قوماندانلىق قىلدى. 1215- يىلى بېيجىڭ قولدىن كەتتى. جىن خاندانلىقىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىمۇ پايتەخت بىلەن بىللە موڭغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەمما، جۇرجىدلار جۇڭگونىڭ شىمالىدا يەنىلا سەكرات ئالدىدا جان تالىشىۋاتاتتى. چىڭگىزخاننىڭ كېيىنكى ھاياتىدا موڭغۇللار بىلەن جۇرجىدلار ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبەتلىرى ۋە كىچىك دائىرىدىكى جەڭلەر ئۈزۈلمىدى.

چىڭگىزخاننىڭ جىن خاندانلىقى بىلەن قىلغان جېڭى بەلكىم ئۇ ئۆمرىدە باشتىن كەچۈرگەن مىسلىسىز قىيىن بولغان جەڭ بولۇشى

مۇمكىن. بۇ جەڭلەردە چىڭگىزخان يۇكسەك يىراقنى كۆرەرلىكتەك ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى ۋە جانلىق-ئىنچىكە ئۇرۇش تاكتىكىسى ھەرىكىتىنى بىرلەشتۇرۇپ، ئەڭ بۇيۇك ئۇرۇش ماھارىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ موڭغۇل قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، بىپايان ناتونۇش زېمىنلارنى كېزىپ چىقتى، بۇ رايونلاردىكى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى نەچچە ئون كىلومېتىر كېلەتتى.

تاڭغۇت ۋە جىن خاندانلىقىغا بېسىپ كىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، موڭغۇللار خەنزۇلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە بولدى. بېيجىڭ ئېلىنغاندىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلغان ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا لياۋ خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بىرى بار بولۇپ، ئۇ شائىر ۋە ئالىم يەلۇ چۇسەي ئىدى. يەلۇ چۇسەينىڭ جەمەتىدىكىلەر جىن خاندانلىقىغا ئۈچ ئەۋلاد خىزمەت قىلغانىدى. چىڭگىزخان يەلۇ چۇسەينى ئۆزىگە مۇلازىم قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. يەلۇ چۇسەي ئىلمىي نۇجۇمدىكى بىلىمى ۋە مەمۇرىيەتتىكى ئىقتىدارى بىلەن چىڭگىزخاندا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. يەلۇ چۇسەيدىن ئىبارەت بۇ خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ بيۇروكراتلىق ئەنئەنىسىنىڭ ۋەكىلى ناھايىتى تېزلا بويسۇندۇرغۇچىغا زور تەسىر كۆرسەتتى، يەلۇ چۇسەينىڭ ئۆزىمۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسلىق مەمۇرىي ئەمەلدارىغا ئايلاندى. موڭغۇللار يەنە خەنزۇ زېمىنلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا باشلىدى.

موڭغۇللارنىڭ جۇرجىدلار بىلەن قىلغان جېڭى شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، جىن خاندانلىقى چېگرىسى ئىچىدىكى جەڭلەرنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى چىڭگىزخانغا مۇنداق كەڭ زېمىنلاردا ئاھالىسى كۆپ، ئەقىل-پاراسەتلىك جىن

خانــدانلــىقى خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، جەزمەن ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. چىڭگىزخان بەلكىم شۇنى ئالدىن كۆرەلىگەن بولۇش مۇمكىنكى، جىن خاندانلىقىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىرىش ئۇنىڭ يېڭى قۇرۇلغان موڭغۇل قوشۇنى ئۈچۈن قاتتىق بىر سىناق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يان تەرىپىدە تېخى بويسۇندۇرۇلمىغان، موڭغۇللار بىلەن ئوخشاش ھەرىكەتچانلىقتا ئىگە كۆچمەن قەبىلىلەر بار ئىدى، بۇ كــۆچــمــەن قــەبــىلىلەر چىڭگىزخان بىلەن جۇرجىدلار جەڭ قىلىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ جىن خاندانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئــارزۇســىــغــا ھاي بېرىپ، يېنىكلىك بىلەن جىن خاندانلىقىغا داۋاملىق ھۇجۇم قوزغىمىدى. شۇندىن كېيىن چىڭگىزخان جىن خاندانلىقىدىن قوشۇن چېكىندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلدى.

ئالتاي تېغىدىكى جىلغىلىق رايونلاردا نايمان قەبىلىسى بىلەن مېركىت قەبىلىسىنىڭ قارشىلىقلىرى تېخى تولۇق تۈگىمىگەنىدى، سۇبەتەي بۇ خەتەرلىك ئامىللارنى ناھايىتى تېزلا يوقاتتى. بۇ ۋاقىتتا جــەبــە تــېــخــى يــېــڭىلا قارا قىتان خانى چىگولخاننىڭ تەختىنى تــارتــىــۋالــغــان نايمان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كۈچلۈگكە ھۇجۇم قــوزغىدى. قارا قىتانلار ئىلگىرى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىتانلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى، ئۇلار جىن خاندانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربكە كــۆچۈپ، يەتتە سۇ رايونىغا كەلگەنىدى. 1218-يىلى جەبە قارا قــىــتــان خــانــدانــلــىــقــىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ كــۈچــلــۈگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ قــولــلــىــشــىــغــا ئــېــرىشتى. كۈچلۈگ قەشقەرىيىگە قاچتى ھەم

قەشقەرىيەدە تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

قارا قىتان خانىدانلىقىنىڭ زېمىنلىرىنى بويسۇندۇرغانلىقى سەۋەبلىك موڭغۇللارنىڭ زېمىن چېگرىسى خارەزىمشاھ ئالائىددىن مۇھەممەد(1200—1220 ) ھۆكۈمرانلىقىدىكى XIII ئەسىردىكى ئاساسلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەن تۇتاشتى. خارەزىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېگرىسى سىر دەريا بولۇپ، خارەزىم ۋە ماۋرائۇننەھردىن باشقا، ئۇ يەنە ھازىرقى ئىران ۋە ئافغانىستاننىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ھەم مۇشۇ ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى كونترول قىلاتتى. چىڭگىزخان سودا يوللىرىنى قوغداپ، يايلاق بىلەن باردى-كەلدى قىلىدىغان سودىگەرلەرنى توسالغۇسىز قاتنايدىغان قىلىشنى قارار قىلدى. ئېھتىمال دەسلەپتە چىڭگىزخان غەرەزسىزلا خارەزىمگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئالائىددىن مۇھەممەدكە ئوخشاش تاقابىل تۇرۇش قىيىن بولغان قوشنىسىغا جەڭ ئېلان قىلغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن 1218-يىلى تەخمىنەن 450 كىشىلىك بىر مۇسۇلمانلار سودا كارۋىنى (ئۇلارنىڭ كۆپى خىۋا بىلەن بۇخارادىن كەلگەن) موڭغۇلىيە ئارقىلىق ماۋرائۇننەھرگە قايتىش سەپىرىدە ئوترارda خارەزىمشاھ ئالائىددىن مۇھەممەد تەرىپىدىن قىرغىن قىلىندى. ئۇلارنىڭ مال-دۇنياسىمۇ پاك-پاكىز بۇلاڭ-تالاڭ قىلىندى، چىڭگىزخان ئەۋەتكەن بىر ئەلچى چىڭگىزخاننىڭ سودىگەرلەرنى قوغداش سىياسىتىگە خىلاپ بولغان بۇ ياۋايىلارچە قىلمىشقا جازا بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما، خارەزىمشاھ ئالائىددىن مۇھەممەد ئەكسىچە بۇ ئەلچىنىمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. خارەزىمشاھ ئالائىددىن مۇھەممەدنىڭ بۇ قىلغانلىرى چىڭگىزخان تىكلەشكە ئىرادە قىلغان يۈكسەك ئابروي ئۈچۈن شۈبھىسىزكى ئېغىر بىر خىرس ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ جۇرجىدلارغا قوزغىغان جېڭى بىلەن سىبىلشتۇرغاندا، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ خارەزىم پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىغانىدى. ئۇ پىلان تۈزگەندە ئاساسلانغان ئاخباراتلارنى مۇسۇلمان سودىگەرلەر تەمىنلىگەنىدى. چۈنكى، چىڭگىزخاننىڭ بۇ جېڭى، ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمان سودىگەرلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايتتى. چىڭگىزخان ئەڭ مۇنەۋۋەر سەركەردىلەردىن بىرى بولغان مۇقالىنى شىمالىي جۇڭگودىكى جەڭگە قوماندانلىق قىلىشقا قالدۇرۇپ، قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە ئاساسلىق سەركەردىلىرى بىلەن ئوغۇللىرىنى ئۆزى باشلاپ غەربكە قوشۇن تارتتى. 1219-يىلى يازدا چىڭگىزخان ئېرتىش دەرياسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قوشۇنى ناھايىتى ئاستا يۆتكەلگەنلىكتىن، غايەت زور ئوۋ چەمبىرىكى ھاسىل قىلدى. چىڭگىزخان ئادەم كۈچى ۋە ئاتلاردىن ئەڭ يۇقىرى چەكتە پايدىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە قوشۇندا كەڭ كۆلەملىك يۆتكەش ئېلىپ باردى. چىڭگىزخان قوشۇندىكىلەرنىڭ سانى تەخمىنەن 150 مىڭدىن 200 مىڭغىچە ئارىلىقتا ئىدى. چىڭگىزخاننىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خارەزىمشاھنىڭ قوشۇنى كۆپ ئارتۇق ئىدى. ئەمما خارەزىم قوشۇنلىرىدا ئىنتىزام، ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە رەھبەرلىك كەمچىل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەڭ قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ قوماندانلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، چىڭگىزخاننىڭ ھەرىكەتچانلىقى بىلەن ئىستراتېگىيە چۈشەنچىسى ئۇنى ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلاتتى. چىڭگىزخان كەنجى ئوغلى تولۇينىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدى بىلەن ئوترارغا ھۇجۇم قىلدى. ئاندىن بۇخاراغا قاراپ ئىلگىرىلىدى ھەم چاقماق تېزلىكىدە بۇخارانى قورشىۋالدى (1220-يىلى 5-ئايدا)، ئارقىدىنلا سەمەرقەندنى قورشىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە باشقا ئىككى

تارماق موڭغۇل قوشۇنىمۇ سىر دەرياسىدىن ئۆتتى. جوچىنىڭ قوشۇنى سىر دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنگە مېڭىپ، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جەندىگە يېتىپ باردى، ئاندىن يەنە ئىلگىرىلەپ ئۈرگەنجكە كىردى. 3-تارماق موڭغۇل قوشۇنى بولسا، سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن ئۆتۈپ، باناكات ۋە خوجەندكە كىردى. خارەزىم ئىمپېرىيىسىنىڭ موڭغۇللارغا بولغان قارشىلىقى ناھايىتىمۇ ئاجىز بولدى، بۇ، ئالائىددىن مۇھەممەدنىڭ قوماندانلىق جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. چۈنكى، ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ناھايىتى تېزلا ۋاز كېچىپ، كاسپىي دېڭىزىدىكى بىر ئارالغا قېچىپ كەتتى ھەم ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇشۇ ئارالدا ئۆلۈپ كەتتى.

چىڭگىزخان بۇخارا بىلەن سەمەرقەندنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، ئامۇ دەرياسىغا قىستاپ كەلدى ھەم ئامۇ دەريا رايونىدا 1220-، 1221-يىلىنىڭ قىشىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. بۇ ۋاقىتتا جوچى ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئۈرگەنجكە ھۇجۇم قىلىۋاتقانىدى. شۇندىن كېيىن 1221-يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە چىڭگىزخان يەنە بەلىخكە ھۇجۇم قىلدى. تولۇي بولسا خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىپ، ھېرات، مەرۋى ۋە نىشاپۇرلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. ئەمما، غەزنىدە خارەزىمشاھنىڭ ئوغلى جالالىددىن ئاتىسىنىڭ قوشۇنىنى قايتا تەرتىپكە سېلىپ، غەزنە بىلەن باميان ئارىلىقىدىكى پارۋاندا موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلدى ھەم بۇ قېتىمقى جاپالىق جەڭدە بىر موڭغۇل سەركەردىسىنى مەغلۇپ قىلدى. پارۋان جېڭى موڭغۇللار غەربتە ئۇچرىغان بىر قېتىملىق ئەڭ ئېغىر مەغلۇبىيەت ئىدى. چىڭگىزخان ئۆزى بېرىپ بۇ ئار-نومۇسنى يۇيۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتۈپ، ھىندى دەرياسى بويىدا جالالىددىن بىلەن ئۇچراشتى ھەمدە

ئۇنى ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ قىلدى. چىڭگىزخان بەلىخ ئەتراپىدىكى ھىندىقۇش تېغى رايونىدا 1221-يىلىنىڭ ياز كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى، ئاندىن ئامۇ دەريا رايونىدىن ئۇدۇل موڭغۇلىيىگە قايتتى، 1225-يىلىغا كەلگەندە چىڭگىزخان تۇغلا دەريا ۋادىسىغا قايتىپ كەلدى.

ئەينى ۋاقىتتا چىڭگىزخان ئاللىقاچان 70 ياشقا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەڭگە بولغان قىزغىنلىقى زادىلا سۇسلاشمىغانىدى. چىڭگىزخان خارەزىم پادىشاھلىقىغا ئۇرۇش قوزغىغان ۋاقىتتا، ئاللىقاچان موڭغۇللارغا ئەل بولغان تاڭغۇت ھۆكۈمرانى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ موڭغۇل پادىشاھىنى قوللاشتىن باش تارتقانىدى. شۇندىن كېيىن چىڭگىزخان ئۇزۇن مۇددەت غەربتە تۇرۇپ قالغاندا(1219-يىلدىن 1225-يىلغىچە) تاڭغۇتلار يەنە موڭغۇللاردىن يۈز ئۆرۈپ، جۇرجىدلارنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى كۆپ قىسىم رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللىغانىدى. مەيلى چىڭگىزخاننىڭ شەخسىي ئابرويىنى قوغداش نۇقتىسىدىن بولسۇن ياكى جۇڭگو چېگرىسى ھەققىدىكى ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى تاڭغۇتلارنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلاتتى. 1226-يىلى چىڭگىزخان ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق جەڭگە ئاتلاندى. جاھىللىق بىلەن تىركىشىشلەردىن كېيىن، تاڭغۇت ئىمپېرىيىسى ئاخىرى ئاغدۇرۇلدى. ئەمما، تاڭغۇتلارنى تولۇق يوقىتىشتىن ئىلگىرى، يەنى 1227-يىلى چىڭگىزخان مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

چىڭگىزخان توغرىسىدا بىز خېلى يازدۇق. ئۆزئارا زىددىيەتلىك بۇ ماتېرىياللار چىڭگىزخاننىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. چىڭگىزخان پولاتتەك ئىرادىگە ۋە

ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئەدەپلىك، سىپايە ۋە كەڭ قورساق ھالەتتىن بىردىنلا گېپىدە تۇرمايدىغان ۋە قىساسخور ھالەتكە ئۆزگىرەلەيتتى. ئۇنىڭ ۋەھشىيانە ھەرىكەتلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىر زاماندىكى جۇرجىد ھۆكۈمرانى، خارەزىم شاھلىرى ياكى ياۋروپادىكى ئالبى مەزھىپىدىكى ئەھلى سەلىب قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلاردىن ئازراقمۇ قېلىشمايتتى. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، چىڭگىزخان ھەقىقەتەنمۇ ئۆز دەۋرىگە مەنسۇپ بىر شەخس ئىدى. ئەمما، چىڭگىزخاننىڭ ئابرويى بۇ غەرەزسىز ۋەھشىيانە قىلمىشلار بىلەن بۇلغىنىپ كەتكىنى يوق. چىڭگىزخان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەھىمە جەڭدىكى بىرخىل پىسخىك قورال بولۇپ، ئۇنىڭ دۈشمەنلەرنى تېز ئەل قىلىش ۋە بويسۇندۇرۇشلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىرخىل تەشۋىقات شەكلى ئىدى. چىڭگىزخان باشقىلارنى چۈشىنىشكە ماھىر زېرەك كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەنگەن باتۇرلۇق، سەمىمىلىك ۋە سادىقلىقتا تولىمۇ قايىل بولاتتى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا بىر چەۋەندازنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى نامايەن قىلغانىدى. شۇنداقلا بىر سىياسىيۇننىڭ ئېھتىياتچانلىقى ۋە قۇۋۋلىقىنى ئىپادىلىدى. بولۇپمۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇ ئۆز ئارا سىغىشالمايدىغان قوشۇنلار ۋە قەبىلىلەرنىڭ سىياسىي تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتلەرنى ناھايىتىمۇ ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزىدىكى يۇقىرى ماھارەتنى نامايەن قىلغانىدى. چىڭگىزخان ئۆز جەمەتىدىكى كۆپ ئادەملەرگە ئوخشاش مەيخورلۇق ۋە ساھىپجاماللارغا بېرىلگەن بولۇپ، جەڭگاھلاردىمۇ بەزمە قۇرۇپ نەغمە قىلاتتى، ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئات مىنىشكە ئاجايىپ ماھىر ئىدى. ھوقۇق ئىستىكى بەلكىم چىڭگىزخاننىڭ بويسۇندۇرۇش

جەڭلىرىنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، ماددىي بايلىقلارنى ئاشۇرۇش ئىستىكى ئۇنىڭ بويسۇندۇرۇش ھەۋىسىنى غىدىقلىغانلىقى ئېنىق.

تېخىمۇ يۇقىرى مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش چىڭگىزخاننىڭ تۇرمۇش شەكلىگە ھېچقانداق تەسىر قىلمىغاندەك قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە چىڭگىزخان بىلەن ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى زادىلا ئوخشىمايدۇ. چىڭگىزخاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ناھايىتى ئاسانلا جۇڭگو ياكى ئىران مەدەنىيىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى، ئۇلار جۇڭگو، ئىران مەدەنىيەتلىرى بىلەن كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنىڭ مۇتلەق ماسلاشمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، موڭغۇللارنىڭ ئۆز قوشۇنلىرىدىن ھەربىي جەھەتتە ئۈستۈن تۇرالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبمۇ دەل ئۇلارنىڭ مۇشۇ خىل كۆچمەنلىك تۇرمۇش شەكلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىدى. چىڭگىزخان كۆچمەن سەردارلاردىكى ئەنئەنىۋى مەغرۇرلۇقنى يوقاتمىغان بولۇپ، بايلىق توپلاش ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ئىدى. ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، تەقدىر ئىلاھى پۈتۈن دۇنيانى ئۇ ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن خالىغانچە بەھرىمان بولۇشى كېرەك ئىدى. چىڭگىزخان ساۋاتسىز بولۇشى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدىن باشقا ھېچقانداق تىل بىلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا، چىڭگىزخان خەنزۇلار، تۈركلەر ھەم ئىرانلىقلار بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق ئالاقە قىلغانىدى. ۋاھالەنكى، چىڭگىزخاننىڭ تەربىيىلىنىشى يېتەرسىز بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك پەزىلەتلىرىدىن بىرى— تەجرىبىلىرىدىن ساۋاق ئېلىشقا، ئۆگىنىشكە ماھىر بولغانلىقى. چىڭگىزخاننىڭ قابىلىيىتى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئېشىپ باردى. موڭغۇل

قەبىلىلىرى ئىچكى جەھەتتىن پېتىشالمايدىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە چىڭگىزخان موڭغۇلىيىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى. ئەمما، تۇرۇۋاتقان مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىكى ئېنىق بولسا، ئۇ ھەرقانداق بىر يېڭى ئىدىيە ۋە تەسىرنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

چىڭگىزخان بىر ئىمپېرىيىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇش سۈپىتىدە ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردىمى بولغان ئامىللارنى بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتسەك ئەرزىيدۇ. بىرىنچىدىن، چىڭگىزخان دەۋرىدە يايلاق رايونىدىن چىققان بىر بويىسۇندۇرغۇچى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا جۇڭگو سۇڭ، جىن دەپ ئىككى خاندانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى، جىن خاندانلىقىنىڭ ئەھۋالى بىرئاز ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن، سۇڭ، جىن خاندانلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىنى ئۆتكۈزۈپ بولغانىدى. تاڭغۇت بىلەن قارا قىتان خاندانلىقلىرىمۇ بۇ ۋاقىتلاردا يېڭىش تەسكە چۈشىدىغان ھەربىي جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەتلەر بولۇشتىن قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بېرىۋاتقان خارەزىم ئىمپېرىيىسى ھەقىقىي يوسۇندا تاجاۋۇزچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا، ئۆزىنىڭ قۇرۇق نامدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

ئىككىنچىدىن چىڭگىزخاننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللاردىن يەنە ئۇنىڭ موڭغۇل قوشۇنلىرى، چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئىنتىزامى (ئەينى ۋاقىتتا يېگانە ئىدى) ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنى بىر بىرلىك قىلغان

تەشكىلىي شەكلى قاتارلىقلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىندى. مۇشۇلار بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك مۇھىم بولغىنى موڭغۇللارنىڭ تەمىنات سىستېمىسى قۇرۇپ، قوشۇنغا ئوزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى، يېڭى ئات ۋە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلەپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت. موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋ ھۇجۇم ئۈسكۈنىلىرى دۈشمەنلەرنىڭ ھەرقانداق جابدۇقلىرىدىن ئىلغار ئىدى. موڭغۇللار يەنە دۈشمەندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئۇرۇش سەنئىتى جەھەتتىكى ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. شۈبھىسىزكى، تېزلىك، ھەرىكەتچانلىق ۋە مەخپىيەتلىكلەرنى ساقلاشلارمۇ چىڭگىزخاننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللاردۇر. بۇلاردىن باشقا، يەنە چىڭگىزخاننىڭ دۈشمەنلىرىگە دائىر ئاخبارات ئىگىلەش ھەم ئۆزلىرى تاجاۋۇز قىلماقچى بولغان رايوننىڭ يەر شەكلى ۋەزىيىتىنى چۈشىنىش ئۇسۇلى XIII ئەسىرگە نىسبەتەن ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك ئىش ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئاخباراتلىرىنى سودىگەرلەر تەمىنلەيتتى. سودىگەرلەر بولسا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ھامىيسى ھېسابلايتتى③. ئەڭ دەسلەپتە موڭغۇللاردىكى ئەڭ روشەن ئاجىزلىق شۇكى، ئۇلار شەھەرنى قورشاش تېخنىكىسى ھەققىدە ھېچ نېمە ئۇقمايتتى. لېكىن، پىشقان خەنزۇ ۋە مۇسۇلمان ئۇستىلارنىڭ كەلتۈرۈلۈشى بىلەن بۇ كەمچىلىكمۇ تېزلا تۈگىتىلدى.

ئۈچىنچىدىن، چىڭگىزخان بىر ئۇرۇش قوماندانى ۋە دۈشمەنلەر ئىچىدە قارىمۇقارشىلىق ھەم خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىشقا ماھىر سىياسەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە مۇشۇ جەھەتتىكى تىپىك نەمۇنە ئىدى. ئۇنىڭ مەڭگۈ يىراقنى كۆرۈشتەك ئىستراتېگىيە ئىدىيىسى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەرقانداق تەرەپلەرگە

قارىغاندا ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى (ئۇنىڭ نەۋرىسى قۇبىلاينىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن ئىشقا ئاشتى) ، شۈبھىسىزكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بويسۇندۇرۇش ئىدى. ئەمما، ئۇ موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندىن كېيىن، مۆلچەردىكىنىڭ ئەكسىچە، چىڭگىزخان جۇرجىدلارغا ھۇجۇم قىلغىلى بارالمىدى. چۈنكى، باشتا ئۇ غەلىبىگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا قالغان موڭغۇلىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى كېرەي قەبىلىسى بىلەن نايمان قەبىلىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا، چىڭگىزخان جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىغا بىۋاستە ھۇجۇم قىلىش ئىستىكىنى تىزگىنلەپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، ئۆزىنى پۈتۈن موڭغۇل قەبىلىلىرى قايىل بولىدىغان ھۆكۈمرانغا ئايلاندۇردى. ھەتتا موڭغۇلىيە يايلاقلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ يەنىلا پۈتۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىشقا تەييارلانمىدى. چىڭگىزخاننىڭ تاڭغۇتلار ۋە جىن خاندانلىقى بىلەن قىلغان جەڭلىرىمۇ (ئۇ ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە بەجانىدىللىق بىلەن رازى بولسىمۇ) ، بۆرۈلۈپ كېلىپ ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن قارا قىتانلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى قوللانغان قىسمەن مۇداپىئە ۋاستىسى ئىدى. غەربتىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ھەرىكەتچانلىقى ۋە جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرى موڭغۇللارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى، ناۋادا موڭغۇللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرى بىلەن بولىدىغان كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قايىنىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتسە، ئۇلار ناھايىتى ئاسانلا يېڭى قۇرۇلغان موڭغۇللار ئىتتىپاقىنى پاچاقلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا،

پەقەت غەربتىكى كۆچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىنچسىز قوشنىسى بولغان خارەزىم پادىشاھلىقى تىنجىتىلغاندىن كېيىنلا، چىڭگىزخان ئاندىن تاڭغۇتلار بىلەن جىن خاندانلىقىنى يوقىتىشقا تۇتۇش قىلالىدى. ھالبۇكى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا چىڭگىزخان ئۆزى تاماملاپ بولالمىغان ئىشلىرىنى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ، بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى.

ئاخىرىدا بىر قىسىم پىسخىك ئامىللارنىڭمۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ئېيتماقچىمىز. جەڭگاھلاردىكى بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان غەلىبىلەر، يېتەرلىك جاسارەت ۋە ئىرادە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئىستىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. بۇ خىل جاسارەت بىلەن ئىرادە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ چىڭگىزخانغا بولغان ئىشەنچىدىن تۇغۇلغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇلارنىڭ ئۆز سەركەردىلىرىگە بولغان ئىشەنچىدىنمۇ كەلگەنىدى. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرى ھەم مۇقالى، سۇبەتەي ۋە جەبەلەرگە ئوخشاش ئەتىۋارلىق سەركەردىلىرىگە تولۇق ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرى ھەم سەركەردىلىرىمۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكى غايىسىگە ئىزچىل سادىق بولۇپ كەلدى. چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك، نەزىرى ئۆتكۈر بولۇپ، تاماملاشقا تېخى قۇربى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بىھۇدە ئۆزىنى ئۇرمايتتى. موڭغۇللارنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ ۋاقىتتا ئىچكى بۆلگۈنچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغانىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن قىلچە بىخەۋەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىمۇ ئالدامچىلىق، پارىخورلۇق، تېرورلۇق سىياسىتىنى قەستەن يولغا قويۇش سەۋەبلىك

چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ موڭغۇللار بىلەن ئۆزئۆن مۇددەت تىركەشكۈدەك ئىقتىدارى يوق ئىدى.

ئىزاھلار:

① «ياسا»نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى قالدۇرۇلمىغان، ھازىر ئەينى ۋاقىتتىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، «ياسا»نىڭ بىر قىسمىنى يىغىۋاشتىن تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. گ. ۋېرنا دائىرىسى ۋە مەزمۇنى»، س.ئالىنگىنىڭ «موڭغۇل قانۇنلىرى»، ۋ.ئا. رىئاسونوۋسكىنىڭ «موڭغۇل قانۇنلىرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى» دېگەن ئەسەرلىرىگە قارالسۇن. كىشىلەر:ياسا» ئۇنى يولغا قويغۇچىلارنى ئىمتىياز بىلەن تەمىن ئېتىشى مۇمكىن، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ئېھتىمال، «ياسىڭ موڭغۇل ئىمپېروللىنىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك.

② توغرىل جەمەتىدىكى ئاياللار چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان. توغرىلنىڭ جىيەن قىزى سورقۇقتانى چىڭگىزخاننىڭ 4-ئوغلى تولۇيغا ياتلىق بولغان ۋە كېيىن مۆڭكە، قۇبىلاي ۋە ھۇلەگۈلەرنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان. ھۇلەگۈنىڭ خوتۇنى توققۇزخاتۇن - توغرىلنىڭ قىز نەۋرىسى، ئىراننىڭ 2 - ئىلىكخانى ئاباقا (1265—1281) نىڭ ئانىسى. ئاباقانىڭ ئوغلى ئارغۇن (1284 — 1291) توققۇزخاتۇننىڭ جىيەن قىزى ئۇرۇق خاتۇنغا ئۆيلەنگەن، ئۇرۇق خاتۇن-ئۇلجايتۇ (1304—1316) نىڭ ئانىسى. كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئىلىكخانلار ئوردىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئەبۇسەئىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلگىچە (1316—1335) داۋاملاشقان.

③ لاتتىمور مۇنداق ئىستراتېگىيىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلغان. ئو.لاتتىمورنىڭ «چىڭگىز-خاننىڭ جۇغراپىيىسى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

# VII باب موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى

1227-يىلى چىڭگىزخان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى موڭغۇللار كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئىلگىرىلەش مۇساپىسىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرۇش ئىشلىرى كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى تەرىپىدىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋاملاشتۇرۇلدى. چىڭگىزخاننىڭ ئۆمۈر مۇساپىسى ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆچمەنلەر ئىمپېرىيىسى قۇرۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى جىن، سۇڭ خاندانلىقلىرىنى ئاغدۇرۇپ، ئابباسلار خەلىپىلىكى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، قوشۇنلىرىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، پەنجاپ، سۇرىيە، ئاناتولىيە ۋە ياۋروپانىڭ سلاۋيانلار رايونىغا باشلاپ كىرگەندە، ئۇلار بۇ نىشاننى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغانىدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىنى ئېنىق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. 1-باسقۇچ: چىڭگىزخان دەۋرى. بۇ دەۋردە كېيىنكى بويسۇندۇرۇشلارنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇرىدىغان ھەربىي ئاپارات قۇرۇلدى. 2-باسقۇچ: 1229-يىلدىن 1259-يىلغىچە (يەنى ئۆگېتەي، گۈيۈكخان ۋە مۆڭكەخانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى)، بۇ باسقۇچنىڭ مۇھىم بەلگىسى قولغا كىرگۈزگەن زېمىنلارنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زېمىن

كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بولدى. 3-باسقۇچ 1264-يىلدىكى قۇبىلاينىڭ ئىنىسى مۆڭكەخاننىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، تاكى XIV ئەسىرنىڭ بېشىدىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىگىچە داۋاملاشتى.

چىڭگىزخان ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆزى بويسۇندۇرغان رايونلارنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى. چوڭ ئوغلى جۆچىگە ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى موڭغۇللار بويسۇندۇرغان يەرلەر ئۇلۇس (سۇيۇرغال) قىلىپ بۆلۈپ بېرىلدى. بىراق، جۆچى چىڭگىزخاندىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەچكە، بۇ كەڭرى زېمىنلار جۆچىنىڭ ئوغلى باتۇغا بېرىلدى. باتۇ ئۆزىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قوشنىلىرىغا ھەدەپ تاجاۋۇز قىلىپ، ئۆزىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلارنى كېڭەيتتى ھەم «ئالتۇن ئوردا خانلىقى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئىمپېرىيىنى قۇردى. چىڭگىزخاننىڭ 2 - ئوغلى چاغاتايغا ماۋرائۇننەھر، قەشقەرىيە، يەتتەسۇ رايونى ۋە جۇڭغارىيەنىڭ غەربىدىكى رايونلار بۆلۈپ بېرىلدى. 3- ئوغلى ئۆگېتەيگە بولسا، جۇڭغارىيەنىڭ شەرقىي، موڭغۇلىيە يايلىقى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بويسۇندۇرۇلغان ئۆلكىلەر تەگدى. موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە كەنجى ئوغۇل تولۇي ئاتىسىنىڭ جەمەتى، بايلىقلىرى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ چارۋىچىلىق قىلغان يەرلىرى ھەم موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتۈن سەرخىل قوشۇنلىرىنى باشقۇردى. دەل مۇشۇ كۈچلۈك قوشۇنغا تايىنىپ، تولۇينىڭ ئىككى ئوغلى—مۆڭكە بىلەن قۇبىلاي موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلاندى ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بويسۇندۇرۇشنى تاماملىدى. تولۇينىڭ يەنە بىر ئوغلى ھۇلەگۇمۇ مۇشۇ قوشۇننى ئىشقا سېلىپ خەلىپىلىك ھاكىمىيىتىنى

يوقىتىپ، ئىراندىكى ئىلىكخان خانلىقىنى قۇردى①. بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشلار ھەرگىزمۇ چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىپ كېتىدۇ، دەپ قارىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، چىڭگىزخاننىڭ يەرلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىشتەك بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشى موڭغۇل ئۇرۇقىنىڭ ئەنئەنىسى بولۇپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۇرۇقلارنىڭ ھەمكارلىقى ئاساسىدا مەڭگۇ بىرلىكنى ساقلاشنى مەقسەت قىلاتتى. مۇشۇ مەقسەتتە چىڭگىزخان ئۆگېتەينى ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىدى. چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۆچى ئۆلۈپ كەتكەندى، چاغاتاي ئىنتايىن رەھىمسىز ھەم ئۆزۈمچىل بولغاچقا، قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۇنىڭغا سادىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆگېتەي بولسا، چىقىشقاق، رەھىمدىل بولۇپ، تۆۋەندىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا مايىل ئىدى. ئۆگېتەينىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشى بىردەك ئېتىراپ قىلىندى. چاغاتاي ئۆزىمۇ ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۆگېتەينى قوللىدى. ئۆگېتەي ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن چاقىرغان «قۇرۇلتاي» دا تەختكە رەسمىي ۋارىسلىق قىلىپ، 1229-يىلدىن 1241-يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ 12 يىلدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى ئاستا-ئاستا ئۇيغۇرلار، خەنزۇلار، ئىرانلىقلار ۋە ئەرەب مەمۇرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىمۇ تەدرىجىي مۇقىملىققا قاراپ ماڭدى. ئۆگېتەي قاتتىق قول بولۇشقا تېگىشلىك ۋاقىتتا قاتتىق قول بولىسىمۇ، لېكىن، ئۇ يەنىلا ئەدەپ-قائىدە، كەڭ قورساقلىقنى يوقاتمىغان بولۇپ، نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىرقەدەر ئىنسانپەرۋەر ھۆكۈمران ئىدى. ئۆگېتەينىڭ قارا قۇرۇمدىكى ئوردىسى ( بۇ يەر ئەسلى كېرەي قەبىلىسىنىڭ مەركىزى ئىدى ) ناھايىتى تېزلا ھەيۋەتلىك بېزىلىپ، قىياپىتىنى

پۈتۈنلەي يېڭىلىدى. بۇ ئۆگېتەينىڭ يۈكسەك خانلىق ھوقۇق چۈشەنچىسى بىلەن بىردەكلىك ھاسىل قىلدى. سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئېھتىياجىدىن بولسا كېرەك، يېڭى خاقان ئۆگېتەي يەتتەسۇ رايونىدا ھەتتا بىرنەچچە شەھەر قۇرۇپ چىقتى. يەنە شۇ سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئۆگېتەي مۇسۇلمان ئەمەلدارلىرىغىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ ئۇلارنى قوللىدى.

ئۆگېتەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا بىز موڭغۇل ئىمپېرىيىسى چېگرىلىرىنىڭ يەنىلا ھەدەپ كېڭەيگەنلىكىنى كۆرىمىز. چىڭگىزخان ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئىراندىكى پايدىلىق ئورۇندا تۇرۇۋاتقان قوشۇنلار قايتۇرۇپ كېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 1223-يىلى مۇقالى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ شىمالىدىمۇ ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئۆگېتەي تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ بويسۇندۇرۇشلىرىنى قايتىدىن باشلىدى. 1230-يىلى ئۆگېتەي چورماغۇن نويانىنى ئىراننىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. چورماغۇن نويان ئاخىرى خارەزىمشاھنىڭ ئوغلى جالالىدىن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. غەربتىكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1231-يىلى ئۆگېتەينىڭ قوشۇنى چاۋشيەنگە بېسىپ كىردى ھەم 1234-يىلى جىن خاندانلىقىنى يوقاتتى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى. 1235-يىلى يەنە بىر قېتىم «قۇرۇلتاي» چاقىرىلدى. بۇ ۋاقىتتا چاۋشيەن يەنىلا تىركىشىپ قارشىلىق قىلىۋاتاتتى، موڭغۇل قوشۇنلىرى چاۋشيەنگە قايتا تاجاۋۇز قىلدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىمۇ بىر ئۈزۈلۈپ-بىر داۋام قىلغان، ئانچە ھەل قىلغۇچ بولمىغان جەڭلەر

بولۇپ تۇردى. بۇ جەڭلەر تاكى ئۆگېتەي ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقانغا قەدەر داۋام قىلدى. باتۇ روسىيە، پولشا، ۋېنگرىيىلەرگە تاجاۋۇز قىلدى. چورماغۇن نويان بولسا ئىراننىڭ شىمالى قىسمى، ئەزەربەيجان، ئەرمېنىيە، گرۇزىيىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، تاكى يىراق سەلجۇقى ئىمپېرىيىسىدىكى ئاناتولىيە ئېگىزلىكى چېگرىسىدىكى رايونلارغىچە ئىچكىرىلەپ باردى. ئەمما بۇ مەزگىللەردىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك نىشانى ئاللىقاچان مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن يەرلىك ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ ئارىسىغا يۆتكەلگەنىدى، موڭغۇللارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى يەرلىك ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. 1241-يىلدىكى ئۆگېتەينىڭ ئۆلۈمى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىكى تۇنجى قېتىم ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئەينى ۋاقىتتا چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى، چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە چوڭ خاننىڭ (خاقاننىڭ) ۋارىسلىق ھوقۇقى ئۆگېتەينىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۆگېتەينىڭ تۇل قالغان ئايالى تۆرەگېنە خاتۇن نائىب بولغاندىن كېيىن، ئۆگېتەينىڭ ئوغلى گۈيۈك خاقان بولدى. ئۆگېتەي ھايات ۋاقتىدا گۈيۈكخان ھېچقانداق ئالاھىدە قابىلىيىتىنى نامايان قىلالمىدى. روسىيەدىكى جەڭدە گۈيۈك باتۇ بىلەن كېلىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يۈزى چۈشۈپ قارا قورۇمغا قايتىپ كەلگەنىدى. ھازىر باتۇ چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە سالاھىيەت جەھەتتە ھەممىدىن چوڭ ئىدى، ئۆگېتەي ئۆلگەندىن كېيىن باتۇ تولۇينىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭكە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆگېتەي جەمەتىگە قارشى چىقتى.

تۆرەگېنە خاتۇن نائىب بولغان دەۋر (1241—1246) بىلەن

گۈيۈك خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1246—1248) موڭغۇللارنىڭ كېڭەيمىچىلىك مۇساپىسى توختىغانلىقتىن دېرەك بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ خاننىڭ ھوقۇقىمۇ خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھۋازلىق كۈرىشى ۋە ئەنتۇۋارلىق ۋەزىرلەر ھوقۇقىنىڭ ئۇزلۇكسىز سۇرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئاجىزلاپ كەتتى. ئىراق، 1242-يىلى بەيچۇ (ئىراندىكى قوشۇننىڭ قوماندانى چورناغۇن نويانىنىڭ ۋارىسى) كۆزاتاغدا سەلجۇق تۈركلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەرزۇرۇم، توكات ۋە قەيسەرىلەرنى ئالدى ھەم سەلجۇق تۈركلىرىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئەل بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. موڭغۇللارنىڭ ئاناتولىيە ئېگىزلىكىدىكى غەلىبىسى ۋە باتۇنىڭ ۋېنگرىيىگە كىرىشى بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت شەرقتىكى بۇ يېڭى قۇدرەتلىك دۆلەتكە بولغان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

ياۋروپالىقلار بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، موڭغۇلىيىنى بىر خرىستىئان دىنى دۆلىتى (بۇ ئۇلارنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نېستورىيان مەزھىپىنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى) بولسا كېرەك، دەپ قاراشتى. ئۇلار يەنە تېخى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن پرېستېر يوھان ھەققىدىكى ئۆلمەس رىۋايەتلەرنى بىر-بىرىگە باغلاپ ئويلاشتى. پرېستېر يوھان بىر خرىستىئان ھۆكۈمرانى ئىدى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ زېمىنى ئىسلام رايونلىرىنىڭ سىرتىدىكى مەلۇم بىر يەردە ئىكەن.

XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ پاپالار، پادىشاھلار ۋە ئەھلى سەلىب چەۋەندازلىرىنىڭ ھەممىسى موڭغۇلىيىگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىشتى. «موڭغۇلىيە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى، مۇناخ پلانوكارپىنى ئىننوسېنت IV نىڭ ئەلچىسى ئىدى، ئۇ 1246-يىلى گۈيۈكخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا قاراقۇرۇمغا

كەلگەنىدى.

گـۈيۈكخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە گۈيۈكخان بىلەن ئۇنىڭ جەمەتىدىكى ئەڭ غوللۇق ئەزالىرى ئۆز ئارا چىقىشالماي، ئاداۋەتلىرى بارغانچە چوڭقۇرلاپ كەتتى. گۈيۈكخان ئۆلـۈپ كـېتىدىغان ۋاقىتقا كەلگەندە بولسا، ئۇنىڭ بىلەن باتۇ ئـوتـتـۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك خۇددى كىرىچى تارتىلغان ئوقتەك ئـۇرۇش گـىـرۋىـكـىگە كېلىپ قالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گۈيۈكخان باتۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ياكى بولمىسا تولۇينىڭ تۇل خـوتۇنىنىڭ جاسۇسى بەرگەن زەھەر بىلەن ئۆلگەن. گۈيۈكخان ئـۆلـگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇل خوتۇنى ئوغۇل غايمىش نائىب بولدى. ئوغۇل غايمىش 1250-يىلى فرانسىيە پادشاھى لوئىس IX ئەۋەتكەن ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشتى. چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئەمدىلىكتە ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى، باتۇ بىلەن مۆڭكە (ئۆلار جۆچى ۋە تولۇي جەمەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى) بىرلىشىپ بىر گۇرۇھ بولۇپ، ئۆگېتەي بىلەن چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرىغا قارشى تۇردى. 1250-يىلى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا بىر قېتىم «قۇرۇلتاي» چـاقـىـرىـلـىپ، بۇ تەپرىقىچىلىكلەرنى ھەل قىلىشقا تىرىشىلغان بـولـسـىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. بىر يىلدىن كـېـيـىـن كـېـرۇلېن دەرياسى ئەتراپىدا 2-قېتىم «قۇرۇلتاي» ئـۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىملىق قۇرۇلتايغا باتۇنىڭ ئىنىسى بېركې رىياسەتچىلىك قىلدى. بېركې مۆڭكەنى چوڭ خانلىققا كۆتۈرۈشنى پـىـلانـلـىدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە، باتۇنىڭ چوڭ خانلىق تەختىنى ئـۆتـۈنـگـەنلىكى بىلەن باراۋەر ئىدى. مۆڭكە تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئەڭ ئالدى بىلەن قىلغان ئىش ئۆزى بىلەن باتۇغا قارشى چىققانلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش بولدى. قارشى گۇرۇھتىكىلەر باستۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، مۆڭكەخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قالغان

ۋاقتىدا (1251—1259) پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلدى. 1253-يىلى كەڭ كۆلەملىك يىراقتا يۈرگۈچى قوشۇن موڭغۇلىيىدە توپلاندى. يىراقتا يۈرگۈچى قوشۇننىڭ بىر تارمىقى مۆڭكەنىڭ ئىنىسى قۇبىلاينىڭ قوماندانلىقىدا جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. يەنە بىر تارماق يىراقتا يۈرگۈچى قوشۇن بولسا، مۆڭكەنىڭ يەنە بىر ئىنىسى ھۇلەگۇنىڭ قوماندانلىقىدا ئاتلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نىشانى ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مۇرائى دۆلىتى (ئۇلار ياۋروپالىقلار ئارىسىدا «يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈچىلەر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان) بىلەن ئابباسىلار خەلىپىلىكى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش ئىدى. ھۇلەگۇ 1257-يىلى ئالامۇت بىلەن ئېلبۇرس تېغىدىكى باشقا كۆپلىگەن مۇرائى قەلئەلىرىنى ئالدى. 1258-يىل 2-ئايدا باغداتمۇ موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدى، ئەڭ ئاخىرقى ئابباسىلار خەلىپىسى مۇستەسىم كېيىنكى چوڭ قىرغىنچىلىقتا ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا قۇبىلاينىڭ جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىغا قىلغان ھۇجۇمىمۇ زور غەلىبىگە ئېرىشتى. ئەمما قۇبىلاينىڭ غەلىبىسى مۆڭكەخاننىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن 1257-يىلى ئۇ قۇبىلاينى قايتۇرۇپ كەلدى. كېيىن مۆڭكەخان بىلەن قۇبىلاي ئاكا-ئۇكا ئىككىسى بىرلىكتە جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە قۇبىلاي بېقىندى ئورۇندا تۇردى. ئىككى يىلدىن كېيىن مۆڭكەخان سىچۈەندە تولغاق كېسىلى بىلەن ئۆلدى.

قۇبىلاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. قۇبىلايدىن ئىلگىرىكى مۆڭكەخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى—موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللەنگەن

دەۋرى ئىدى. 1253ــ1254يىللىرى لۇئىس IX غا ۋاكالىتەن مۆڭكەخان ئوردىسىنى زىيارەت قىلغان موناخ رۇبرۇك ئۆز خاتىرىسىدە قارا قۇرۇمنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەنىدى، ئۇنىڭ خاتىرىلىرى بۇ بارگاھ شەھىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىپ دۇنياۋى پايتەختكە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما، سان جەھەتتىن. خېلىلا ئاز بولغان موڭغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نوپۇسى كۆپ بولغان ئەل قىلىنغان ئاھالىلەرگە داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش جاھان تۇتۇش نۇقتىسىدىن ئۇلارغا ئانچە ماس كەلمەيدىغاندەك تۇراتتى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقلىرى ئاللىقاچان ئۇلارغا ئەل بولغان ئاھالىلەردىن ۋە ئولتۇراق تۇرمۇشتىكى ئىرقلاردىن قوبۇل قىلىنغان ئەمەلدارلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانىدى (پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، بۇ ئولتۇراق ئىرقلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى مەدەنىيىتى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆنسېرى مەھلىيا قىلىۋالغانىدى). موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئەمدىلىكتە ئالاھىدە موڭغۇللارنىڭلا ئىمپېرىيىسى بولماي قالدى، شۇنداقلا ئۇ يەنە نوقۇل كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭلا مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ كۆچمەن قەبىلىلەر چىڭگىزخانغا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ بەرگەنىدى. موڭغۇللار ئەگەر ئۆزلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تۈركلەرگە، ئىرانلىقلارغا ياكى خەنزۇ ئاھالىلىرىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتسە، بۇ، ئەمەلىيەتتە، موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمران مىللەت سۈپىتىدە ھالاك بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. مۆڭكەخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىشىۋاتقان تەخت ۋارىسلىرىنىڭ تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىدە ئىپادىلىگەن قارا نىيەتلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئەينى ۋاقىتتا

دۇچ كەلگەن تاللاشنى تولۇق چۈشەندۇرۇپ بەردى.

قۇبىلاي تولۇينىڭ ھايات ئۈچ ئوغلىنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۆڭكەخاننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش سالاھىيىتى ئەڭ ئېنىق نامزات بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، قۇبىلاي جۇڭگودىن موڭغۇلىيىگە قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئارىغبۆكە بىر قېتىم «قۇرۇلتاي» چاقىرىپ، بوش قالغان خانلىق تەختىگە ئۆزى چىقىشقا تەييارلاندى. ئارىغبۆكەنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى بىر قىسىم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ئۇلار قۇبىلاينىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئىچىدىكى جۇڭگو ئۆلكىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى موڭغۇللارنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويۇشتەك خاھىشىدىن قاتتىق نارازى ئىدى. كېيىن قۇبىلايمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر «قۇرۇلتاي» چاقىردى. قۇبىلاي بۇ قۇرۇلتايدا «چوڭ خان» دېگەن نامغا ئىگە بولدى ھەمدە ئارىغبۆكەگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن موڭغۇلىيىگە قاراپ يولغا چىقتى. قۇبىلاي كۆپ ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىمايلا، ئارىغبۆكەنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئارىغبۆكە ئۆلدى. ئۇ بەلكىم سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. قۇبىلاي بىلەن ئارىغبۆكەنىڭ كۈرىشى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىكى بۇزۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ، لېكىن، 1264-يىلغا كەلگەندە، قۇبىلاي مۆڭكەخاننىڭ ئەسلىدىكى زېمىنلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى كونترول قىلىپ بولدى. مۆڭكەخان ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا ھۇلەگۇ سۇرىيىدىكى جەڭ بىلەن ئالدىراش ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى قېرىندىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە قاتناشمىدى. ھۇلەگۇ بىلەن قۇبىلاي ئىتتىپاق تۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى بويسۇندۇرغان زېمىنلىرىنى

مۇستەھكەملەش ئىدى. ھۇلەگۇ بويسۇندۇرغان زېمىنلار دەل كېيىن ئىراندا قۇرۇلغان ئىلىكخان خانلىقى ئىدى.

قۇبىلاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلىدى دېگەندىن كۆرە ئۇ خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى، دېگەن تۈزۈك. 1264-يىلى خانبالىق (بېيجىڭ) قارا قۇرۇمنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختىگە ئايلاندى. 1271-يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى يەنە خەنزۇچە دۆلەت نامى بولغان "يۈەن"نى قوبۇل قىلدى. 1279-يىلى جەنۇبىي سۇڭ خانىدانلىقى موڭغۇللار تەرىپىدىن يوقىتىلغاندا، قۇبىلاي ئۆزىنىڭ پۈتۈن جۇڭگوغا ئىگە بولغان تۇنجى «ياۋايى» ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇنىڭدىن بىز شۇنى ئوچۇق كۆرەلەيمىزكى قۇبىلاي جۇڭگونى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزى قىلغانىدى. ئۇ يولغا قويغان كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى تېخىمۇ روشەن ھالدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك فېئودال خانىدانلىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، كۆچمەن مىللەتلەرگە خاس كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى. XIII ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا موڭغۇل قوشۇنلىرى ئاننام (ۋېيتنام)، جانپۇ، كامبودژا ۋە بىرمىلارغا كىردى. 1288-يىلى ھىندىچىنىدىكى كۆپلىگەن ھۆكۈمرانلار قۇبىلاينىڭ باش ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن، ھاۋا كىلىماتى، مۇھىت سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، موڭغۇللار بۇ يەردىن تېزلا قوشۇن چېكىندۈردى. قۇبىلاي 1274-يىلى ۋە 1281-يىلى دېڭىزدىن ياپونىيىگە ھۇجۇم قىلدى، 1293-يىلى يەنە دېڭىزدا يىراققا يۈرۈش قىلىپ ياۋاغا قوشۇن تارتتى. بۇ بىر نەچچە قېتىملىق دېڭىز يۈرۈشلىرىنىڭ ھەممىسى زور مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىدى. بۇ مەغلۇبىيەتلەر يايلاقتىن ئايرىلسا، موڭغۇللارنىڭ

ھەربىي تېخنىكىسىنىڭ ناھايىتىمۇ زور چەكلىمىلىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي ئەۋزەللىكلىرىنى يايلاقلاردىلا ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرغىلى بولاتتى. ئۆز نۆۋىتىدە، بۇ مەغلۇبىيەتلەر يەنە موڭغۇل مىللىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. قۇبىلاينىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە ۋېنىتسىيىلىك سودىگەر مارفېئو بىلەن نىكولوپولو 1262-يىلى جۇڭگوغا 1-قېتىم كەلدى. 1275-يىلدىن 1292-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا نىكولونىڭ جىيەنى ماركو قۇبىلاينىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلدى. ماركو پولو ئۆزىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە كەچۈرمىشلىرىدىن يازغان مەشھۇر خاتىرىلىرىدە قۇبىلاينىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسىنى كەڭ ھەجىمدە تەسۋىرلەيدۇ. ماركو پولونىڭ ئەسىردىكى بايانلار بىلەن پلانو كارپىنى ۋە رۇبرۇكنىڭ موڭغۇللار ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساقلا، بىز قۇبىلاينىڭ قوللىشى بىلەن خەنزۇلىشىش مۇساپىسىنىڭ تەرەققىياتى نەقەدەر تېز بولغانلىقىنى، موڭغۇللارنىڭ خەنزۇلىشىش يولىدا قانچىلىك يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بايقايمىز. قۇبىلاي بىلەن جۇڭگو ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تەرجىمان ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇبىلاي تېخى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇيالىغۇدەك بولمىغانلىقتىن، قۇبىلاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى زور دەرىجىدە خەنزۇ ئەنئەنىلىرىگە تايانسىمۇ، لېكىن، قۇبىلاينىڭ ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا بولغان چۈشەنچىسى ناھايىتى تېيىز ئىدى. قۇبىلاينىڭ جۇڭگو ئىلىملىرىنى ھىمايە قىلىشى ھەمدە ئۇ موڭغۇل خان جەمەتى شاھزادىلىرى ئۈچۈن تەمىن ئەتكەن خەنزۇ ئەدەبىياتى مائارىپى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىگە قارىغاندا خەنزۇ مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ يېقىنراق تۇرۇشىنى كاپالەتلەندۈردى.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ يېڭىشى قىيىن بولغان دۈشمەنلىرى ئىدى، غەربتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ۋە خرىستىئان دۆلەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرىنىڭ ناھايىتىمۇ زور ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى بار ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۇنجى قېتىم جەڭ قىلغان ۋاقتى 1211-يىلى ئىدى. بىراق، شۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر كېيىنمۇ ئۇنىڭ نەۋرىلىرى يەنىلا جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. خۇددى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تارتىش كۈچى ئاستا-ئاستا موڭغۇللارنىڭ جاسارىتى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى سۇسلاشتۇرغانغا ئوخشاش ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى جەڭلەرمۇ تەدرىجىي ھالدا موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدىكى مەسىلە مەزكۇر كىتابىمىزنىڭ مەزمۇن دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتسىمۇ، بىز شۇنى قوشۇمچە قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىزكى، يۈەن خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى سودا تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىي تېپىشى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، موڭغۇللارنىڭ قوغدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. يېڭىدىن باي بولغان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئالتۇن، كۆمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى ناھايىتىمۇ يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن سودىگەرلەرنىڭ كۆچمە مەبلەغ قىلىشىغا قەرز بېرەتتى. يۈەن خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرى چوڭ قۇرۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان سودا-سېتىقنىڭ پايدىسىنى ئىلكىدە تۇتۇۋاتقان مۇسۇلمان سودىگەرلىرى (ortaq) بىلەن قويۇق ئالاقە قىلاتتى، ئۇلار پات-پات ئىمپېرىيىنىڭ باج-سېلىقىنى مۇشۇ سودىگەرلەرگە ھۆددە قىلىپ بېرەتتى، سودىگەرلەرمۇ دائىم دېگۈدەك چوڭ خاننىڭ سودا

ۋاكالەتچىلىرى بولاتتى. مۇشۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئامانەت-قەرز ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۇچقاندەك ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، بۇ جەھەتتە قەغەز پۇل كەم بولسا بولمايدىغان رول ئوينىغانىدى. ئەمما، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، خەنزۇ زېمىنلىرىنى بويسۇندۇرغان بارلىق ئىستېلاچىلار ئىچىدە موڭغۇللارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش دەرىجىسى ناھايىتى تېز ئىدى. موڭغۇللارنىڭ ”فېئودالىزمى“ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك فېئودال خاندانلىقلىرىنىڭ بيۇروكراتلىق سىياسىي ئەنئەنىسى ھەرگىزمۇ سىغىشالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بويسۇندۇرغۇچىلار بىلەن بويسۇندۇرۇلغۇچىلار ئارىسىدا سان ۋە بىلىم سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرق بۇ خىل سىغىشالماسلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى.

ئەگەر ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، قۇبىلاينىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز، ھەتتا ئارىغبۆكە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قۇبىلاينىڭ موڭغۇل رايونىدىكى ھوقۇقى تېخى مۇقىم بولمىغانىدى. قۇبىلاي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىدا موڭغۇلىيە زېمىنلىرىدا ئۆگېتەينىڭ ئوغلى قايدۇغا ئوخشاش تاقابىل تۇرۇش قىيىن بولغان رەقىبلەرگە دۇچ كېلىپلا تۇرغانىدى. قايدۇ بەختكە يارىشا 1215-يىلدىكى مۆڭكەخانغا قارشى چىققۇچىلارنى قىرغىن قىلىشتىن ئامان قالدى. 1269-يىلغا كەلگەندە، ئۇ ئۆگېتەي بىلەن چاغاتاينىڭ ھايات ئەۋلادلىرى ئارىسىدا ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان داھىي بولۇپ قالدى. قايدۇ جۇڭغارىيە بىلەن يەتتەسۇ رايونلىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق بازىسى قىلدى. 1273-يىلغىچە قايدۇ قەشقەر، ياركەند ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى قۇبىلاينىڭ ۋاكالەتچىلىرىنى قوغلىۋەتتى. 1276-يىلى قايدۇ يەنە تۇرپان،

كۆچالارغا تەھدىت سالدى. قۇبىلاي ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى بايقاپ، تېزدىن ئۆزىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بىراق، 1277-يىلى قايدۇ قۇبىلاينىڭ خەنزۇلاشتۇرۇش سىياسىتىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان موڭغۇل ئاقساقاللىرىنىڭ قوللىشى بىلەن قارا قۇرۇمنى ئالدى. قۇبىلاينىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر سەركەردىسى بايان (ماركوپولو ئۇنى «يۈز كۆزلۈك بايان» دەپ ئاتىغان) 1278-يىلى موڭغۇلىيىگە قوشۇن تارتقان ھەم قارا قۇرۇمنى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن، قايدۇ يەنىلا جۇڭغارىيىنى كونترول قىلىۋېلىپ، موڭغۇلىيە رايونلىرىغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاتناش لىنىيىسىنى ئۈزۈپ قويدى. قايدۇ قۇرۇقلۇق قاتنىشىنى ئۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈنلا، ماركو پولو XIII ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر موڭغۇل مەلىكىسىگە ھەمراھ بولۇپ جۇڭگودىن ئىرانغا بارىدىغان ۋاقىتتا دېڭىز يولى ئارقىلىق مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. قۇبىلاي بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىندىچىنىنى ئىدارە قىلىۋاتقان ھەم دېڭىزدا يىراق يۇرۇشكە ئاتلانغان بولغاچقا، قايدۇغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشكە ئامالسىز ئىدى. قايدۇ بولسا جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىنى كونترول قىلىۋېلىپ، ئىستراتېگىيىلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. ئۇ چېگرا رايونلاردا موڭغۇللارغا ئوخشاش جەڭگىۋار قەبىلىلەر ئارىسىدىن لەشكەر قوبۇل قىلالايتتى. بۇ قەبىلىلەر ئىلگىرى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشىغا تۆھپە قوشقانىدى. تاكى قۇبىلاينىڭ ۋارىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىگە كەلگەندىلا، قايدۇ ئاندىن زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. قايدۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئىسپاتلىدىكى، قۇبىلايدا ئىستراتېگىيىلىك يىراقنى كۆرەرلىك كەم ئىدى. ئۇ موڭغۇل

ئوردىسى بىلەن ھۆكۈمىتىنى موڭغۇل رايونىدىن چىكىندۇرۇپ، ئۆز جەمەتىنىڭ موڭغۇل ۋە تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن بولغان خۇسۇسىي ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويىدى. ھالبۇكى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى دەل مۇشۇ قەبىلىلەرنىڭ ساداقىتىگە تايىناتتى. قايدۇنىڭ ئۆلۈمى (تەخمىنەن 1301-يىلدىن 1303-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا) يۈەن خاندانلىقى دۇچ كەلگەن ئەڭ قورقۇنچلۇق تەھدىتنى تۈگەتتى. بۇ خىل ئەھۋال 60 نەچچە يىل داۋاملىشىپ، موڭغۇل-يۈەن خاندانلىقىنىڭ كۈچلىرى مىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئاخىرلاشتى.

قۇبىلاي 1294-يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى دەرھاللا موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ھوقۇقىنىڭ زاۋاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىدى. ئۇنىڭ نەۋرىسى ۋە ۋارىسى تېمۇر (1294—1307) تەجرىبىسى مول بايانىڭ قوللىشى بىلەن چوڭ خانلىق ئورنىنى مۇستەھكەم تىكلىدى. ئۇ قايدۇنىڭ كۈچىنى تىزگىنلىدى ھەم كۈچلۈك دىپلوماتىك ۋاستە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەربتىكى خانلىقلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قايتىدىن جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېمۇر يەنە قۇبىلاي جۇڭگو زېمىنىدا يولغا قويغان مەمۇرىي تەدبىرلەرنى مۇستەھكەملىدى. ئەمما، تېمۇرنىڭ ۋارىسلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ مۇساپىسىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىدى. 1307-يىلدىن يۈەن خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان 1369-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى توققۇز نەپەر يۈەن خاندانلىقى پادىشاھىنىڭ خەنزۇلىشىش دەرىجىسى بارغانسېرى چوڭقۇرلايدۇ. يۈەن خاندانلىقىنىڭ ھوقۇقىمۇ كۈنسېرى ئاجىزلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا مىڭ خاندانلىقى ھېچقانچە كۈچىمەيلا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇڭگو تۇپرىقىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى

ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

قۇبىلاينىڭ ئۆلۈمىدىن ئىلىكخان ئەبۇ سەئىدنىڭ ئۆلۈمىگىچە، يەنى 1294-يىلىدىن 1335-يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە چىڭگىزخان قۇرغان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئاللىقاچان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى. جۇڭگونىڭ يۈەن خاندانلىقى بىلەن بۆلۈنمە ھالدىكى ھەرقايسى خانلىقلار ئوتتۇرىسىدا شەكىل جەھەتتىكى دىپلوماتىيە، مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقىلىرىلا ساقلاپ قېلىنغاندىلا، دۇنياۋى ئىمپېرىيە ئىدىيىسىنىڭ ساقىندىلىرى قېلىشى مۇمكىن. ھەرقايسى خانلىقلاردا چوڭ قۇرۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان سودا يوللىرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەرلىك كۈچ بولغاندىلا، پارچىلىنىپ كەتكەن ئاشۇ خانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق ئىقتىسادىي مەنپەئەت پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى بىرلەشتۇرەلەيتتى. سودا يوللىرى سودىسى ئەڭ دەسلەپكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى بولغانىدى. ئەمما XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، دۇنياۋى ئىمپېرىيىنى قايتا تىرىلدۇرۇش ئىدىيىسى ۋە رېئاللىقى ئاللىقاچان يوقالغانىدى. XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلاس تۈركلىرىدىن چىققان بويسۇندۇرغۇچى، ماۋرائۇننەھردىكى ئەمىر تىمۇر ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ئارىسىدا موڭغۇل دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئاشۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدى، ئەمما، ئۇ مەغلۇپ بولدى. دېڭىز سودا يوللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا جاھانگىرلىكىنىڭ بىر مۇھىم مەۋجۇتلۇق ئاساسى—سودا يوللىرىنى كونترول قىلىشمۇ ئاخىر بېرىپ يوققا چىقتى.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن تارتىپلا ئىچكى قىسىمدا ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە جىددىي مۇناسىۋەتلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بۇ زىددىيەت

توقۇنۇشلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تۈزۈمى بىر خىل كۆچمەن ھەربىي ھاكىمىيەت بىلەن تېپىك بولغان، ئولتۇراق تۇرمۇشتىكىلەر جەمئىيىتىدىن كەلگەن مەمۇرىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان تۈزۈم ئىدى. بۇ تۈزۈم ئۆزئارا قارىمۇقارشى ئىككى خىل مۇھىم ئامىل ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى، ئۇنىڭ بىر خىلى مەركەزدىن قېچىش، يەنى موڭغۇللاردىكى قاتمال ۋە فېئودال ئەنئەنىدىن قېچىش، يەنە بىر خىلى چىڭگىزخاننىڭ «موڭغۇل دۇنياسىنىڭ تەرتىپلىرى» دىن كەلگەن ئاڭدىن ئىبارەت ئىدى. غەيرىي موڭغۇل مىللەت ئەمەلدارلىرى — ئۇيغۇرلار، ئەرەبلەر، ئىرانلىقلار ۋە خەنزۇلارنى ئىشلىتىش سەۋەبلىك، چىڭگىزخاننىڭ «موڭغۇل دۇنياسىنىڭ تەرتىپلىرى» ئېغى كۆچىيىپ كەتتى. بۇ غەيرىي موڭغۇل مىللەتلىرىدىن بولغان ئەمەلدارنىڭ نۇرغۇنلىرى موڭغۇللار ئاڭلاپمۇ باقمىغان ، ئۆزۈن مۇددەتلىك ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ۋە بيوروكراتلىق سىياسىي گەۋدە ئەنئەنىسى بار جەمئىيەتلەردىن كەلگەنىدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىنىڭ كەڭلىكى (بولۇپمۇ مۆڭكەخان ۋە قۇبىلايخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە) ئىمپېرىيىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشقا تېخىمۇ پايدىسىز ئىدى. چۈنكى بۇنداق كەڭرى زېمىنلارنى باشقۇرۇشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، XIII ئەسىرنىڭ قاتناش شارائىتى ۋە باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ئىنتايىن كەملىك قىلاتتى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىشتەك بۇ ئۇسۇل، ئەمەلىيەتتە، پارچىلىنىشتىن دېرەك بېرەتتى. بىراق، ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىردەكلىككە ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىمپېرىيىنى قاتتىق، ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىش ئۈچۈن،

سۈيۈرغال قىلىپ بېرىش ئۇسۇلىدىن ساقلىنىشمۇ تەس ئىدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنى ئۇنىڭغا ماس ھەربىي ئاپپاراتلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھامان ناچارلىقى بىلىنىپ قالاتتى. چۈنكى، ئىمپېرىيىنىڭ مەركىزى بىلەن چەت-ياقىلاردىكى ئۆلكىلەر ئارىسىدا ھېچقانداق ئورگانىك باغلىنىش يوق ئىدى، چەت-ياقا رايونلاردىكى سۈيۈرغال يەرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش - قىلماسلىقى ئىمپېرىيە سىياسىتىنىڭ ئېھتىياجى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ھەر بىر خانلىقنىڭ يەرلىك ئەھۋالىغا، جۈملىدىن ھۆكۈمرانلارنىڭ نىيەت -ئىقبالى ۋە ئۇلار تۇرۇۋاتقان مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. تەپرىقچى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارنىڭ ئۆزىلا ئىمپېرىيىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن يېتەرلىك تەھدىت ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش كويىدا يۈرەتتى. بۇ ئىككى خىل يۈزلىنىشنىڭ گىرەلەشمە رول -ئوينىشى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىكىنى گۇمران قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزئارا مەنپەئەت توقۇنۇشى، ئېنىق بولمىغان چېگرا ۋە تالاش -تارتىشتىكى يايلاقلارمۇ چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا سۈركىلىشنىڭ تۈگىمەس سەۋەبلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. ھەرقايسى خانلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلقنىڭ يۇقىرى مەدەنىيىتىگە سىڭىشىپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تەئەللۇق بولغان يەردىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى تەكىتلەشتە چىڭ تۇرۇشى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەنپەئەتىنى تەكىتلىشىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى. خۇددى يۈەن خانىدانلىقىدىكىلەر خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ماگنىتتەك تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلغىنىغا ئوخشاش، ئىراندىكى

ئىلىكخانىلار خانلىقىنىڭ خانلىرىمۇ (تاكى XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى قازان خاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە قەدەر، ئۇلارنىڭ كۆپى بۇددىزىم مۇخلىسلىرى ئىدى②) تەدرىجىي ھالدا ئىران - ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى. XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە جۇڭگو مۇنداق بىر تاللاشقا دۇچ كەلدى: ياكى موڭغۇل بويسۇندۇرغۇچىلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش ياكى بولمىسا ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش كېرەك ئىدى. تەخمىنەن مۇشۇ ۋاقىتلاردا بولسا كېرەك، جۇڭگوغا ئوخشاش تاجاۋۇزچىلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىرانمۇ جۇڭگو بىلەن ئوخشاش تاللاشقا دۇچ كەلدى. مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن ناھايىتىمۇ يىراقتا تۇرغان چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەنلەرگە خاس ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە "ياسا" ئادىتىنى خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلاپ قالالىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارمۇ يەنىلا ئوخشاش ياتلىشىشلاردىن مۇستەسنا بولالمىدى.

ۋەھالەنكى، بىر ئىمپېرىيىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولۇش سۈپىتىدە موڭغۇللارنىڭ ئۇتۇقلىرىغىمۇ سەل قاراشقا بولمايتتى. موڭغۇللار جەڭلەردە ئۆزلىرىنى ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدىكى ئاۋامنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇردى. بۇ جەڭلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ھاياتلىقنىڭ يوقىلىشى، شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىگە بولغان ئادەتتىن تاشقىرى مەنسىتمەسلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەتتا XIII ئەسىرنىڭ ئۆلچىمى بىلەن قارىغاندىمۇ، شۈبھىسىزكى، يەنىلا يۇرەكنى جىغىلدىتىدۇ. ئەمما، بىز موڭغۇل جەڭلىرىنىڭ ۋەھشىيسى تۈپەيلىدىنلا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان ئاكتىپ تۆھپىسىنى يوققا

چىقارساق بولمايدۇ. ئۆگېتەي، گۈيۈك، مۆڭكەخانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرلىرىدىكى (1227-يىلدىن 1259-يىلغىچە) موڭغۇل دۆلىتى بىرلىككە كەلگەن ئىمپېرىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەم كېيىنكى قۇبىلاي ۋە تېمۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرلىرى (1264-يىلدىن 1307-يىلغىچە ) مەلۇم خىل ئىمپېرىيە ھەربىي ئىتتىپاقى بولۇش سۈپىتى بىلەن موڭغۇللار بويسۇندۇرغان رايونلار چارەك كەم بىر ئەسىرلىك نىسپىي مۇقىملىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. ئەينى ۋاقىتتىكى بىر ئەرەب تارىخچىسى بۇنىڭغا دەل جايىدا باھا بەرگەن: «ئۇلارنىڭ خەلقى ۋە قوشۇنلىرى ھەققىدە تارىخچىلار خاتىرە قالدۇرمىغان، شۇنداقلا ھېچقانداق بىر خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنمىغان، قايسى خانىدانلىق زەپەر قۇچقان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئوخشاش مۇنداق كۆپ زېمىنلارنى ئىستېلا قىلالىغان. ئەمەلىيەتتە، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئىستېلا قىلغان زېمىنلار، قوشۇنلار ۋە خەلقلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى دۇنيادىكى ھەرقانداق باشقا بىر خانىدانلىقلاردا بولۇپ باقمىغان③.»

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە كىشىلەر نىسبەتەن بىخەتەر ھالدا قىرىمدىن كورېيىگە بارالايتتى، تاۋارلار ھەمدە ئىدىيىلەر ۋە كەشپىياتلارمۇ كىشىلەرگە مەلۇم بولغان دۇنيانىڭ بۇ چېتىدىن ھېچقانداق توسالغۇسىز، بىمالال ھالدا ئۇ چېتىگە بارالايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىدى. بېيجىڭدىكى ۋېنىتسىيىلىك سودىگەر، بوردېئوكس ۋە شىمالىي ئامپتوندىكى موڭغۇلىيە ئەلچىلىرى، تەبرىزدىكى گېنۇيە كونسۇلى، قاراقۇرۇمدىكى فرانسىيە ئۇستىلىرى، ئىران تەسۋىرىي رەسىملىرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە جۇڭگونىڭ نەقىشلىرى، جۇڭگودىكى ئەرەب باجگىرلىرى، مىسىردىكى موڭغۇل قانۇنى قاتارلىق بۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسى XIII ئەسىردىكى دۇنيانىڭ

ھەرقايسى جايلىرىنىڭ يېقىنلىشىش ئىچىدە تۇرغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ماركو پولونىڭ مەشھۇر ساياھەتنامىسى بىر پارچە كۆركەم كاتولوگقا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئۇ بىر يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا سىمۋوللۇق قىلىدۇ. XIII ئەسىردىكى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى زېمىن كېڭەيمىچىلىكى ۋە دەسلەپكى باسقۇچتىكى ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئەتنى قايتا گۈللەندۇرۇش ھەرىكىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، XV — XVI ئەسىرلەردىكى پورتۇگالىيە، ئىسپانىيىنىڭ دېڭىز سەپىرى پائالىيەتلىرى يىراق شەرق ھەققىدىكى بىلىملەرنىڭ كېڭەيگەنلىكىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى بولۇپ، بۇ خىل بىلىملەر ماركو پولو ۋە موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى باشقا سەيياھلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن كەلگەنىدى.

ئاسىيادا چىڭگىزخاننىڭ كەچۈرمىشىدىن مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ھەققىدىكى يېڭى بىر خىل ئىدىيە تۇغۇلدى، بۇ خىل ھېسسىيات دەسلەپتە بىر خىل ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ھېسسىيات بولىشى مۇمكىن، لېكىن، بۇ خىل ئىدىيە كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى قوزغىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ئەۋلادلارنىڭ چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرى ناھايىتىمۇ كەڭ بولدى، بۇ خىل ئەسلىمىلەرنى ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىنىڭ ئىمپېراتورى چارلىز ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا تامامەن بولىدۇ. موڭغۇللار دەۋرىدىن كېيىنكى بىرقەدەر چوڭ مۇسۇلمان دۆلەتلىرى — ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندىكى تىمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى، سافاۋى خانىدانلىقى، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى، ئۆزبېكلەر

ئىمپېرىيىسى ۋە مىسىردىكى مەملۈك خانىدانلىقى قاتارلىقلارنى موڭغۇللار دەۋرىدىن ئىلگىرىكى مۇسۇلمان ھاكىمىيەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەممىسىدە دېگۈدەك بىر خىل تۈزۈمدىكى مۇقىملىق ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك ياشاش ئىقتىدارى بارلىقىنى كۆرىمىز. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا بۇ دۆلەتلەر موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىن نېمىلەرگە ئېرىشتى؟ ئەمەلىيەتتە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئەگەر ئىمكانىيەت بولسىلا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر بىر كىچىك بەگلەر ئۆزلىرىنى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ئېلان قىلاتتى ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانۇنىي ئىگەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. ھەتتا ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورلىرى ئۆزىنىڭ تىمۇر ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگىنىگە ئوخشاش، ئۆزلىرىنى چاغاتاي ئەۋلادى دەپمۇ تەكىتلەيتتى. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھەيدەر ئابادنىڭ 1-نىزامى (Nizam) ئەسەف جاھ I نىڭ ۋەسىيەتنامىسىدە مۇنداق بىر مەنئى قىلىش پەرمانى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ھۆكۈمران بولغۇچى بىرخىل بارگاھ تۇرمۇشى كەچۈرۈشى كېرەك، دېيىلگەن. بۇ مەنئى قىلىش پەرمانى چوقۇم ئەڭ دەسلەپتە «ياسا» نى يولغا قويغانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىراق، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى ياقتۇرماسلىق خاھىشى بار ئىدى. بۇ قىسمەن ھالدا موڭغۇللارنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە مۇقەددەس جايلارنى دەپسەندە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت بولسا، ئەمەلىيەتتە XIX ، XVIII ئەسىرلەردىكى ياۋروپا مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسىدىن بۇرۇن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئۈچۈن ئۇلار ئۇچرىغان قايتىلانماس ئېغىر

ئاگاھلاندۇرۇش بولغانلىقى، موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئىسلام مەدەنىيىتى يات دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك پەيدا بولغان كەيپىيات ئىدى. مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى بۇ خىل ياقتۇرماسلىق كەيپىياتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەدەنىيەت دەرىجىسى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولغان خەنزۇلار ئۆزلىرىنىڭ چېگرىسى سىرتىدىكى قەبىلىلەر جەمئىيىتى بىلەن بىر قەدەر پىششىق تونۇش ئىدى، ئۇلار موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغاندا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ھاقارەتكە ئۇچرىغان ھېسسىياتتا بولمىغانىدى. بۇ بەلكىم موڭغۇللار جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن بۇرۇن، ھېچ بولمىغاندا جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا باشقا ئىككى يات مىللەت — قىتانلار بىلەن جۇرجىدلار ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك. توين دىنى دەرۋىشى چاڭچۇن ھەقزادىنىڭ بىر مۇرىتى شەندۇڭدىن بەلىخ ئەتراپىدىكى چىڭگىزخان قارارگاھىغا قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغانىدى، ئۇنىڭ خاتىرىلىرى شۇنى چۈشەندۇرىدۇكى، بۇ قەدىمىي ھەم يۇقىرى مەدەنىيەتنىڭ ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، موڭغۇللار ئۇلارنىڭ ھەقىقىي قىزىقىش ۋە ھۆرمەتلەش ئوبيېكتى بولغان. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى رىم خرىستىئانلىرىمۇ گوتلارغا شۇنداق مۇئامىلىدە بولغانىدى. «چاڭچۇن ھەقزادىنىڭ غەربكە ساياھىتى» دە موڭغۇللار ھەققىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: «يېزىق ۋە كىتابلىرى يوق، ئېغىزدىكى سۆز ئارقىلىقلا ئەھدىلىشىدۇ، ياكى ياغاچقا ئويۇپ كېلىشىم قىلىدۇ، يېمەكلىك تاپسا تەڭ يەيدۇ، مۇشكۇلاتلارغا تالىشىپ ئاتلىنىدۇ، بۇيرۇقتىن باش تارتمايدۇ، سۆزىدىن يانمايدۇ، بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان ئادىتى ئىكەن.»

موڭغۇللارنىڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرۇشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىز شۇنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتۇقكى، چىڭگىزخان دۇنياسى ھەرگىزمۇ مۇنداقلا بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى رايونلارنىڭ ئالاقىلىرىنى پۈتۈنلەي قايتىدىن قۇرۇپ چىققان جەرياندىن ئىبارەت. موڭغۇللار بويسۇندۇرۇشنى تاماملىغاندىن كېيىنلا، بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەر ئىچىدىن مەمۇرىي خادىملار ۋە يۇقىرى ئىقتىدارلىق باشقۇرغۇچىلارنى—ئاۋۋال ئۇيغۇرلار، نايمانلار، قىتانلار ۋە ماۋرائۇننەھردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن، كېيىن خەنزۇلار، ئىرانلىقلار، يەھۇدىيلار ۋە باشقا مىللەتلەردىن باشقۇرغۇچى خادىملارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. جۇڭگودا قۇبىلاي ئەرەبلەرنى مالىيە ئەمەلدارى قىلىپ ئىشلەتتى. يەنە شۇ قۇبىلاي ماركو پولونى ئۆز ئوردىسىدا خىزمەتكە قوبۇل قىلدى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەمۇرىي باشقۇرغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تەدرىجىي ھالدا دۇنياۋىلاشقان ھۆكۈمرانلىققا ئايلانغان. بولۇپمۇ ئىلخان خانلىقى باشقا مىللەتلەردىن چىققان مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. ئىراندىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ساددا ھەم تۈز، ئەمما، يەنە خەتەرلىك ھەم ئىشەنچسىز ئىدى، ئىلخان خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدا يۇقىرى مەنسەپلەردە ئولتۇرغان ئىرانلىقلارنىڭ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنلىرى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن، ئىران بيۇروكراتلار قاتلىمى (ئۇلارنىڭ سەۋرى-تاقەتلىكلىكى ۋە چىداملىقلىقى ئۇلارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك مالىمانچىلىقلاردىمۇ مەۋجۇت بولالىشىنى كاپالەتلەندۈرگەندى) مۇشۇ سەۋەبلىك ناھايىتى تېزلا موڭغۇل پادشاھلىرىغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئۇنۇملۇك يوللىرىنى تېپىۋالدى.

ئەڭ دەسلەپتە ئىران ئىلىخان خانلىقىنىڭ چېگرىسى كەشمىردىن تاكى لىۋانغىچە سوزۇلغان④، چارەك كەم بىر ئەسىر ۋاقىتتا ئىلىخان خانلىقى ئىنچىل ھالدا ئوتتۇرا شەرقتىكى تاقابىل تۇرۇش قىيىن كۈچ بولۇپ تۇردى. ئىلىخان خانلىقى چاغاتاي خانلىقى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە مىسىردىكى مەملۇكلەر پادىشاھلىقى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئىران مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، موڭغۇللار دەۋرى شانلىق بىر دەۋر بولدى. تەرتىپلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ناھايىتى تېز لا قايتا گۈللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلىخان خانلىقى سەنئەت جەھەتتىكى، بولۇپمۇ بىناكارلىق جەھەتتىكى مەبلەغ بىلەن قوللاشتا ناھايىتىمۇ ساخاۋەتلىك بولدى. ئىراننىڭ بىناكارلىرى بىلەن قۇرغۇچى ئۇستىلارغا بۇيرۇپ سالدۇرۇلغان بىر قىسىم ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلار ئەرەب ئىستېلاسىدىن كېيىنكى ئىراندا پەيدا بولغان ھەرقانداق بىر قۇرۇلۇش بىلەن سېلىشتۇرۇلسا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، تېخىمۇ كۆركەم كۆرۈنىدۇ.

ۋارىسلىق ھوقۇقى مەسىلىسىدە ئىلىخان خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تالاش-تارتىشلار بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلىخان خانلىقى بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا ئەللەر ئوتتۇرىسىدىمۇ دائىم دېگۈدەك جەڭلەر بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق، ئىلىخان خانلىقى دەۋرىدىكى ئىران مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى يەنىلا 1258-يىلىدىن 1335-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىلىخان خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمى نىسپىي مۇقىم بولغان دەۋرگە تەئەللۇق دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندىكى بىرقانچە ئامىللار ئىلىخان خانلىقىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى: (1) ئىلىخان خانلىقىنىڭ خانلىرى قۇدرەتلىك بىر

قوشۇن بەرپا قىلدى، بۇ قوشۇننى چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئىلىخان خانلىقىنىڭ قوشۇنى ئەڭ سەرخىل قوشۇن بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭكى بىلەن تەڭ تۇرغۇچىلىكى بار ئىدى. (2) ئىلىخان خانلىقى پىششىق تەربىيىلەنگەن ئىرانلىق ئەمەلدارلار باشقۇرۇشىدىكى ئۈنۈملۈك باج يىغىش تەشكىلى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. (3) ئىلىخان يەنە ئوتتۇرا شەرقتىكى سودا يوللىرىغا جايلاشقان پايدىلىق ئورۇننى ئىگىلىۋالدى. بۇ قىسمەن ھالدا يېڭى موڭغۇل ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ زىبۇزىننەت بۇيۇملارغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قەد كۆتۈرۈشى بىلەنلا سودا ۋە شەھەر تۇرمۇشى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىلا ئېلىپ ئېيتساق، بۇ، ئىران رايونىدا باشقا جايلارغا قارىغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. ئىراندىكى موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق بازىسىنى ئەزەربەيجانغا قۇردى، ئۇلار بۇ جەھەتتە ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى سەۋەبلەرنى ئاساس قىلغان بولۇشىمۇ، لېكىن، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئەزەربەيجان موڭغۇللارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ماس كېلىدىغان ھاۋا كىلىماتىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بۇ يەر ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئەڭ ياخشى يايلاقلار بىلەن تەمىن ئەتتى. موڭغۇللارنىڭ ئەزەربەيجاننى بازا قىلىپ تاللىشى نەتىجىسىدە، تەبرىز ناھايىتى تېزلا ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن، دۇنياۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە دۇنياۋى سودا مەركىزىگە ئايلاندى. تەبرىزنىڭ گۈللىنىشى ئۇنىڭ ئىلىخان خانلىرىنىڭ قارارگاھى ئەتراپىدا بولغانلىقىدەك جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ھەم 1258-يىلدىكى باغدادنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنىڭ پايدىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە،

موڭغۇل ــ مەملۇكلەر خانىدانلىقىنىڭ سۇرىيىدىكى جەڭلىرى مۇنبەت ھىلال ئاي بەلبېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سودا يولىغا يۆتكەلگەن بولۇپ، بۇمۇ تەبرىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى.

گۈللەنگەن سودا ھۆكۈمەتنىڭ سودىگەرلەرنى ئۇنۇملۇك قوغدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىلىخان خانلىقىنىڭ خانلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ بۈيۈكى بولغان غازانخان (1295—1304) بۇ جەھەتتە موڭغۇل خانلىرىغا ئەڭ ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى. غازانخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە ئۇ ئۆلچەم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلچەملەشتۈردى، ئىمپېرىيىنىڭ چوڭ يوللىرىدا ئۆتەڭلەر تەسىس قىلىنىپ، بۇلاڭچىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇردى. يەنە تېخى ھەرقايسى كەنت-قورۇقلارنى ئۆز ئەتراپىدىكى يوللارنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇشقا بەلگىلىدى. غازانخان دەۋرىدە يەنە يېڭىدىن تەبرىز شەھەر ئەتراپى رايونى قۇرۇلۇپ، ئۇ يەردە سودا كارۋانلىرى چۈشىدىغان مېھمان سارايلار، ئىش مەيدانى ۋە بازارلار ئېچىلىپ، بۇ ئارقىلىق چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئىلھاملاندۇرۇلدى. ئۇ باج ئېلىش ئورۇنلىرىغا تاش تۈۋرۈك تىكلەتكۈزۈپ، تاش تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج نىسبىتىنى ئويدۇرۇپ قويىدى، بۇ ئارقىلىق شۇ يەرنىڭ باج ئېلىش ئۆلچىمىنى ئۇقمايدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ پارىخور ئەمەلدارلار تەرىپىدىن قاقتى-سوقتى قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى قىسمەن جەھەتتىن غازانخانغا ئوخشاش ھۆكۈمرانلار نامايان قىلغان رەھبەرلىك ئىقتىدارىغىمۇ باغلىق، بۇ خىل ئىقتىدارلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ يوقىلىشى ئىمپېرىيىنىڭ زاۋال تېپىشىغا سەۋەب بولغان. ئەگەر غازانخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىلىخان خانلىقىنى

موڭغۇل هۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر نەمۇنىسى دېسەك، ئۇنداقتا، 30 يىلدىن كېيىن ئىلىكخان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە ئىلىكخان خانلىقى ئۆزىنىڭ تۈزۈم جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلىدى. موڭغۇللار هاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئاجىزلىقى — ئۇنىڭ تۈزۈم ئاساسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكى ئىدى.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خەلق ئىشلىرى ۋە هەربىي ئىشلار ئاپپاراتلىرى يۇكسەك دەرىجىدە خۇسۇسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ هەربىي، مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنىڭ يۇرۇشتۇرۇلىشى يۇقىرى قاتلامدىكى هۆكۈمراننىڭ ئۇنۇملۇك رەهبەرلىك قىلىشى بىلەن تۆۋەن قاتلامدىكى هۆكۈمراننىڭ بويسۇنۇشى ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى هۆكۈمرانغا قارىتىلغان چەكلىمىلەرگە تايىناتتى. ۋەهالەنكى، موڭغۇل هاكىمىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى هۆكۈمرانلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان يەردە كەڭ تەسىرگە ۋە زور ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغاچقا، ناۋادا مەركەزنىڭ رەهبەرلىك ئىقتىدارى چىرىكلەشسىلا، يەرلىك هەربىي قوماندانلار شۇ هامان مەركىزىي هاكىمىيەت بىلەن قارشىلىشىپ، ئۆزئارا چەتكە قېقىشقا باشلايتتى ياكى مەركەزنىڭ تىزگىنلەش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ قالغاندا، يەرلىك سەردارلار دەرهال قوزغىلىپ مۇستەقىللىق جاكارلايتتى. ئىلىكخان خانلىقىدا يۈز بەرگەن ئىشلار هەقىقەتەنمۇ مۇشۇنداق بولدى. ئىلىكخان خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەمەلىي هۆكۈمرانى ئىلىكخان ئەبۇ سەئىد (1316 — 1335) ، ئۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا، تېخى بالاغەتكە يەتمىگەنىدى. ئەبۇ سەئىدنىڭ هۆكۈمرانلىقى موڭغۇللارنىڭ جالائىر ئۇرۇقى بىلەن چۇپان ئۇرۇقى ئوتتۇرىسىدىكى هوقۇق تالىشىش كۈرىشىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇ كۈچلۈك ئۇرۇقلارنىڭ قىستىشى ئاستىدا، ئەبۇ سەئىدنىڭ ئاجىز ۋارىسلىرى پەقەت بىر قورچاقتىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. ئاخىرى جالائىر

ئۇرۇقى رەقىبىنى يېڭىپ، ئەزەربەيجان ۋە ئىراق رايونلىرىدىكى ئىلىكخان خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساسلىق دۆلەتلەرنى قۇردى. شەرقتە ھېراتتىن باشلانغان كەڭ زېمىنلارغا كەرت خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. خۇراساننىڭ غەربىي قىسمى بىلەن گۇرگان ساربارداربد خانىدانلىقىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. جەنۇبتا بۇرۇن ئىلىكخانلارنىڭ ھىمايىسىدە تۇرغان مۇزەففەر خانىدانلىقى شىراز، يەزىد، ئىسفاھان ۋە كىرمانلاردا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. ئەبۇ سەئىد ئۆلۈپ 50 يىلغا بارماي، ئىلىكخانلار خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان بۇ دۆلەتلەر ئەمىر تىمۇر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، ئىز-دېرىكى قالمىدى.

ئىزاھلار:

① «ئىلكخان» دېگەن بۇ نام چوڭ خاننىڭ قول ئاستىدا بولغان، ئالاھىدە ئۇلۇس ياكى سۇيۇرغال قىلىنغان يەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان خانلارغا بېرىلگەن. ھۆلەگۈ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىلگەن « ئىلكخان » دېگەن نام مۇشۇ مەنىدە قوللىنىلغان. ھۆلەگۈنىڭ ئەۋلادلىرى تا غازانخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلگە قەدەر (1295—1304) موڭغۇلىيە ياكى جۇڭگو چوڭ خانىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى شەكىل جەھەتتە ئېتىراپ قىلىپ كەلدى. يېقىنقى زاماندا «ئىلكخان» دېگەن بۇ نام ئىراندا بەزى قەبىلىلەر سەردارلىرىغا قوللىنىلدى، ئۇلار، ئەلۋەتتە، ھېچقانداق چوڭ خاننىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئەمەس.

② ئىلكخان خانلىقىدىكى بۇددا دىنى كېيىن موڭغۇللار رايونلىرىدىكى موڭغۇللار ئارىسىدا تارقالغان لاما دىنى ئەمەس، بەلكى بىر خىل مەھايانە بۇددىزىمنىڭ ئارىلاشمىسى.

③ ج.كرىتزېك: «ئىبنى تىقتاقا ۋە باغدادنىڭ قولدىن كېتىشى»، لوندون، 1931-يىل نەشرى، 67-،68-بەتلەر.

④ دەسلەپكى مەزگىلدە ئىلكخان خانلىقى خانلىرىنىڭ كەشمىرگە ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزگەنلىك مەسىلىسى تېخى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنمىدى.

# VIII باب ئالتۇن ئوردا خانلىقى

چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۆچى ئاتىسىنىڭ ئىمپېرىيىسىدىن ئۆزگە تېگىشلىك نىسۋە سۈپىتىدە ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلار (هازىرقى قازاقىستان ۋە غەربىي سىبىرىيە) ۋە خارەزىم رايونىغا ئىگە بولدى. جۆچىنىڭ سۈيۈرغاللىق تەۋەلىكىدە مۇنبەت ۋە پايانسىز يايلاقلاردىن سىرت، مۇهىم سودا - سېتىق مەركىزى بولغان ئۈرگەنچ شەھىرىمۇ بار ئىدى. 1221-يىلى ئۈرگەنچ موڭغۇللارنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىدى، ئەمما، بۇ شەھەر ناهايىتى تېزلا بۇرۇنقى ئاۋاتلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. جۆچى ئۇلۇسىنىڭ غەربى، كاسپى دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالى بولسا تېخى موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلمىغان، دەشتى قىپچاق (قىپچاق) دالىسى بولۇپ، بۇ جايلاردا كۇمانلار باشلىق تۈركىي مىللەتلەر ياشايتتى. بۇ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ شىمالىدا ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان بۇلغار خانلىقى ۋە رۇس كىنەزلىكى بار ئىدى. 1223-يىلى جەبە نويان ۋە سۇبەتەي باتۇر باشچىلىقىدىكى قوشۇن كاۋكاز ئارقىلىق قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى يايلاق رايونىغا كىرگەن هەم كالكا دەرياسى بويىدىكى كىچىك جەڭدە كۇمانلار ۋە رۇسلارنىڭ بىرلەشمە كۈچىنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، جۆچى تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە (جۆچى 1227-يىلى ئۆلگەن بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ ۋاپاتىدىن بۇرۇن ئىدى) موڭغۇللار بۇ مىللەتلەرگە ئانچە كۆڭۈلشىپ كەتمىدى. موڭغۇللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، كالكا

دەرياسى ئۇرۇشى كارى چاغلىق بىر قېتىملىق جەڭ ئىدى. ئەمما رۇسلارغا نىسبەتەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش 15 يىلدىن كېيىن بولىدىغان ئومۇمىي ھۇجۇمنىڭ بېشارىتى ئىدى. كالكا ئۇرۇشى (بىر قېتىملىق رازۋېدكا دېيىشكىمۇ بولاتتى) دىن كېيىن، يەنى چىڭگىزخان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە موڭغۇللار كۆنپېتىشقا قارىتا سىناش خاراكتېرلىك بىرەر ھۇجۇم پائالىيىتىنى قوزغاپ باقمىدى. بىگراق، ئۆگېتەي دەۋرىگە كەلگەندە، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى كۆنپېتىشقا قاراپ كېڭىيىشنى يەنە باشلىدى. 1237-يىلدىن 1242-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پېشقەدەم سەركەردە سۇبەتەينىڭ ياردىمى بىلەن جۇچىخاننىڭ 2-ئوغلى باتۇ بۇلغار خانلىقىنى يوقىتىپ، دەشتى قىپچاقتىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ۋە رۇسلار (كېيىن 1240-يىلى تالان-تاراج قىلىندى) نى بويسۇندۇردى، ئارقىدىنلا پولشا ۋە ۋېنگرىيىگە بېسىپ كىردى. موڭغۇل قوشۇنى سىلېزىيىدىكى لېگىنتسا ۋە ۋېنگرىيىدىكى موچى (1241-يىل 4-ئاي) دا مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە XIII ئەسىردىكى ياۋروپا قوشۇنىنىڭ ئاجىزلىقىنى، چېۋەرلىك ۋە ئىنتىزامچانلىقتا ئۆزلىرىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان رەقىبكە دۇچ كەلگەندە بىر تېپىككە يارىمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. شۇڭا، ئېھتىمال، تاسادىپىي ئەھۋال سەۋەبىدىن غەربىي ياۋروپا موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاسىدىن ئامان قالغان بولۇشى مۇمكىن، دېيەلەيمىز. 1241-يىل 11-ئايدا ئۆگېتەي قازا قىلدى. باتۇ چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىدىكى شاھزادىلەر ئارىسىدا نام-ئابرويى بولغاچقا، يېڭى خان سايلاش مەقسىتىدە چاقىرىلماقچى بولغان «قۇرۇلتاي» غا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شەخسەن قارا قۇرۇمغا ئاتلىنىشى زۆرۈر ئىدى. باتۇ ساقلامچى قوشۇن قالدۇرغاندىن كېيىن، زور قوشۇننى

قايتۇرۇپ موڭغۇل يايلىقىغا يول ئالماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ بۇ سەپەر مەقسىدىگە يېتەلمەي قالدى. دەشتى قىپچاقتىكى ئۇرۇش جەريانىدا باتۇ نەۋرە ئىنىسى، ئۆگېتەينىڭ چوڭ ئوغلى گۈيۈكخان بىلەن زىتلىشىپ قېلىپ، ئۇنى قارا قورۇمغا قايتۇرۇۋەتكەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇياتقا قالدۇرغانىدى. ئۆگېتەي ئۆلگەندىن كېيىن، گۈيۈكنىڭ قوللىغۇچىلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنى تېزلىكتە كونترول قىلىۋالدى، باتۇنىڭ ئەمدىلىكتە ئۇ يەرگە بېرىشى، روشەنكى، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنگە باراۋەر ئىدى. شۇڭا، باتۇ ۋولگا دەرياسى بويىدا توختاپ ئاستراخان شەھىرىگە 65 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان سارايدا چېدىر تىكىپ دۆلەت قۇردى ۋە ئۇلۇس تەۋەلىكىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. باتۇنىڭ ئۇلۇس تەۋەلىكىدە پايانسىز ئوتلاقلار ۋە لەشكەرلىككە يارايدىغان سان-ساناقسىز قەبىلىلەر بولغاچقا، بۇ قەبىلىلەردىن لەشكەر تولۇقلىغىلى بولاتتى. ئۇلۇس تەۋەلىكىدە يەنە بىر نەچچە ئاساسلىق سودا يولى بولغاچقا، مۇقىم بولغان باج كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. 1251-يىلدىكى «قۇرۇلتاي» دا مۆڭكەخاننىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى چاغاتاي ۋە ئۆگېتەي ئەۋلادلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، باتۇخاننىڭ ئارىغا كىرىشى نەتىجىسىدە، مۆڭكەخان ئاخىر گۈيۈكخاننىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە چوڭ خانلىق تەختىگە چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكىنىمىز باتۇ ئۇلۇسىنىڭ ئەھۋالى بولۇپ، بۇنىڭ پۈتكۈل موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا باتۇنىڭ نېمە ئۈچۈن چەت-ياقا جايدىكى ھاكىمىيەتكە رازى بولۇپ ئۆتكەنلىكى، چوڭ خانلىقنى تالىشىشقا ئورۇنۇپمۇ باقمىغانلىقىدەك سىرلارنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردىمى تېگىشى مۇمكىن. خۇسۇسىي

مۇناسىۋەتنى ئۆلچەم قىلغاندا، باتۇنىڭ سۇيۇرغال ئىگىسىگە قارانقان مۇناسىۋىتى يەنىلا سەمىمىي بولسىمۇ، ئەمما، كېيىنچە باتۇنىڭ سۇيۇرغالى تېزدىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىدىن نىسپىي مۇستەقىل بولغان مۇستەقىل خانلىققا ئايلىنىپ قالدى. مۆڭكەخانمۇ شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ئۆزى بىلەن نەۋرە ئىنىسى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقىنى مەلۇم ئورتاق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش مۇناسىۋىتى ئىدى. شۇڭا، مۆڭكەخان رۇبرۇكقا: «گويا قۇياش نۇرى جىمى ئالەمگە سېپىلگەنگە ئوخشاش، مەن ۋە باتۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەممىلا جايدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا» دېگەنىدى①.

مەيلى سارايدا بولسۇن ياكى ۋولگا دەريا بويىدىكى بارگاھتا بولسۇن، باتۇنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئوردىسى كۆچمەن مىللەتلەردىكى قائىدە-يوسۇنلارغا ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدىغان كەيپىيات بىلەن ئولتۇراق مىللەتلەر خان-پادىشاھلىرىنىڭ ئوردىلىرىدىكى ھەشەمەتلىك كەيپىياتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈردى. بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مۇناخ پلانو كارپىنى ۋە رۇبرۇكلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، باتۇ ناھايىتى سېپتا توقۇلغان كاناپ رەختتىن تىكىلگەن غايەت زور چېدىر ئۆيدە كۇندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن، چېدىرنىڭ ئىچى مۇتلەق تىنچ بولۇپ، ھېچقانداق كىشىنىڭ ئىجازەتسىز چېدىر ئىچىگە كىرىشى مەنئى قىلىنغانىكەن. چوڭ خان بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرتىلغان كىشى باتۇخان بىلەن سۆھبەتتە بولغاندا يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇشى شەرت ئىدى، سۆھبەت جەريانىدا بىر كاتىپ سۆھبەت مەزمۇنىنى خاتىرلەيتتى. باتۇ ئادەتتە ئەڭ ئامراق خانىشى بىلەن چېدىرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئالتۇن تەختتە ئولتۇراتتى. باتۇنىڭ باشقا خوتۇنلىرى سول تەرەپتىكى ئۆزۈن

كۆرسىدا ئولتۇراتتى، باتۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئوغۇللىرى، شۇنداقلا ئاساسلىق مۇلازىملىرى بىردەك ئوڭ تەرەپتە ئولتۇراتتى. چېدىر ئىشىكىگە يېقىن جايغا بىر شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن-كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن قاچا-قۇچىلار ۋە جام-قەدەھلەر تىزىپ قويۇلاتتى. باتۇخان ئالاھىدە مېھمانلارغا ئەركى ئىلتىپات قىلىپ، ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقىنى ئىپادىلەيتتى، شۇنداقلا بۇ تولىمۇ پەۋقۇلئاددە مۇئامىلىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. باتۇخان ۋە باشقا بەگ-تۆرىلەر ئەركى ئىچىشكەندە سازەندىلەر ساز چېلىپ ۋە ناخشىچىلار ناخشا ئېيتىپ، سورۇنغا باشقىچە كەيپىيات بەخش ئېتەتتى. باتۇخان سىرتقا چىققاندا، دائىم سايىۋەنلىك شاھانە مەپىدە ماڭاتتى، بۇنداق مەپە قەدىمكى ئوتتۇرا شەرقتە خان ھوقۇقىنىڭ بىر تۈرلۈك سىمۋولى ھېسابلىناتتى. ئاۋام خەلق باتۇنى « ساين-خان » دەپ ئاتايتتى، بۇ ئاتاق، ئېھتىمال، پاراسەت ۋە ئادالەتتىن دېرەك بەرسە كېرەك. «ساين-خان» نامىنى شەرقنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانى ھەققىدىكى رىۋايەت بىلەن باغلىنىشلىق دېگەندىن كۆرە، پەزىلەت ۋە ساخاۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن تۈزۈك ②. ئىران تارىخشۇناسى جوزجانى «باتۇ ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ئۆگېتەي يوشۇرۇنچە مۇسۇلمان بولغان» دېگەن ئەپسانىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، باتۇ ئاتىسى ۋە بوۋىسىغا ئوخشاش بىر ئۆمۈر شامانىزىمغا ئېتىقاد قىلىپ كەلدى. بۇ ھال ئۇنىڭ خرىستىئان بولۇپ كەتكەن ئوغلى سارتاكنىڭ، شۇنداقلا مۇسۇلمان بولغان ئىنىسى بېركېنىڭ ئەھۋالىدىن پەرقلىنىدۇ. باتۇ ئۆمۈر بويى «كۆپپار» ھالەتتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ پادشاھلىق سەلتەنىتى بىلەن ئىراندىكى مۇسۇلمان تارىخشۇناسلىرىنىڭ نەزەرىدە زور شۆھرەتلەرگە سازاۋەر بولدى. بۇ ئىرانلىق تارىخشۇناسلار ئىلىكخان خانلىقىنىڭ

پۇقرالىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇچۇن باتۇنى مەدھىيىلەش ھېچقانچە زورۇرىيەتكە ياتىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس ئىدى. مەسىلەن: جۇۋەينى باتۇنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ. «ئۇنىڭ ئىلتىپات-شاپائەتلىرى ھەددى - ھېسابسىزدۇر، ئۇنىڭ مەردۇ-مەردانىلىقى تەڭداشسىزدۇر، بارچە ئىقلىمدىكى خان-سۇلتانلار، يىراق پىنھان جايلاردىكى بەگ-تۆرىلەر ۋە باشقا بەندىلەر ئۇنى تاۋاپ قىلغىلى كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلپان-سېلىق تاپشۇرغۇچىلار يىل-يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان ئۇلپانلارنى باتۇغا ھەدىيە قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلپانلار شاھانە خەزىنىگە يەتكۈزۈلمەيلا باتۇ بۇ تارتۇقلارنى ئاز-كۆپلۈكىگە قارىمايلا موڭغۇللارغا، مۇسۇلمانلارغا ۋە ئەتراپتىكى بارچە كىشىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋېتىدۇ. سودىگەرلەر جاي-جايلاردىن باتۇخانغا رەڭگارەڭ بۇيۇملارنى ئەكىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ بۇلارنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارغا ئەسلى نەرقىدىن نەچچە باراۋەر يۇقىرى ھەق بېرىدۇ③.»

باتۇ ئۇلۇسى تارىختا «ئالتۇن ئوردا خانلىقى» نامىدا مەشھۇر بولدى. «ئالتۇن ئوردا» نامىنىڭ مەنبەسى بىزگە تېخى مەلۇم ئەمەس. بىراق، ئۇ موڭغۇللاردىكى ئالتۇن رەڭنى خان-پادىشاھلارغا خاس دەپ قارايدىغان چۈشەنچە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا XIV ئەسىردىكى ئىبنى بەتتۇتەنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك، ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى ھەرقايسى خانلارنىڭ قوبۇللىرىغا ئالتۇن يالىتىلغان كۈمۈش چېدىرلاردا تۇرغانلىقى بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك. موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە، باتۇ ئۆز ئۇلۇسىدىكى ھەرقايسى رايونلارنى قېرىنداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە جەمەتلىرىگە تەقسىملەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. باتۇ ئۆزىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان

دەشتى قىپچاقنىڭ مەركىزي قىسمىنى ئېلىپ قالدى. ئەڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىدىن كېيىن باتۇ قالغان ئۆمرىدە ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىدىكى يېڭى تېررىتورىيىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇستەھكەملەشكە تىرىشتى. يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان جايلارنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك مالىيە تۈزۈمىنى بېكىتىپ چىقىش كېرەك ئىدى، شۇنداقلا 1237-يىلدىن 1241-يىلغىچە بولغان ئۇرۇشتا يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنى ئىتائەت قىلدۇرۇش زۆرۈر ئىدى. روسىيە رايونىدا ئاساسلىق سلاۋىيان ھۆكۈمرانلىرى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ( مەسىلەن: ۋىلادىمىر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئالېكساندىر نېۋسكى ھەمدە گالىچ قاتارلىقلار) ، روسىيە رايونىنى مۇستەھكەملەش تېزلا ئىشقا ئاشتى. سلاۋىيان ھۆكۈمدارلىرى شۇنى تونۇپ يەتتىكى، موڭغۇللارغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش پۈتۈنلەي بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىدى. ئۇلار بۇ خىل ئاڭنىڭ كونترولluqىدا بىر تۈرلۈك «ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق» تۈزۈمىنى ئىجاد قىلدى. رۇسلار قەرەللىك تۈردە بەلگىلەنگەن مىقداردىكى ئېغىر ئولپان-سېلىقنى موڭغۇللارغا تاپشۇرۇش ۋە كۆرۈنۈشتە موڭغۇل خانىغا سادىق بولۇش بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

باتۇ 1255-يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى بېركې ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا ئىزچىل ھالدا باتۇنىڭ جەددى - جەمەتى بىر ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. تاكى 1359 - يىلغا كەلگەندە، تەخت ئاندىن جۆچىنىڭ باشقا ئوغۇللىرىنىڭ جەمەتىگە ئۆتتى. مۇشۇ مەزگىلدە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئەھۋالى باشقا موڭغۇل خانلىقلىرىغا

سىلىستۇرغاندا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشى بولۇپ كەلدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلار ۋە تۈرك قوشۇنىدىكىلەر تەدرىجىي ھالدا دەشتى قىپچاقتىكى يەرلىك ئاھالىگە سىڭىشىپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تاتارلارنى شەكىللەندۈردى. ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق دىنى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا تاتار تىلىمۇ تەدرىجىي ھالدا بىر تۈرلۈك ئارىلاشما دىئالېكىت بولۇپ شەكىللەندى. باتۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ناھايىتى سىرلىق تۈردە تېزلا ئۆلۈپ كېتىشتى. 1258 - يىلىغا كەلگەندە بېركې ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، قىرائەتلىك، ۋايىغا يەتكەن، جاسارەت ۋە پاراسەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بېركې XIII ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىرى ئىدى، شۇنداقلا تۇنجى بولۇپ ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان موڭغۇل ھۆكۈمرانى ئىدى. جۇزجانىنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا (ئۇنىڭ قولىدا ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا دائىر بىۋاسىتە ماتېرىياللار بولمىسىمۇ)، بېركېنىڭ ئەتراپىدا مۇسۇلمان ئۆلىمالار ۋە 30 مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمان نەۋكەر بولۇپ، جايناماز ھەرقاچان ئۇلارغا ھەمراھ ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇلار مۇتلەق مەي - شاراپ ئىچمەيتتى④. بېركې ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ساراي شەھىرىگە بىرنەچچە مىل كېلىدىغان جايغا شانۇ - شەۋكەتتە ساراي شەھىرىدىن قېلىشمىغىدەك قىلىپ بىر شەھەر بىنا قىلدى. بۇ جاي «بېركې ساراي» ياكى «يېڭى ساراي» دەپ ئاتالدى. ئۆزبېك خان ھۆكۈمرانلىقىدىكى XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە، يېڭى ساراي شەھىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئوردىسى بولۇپ قالدى. ساراي ۋە يېڭى ساراي شەھەرلىرىدىكى قېزىپ

تەكشۈرۈشلەر بۇ شەھەرلەردىكى ئاستانە مەدەنىيىتىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى نامايان قىلدى. بۇ ئىككى جايدىكى ئاستانە مەدەنىيىتىدە تەسىرچانلىق دەرىجىسىدىن ئالغاندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگىنى ئىران مەدەنىيىتى ئەمەس، بەلكى مىسىر ۋە سۇرىيە مەدەنىيىتى بولسا كېرەك⑤. بىز بۇ ھالنى بېركې ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسلىرىنىڭ يۈرگۈزگەن تاشقى سىياسەتلىرىنىڭ مەھسۇلى، دەپ مۆئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. بېركې ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە (1258-يىلدىن 1267-يىلغىچە) كاۋكاز رايونىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، بېركې ۋە ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى ھۇلەگۇ ھەمدە ھۇلەگۇنىڭ ئوغلى ئاباقالار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى - جېدەل تۇگىمىدى. XIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە بۇ توقۇنۇشلار ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن ئىراندىكى ئىلىكخان خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى. بېركې بىلەن ھۇلەگۇنىڭ ئۆزئۇنغىچە پېتىشماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بېركېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھۇلەگۇنىڭ خەلىپە ھاكىمىيىتىگە تۇتقان سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولدى. بېركېنىڭ ھۇلەگۇگە قارشى تۇرۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب مۆڭكەخاننىڭ كاۋكاز رايونىنى ئۆز ئىنىسى ھۇلەگۇگە ئايرىپ بەرگەنلىكى بولدى (كاۋكاز رايونى ئەسلىدە ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا تەۋە ئىدى) ؛ بېركې بۇنىڭغا قاتتىق نارازى بولدى. بېركې 1261-يىلى ئىلىكخان خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى ھەمدە 1263-يىلى تېرېك دەرياسى بويىدا بىر قېتىملىق شانلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بىراق، بېركې تا كۆزى يۇمۇلغانغا قەدەر ئىزچىل تۈردە شىرۋان ئەتراپىدىلا ئۇرۇش قىلىپ يۈردى ھەمدە ئاخىرقى نىشانغا قاراپ سىلجىشقا زادىلا مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئىلىكخان خانلىقى بىلەن بولغان ئۇزۇن

مەزگىللىك ئىناقسىزلىقلار نەتىجىسىدە، بېركې ئۇلارنىڭ رەقىبى بولغان مىسىردىكى مەملۇك خانىدانلىقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. قاھىرە، دەمەشق ۋە مەككىدىكى مەسچىتلەردە خۇتبە بېركېخاننىڭ نامىغا ئوقۇلدى. بۇنىڭدىن بېركېنىڭ مەملۇك خانىدانلىقىغا قارىتا مۇئەييەن دەرىجىدە شەكلەن خوجايىنلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. مەملۇك خانىدانلىقىنىڭ ئىزچىل ھالدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەردىن لەشكەر تولۇقلاپ تۇرۇشقا موھتاج بولۇپ كەلگەنلىكىدەك ئەھۋالىغا ئاساسەن، مەلۇم بىر تارىخشۇناس ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن مىسىرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەتتا مۇستەملىكە مۇناسىۋىتى دەپمۇ قارىغان⑥. مەملۇك خانىدانلىقى بىلەن بولغان سىياسىي ئىتتىپاقداشلىق، شۈبھىسىزكى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى بېيىتتى. مىسىردىن ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونلىرى بولغان ساراي ۋە يېڭى ساراي قاتارلىق شەھەرلىرىگە سەنئەتكارلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئالىملار ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلار يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. ۋەھالەنكى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن مەملۇك خانىدانلىقىنىڭ ئىتتىپاقداشلىقى، ئۆز نۆۋىتىدە، موڭغۇللارنىڭ كېڭەيمىچىلىك باسقۇچىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرەتتى. چۈنكى، موڭغۇللارنىڭ كېڭەيمىچىلىك دەۋرىدە چىڭگىزخان جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق دۇنيانى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىنغان بولسا، ئەمدىلىكتە بۇ خىل ئىتتىپاقلىق بۇزۇپ تاشلانغانىدى.

بېركېنىڭ ۋارىسى، باتۇنىڭ نەۋرىسى مۆڭكە تېمۇر (1267—1280) بېركېنىڭ مەملۇك خانىدانلىقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىلخان خانلىقىدىن كاۋكازنى تالاشتى. مۆڭكە تېمۇر دەۋرىدە ئالتۇن ئوردا

خانلىقى بىلەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ جۇڭگو ۋە ئىرانغا قاراتقان مۇئامىلىسى بىر-بىرىگە زىت بولغاچقا، مۆڭكە تېمۇر بىلەن چاغاتاي خانلىقى ئوتتۇرىسىدىمۇ ناھايىتى سۇس بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. مانا مۇشۇ ئامىللار ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى باشقا موڭغۇل دۇنياسىدىن تېخىمۇ ئايرىپ تاشلىدى، شۇنداقلا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى سودا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن قارا دېڭىز بويلىرى ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاھالىلەرگە تېخىمۇ بەك يېقىنلاشتۇردى. بېركېنىڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرى بولغان نوغاي مۆڭكە تېمۇر دەۋرىدە تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئىناۋەت قازىنىشقا باشلىدى. نوغاي ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى مىكائىل VIII پالائېولوگوسنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان قىزىنى ئەمرىگە ئالدى (پالائېولوگوسنىڭ يەنە بىر قىزى ئىلىكخان خانلىقىنىڭ خانى ئاباقاغا ياتلىق قىلىنغانىدى). مانا مۇشۇ قېتىملىق نىكاھ ئىشى نوغاينىڭ قارا نىيىتىگە تۈرتكە بولدى. بىر مەشھۇر قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن نوغاينىڭ ئابروي-ئىناۋىتى تەبىئىي رەۋىشتە ئۇنى خانلىق تەختىنى تالاشقۇچىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بىراق، بىر تەخت تارتىۋالغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ تەختىنى ئىگىلىۋېلىش، روشەنكى، مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، مۆڭكە تېمۇرنىڭ ئىنىسى تۇختۇ مۆڭكە (1280—1287) ۋە ئۇنىڭ جىيەنى تۇلابۇغا (1287—1290) نىڭ قىسقىغىنە ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە نوغاي بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرخىل ئورتاق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش مۇناسىۋىتى ساقلىنىپ كەلدى. نوغاينىڭ غەلىبىسى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى ئاشۇردى، شۇنداقلا ئۆز ئىناۋىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. مۆڭكە تېمۇرنىڭ ئوغلى تۇختۇخان (1291—1313) قەتئىي ئىرادىلىك، كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ھۆكۈمران

ئىدى. ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى نوغاي بىلەن تۇختۇخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان ئاشكارا ئۇرۇشقا سەۋەب بولدى. نوغاي 1299-يىلى قەتلى قىلىنغان بولسىمۇ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى تاتار قەبىلىلىرى نوغاينى يادىدىن چىقارماي كەلدى. بۇ قەبىلىلەر كېيىنچە «نوغاي قەبىلىلىرى» دېگەن نام ئاستىدا ئاتالدى. تۇختۇخان نوغاينىڭ خىرىسلىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، تەبرىزدىكى بايلىقنىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋە گروزىيە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ دەيدەيگە سېلىشى بىلەن كاۋكازغا بولغان كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ھالبۇكى، بۇ ۋاقىتتا ئىلىكخان خانلىقى مەملۇك خاندانلىقىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، غەربىي جەنۇب چېگرىنى قوغداشقا قوشۇن ئەۋەتىشكە ۋە ئامۇ دەرياسى بويىدىكى چېگرا لىنىيىسىنى چاغاتاي ئۇلۇسىدىكىلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئەمما، تۇختۇخان ياكى ئۇنىڭ جىيەنى ئۆزبېك خان (ئۇنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىقى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىنىڭ سىمۋولى ئىدى) بولسۇن، ئەمەلىيەتتە، ھېچقايسىسى كاۋكاز رايونىدىكى غازان خان ياكى ئۆلجايتۇ (1304—1316) غا قارشى كۆرەشلەردە ئۇزۇن مەزگىللىك ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى. بۇ ئەھۋال ناھايىتى مۇھىم بىر نامايەندە بولۇپ، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن ئىلىكخان خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت كۈچى سېلىشتۇرمىسىنىڭ نىسپىي تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۆزبېك خان (1314—1340) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى جانىبېك (1342—1357) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئالتۇن ئوردا خانلىقى پۈتۈنلەي ۋايىغا يەتكەن ئىسلام دۆلىتى (گەرچە ئالتۇن

ئوردا خانلىقى تەۋەسىدە يەنىلا نۇرغۇن غەيرىي دىندىكىلەر بولسىمۇ) گە ئايلاندى. ئىسلام شەرىئىتى تەدرىجىي يوسۇندا موڭغۇللارنىڭ «ياسا» لىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشى تاتارلار (كېيىنچە ئۇلار «ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى مۇسۇلمانلار» دەپ ئاتالدى) ۋە رۇسلارنىڭ تارىخىدا بىردەك ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور ۋەقەلەردىن بولۇپ قالدى. ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاتارلار بىلەن رۇسلار دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بىر-بىرىدىن ئايرىلدى، شۇنداقلا كەلگۈسىدە يۈز بەرگۈسى قوشۇلۇپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىدىن ساقلىنىپ قالدى. 1332-يىلدىن 1334 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ سەيياھ ئىبنى بەتتۇتە ئۆزبېك خاننىڭ ئوردىسىدا ئىككى قېتىم زىيارەتتە بولدى. موڭغۇل خانلىرىنىڭ بايلىقى ۋە ھوقۇقى، ئۇلارنىڭ ئائىلە يوسۇنلىرى ۋە مەئىشەتلىك تۇرمۇشى ھەمدە موڭغۇل خانلىرى ۋە تاتارلارنىڭ ئاياللارغا بولغان ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەتلىرى ئىبنى بەتتۇتەدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئىبنى بەتتۇتە دەشتى قىپچاقتىن ئۆتكەندە، بۇ جايدىكى سان-ساناقسىز يىلقا توپلىرىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ-ھەس بولدى، بۇ ئاتلاردىن نۇرغۇنلىرى ھەر يىلى پايانسىز يىراق مۇساپىدىكى ھىندىستانغا ئېكسپورت قىلىناتتى⑦. دەشتى قىپچاق كۆڭۈلدىكىدەك يايلاق بولۇپ، قەبىلە پۇقرالىرى مۇنبەت يايلاقلاردا قوي، كالا، تۆگە قاتارلىق چارۋىلارنى باقالايتتى. بۇ جايدا نوپۇس ياكى چارۋىلارنىڭ سانى ھەققىدىكى بىرسىم مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەر، جۈملىدىن ۋولگا دەرياسى بويىدىكى ساراي، يېڭى ساراي

ۋە ئاستراخان ، خارەزىم رايونىدىكى ئۈرگەنچ، كۇما دەرياسى بويىدىكى ماخار، دون دەرياسى ئاغزىدىكى ئاجاق ۋە قىرىم بويلىرىدىكى كاففا، قىرام، سۇرداق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا ئاۋات قول سانائەت ۋە سودا مەركەزلىرى ئىدى. بۇ شەھەرلەر زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ۋە باج كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى سۈپىتىدە ئالتۇن ئوردا خانلىقى خانلىرى تەرىپىدىن قوغدىلاتتى. يېڭى ساراي ۋە ئۈرگەنچ شەھەرلىرىنىڭ غايەت زور كۆلىمى ۋە ئاۋات مەنزىرىسى، بولۇپمۇ يېڭى سارايدىكى مىغ - مىغ بازارلار بىلەن جاھاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر ئىبنى بەتتۇتەنى قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇردى. گۈللەنگەن ۋە ئاۋات كاففا شەھىرىمۇ ئىبنى بەتتۇتەگە ئۈنتۇلماس تەسىراتلارنى بەخش ئەتتى. كاففا شەھىرى گېنويە مۇھاجىرلىرىنىڭ ماكانى بولۇپ، بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئاساسەن دېگۇدەك خىرىستىئان ئىدى. بۇ يەردە ئاۋات رەستە-بازارلار ۋە غايەت زور پورتلار بار ئىدى، ئىبنى بەتتۇتەنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، كاففا پورتىدا 200 كېمە توختىتىپ قويۇلغانىكەن⑧. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن شەھەرلەرنىڭ بايلىققا تولۇپ كېتىشى ئۇلارنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق تەۋەلىكىنى كېسىپ ئۆتىدىغان سودا يولىنىڭ بويلىرىغا جايلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ سودا يولى ئاجاقتىن باشلىنىپ، شەرقتە ۋولگا دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يايلاق ئارقىلىق موڭغۇلىيە ۋە جۇڭگوغا تۇتىشاتتى؛ ياكى بولمىسا شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، خارەزىم، ماۋرائۇننەھر رايونلىرى ئارقىلىق ھىندىستانغىچە سوزۇلاتتى. بۇ يول ئارقىلىق قارا دېڭىز بويىدىكى پورتلار بىلەن XIII ئەسىر ۋە XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان شەرقىي ئاسىيا بازارلىرى تۇتاشتۇرۇلدى. يايلاق رايونى ياكى شىمالدىكى ئورمانلىق رايونلىرىدىن چىقىدىغان ئاشلىق، كالا،

ئات، قۇل، يۇڭ-تېرە، ياغاچ ماتېرىياللىرى، بېلىق ھەمدە جۇڭگو ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىقىدىغان زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى كېمە-قېيىقلار ئارقىلىق ۋىزانتىيە، مىسىر، سۈرىيە، ئىتالىيە قاتارلىق جايلارغا توشۇلدى. ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق يايلاق رايونى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو قاتارلىق جايلار توقۇلما بۇيۇملار، ئۈنچە-مەرۋايىت، قىممەتلىك مېتاللار، ئەتىر، مېۋە-چېۋە ۋە ئافرىقىدىن چىقىدىغان غەيرىي ھايۋانلارغا ئېرىشتى.

ئىبنى بەتتۇتە ئۆزبېكخان دەۋرىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شاھىد ئىدى. خانلىقنىڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتى جانىبېك خانلىق تەختىگە چىققۇچە داۋاملاشتى. ئەۋلادلىرى ئېرىشەلمىگەن ئۇتۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇش جانىبېكنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىدى. بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانلىرى ئىراندىكى موڭغۇل قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان جەڭگى-جېدەلنى زادىلا توختاتمىدى، ئەمما ئالتۇن ئوردا خانلىقى ھەم روشەن ئۈستۈنلۈككە مۇشەررەپ بولالمىدى. ئىراندىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقىي موڭغۇل ھۆكۈمرانى ئەبۇسەئىدخان 1335-يىلى ئۆلدى. ئەبۇسەئىدنىڭ ئۆلۈمى ئۆزبېكخانغا خۇددى كاۋكازنىڭ جەنۇبىغا قول تىقىشنىڭ پەۋقۇلئاددە ياخشى پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەندەك بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزبېكخان كاۋكازدا يەنىلا بىرەر كۆرۈنەرلىك نەتىجىنى روياپقا چىقىرالمىدى. 1357-يىلغا كەلگەندە، ئىلىكخان خانلىقى چاك-چېكىدىن ئاجراپ كېتىش قىسمىتىگە دۇچ كەلدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئەزەربەيجان، غازانخاننىڭ قوماندانى ئەمىر چوپاننىڭ ئوغلى مالىك ئەشرەفنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. جانىبېك 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كاۋكازدىن ئۆتۈپ، تەبرىزنى ئىشغال قىلدى ھەمدە شەھەردىكى نۇرغۇن بايلىقنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ

ماڭغاندىن كېيىن، مالىك ئەشرەفنى قەتلى قىلدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى غەلىبىنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى بولمىدى. ئېھتىمال ۋابا كېسىلىدىن قورققان بولسا كېرەك، جانىبېك ئەزەربەيجاندا ھېچقانچە تۇرمايلا، دەشتى قىپچاققا قايتىپ كەتتى. ئوغلى بەردىبەگ تەبرىزنىڭ ۋالىسى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جانىبېك ئالەمدىن ئۆتكەچكە، بەردىبەگنىڭ دەرھال شىمالغا قايتىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بەردىبەگمۇ تەبرىزنى تاشلاپ چىقتى. تەبرىزنى ناھايىتى تېزلا جالائىر خانىدانلىقىدىن ئۇۋەيسخان ئىگىلىۋالدى⑨.

جانىبېكنىڭ تەبرىزنى تارتىۋېلىشى پەقەت بىر قېتىملىق يىگانە غەلىبە ئىدى. مۇشۇ غەلىبە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالدى. 1348-، 1349- يىللىرى چۇما كېسىلى قىرىم رايونىغا تارقالدى. چۇما كېسىلى سودا يولىنى بويلاپ يامراشتىن ئىلگىرىلا، 85 مىڭ ئادەمنىڭ مۇشۇ كېسەلدىن ئۆلگەنلىكى جاكارلاندى. چۇما تارقالغانلىكى جاي خارابىلىككە ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئالتۇن ئوردا خانلىقى ئۆز قولىدا تۇتۇپ كەلگەن بىر ئەسىرلىك مەدەنىيەت باتۇخان نەسلىنىڭ تۈگىشى بىلەن تەڭ ئاخىرلاشتى. بەردىبەگ (1357—1359) ۋە باشقا ئىككى ھۆكۈمران ( بۇ ئىككىسى جانىبېكنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان باللىرى بولۇشى مۇمكىن) نىڭ قىسقىغىنا زامانىسىدىن كېيىن، 20 يىلچە ھۆكۈمەتسىزلىك ھالەت داۋام قىلدى. بۇ مەزگىلدە جۆچى ئەۋلادلىرى خانلىق تەختىنى تالىشىپ بىر-بىرى بىلەن سوقۇشۇشتىن نېرى بولالمىدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى ئىچكى كۆرەش ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە، جۈملىدىن روسىيىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر بىلەن

بولغان خانلىق ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. جۆچى ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل-ماجىرا ۋە سۇيىقەستلەر ئالتۇن ئوردا خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ئۇچۇنمۇ بىر قاتار تەھدىتلەرنى پەيدا قىلىپ قويدى. 1332-يىلى ئۆزبېكخان موسكۋا كىنەزلىكىدىكى ئىۋان I گە «كىنەز» ئۇنۋانىنى بېرىشكە قوشۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىۋان I بۇ ئۇرۇشقاق قوشنىلىرىنى تىزگىنلەشكە تۇتۇش قىلدى. ئۆزبېكخاننىڭ ئىۋان I گە «كىنەز» لىكنى بېرىپ سالغانلىقى سەۋەبىدىن تاتارلار ئاپەت خاراكتېرلىك بەختسىزلىككە دۇچار بولدى. چۈنكى، موسكۋا كىنەزلىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان شارائىتتا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، رۇسلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارىتىلغان ئۇزاققا سوزۇلىدىغان كېڭەيمىچىلىكنى باشلىۋەتكەنىدى. 1380-يىلى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان تاتار قوماندانى ماماي كۇلىكوۋودا موسكۋا كىنەزى دىمىترىي بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، تامامەن مەغلۇپ بولدى. بۇ قېتىمقى جەڭ ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، موسكۋا كىنەزلىكىدىن كېلىۋاتقان خەتەرلىك تەھدىتنىڭ سىگنالى ئىدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ بۇ قوشنىسى كۆرۈنۈشتە خوش-خوش دەپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، تويماس ئىدى. كۇلىكوۋو ئۇرۇشى ئەينى ۋاقىتتا ھېچقانچە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىسىمۇ، تاتارلارنىڭ ئۆزلىرىگە بېقىندى بولۇۋاتقان خەلقتىن مەغلۇپ بولغانلىقى تاتارلارنىڭ ئەسلىدىكى ھەربىي كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ قالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كۇلىكوۋو ئۇرۇشى مامايىنىڭ خان بولۇش قارا نىيىتىنى بىت-چىت قىلىۋەتتى ھەمدە باتۇنىڭ چوڭ ئاكىسى ئوردونىڭ پۇشتى بولغان تۇقتامىشنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە يول ئېچىپ بەردى. 1381-يىلغا كەلگەندە

تۇقتامىش ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ قىل سىغمايدىغان ھۆكۈمدارى بولۇپ قالدى. كۇلىكوۋو ئۇرۇشىدىن كېيىن، موسكۋا كىنەزلىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا ئولپان تۆلەشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ قويغانىدى. 1382-يىلى تۇقتامىش موسكۋانى بويسۇندۇرۇپ، موسكۋا كىنەزلىكىنى يىللىق سېلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. تۇقتامىشنىڭ غەلىبىسى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئابروينى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. موسكۋا كىنەزلىكىنىڭ تېزدىن قۇدرەت تاپقانلىقى، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ تاتار ھۆكۈمرانلىرى ئۈچۈن ئاللىقاچان يوشۇرۇن تەھدىت بولۇپ قالغانلىقى ئىدى. بۇ نۇقتىنى ئاز-تولا ھېس قىلىپ يەتكەن تۇقتامىش موسكۋا كىنەزلىكىدىن ئىبارەت بۇ يوشۇرۇن رەقىبنى بىر يولىلا جايلىۋەتمەكچى بولدى. بىراق، ئوسمانلارنىڭ كونستانتىنوپولنى ئېلىش ئۈچۈن يېرىم ئەسىر تىركەشكىنىگە ئوخشاش، موسكۋا كىنەزلىكمۇ ئەمىر تىمۇردەك زەبەردەس باھادىر ئوتتۇرىغا چىققۇچە ئىنچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

تۇقتامىش ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى ئۆز قولىغا ئېلىشتىن ئىلگىرى، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئاق ئوردا قەبىلىسى (ئوردونىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇلۇسى) بىلەن جىددىي تۇتىشىپ كۆرگەنىدى. ئاق ئوردا قەبىلىسى ھازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدە بولۇپ، تۇقتامىشنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرى ئىدى. ئاق ئوردا قەبىلىسى بىلەن بولغان كۈرەشلەردە تۇقتامىش ئەمىر تىمۇرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئەمىر تىمۇر ئىلگىرى چاغاتاي خانىنىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى پەخرىي ھۆكۈمدارى بولۇپ، ئۆز خوجايىنىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ماۋرائۇننەھر رايونىدا تېز ئارىدا ئۆز پادىشاھلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. تۇقتامىش بىردىنلا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغاندىن

كېيىن، ئەمىر تىمۇرنىڭ قارانىيىتىنىڭ ئاللىقاچان ئۆزى ئۈچۈن تەھدىت بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندەك قىلدى. توقتامىش ۋە ئەمىر تىمۇردىن ئىبارەت يۇكسەك ئىرادىلىك ئىككى ھۆكۈمرانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادەك كەڭ زېمىندىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئۇلارنى قانائەتلەندۈرمەيتتى. توقتامىش ئەجدادلىرىنىڭ كاۋكاز رايونىغا بولغان كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى توقۇنۇشنىڭ بىۋاسىتە باھانىسى قىلىپ تۇرۇپ، مىسىردىكى مەملۇك خاندانلىقى بىلەن يېڭىۋاشتىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى (خۇددى بېركې ھۇلەگۇگە قارشى تۇرۇشتا ياردەمگە ئېرىشىشنى كۆزلىگەنگە ئوخشاش). كېيىنچە، يەنى 1385-، 1386-يىللىرى توقتامىش كاۋكاز تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تەبرىزنى قاتتىق بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. ئەمىرتىمۇر بۇنىڭدىن ئۈچ ئېلىش يۇزىسىدىن 1386-، 1387-يىللىرى كاۋكازنى قاتتىق ۋەيران قىلدى. ئەمما، ئەمىرتىمۇر قوشۇنلىرى كاۋكازغا كىرىشكە توقتامىش ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. توقتامىش قوشۇنى بەكلا ئىچكىرىلەپ، بۇخارانىڭ سېپىللىرى كۆرۈنگۇدەك يەرگىچە قىستاپ كەلدى. بۇ خىل ئەھۋالدا ئەمىرتىمۇر تېزدىن شەرقتىكى ئامۇ دەريا ۋادىسىغا قايتىپ، ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ ئاساسلىق باج كىرىم مەنبەسى بولغان ئۈرگەنج شەھىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى ھەمدە تۆكۈلگەن ئابرويىنى تىكلىۋالدى. 1389-يىلى توقتامىش يەنە بىر قېتىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن زور قوشۇننى باشلاپ، سىر دەريا ۋادىسىغا ئاتلاندى. ئەمما، ھېچقانچە پايدىسى بولمىغان بىر جەڭدىن كېيىن، توقتامىش دەشتى قىپچاققا قايتىپ كەتتى. 1391-يىلى ئەمىرتىمۇر زور قوشۇن بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قازاقىستان تەۋەلىكىنى كېسىپ ئۆتتى ھەمدە ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغىچە قىستاپ كەلدى. ئارقىدىنلا كوندۇرخا دەرياسى

بويىدىكى بىر قېتىملىق قانلىق جەڭدە توقتامىشنى مەغلۇپ قىلدى. بىراق، ئەمىر تىمۇر رەقىبىنى ۋولگا بويلىرىدىن قوغلىۋەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، قازانغان غەلىبىلىرىنى مۇستەھكەملەپ كېتەلمىدى. پاكىتلار توقتامىشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك رەھبەر ۋە بويسۇندۇرۇش قىيىن رەقىب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 1394-يىلى توقتامىش يەنە بىر قېتىم كاۋكازغا قايتىپ ھۇجۇم قوزغىدى ھەمدە كاۋكاز تاغلىرىنى شىمالدىن جەنۇبقا توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى. 1395-يىلى ئەمىر تىمۇر قوشۇن تارتىپ ئەزەربەيجان ئارقىلىق كاۋكاز تاغلىرىدىن ئۆتتى ۋە تېرېك دەرياسى بويىدا توقتامىشنى ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ قىلدى. توقتامىش ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەجەللىك خاتالىقى ئەسلىدىكى ھىمايىچىسىنى سەل چاغلاپ قالغانلىقى ئىدى. تېرېك دەرياسى بويىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئۇ زادىلا ئەسلىگە كېلەلمىدى. بىر قاچاق سۈپىتىدىكى توقتامىشنىڭ قالغان ئۆمرى قولدىن كەتكەن خانلىق تەختىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئىنتىپاقداش ئىزدەش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. تېرېك ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەمىر تىمۇر ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا كىردى. ئەمىر تىمۇر سەمەرقەندكە قايتىپ، ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشنىڭ ئالدىدا داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، روسىيە شەھەرلىرىدىن رىيازان (ئادەتتە دېيىلىۋاتقاندەك موسكۋاغا ئەمەس) غا قەدەر بېسىپ كەلدى ھەمدە ئاجاق، يېڭى ساراي ۋە ئاستراخان قاتارلىق شەھەرلەرنى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى (بۇمۇ، ئېھتىمال، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ روناق تاپقان سودا پائالىيىتىنى پەسكويغا چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ بىر تۈرلۈك ئۇسۇلى بولسا كېرەك).

1395-يىلىدىن كېيىن، توقتامىشنىڭ ھالاك بولۇشىغا

ئەگىشىپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مۇھىم شەخس ئىدىكۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن يول تازىلاندى. ئىدىكۇ ماڭغىت جەمەتىدىكى نوغاي تاتارلىرىدىن ئىدى. 1399-يىلى لىتۋا كىنەزى ۋىتولد (1377—1430) ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆززىيمىن دائىرىسىنى كېڭەيتىش غەرىزىدە بولغاندا، ئىدىكۇ ۋىتولدنى مەغلۇپ قىلدى. ئىدىكۇ لىتۋالىقلارنىڭ يېسىپ كىرىشىنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ تارمار قىلغانلىقى ئۈچۈن، غەربتىكى قوشنىلىرى ۋە روسىيە كىنەزلىرى ئارىسىدا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئابرويىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىكۇ شەرقتىمۇ نۇرغۇن شەۋكەتلىك ئىشلارنى رويابقا چىقاردى. 1405-، 1406-يىللىرى ئۇ تىمۇرىلار ئىمپېرىيىسىدىن خارەزمنى تارتىۋالدى ھەمدە بۇخاراغا يېقىن جايلارغىچە ئىچكىرىلەپ كىردى. 1408-يىلى ئىدىكۇ موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىپ، موسكۋادىن قوشۇن چېكىندۈرۈشنىڭ شەرتى سۈپىتىدە غايەت زور ئولپان ئالدى. ئىدىكۇ چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، رەسمىي يوسۇندا خانلىق تەختىگە چىقالمايتتى. ئەمما، ئىدىكۇ چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان قورچاق خانغا يار-يۆلەك بولۇش نامى ئاستىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. 1419-يىلى ئىدىكۇ بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىدىكۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشنى كۆزلىگەن تاتار كاتتىلىرى ئارىسىدىن ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان بىر مەيدان توقۇنۇش كۆتۈرۈلدى. ئىدىكۇنىڭ ئۆلۈمى ۋە تاتار كاتتىلىرىنىڭ كۈرەشلىرى ۋىتولد ئۈزۈندىن بۇيان كۈتۈپ كېلىۋاتقان ياخشى پۇرسەت ئىدى (ئىدىكۇ ھايات ۋاقتىدا ۋىتولدنىڭ قارانىيىتى زادىلا ئىشقا ئاشمىغانىدى). مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ تاكى 1430-يىلى ۋىتولد ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر، ئالتۇن ئوردا

خانلىقى ۋەتولدىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا توختاۋسىز ئارىلىشىشى سەۋەبىدىن كۇنسېرى ئاجىزلاپ ماڭدى.

XV ئەسىرگە كەلگەندە ئالتۇن ئوردا خانلىقى گۇمران بولدى. ئەمىرتىمۇرنىڭ ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىشى ھەمدە لىتۋالىقلار بىلەن موسكۋالىقلارنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. ھالبۇكى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتكەنلىكىدەك ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى ئۇرۇق ئاقساقاللىرى ۋە ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كارغا كەلمەس قورچاق خاننىڭ نامىدا قوزغاپ كەلگەن مەسئۇلىيەتسىز ئۇرۇشلىرى تاشقى بېسىم ئوينىغان رولدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، باتۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇلۇسىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئەكسىچە، بۇ تەۋەلىكتە ۋولگا ۋادىسىدىكى قازان، ئاستراخان ۋە قىرىم قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۆپلىگەن مۇستەقىل خانلىقلار باش كۆتۈرۈپ چىقتى. قازاقىستاندىكى ئاق ئوردا قەبىلىلىرىدىن سىرت، كاۋكازنىڭ شىمالىدا نوغاي قەبىلىسى، ئېرتىش-توبول ۋادىسىدىكى ئىبىر خانلىقى بارلىققا كەلدى. ئىبىر خانلىقىنىڭ پايتەختى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى توبولسكى شەھىرىدە بولۇپ، باتۇنىڭ ئىنىسى شايبان خان (يەنى Sibagan، كېيىنكى ئەرەب مەنبەلىرىدە ئۇ Shayban دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ نام ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلمەكتە) نىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. دەل مۇشۇ ئارقا-ئارقىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان خانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس قىر-چاپ ۋەقەلىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، تەدرىجىي قۇدرەت تاپقان موسكۋالىقلار XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە XVI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سابىق خوجايىنىنى ھېچقانچە

كۆچمەيلا غۇلىتىپ تاشلاشقا قادىر بولالىدى. پاكىتلار رۇسلارنىڭ دىپلوماتىك ۋاستىلەرنى قوللىنىشتا كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. تاتارلارنىڭ ئەسلىدىكى ھەربىي كۈچى نىسپىي ئاجىزلاشقان ۋاقىتتا، رۇسلار تاتار خانلىرى ئارىسىدا بۆلۈپ باشقۇرۇش دىپلوماتىيىسىنى يولغا قويدى. تاتارلارنىڭ ھەربىي كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە ئاجىزلاپ كېتىشى، بىر تەرەپتىن، ياۋروپالىقلارنىڭ شەھەر سېلىش سەنئىتىدىكى ئىلگىرىلەش ۋە زەمبىرەكنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا (زەمبىرەكنىڭ قوللىنىلىشى ئۇ چاغدا ئانچە كەڭ دائىرىدە بولمىسىمۇ)، يەنە بىر تەرەپتىن، تاتارلارنىڭ كۆچمەن تۇرمۇشتىن يىراقلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ خىل يىراقلىشىش خاھىشى بىر قىسىم ئاساسلىق تاتار قەبىلىلىرىنى يايلاق ئۇرۇشىدىكى جانلىقلىق ۋە ئۇلارغا تونۇش بولغان جەڭ ئۇسۇللىرىنىڭ رولىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ قويدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا رۇسلارنىڭ ۋولگا ۋادىسىدىكى خانلىقلارغا قوزغىغان يۈرۈشلىرى ئاساسەن ئۈنۈملۈك قارشىلىققا دۇچ كەلمىدى. 1552-يىلى سۈر-ھەيۋەتلىك ئىۋان قازاننى ئىشغال قىلدى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا ئاستراخاننىمۇ رۇسلار ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالدى. قىرىم خانلىقى ئوسمانلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا، سەكراتتىكى ھالەتتە ئىككى ئەسىرنى ئۆتكۈزدى. قىرىم ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى مەڭلى گىرەي I (1466—1515) بولۇپ، ئوردىسى باغچاساراي شەھىرىدە ئىدى. مەڭلى گېرەي ئەنئەنىۋى تاتار مەدەنىيىتىنى ھەغدادىغا يەتكۈزدى. ئۇ دانالىق بىلەن سۇلتان مەھمەت II گە ئىتائەت قىلدى، ئۇ كۆرۈنۈشتە قۇدرەتلىك ئوسمانلارغا بويسۇنغاندەك ھالەتنى شەكىللەندۈردى، ئەمەلىيەتتە بولسا شۇ ئارقىلىق تۈركلەردىن زىبۇ

-زىننەت بۇيۇملىرى ۋە زەمبىرەككە ئىگە بولدى. بۇ زەمبىرەكلەر 1475 - يىلى كاففا شەھىرىدىن گېنويەلىكلەرنى قوغلاپ چىقارغاندا ئۆزىنىڭ قالتىس كارامىتىنى نامايان قىلدى. 1571 -يىلىغا كەلگەندە دەۋلەت گىرەي I (1551—1571) نىڭ قوشۇنى موسكۋانى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، سۇر-ھەيۋەتلىك پادىشاھ ئىۋاننى قەدىمكى زاماندا تاتارلارغا تاپشۇرۇپ كەلگەن ئولپاننى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، قىرىم خانلىقى رۇسلارنىڭ كونسايىن ئۆسۈپ بېرىۋاتقان كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن بەسلىشەلىگۈدەك رەقىب بولۇشتىن بارغانسېرى قېلىۋاتاتتى. كېيىن يېكاتېرىنا II ئەڭ ئاخىرقى قەدەمنى ئېلىپ، قىرىم خانلىقىنى ئىشغال قىلدى ۋە يوقاتتى.

ۋولگا ۋادىسىدىكى خانلىقلار يوقىتىلغاندىن كېيىن رۇسلار داۋاملىق تۈردە تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئىبىر خانلىقىنىڭ يوقىتىلىشى دەل مۇشۇ سىياسەتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. رۇسلارنىڭ شەرققە قارىتىلغان كېڭەيمىچىلىك پائالىيەتلىرى XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇلارنىڭ ئۇرال تاغلىرىدىن ئۆتۈشى بىلەن باشلاندى. بۇ قېتىملىق كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى تورلۇك ئاممىلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن مۇرەككەپ ھەرىكەت بولدى. شەرققە قارىتىلغان كېڭەيمىچىلىك روسىيە چېگرىسىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلدى ھەم روسىيە ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىغا قويغان سىستېمىدىكى يېڭى ئىمپېرىيە نەزەرىيىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ۋاقىتتىكى رۇسلار مىلتىق ۋە زەمبىرەك قاتارلىقلار جەھەتتە تاتارلار ۋە باشقا سىبىرىيىلىكلەرنى بېسىپ چۈشكەچكە، بۇ خىل ئارتۇقچىلىق بىلەن تاتارلار ئارىسىدىكى ئاخىرى چىقماس جەڭگى - جېدەلدىن پايدىلىنىدىغان

پىششىپ يېتىلگەن ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەڭ دەسلەپكى كازاك باندىتلىرىنىڭ ئاۋانگارتى بولغان ستروگانوف جەمەتى (پېرىمدىكى يېرىم مۇستەقىل باي سودىگەر) نىڭ قارا نىيىتى ھەمدە كېيىنكى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئالتۇن كۆزلەپ كالىفورنىيىگە ياكى ئالماس چۈشەپ جەنۇبىي ئافرىقا ئېگىزلىكىگە بارغىنىغا ئوخشاش، كۆپلىگەن كىشىلەر سىبىرىيىنىڭ بۇلغۇن تېرىسىنىڭ كويىغا چۈشتى⑩. مانا مۇشۇ ئامىللارنىڭ ئومۇمىي يۇغۇرۇلمىسى نەتىجىسىدە شەرق كېڭەيمىچىلىكىنىڭ دولقۇنى قوزغالدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا سۇر-ھەيۋەتلىك پادىشاھ ئىۋان ستروگانوفقا قوشۇن تەشكىللەش ھەمدە غەربىي سىبىرىيىدىكى شايبانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى كۈچۈمگە جازا يۈرۈشى قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن روسىيىنىڭ سىبىرىيىنى بويسۇندۇرۇشى رەسمىي باشلاندى. دەل مۇشۇ كازاك قوشۇنى يېرماكنىڭ قوماندانلىقىدا 1583-يىلى ئىبىر شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. 1585-يىلى قەيسىرانە روھقا ئىگە كۈچۈم كېچىدە يېرماك قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. يېرماك قېچىش جەريانىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا يېرماك سىبىرىيىنى بويسۇندۇرغۇچى سۈپىتىدە ئەپسانە قەھرىمانلىرىدەك شان-شۆھرەتكە ئېرىشىپ بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە، روسىيىنىڭ سىبىرىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا ئورنىتىلىشى بورىس گودونوفقا مەنسۇپ بولدى. ئۇ ئەڭ دەسلەپ نائىب خانلىقنى ئۈستىگە ئالدى، كېيىن چارپادىشاھ تەختىگە چىقتى (1598—1605)، روسىيىنىڭ ئۇرال ۋە ئېرتىش ۋادىسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، 1586-يىلى تيۇمېن شەھىرىنى، 1587-يىلى توبولسكى شەھىرىنى قۇرۇپ چىقتى. بورىس گودونوف قوغلاپ چىقىرىلغان تاتار بەگ-تۆرىلىرىنى

قايسىل قىلىشقا مايىل بولۇپلا قالماي، يەنە تاتارلارنىڭ داڭدار جەمەتلىرىنى سۈلھى-سالا بىلەن ئېرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىختىيارىي يوسۇندا ئەل بولۇشىنى ئىستەيتتى. مەسىلەن: كۈچۈم تاكى 1601 -يىلى نوغاي تاتارلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر، باشتىن -ئاخىر رۇسلارغا قارشى جەڭگاھتىن قايتمىدى (ئۇنىڭ قارشىلىقلىرى نەتىجىسىز بولغان بولسىمۇ)، مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ بورىس گودونوف يەنىلا كۈچۈمنىڭ ئىختىيارىي يوسۇندا روسىيىگە بېقىنىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى. 1614 - يىلى چارپادىشاھ مىخائىل رومانوف كۈچۈمنىڭ نەۋرىسى ئارسلاننى كازىموف (ئوكا دەرياسى بويىدىكى گورودېتس) خانلىقىنىڭ خانلىقىغا تەيىنلىدى. تاكى 1681 - يىلى بۇ قورچاق خانلىق بىكار قىلىنغانغا قەدەر، ئارسلاننىڭ ئەۋلادلىرى بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، روسىيىلىكلەرنىڭ شەرققە ئىلگىرىلىشىدىن ئامان قالغان قەدىمكى سىبىرىيە خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئويىراتلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرى ئارقىسىدا ئۇزۇل -كېسىل يوقىتىلدى.

ئىزاھلار:

① س. داۋسون: «موڭغۇل ئەلچىلەر ئۆمىكى» 155 - بەت.

② پ. پېللىئوت: «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخىغا ئىزاھ»، پارىژ، 1950 -يىل نەشرى، 106 -بەت.

③ ج.ئا.بويىل ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلغان«تارىخى جاھانكۇشاي»، I توم، 267 -بەت.

④ خ.گ. راۋېرتى تەرجىمە قىلغان جۇزجانىنىڭ «تەبەقاتى ناسىرى» ناملىق ئەسىرى، II توم، 1285 -، 1286-بەتلەر.

⑤ ف.ئا.باللود: «ۋولگا ۋادىسىنىڭ ئەھۋالى»، موسكۋا، 1923 -يىل نەشرى: «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ پايتەختى—كونا ساراي ۋە يېڭى ساراي»، «لاتۋىيە ئۇنىۋېر-

سىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1926 -يىلى XII سان، 3-بەتتىن 82-بەتكىچە.

⑥ ئا.ن.پولياك: «مەملۇك خانىدانلىقى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مۇنا-سىۋىتىدىكى مۇستەملىكە ئالاھىدىلىكى»، «ئىسلام تەتقىقاتىغا نەزەر»، 1935-يىل نەشرى، 231-بەتتىن 248-بەتكىچە.

⑦ خ.ئا.ر.گىب: «ئىبنى بەتتۇتەنىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، II توم، 473 -، 474- ۋە 478-بەتلەر؛ گ. ستراڭگې: «نۇزھەتۇل قۇلۇب»نىڭ جۇغراپىيە قىسمى»، لوندون، 1919 - يىل نەشرى، 251-، 252-بەتلەر.

⑧ گىبىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، II توم، 515 -، 516-بەتلەر؛ گېنويە بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە گ.ئى. براتىئانۇنىڭ(« XIII ئەسىردىكى گېنويە - قارا دېڭىز سودىسى تەتقىقاتى»)(1929-يىل پارىژ نەشرى) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑨ جانىبېك ئېھتىمال گرۇزىيە بىلەن ئەزەربەيجاننى قولغا كىرگۈزۈشنى كۆزلىگەن بولسا كېرەك. ھىجرىيە 758-يىلى، مىلادىيە 1357 - يىلى جانىبېك ۋە بەردىبەگ گرۇزىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاراقاش دېگەن جايدا تەڭگە قۇيدۇرغان. د. م. لانگىنىڭ « تاشقى كاۋكازىيىدىكى گرۇزىيە پۇللىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، (نيۇيورك، 1955 -يىل نەشرى، 75 -، 76-بەتلەر) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑩ روسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ھەققىدە ۋ.د.ۋايمان ۋە س. ب. كروبېرنىڭ «چېگرا ھەققىدە تەتقىقات» (1957-يىل نەشرى)؛ ر.ج.ۋېرنېرنىڭ «دېڭىز-ئوكيان قوز-غاتقۇچىسى—روسىيە تارىخى دەرسلىكى» (بېركېلېي، 1942-يىل نەشرى)؛ ر. خ. فىشېرنىڭ « روسىيە تېرە سودىسى » ( بېركېلېي، 1943 - يىلى نەشرى)؛ گ. ۋ.لانتزېفنىڭ « XVIII ئەسىردىكى سىبىرىيە - مۇستەملىكە ھاكىمىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» (بېركېلېي، 1943 -يىل نەشرى) دېگەن ئەسەرلىرىگە قارالسۇن.

# IX باب چاغاتاي خانلىقى

چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى سۇيۇرغال قىلىنغاندا، ماۋرائۇننەھر، قەشقەرىيە، يەتتەسۇ ۋە جۇڭغارىيە رايونلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ ئۇلۇسى بولۇپ قالدى. چاغاتاي ئۇلۇسى پارچىلانغان XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچىلىك چاغاتاي ئەۋلادلىرى بۇجايدا بىر ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى. چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خانلار يەتتە سۇ رايونىدا يەرلىك تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ قورچاق خانى سۈپىتىدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. بۇ خىل ئەھۋال چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئەمىر تىمۇر تەرىپىدىن يوقىتىلغان XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. چاغاتاينىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇلۇسىدىن ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن زېمىن «موغۇلىستان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. موغۇلىستاندىكى چاغاتاي خانلىرى ئويرات، قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە يوقىتىلغان XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر چاغاتاي خانلىرى ئىزچىل ھالدا بۇ جاينىڭ نامدىكى ھۆكۈمدارلىرى بولۇپ كەلدى.

دەسلەپكى ماتېرىياللارنىڭ كەمچىللىكى، يەنە كېلىپ پۇلشۇناسلىق پاكىتلىرىنىڭ بەكلا چۇۋالچاق بولۇشى نەتىجىسىدە، چاغاتاي خانلىرىنىڭ تارىخى ئىنتايىن غۇۋا بولۇپ كەلدى، يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ سەلتەنەت دەۋرلىرى كۆپىنچە ۋاقىتلىق بېكىتىپ قويۇلدى. ئەمما، بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ چاغاتاي

ئۇلۇسىدا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى جۇڭگو، ئىران ھەتتا دەشتى قىپچاقتىكى موڭغۇللارغا سىڭىشتۇرغاندا، موڭغۇللارنىڭ كۆچمەنلىك ئەنئەنىسىنى ئۇزاق زامانلارغىچە ساقلاپ كەلدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاق چاغاتاي خانلىقىنى بولۇق ئوتلاقلار بىلەن، يېتەرلىك ئات ۋە لەشكەرلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. چاغاتاي خانلىقى تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى يايلاقلارنى كونترول قىلالىسىلا، ئۇلاردا ماۋرائۇننەھر ۋە قەشقەرىيە بوستانلىقلىرىغا قىزىقىش بولمايتتى. بۇ بوستانلىق رايونى باج-سېلىق كىرىمىنىڭ مەنبەسى بولۇش سۈپىتىدىلا چاغاتاي خانلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا سازاۋەر ئىدى. ۋاسسافنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، چاغاتاي خانلىرىدىن بۇراق خان(1264 - 1270) ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىلىخان خانلىقى تەۋەسىدىكى خۇراسان رايونىغا ھۇجۇم قوزغاشتىن ئىلگىرى، ئۆزىگە تەۋە شەھەرلەردىن سەمەرقەند ۋە بۇخارالارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان①. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان زامانلاردا چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. شۇ ۋەقەلەردىن 100 يىل ئۆتكەندە ئىبنى بەتتۇتە ماۋرائۇننەھردىكى شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىپ، بۇ جايلاردىكى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ۋەيرانە مەنزىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيرەتتە قالغانىدى. مەسىلەن: تىرمىز شەھىرى چىڭگىزخان تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭى بىر جايدا قايتا قۇرۇلغان بولسىمۇ، سەمەرقەند يەنىلا ۋەيرانە ھالەتتە قېلىۋەردى، خۇراسان، مەرۋى رايونلىرى يەنىلا خارابىلىك بولۇپ قالدى. بەلكىم بولسا ئىنسى-جىننىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى②. XIII، XIV ئەسىرلەردىكى ماۋرائۇننەھر مۇسۇلمان شەھەر ئاھالىلىرى باشتىن كەچۈرگەن ئاشۇ قاباھەتلىك كۈنلەر تەسىرىدىن قارىغۇلارچە سۈننىي مەزھىپىگە كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ماۋرائۇننەھىردىكى بۇ شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدا دەرۋىشلەر يۈكسەك ئابروي - ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى، كىشىلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا چوقۇناتتى. ئەمما كۆچمەن مىللەتلەر ئارىسىدا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى تولىمۇ ئاستا بولدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى يات دىن ئاساسىدىكى موڭغۇل ئەنئەنىسى بىلەن مۇسۇلمانلار تۇرمۇش شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى، «ياسا» بىلەن ئىسلام شەرىئىتى ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنداقلا كۆچمەن خەلقلەر بىلەن ئولتۇراق ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە زىددىيەت ئىدى.

ئەڭ دەسلەپكى چاغاتاي ئۇلۇسى ئەسلىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، قارا قىتان زېمىنى، يەتتەسۇ ۋادىسى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىن تەشكىل تاپقانىدى (تارىم ئويمانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ موڭغۇللارنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدىن ئامان قالغان كەڭ كۆلەملىك تېرىلغۇ يېرى بار قىسمەن رايونلارنىڭ بىرى ئىدى)، بۇ رايونلاردىن سىرت، چاغاتاي ئۇلۇسى يەنە خارەزىم ئىمپېرىيىسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز قولىدا تۇتۇپ كەلگەن زېمىنلاردىن ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراسان رايونلىرىنى قوشۇۋالغانىدى. ئەمما، چاغاتاي خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئاللىقاچان جۆچى ئۇلۇسىغا تەۋە بولۇپ قالغان خارەزىم زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى، خۇراسان رايونىنى بولسا، كېيىنچە ئىراندىكى ئىلىخان خانلىقى ئىگىلىۋالدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق سىزىپ كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئومۇمەن ئالغاندا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ دائىرىسى ئالتاي تاغلىرى ۋە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن ئارال دېڭىزى ۋە ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، بىر مەھەل

ھەتتا ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە كېڭەيگەن ھەمدە غەزنە، ھىندى دەرياسى بويلىرىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. چاغاتاي خانلىقىدىكى ئاھالىلەر شامانىستلار، مۇسۇلمانلار، نېستورىيانلار، خرىستىئانلار ۋە بۇددىستلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشاپ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغانلىرى ۋە بوستانلىقلاردا دېھقانچىلىق قىلىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى، يەنە سەمەرقەند، بۇخارا، قەشقەر، ياركەند ۋە ئاقسۇغا ئوخشاش مۇھىم سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەركەزلىرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. چاغاتاينىڭ ئۆزى شەھەر تۇرمۇشىغا زادىلا قىزىقمىدى. مەيلى قەھرىتان قىش پەسلىدە بولسۇن ياكى پىژغىرىم تومۇز ئايلىرىدا بولسۇن، ئۇنىڭ ئاساسلىق چېدىرى ئىلى رايونىغا يېقىن جايغا تىكىكلىك ئىدى. چاغاتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پۈت دەسسەپ تۇرغان جايى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىرىدىن بېشبالىق بولسىمۇ، كېيىنچە تەڭرىتاغ بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىغا جايلاشقان ئالمالىق شەھىرى ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

چاغاتاي توغرۇلۇق توختالغاندا، چاغاتاي ھەققىدىكى ماتېرىياللار بىر - بىرىگە زىت كېلىدۇ. جۇزجانى « چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئارىسىدا ئىسلامىيەتكە ھەممىدىن بەك دۈشمەنلەرچە نەزەردە قارىغان كىشى چاغاتايخاندۇر. چىڭگىزخان چاغاتاينىڭ ۋەھشى - ياۋۇز تەبىئىتىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىمىگەن » دەيدۇ③. ئەمما، باشقا خاتىرىلەردە چاغاتاي دانا، كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ھۆكۈمران، ئۇ تولىمۇ ئالىيجاناب، مېھماندوست، مەردۇ - مەردانە زات، يالغۇز يارامىلىق جەڭچى ۋە ئىشقىۋاز ئوۋچى بولۇپلا قالماي، يەنە راۋۇرۇس ھاراق

كۆتۈرەلەيدىغان كىشى، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. چىڭگىزخان ئىلگىرى چاغاتايىنى « ياسا » ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشكە مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمىنى تەسۋىرىدە كىشىلەر خاتىرىسىدىن ئورۇن ئېلىشى، ئېھتىمال، چاغاتاينىڭ «ياسا» نى يۈرگۈزگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چاغاتاي ياشىغان دەۋرنىڭ ئۆلچىمى بىلەن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆلگە دېيىش مۇمكىن. چاغاتاي ھاكىمىيىتى ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆگېتەيخان بىلەن بولغان ھەمكارلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ھەر قېتىم ئۆگېتەيخان پېشكەللىككە يولۇققاندا ھەممىشە چاغاتايدىن ياردەم سورايتتى④. چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقتا يۈكسەك شۆھرەت قازاندى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇ قەدەر كۈچلۈك ۋە قاتتىق بولغان ئىدىكى، يوللاردا ئوغرى-قاراقچىلاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى، سودا كارۋانلىرىنى قوغداش قىلچە ھاجەتسىز ئىدى. چاغاتاينىڭ ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە قارالغانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، قىزىق بىلىنىدىغىنى چاغاتاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ماۋرائۇننەھرگە مۇسۇلمان مەھمۇد يالاۋاچنىڭ باش ۋالى بولغانلىقى ئىدى. مەھمۇد يالاۋاچ خارەزىملىك باي سودىگەر ئىدى، ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد بېك كېيىنچە ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ماۋرائۇننەھردىكى بارچە ئۇلۇسلارنى ئىدارە قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر مۇسۇلمان سودىگەر ھەبەش ئامىدمۇ چاغاتاينىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، چاغاتايخان تولىمۇ دانا ئىدى، ئۇ مۇسۇلمان سودىگەرلەر قاتلىمىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى ياخشى بىلەتتى.

چاغاتاي تەخمىنەن 1241 - يىلى ئۆلدى. تەختكە نەۋرىسى قارا ھۈلەگۈ ۋارىسلىق قىلدى. ئەمما قارا ھۈلەگۈنىڭ تەختكە ۋارىسلىق

قىلىشنى چوڭ خان گۈيۈك ئېتىراپ قىلمىدى، گۈيۈك خان چاغاتاينىڭ 5-ئوغلى يەسۇ مۆڭكەنى قارا ھۈلەگۈنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. 1251-يىلى مۆڭكە چوڭ خان بولغاندىن كېيىن قارا ھۈلەگۈنى يېڭىۋاشتىن چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خانلىقىغا بەلگىلىدى. ئەمما قارا ھۈلەگۈ تەختكە چىقماي تۇرۇپلا ئالەمدىن ئۆتتى. كېيىنكى ئون يىلدا چاغاتاي خانلىقى ئۇلۇسىنى قارا ھۈلەگۈنىڭ تۇل قالغان ئايالى ئۇرگەنە ئىدارە قىلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاساسەن كەنجى ئوغلى مۇبارەك شاھنىڭ نائىبى دېگەن نامدا يۈرگۈزۈلدى. بۇ مەزگىلدە مەمۇرىي ھوقۇق داۋاملىق ھالدا ھەبەش ئامىد ۋە ئۇنىڭ ئوغلى نەسىرىددىننىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. بۇ خىل ھالەت تاكى چاغاتاينىڭ يەنە بىر نەۋرىسى ئالغۇ چاغاتاي ئۇلۇسىغا بېسىپ كىرگۈچە داۋاملاشتى. ئالغۇ ئارىغ بۆكەنىڭ قۇبىلايغا قارشى تۇرۇشىنى قوللايتتى. 1260 - يىلى ئالغۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى بولۇپ، ئۇرگەنەنى ئەمرىگە ئالدى ھەمدە ئۆز ئورنىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. كېيىنچە ئالغۇ ئارىغ بۆكە بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقنى چۆرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئارىغ بۆكە ئۆچ ئېلىش يۈزىسىدىن جۇڭغارىيىنى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. ئارىغ بۆكەنىڭ بۇ قېتىمقى بۇلاڭ - تالىڭى شۇنچىلىك ۋەھشىيانە بولدىكى، 1263-يىلى بىلەن 1264-يىلى ئارىلىقىدىلا ئاپەت سەۋەبىدىن جۇڭغارىيە ئاھالىسىنىڭ 10دىن بىرى ئۆلۈپ كەتتى. ئالغۇ قۇبىلاينىڭ قوللىشى بىلەن قالغان ئۆمرىدە قۇبىلاينىڭ رەقىبى، جۇڭغارىيىنىڭ شەرقىدىكى قايدۇ بىلەن تۇتۇشتى. ئالغۇ تەخمىنەن 1264 - يىلى ئۆلدى. مۇبارەك شاھ ئالغۇدىن كېيىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. مۇبارەك شاھ مۇسۇلمان بولغان تۇنجى چاغاتاي ھۆكۈمرانى ئىدى. ئەمما، قۇبىلاي ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇبارەك شاھنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش

سالاھىيىتى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا قۇبىلاي ئۇنىڭ جىيەنى يەنى چاغاتاينىڭ يەنە بىر بۈيۈك نەۋرىسى باراكنى مۇبارەكنىڭ ئورنىغا چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خانى قىلىپ بەلگىلىدى.

چاغاتاي ئۇلۇسى ئەمدىلىكتە ئۇنچىۋالا كەڭ بولماي قالدى. ئىراندىكى ئىلىكخان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، ئامۇ دەريا ۋادىسى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىندى، ئارقىدىنلا ئۇلار چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرىسىغا كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قايدۇنىڭ جوڭغارىيىدىكى قۇبىلايغا قارشى توپىلىڭىنىڭ ئۇتۇق قازىنىشى چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي تېررىتورىيىسىنىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، باراك خان قۇبىلايخان بىلەن زىتلىشىپ قالدى. كېيىنرەك باراك خان ئۆزىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم قۇبىلاي بىلەن، ھەم قايدۇ بىلەن سوقۇشۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى. قايدۇ باراك خاننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، باراك خان ئۇنىڭغا يول قويۇپ يارىشىپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1269 - يىلى ئەتىيازدا تالاس دەرياسى بويىدىكى قۇرۇلتايدا باراك خان بىلەن قايدۇ چاغاتاي ئەۋلادلىرى بىلەن ئۆگېتەي ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سابىق ئىتتىپاقداشلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جوڭگو ۋە ئىراندىكى تولۇي ئەۋلادلىرىغا قارشى چىقتى. باراك خاننىڭ قايدۇنىڭ ۋاسسالى بولغان-بولمىغانلىقى ياكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر ئورتاق ھۆكۈمرانلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان - ئورنىتىلمىغانلىقى مەسىلىسى تېخىچە يېشىلمىگەن تۇگۈچ ھالىتىدە تۇرماقتا. ئەمما، باراك خان بىلەن قايدۇنىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۆزلىرىنىڭ زېمىن چېگرىلىرىنى بەلگىلەپ، يېقىنقى مەزگىللەردە يۈز بەرگەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلمىشلىرىغا خاتىمە بەرگەنلىكى ئېنىق. بۇ مەزگىللەردە قوي ، كالا پادىلىرى

دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن ئايرىۋېتىلدى، شەھەرلەر پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپ تۇرۇشتىن خالىي بولدى، شۇنداقلا ئېغىر باج-سېلىقلارنى تۆلەشتىن قۇتۇلدى. باراك خان ھەمىشە يايلاقنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىپ يۈرگەچكە، قايدۇ ئۇنىڭ ئىرانغا بېسىپ كىرىشىگە قوشۇلدى. قايدۇغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى ئىتتىپاقدىشىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرەپ بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرۈشىنى خالايتتى⑤. باراك خان ئامۇ دەرياسىغا مېڭىش جەريانىدا ئۆز شەھەرلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى ( بۇ ۋەھشىيانە قىلمىش پازىل مويسىپىت ماۋرائۇننەھرنىڭ باش ۋالىيسى مەسئۇد بېكنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى ) . 1269 - يىلى باراك خان ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇراسان رايونىغا كىردى ھەمدە نىشاپۇرغىچە قىستاپ كەلدى. پاكىتلار باراك خاننىڭ رەقىبى ئىلىكخان خانلىقىنىڭ خانى ئاباقانىڭ باراك خاندىنمۇ بەكرەك پىشقان قوماندان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باراك خان ئىتتىپاقدىشىنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاتپاراق بولغان ھالدا ماۋرائۇننەھرگە قاراپ چېكىندى. باراك خان كېيىنرەك بۇخارادا مۇسۇلمان بولدى ھەمدە قايدۇنىڭ ۋاسساللىرىغا قارشى سۇيىقەست پىلانلاشقا كىرىشتى. باراك خان تەخمىنەن 1270-يىلى ئۆلدى. ئۇ، ئېھتىمال، قايدۇنىڭ كۇشكۇرتىشى بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن⑥.

باراك خان ئۆلگەندىن كېيىن، تاكى دۇۋا تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇچە، چاغاتاي خانلىقىدا كارى چاغلىق ئىككى ھۆكۈمران قىسقىغىنە بىر زامان ھۆكۈم سۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن تەخمىنەن 1274 - يىلىغا كەلگەندە، باراك خاننىڭ ئوغلى دۇۋا قايدۇنىڭ قوللىشى بىلەن ئاتىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. دۇۋا قابىل ھۆكۈمران ئىدى. قايدۇ ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ ئەڭ مۇۋاپىق

ئىستىپاقداش ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە قۇبىلاينىڭ سەردارلىرى ۋە شىمالدىكى ئاق ئوردا قەبىلىلىرىگە قارشى تۇردى. 1273-، 1274-يىللىرى ئىلىخان خانى ئاباقا باراك خاننىڭ ئىرانغا بېسىپ كىرگەنلىكىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم بۇخارانىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمما، دۇۋا قايتۇرما ھۇجۇم تەشكىللەپ، ئىلىخان قوشۇنىنى ئافغانىستاندىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۇ ھەتتا غەزنىدىن قوشۇن ماڭدۇرۇپ پەنجاپقىچە بېسىپ كىردى. ئەمما قايدۇ قوشۇنلىرىنى ئورۇنسىز تالان-تاراج قىلىشقا بېرىلىپ كەتمەي، ئۆزىنىڭ دائىرىسىدىكى ئاۋاتلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالدىرىدى. قايدۇ ئۆز كۈچىنىڭ قۇبىلاينىڭ ھۇجۇملىرىنى توسۇشقا يارىسىمۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكۈدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ باراك خان بىلەن، كېيىنچە دۇۋا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى قايدۇنىڭ ئىككى سەپتە تەڭ جەڭ قىلىشنى خالىمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. قايدۇنىڭ زېمىن چېگرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش ئىمكانىيىتى يوق. ئۇنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى جۇڭغارىيە ۋە يەتتەسۇ رايونىدا بولۇپ، قىشلىق ۋە يازلىق بارگاھى ئىلى دەرياسى بىلەن چۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ئىدى. قايدۇ ماۋرائۇننەھر ۋە قەشقەرىيىدە مەلۇم دەرىجىدە ھۆكۈمدارلىق ئىمتىيازىغا ئىگە بولسىمۇ، تالاس دەرياسى ئېھتىمال ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇلۇسى بىلەن بولغان چېگرىسىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. شەرقىي شىمال تەرەپتە قايدۇنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى ئالتاي تېغىدىن ھالقىپ، شەرقتىكى چاغاننور ۋە جەنۇبتىكى لوپنورغىچە بولغان ئېرتىش دەرياسى، يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە سوزۇلدى.

قايدۇ 1301 - يىلدىن 1303 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇم بىر كۈنى ئۆلدى(قايدۇنىڭ ئوغلى چاپار 1303 - يىلى تەختكە ۋارىسلىق قىلدى) . چاپار بىلەن دۇۋا ئىككى جەمەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىقنى بىر مەھەل ساقلاپ كەلدى. ئەمما، پەيت پىشىپ يېتىلگەندە، ئۇلار تەدرىجىي ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتۈشكە باشلىدى. چاپار دۇۋادىن يېڭىلىپ، ئاتىسىنىڭ چاغاتاي خانلىقىغا بولغان مەلۇم دەرىجىدىكى ھۆكۈمدارلىق ئىمتىيازىدىن مەھرۇم قالدى. دۇۋا تەخمىنەن 1306-، 1307-يىللار ئارىلىقىدا ئۆلدى. بىر يىلدىن كېيىن دۇۋانىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى كۈنجېك 1308-يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇندىن كېيىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىق ھوقۇقى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان تالىقۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. تالىقۇ ئاشكارا ھالدا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىغانلىقتىن، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەشتە زۇرۇر بولغان كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

دۇۋانىڭ يەنە بىر ئوغلى كېبېك ھوقۇق تالاشقۇچىلارنىڭ يوشۇرۇن سۇيىقەستلىرىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىپ، تەخمىنەن 1308 - ۋە 1309 -يىللار ئارىلىقىدا تالىقۇنىڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىردى ھەمدە تالىقۇنى ئۆلتۈردى. چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى تالاش -تارتىشنى كۆرگەن چاپار تەلەي سىناپ باقماقچى بولۇپ، يېڭىۋاشتىن ئۇرۇش قوزغىدى. ئەمما، چاپارنىڭ قوشۇنلىرى كېبېكنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇنى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىلدى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى پۈقرالارمۇ چاغاتاي قەبىلىلىرىگە ياكى ئاق ئوردا قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۆگېتەي ئەۋلادلىرى ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تارىخ سەھنىسىدىن چۈشتى. 1309 - يىلى كېبېكنىڭ قىرىندىشى ئېسەن

بۇقا يېڭىدىن بىرلەشتۈرۈلگەن چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە خانلىق تەختىگە چىقتى. ئېسەن بۇقا ئەسلىدىنلا ئاددىي بىر نەۋكەر ئىدى. 1315 - يىلى ئۇ يېنىكلىك قىلىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇراسان رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، يۈەن خاندانلىقى قوشۇنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چاغاتاي خانلىقىغا بېسىپ كىردى ھەمدە يىراق ئىسسىقكۆل رايونىغىچە ئىچكىرىلەپ كىردى. ئېسەن بۇقا شەرق تەرەپتىكى زېمىنىنى يۈەن خاندانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئالدىراپ - تېنەپ خۇراساندىن قوشۇن چېكىندۈردى. بىراق، بۇ ۋاقىتتا ئىلىكخان خانلىقىنىڭ خانى ئۇلجايتۇمۇ ماۋرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىپ، بۇخارا، سەمەرقەند ۋە تىرمىز رايونلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئېسەن بۇقا تەخمىنەن 1318 - يىلى ئۆلدى. تەختكە كېبېك ۋارىسلىق قىلىپ، 1326 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئېھتىمال، كېبېك ئىلىكخان خانلىقىنىڭ ماۋرائۇننەھرنى ئىگىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك، ئاستانىنى بۇخارانىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ناخشاب ( يەنى قارشى، Qarshi ) گە قۇردى. شۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزى يەتتەسۇ ۋە جۇڭغارىيىدىن ماۋرائۇننەھرگە يۆتكەلدى. ماۋرائۇننەھر رايونىدا بولسا، ئىران- ئىسلام مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى يات دىنىدىكىلەرنىڭ كۆچمەن ئەنئەنىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ يىلنامىسى تولىمۇ چىگىشلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، دۇۋانىڭ ئېلچىگىدەي، دۇراتىمۇر ۋە تارماشىرىن دېگەن ئۈچ ئوغلىنىڭ كېبېكنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئېنىق. روشەنكى، بۇ ئۈچەيلەن دېھلى سۇلتانى مەھمۇد بىننى تۇغلۇق بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىلىكخان خانلىقىغا قارشى تۇرماقچى بولدى[7]. تارماشىرىن تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى، ئىسلامىيەت

قەبىلىلەرگە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، تارماشىرىننىڭ ئىسلامغا بولغان ئېتىقادىنى يات دىندىكى قەبىلە ئاقساقاللىرى يەنىلا قوبۇل قىلالمايتتى. شۇڭا، 1334 - يىلى بۇ ئاقساقاللار توپىلاڭ قوزغاپ، تارماشىرىننى بىكار قىلدى. بۇ ۋەقە ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ 30 نەچچە يىلغا سوزۇلغان ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ماۋرائۇننەھر رايونىدا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان كۆپلىگەن قورچاق خانلار ۋۇجۇدقا كېلىپ، يەرلىك ئەمىرلەرنىڭ قورچاق خانلار بايرىقى ئاستىدىكى مالىمانچىلىق ئۇرۇشلىرى ئەۋج ئالدى. XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بارلاس تۈركلىرىدىن ئاقساق تىمۇر (Timur--i Lang) ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ خىل قالايمىقان دەۋرگە خاتىمە بېرىلدى.

تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ماۋرائۇننەھردىكىدىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. XIV ئەسىردە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان ئۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسىدە يەتتەسۇ ۋە جۇڭغارىيە رايونلىرىدا ساپ مەنىدىكى كۆچمەن ئىگىلىك ئەسلىگە كەلدى. يەنە كېلىپ كېبەكنىڭ پايتەختىنى ماۋرائۇننەھرگە يۆتكىشى بىلەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزىمۇ شۇ جايغا يۆتكەلدى. بۇ ۋاقىتلاردا ماۋرائۇننەھردىكى كۆچمەن قەبىلىلەر ئارىسىدا ئىسلامىيەت تارقىلىشقا باشلىغانىدى. ئىران-ئىسلام مەدەنىيىتى تارماشىرىنغا ئوخشاش موغۇل ھۆكۈمرانلىرىنى جەزبىكارلىق بىلەن ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى ئارىسىدىكى پەرقنى كۈچەيتىۋەتتى. مانا مۇشۇ ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن تارماشىرىن تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا جۇڭغارىيە ۋە يەتتەسۇدىكى ئەمىرلەر ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىگە

ئۇچرىمىغان ھەمدە چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالالايدىغان جايلاردا ئەسلىدىكى چاغاتاي خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلدى. ئىران ۋە ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى مۇسۇلمانلار يېڭىۋاشتىن قۇرۇلغان بۇ خانلىقنى «موغۇلىستان» دەپ ئاتىدى. ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر بولسا « جەتەلەر » (قا- راقچىلار) دەپ ئاتالدى. موغۇلىستاننىڭ پايتەختى ئەڭ دەسلەپ ئالمالىقتا تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، قەشقەرىيە رايونىمۇ موغۇلىستان تەۋەلىكىدە ئىدى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەرىيە شەھەرلىرى، جۈملىدىن قەشقەر، ياركەند، ئاقسۇ قاتارلىقلار ھەرقاچان توختاۋسىز تۈردە موغۇلىستان خانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ زوقىنى تارتىپ كېلىۋاتاتتى.

ئەڭ دەسلەپ موغۇلىستانمۇ ماۋرائۇننەھرگە ئوخشاش بىر - بىرىگە رەقىب بولۇشقان ئەمىرلەرنىڭ دەتالاشلىرى ئارقىسىدا بۆلۈنمىچىلىك ھالىتىگە پېتىپ قالغانىدى. ئەمما، 1348 - يىلغا كەلگەندە، دۇۋانىڭ نەۋرىسى تۇغلۇق تۆمۈر موغۇلىستان ھۆكۈمرانى بولدى. تۇغلۇق تۆمۈر يۈكسەك ئابرويلۇق خان بولۇپ، 1362 - يىلى ياكى 1363-يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ھۆكۈمرانلىق قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ قوشۇنى ئۆز ۋاقتىدا سەمەرقەند ۋە بۇخارالارغىچە يۈرۈش قىلغانىدى. بىراق، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇغلۇق تۆمۈر قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىدى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ توسۇۋالغىلى بولمىدى. تەخمىنەن 1353 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرمۇ مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ دىنىي ساھەنى قوغدىشى ئاساسەن ئىسلامىيەتنىڭ موغۇلىستاندىكى تارقىلىش ئەھۋالىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر شەھەردە

تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇ دەسلەپتە ئاقسۇنى، كېيىن قەشقەرنى ئۆزى تۇرۇشلۇق جاي قىلىپ تاللىۋالدى. تۇغلۇق تۆمۈر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ چوڭى يۈز بەردى. بۇ قېتىم دۇغلات جەمەتى تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرىدىن ئۆلتۈرەلىگەنلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە زەھەرلىك قولىنى سالدى. شۇنداق قىلىپ، مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ تاكى XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر دۇغلات جەمەتى ئىزچىل تۇردە قەشقەرىيە تارىخىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئەمىرتىمۇر موغۇلىستانغا بەش قېتىم بېسىپ كىردى. 1389 - يىلى ئەمىرتىمۇر قوشۇنى موغۇلىستاننى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. بۇ قېتىمقى ۋەيرانچىلىق شۇنچىلىك ئېغىر بولدىكى ، پۈتكۈل رايون شۇ قېتىملىق ۋەيرانچىلىقتىن ئۆزىنى ئوڭشاشقا قادىر بولالمىدى. ئەمما، ئەمىرتىمۇر ماۋرائۇننەھر ۋە موغۇلىستان رايونىنى يېڭىباشتىن بىرلەشتۈرۈپ، ئەڭ دەسلەپكى چاغاتاي ئۇلۇسىنى قايتا قۇرۇپ چىقالمىدى. 1389 - يىلى ئەمىرتىمۇر تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ داڭقى چىققان ئوغلى خىزىر خوجىنىڭ موغۇلىستان ھۆكۈمرانى بولۇشىغا رازىمەنلىك بىلەن ئىجازەت بەردى. تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن، خىزىر خوجا دەسلەپتە قەشقەر بىلەن بەدەخشان ئارىلىقىدىكى تاغ ئارىسىدا، كېيىنچە ئادىمزاتسىز لوپنۇر بويىدا يوشۇرۇنۇپ يۈردى. ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمران بولۇش سۈپىتى بىلەن خىزىر خوجىنىڭ ئەمىرتىمۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يامان ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ 1397 - يىلى ئەمىر تىمۇر خىزىر خوجىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالدى، لېكىن، 1399 - يىلى خىزىر خوجا ئۆلۈپ، تېخىمۇ چوڭ مالىمانچىلىق باشلاندى. بۇ خىل مالىمانچىلىق، ماۋرائۇننەھردىكى ئەمىرتىمۇر ۋارىسلىرى ئۈچۈن موغۇلىستاننىڭ

غەربىي قىسمىغا قول تىقىشىنىڭ باھانىسى بولۇپ قالدى. ئەمما، خىزىر خوجىنىڭ نەۋرىسى ياكى ئەۋرىسى⑧ ئۇۋەيسخان (1418—1428) ئاخىرى خانلىق تەختىنى قولىغا ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. ئۇۋەيسخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىنى جۇڭغار ئويراتلىرى بىلەن بولغان مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇشلارغا سەرپ قىلىۋەتتى. ئۇۋەيسخان ئۆلۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئەمىرلىرى ئارىسىدا يېڭى جاڭجال باشلاندى. بۇ ئەمىرلەر ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغۇللىرى ئېسەن بۇقا ۋە يۇنۇسنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر-بىرىگە دۈشمەن ئىككى گۇرۇھقا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇشلاردا پاكىت ئېسەن بۇقا تەرەپدارلىرىنىڭ يۇنۇس تەرەپدارلىرىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. يۇنۇسنى قوللىغۇچىلىرى ئەمىر تىمۇرنىڭ نەۋرىسى، سەمەرقەند ھۆكۈمرانى ئۇلۇغ بەگنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇشتى. ئۇلۇغ بەگ ئۇنى ئىرانغا يولغا سېلىپ قويدى. يۇنۇس ئىراندا تارىخشۇناس شەرەفىددىننىڭ قولىدا تەلىم ئېلىشقا كىرىشتى. شەرەفىددىن «زەفەرنامە» نىڭ مۇئەللىپى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرنى ئەمىر تىمۇرنىڭ لەشكىرى يۈرۈش پائالىيىتىنى تەسۋىرلەپ يازغانىدى. ئويراتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىشى، ماۋرائۇننەھردىكى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان ئۇرۇش ھەمدە موغۇلىستان خانلىقىدىكى ئىچكى ئىسيانلار ئېسەن بۇقانىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىقى (1434—1462) غا خاتىمە بەردى. ئېسەن بۇقا ئالەمدىن ئۆتكەندە موغۇلىستاننىڭ غەربىي قىسمى ئاللىقاچان تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشىپ بولغان يۇنۇس تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن ئوڭايلا ئىگىلىۋېلىندى. ئەمما، 1472 - يىلىغا كەلگەندىلا، يۇنۇس ئاندىن ئاقسۇ ۋە تۇرپاننى بويسۇندۇردى. يۇنۇس تەلەپچان مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ دىنىي ساھەدىكىلەرنى،

بولۇپمۇ دەرۋىشلەر (Silsileh) نى قوللاپ-قۇۋۋەتلەشتە بەكمۇ مەردانىلىق كۆرسەتتى. يۇنۇس ھەقىقەتەنمۇ دېھلىدىكى سۇلتان ھاكىمىيىتىنى بويسۇندۇرغان، ئۇلۇغ موغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئاساس سالغان بابۇرنىڭ بوۋىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى.

يۇنۇسنىڭ ئۆزىمۇ XV ئەسىردىكى ئىران مەدەنىيىتىنىڭ مۇكەممەل مەھسۇلاتى ئىدى. ئۇ ئادەتتە تەمكىن ، كەمتەر ھەمدە ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك دانا ئىدى. ئۇ ھەم باتۇر جەڭچى ۋە مەشھۇر مەرگەن، شۇنداقلا ئالىم، سەيياھ، مۇزىكا ۋە رەسىم، خۇشخەت ھەۋەسكارى ئىدى. ھالبۇكى، يۇنۇسنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تالانتى كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يات دىنلىق قوۋملارنى كۆچمەنلىك ھاياتىدىن ۋاز كەچكۈزۈشكە قۇربى يەتمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئۇيراتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردىمۇ ئاتىسى ياكى قېرىنداشلىرى قازانغان غەلىبىلەردىنمۇ چوڭراق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئۇنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى ئۇرۇشقاق قوشنىسى بولغان تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىدە يۇنۇس شۇنچىلىك زور شۆھرەتكە ئىگە ئىدىكى، تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى تەۋەلىكىدىكى ئاخىرى چىقماس غەۋغالاردا ئۇ ھەمىشە ھۆكۈمدار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

1487 - يىلى يۇنۇس ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا موغۇلىستان خانلىقى پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. يۇنۇسنىڭ چوڭ ئوغلى مەھمۇد تاشكەنتنى سوراۋاتاتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، جاسارەت ۋە پاراسەتتە ئاتىسىدىن بەكلا چېنىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇنۇسنىڭ كىچىك ئوغلى ئەھمەد ئاقسۇنى ئىدارە قىلىۋاتاتتى. ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا، ئەھمەدنى تىپىك چاغاتاي ھۆكۈمرانلىرىدىن دېيىشكە بولاتتى. ئەھمەد ھېرىش -

چارچاش دېگەننى زادىلا بىلمەيدىغان يارامسىز جەڭچى بولۇپ، ئۈچ قېتىم ئارقا ـ ئارقىدىن ئاسىيلىق قىلغان قازاق قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان ، ئويراتلارغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قوزغاپ، ئىككىلا قېتىمدا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانىدى. ئەمما، ئەھمەد دۇغلات ئەمىرلىرىدىن ئەبۇ بەكرىگە قارشى تۇرۇشتا ھېچقانداق ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەشقەر ۋە ياركەندنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشتىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئەھمەدنىڭ ئاكىسى مەھمۇد ئۆزبېك ئىستىبلاچىسى مۇھەممەد شايبانىينىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەندە، ئەھمەد تېزدىن تاشكەنتكە يېتىپ كېلىپ مەھمۇدقا ھەمدەمدە بولدى. بابۇر مۇشۇ يەردە تۇنجى قېتىم ئەھمەد بىلەن ئەسرارلاشتى ھەمدە ئۇنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن تۆۋەندىكىدەك جانلىق خاتىرە قالدۇردى: ”ئۇنىڭ ئادەملىرى پۈتۈنلەي موغۇل رەسمىدە كىيىنگەنىدى. بېشىغا موغۇلچە بۆكلەر، ئۇچىسىغا كەشتىلىك چىن ئەتلىسىدىن تىكىلگەن تون كىيگەنىدى. موغۇلچە يېشىل چەمدىن ئىشلەنگەن ساداقلار ۋە ئېگەرلەر ھەم موغۇل ئاتلىرى بىلەن ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنۈشتە ئىدى... ئۇ (ئەھمەد) ئاجايىپ مىجەزى بار ئادەم ئىدى. قىلىچىغا ھۆكۈمران ھەم جەسۇر ئىدى... قىلىچىنى ھەرگىز يېنىدىن ئايرىمايتتى. يا بېلىدە بولاتتى يا قولىدا بولاتتى. چەت يەرلەردە چوڭ بولغىنى ئۈچۈن بىرئاز سەھرا مىجەز ئىدى، سۆزلىرىمۇ بىرئاز قوپال ئىدى⑨“.

1503 ـ يىلى مەھمۇد ۋە ئەھمەد ئاكا ـ ئۇكىلار مۇھەممەد شايبانى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، مەھبۇسلۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئىلگىرىكى سەلتەنەتلىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.

ھالبۇكى، ئەھمەدنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ جەڭگە ماھىرلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلدى. پاكىتلار ئۇلارنىڭ ئاسانلىقچە يەڭگىلى بولمايدىغان بىر توپ باھادىرلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ سەرخىلى سەئىدخان ئىدى. سەئىدخان بالا ۋاقتىدىلا ئۆزبېكلەرگە ئەسىرگە چۈشكەن ھەم مۇھەممەد شايبانىنىڭ قېشىدا يۇرۇپ، ئۇرۇش تەھدىتلىرىدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. كېيىنچە سەئىدخان بابۇر بىلەن بىرلىشىپ كابۇلنى ئىستىپلا قىلدى ھەمدە 1514 - يىلى قېرىنداشلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ 4700 دەك ئادەم بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى، بۇ شەھەرنى ئوڭايلا ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دۇغلات جەمەتىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. ئەبۇبەكرى لاداققا قېچىپ كەتتى ۋە شۇ جايدا قەتلى قىلىندى.

سەئىدخان قەشقەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇلاپلا شەرقتىكى ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، باي، كۇچا، قاراشەھەر ۋە تۇرپانلارغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بوۋىسى يۇنۇس دەۋرىدىكى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ ئەسلى تېررىتورىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. سەئىدخان ئۆزبېكلەر، قازاقلار ۋە قىرغىزلار بىلەن سوقۇشتى، ھەتتا لاداق ۋە كەشمىرنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنى قوزغىدى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى سۇللۇغدىكى ئەبۇبەكرى لاداق ۋە كەشمىرگە بارغان بولسىمۇ، ئەمما، چاغاتاي خانلىرى تېخى شۇ مەزگىلگىچە يوقىرىدا ئېيتىلغان جايلارغا قەدەم بېسىپ باقمىغانىدى⑩. 1531-، 1532-يىلىنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلىدە بابۇرنىڭ جىيەنى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دۇغلات قوماندانلىقىدىكى چاغاتاي قوشۇنى سۇللۇغ رايونىدىن ئاتلىنىپ كەشمىرگە كىردى. مىرزا ھەيدەر—

«تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى. «تارىخى رەشىدى» دە چاغاتاي خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر مۇھىم مەنبەلەر بار. مىرزا ھەيدەر باشچىلىقىدىكى قوشۇن كەشمىرگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سەئىدخانمۇ تاپ بېسىپ يېتىپ كەلدى ۋە قىشنى بالتىستاندا ئۆتكۈزدى. سەئىدخان 1533 - يىلى قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە سۆگەت تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. مىرزا ھەيدەر كەشمىردە ئەتىيازنى ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تولىمۇ مۈشكۈل شارائىتتا سوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. بەزىلەر: مىرزا ھەيدەر ناچار ھاۋا كىلىماتى ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا قوشۇن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ۋاقىتتا تىبەتكە كىرگەن، لاسادىن سەككىز كۈنلۈكلا كېلىدىغان جايغا كەلگەندە، يەنە قوشۇننى باشلاپ نېپال چېگرىسىغا كىرگەن، دەپ قارايدۇ. مىرزاھەيدەر كېيىنچە سەئىدخاننىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى ئابدۇرەشىدخاننىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، 1536- يىلغا كەلگەندە بەدەخشانغا قېچىپ كەتتى، كېيىن يەنە ھىندىستاندىكى تىمۇرىلەر ئوردىسىغا كەلدى. مىرزاھەيدەر 1541- يىلدىن 1551 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىزچىل تۇردە كەشمىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

«تارىخى رەشىدى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سەئىدخاننىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە كۈندىن - كۈنگە تەقۋادارلىشىپ كېتىشى (پاكىستلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ تىبەتكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشى بۇددىپەرەسلەرگە قارشى غازات ئۇرۇشى ئىدى) نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ دىنغا ئىشەنمەيدىغان كۆپلىگەن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۇنى تاشلاپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ يەنىلا قورقۇمسىز نەۋكەر، قابىل ۋە ئادىل شۇنداقلا كەڭ قورساق ھۆكۈمران بولالىغان. باشقا چاغاتاي

ھۆكۈمرانلىرى ۋە ماۋرائۇننەھردىكى ئۆزبېك ئىستېلاچىلىرىغا ئوخشاش، سەئىدخان مەشھۇر ئەۋلىيا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ مۇرىتلىرىنى قوغداش پوزىتسىيىسىدە بولدى⑪. سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان ئاتىسى بويسۇندۇرغان جايلارنى ئۆز پېتى ساقلىدى. ئەمما، ئابدۇرەشىدخان ئۆلگەندىن كېيىن (تەخمىنەن 1555-، 1556 -يىللىرى) ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى تۇرلۇك ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق ھەمدە ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تاشقى كۈچلەرنىڭ بېسىمى نەتىجىسىدە چاغاتاي خانلىقى پارچىلاندى. XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىل چاغاتاي خانلىقىنىڭ تارىخىدىكى قاراڭغۇ دەۋر بولدى، شۇنداقلا دەل مۇشۇ مەزگىلدە پورتۇگالىيە دىنىي جەمئىيىتىدىكى بېنېدىكت گوئېس 1603 -يىلدىن 1605 -يىلغىچە ياركەند رايونىدىن ئۆتتى. بېنېدىكت گوئېس ماركوپولودىن كېيىن ئەڭ دەسلەپ قەشقەرىيىگە كەلگەن ياۋروپالىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ⑫.

XVI ئەسىردىكى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەھۋالغا ئوخشىشىپ قالدى. ئويراتلارنىڭ جۇڭغارىيىنى ئىگىلىۋېلىشى ، قازاقلارنىڭ شۇ چاغدا يەتتەسۇ ۋادىسىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشى ھەمدە تەڭرىتاغ قىرغىزلىرىنىڭ موغۇلىستان خانلىقىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىشى نەتىجىسىدە بۇ ۋاقىتتىكى موغۇلىستان خانلىقى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇتلۇقتىن قالدى. پەقەت قەشقەرىيىدىلا چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان ھۆكۈمرانلار جان ساقلاپ قالالىدى. ئەمما، بۇ يەردىمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بارغانسېرى ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى. ماۋرائۇننەھر رايونىدىن كەلگەن، قارانىيىتى ئاشكارا خوجىلار باشچىلىقىدىكى يېرىم

ئىلاھىي ھاكىمىيەت خاندانلىقى ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقاندىن كېيىن چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تېخىمۇ ئاجىزلاشتى (ھېچبولمىغاندا ئاھالىلار كۆپرەك مەركەزلەشكەن چوڭ شەھەرلەردە شۇنداق بولدى) . خوجىلار جەمەتىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ھەزرىتى مەختۇم ئەزەم دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ بۇخارالىق تەركىي دۇنياچى، جاھانكەزدى ۋە مۆجىزە كۆرسەتكۈچى زات سۈپىتىدە چاغاتاي خانلىقىدىن غايەت زور ماددىي ئىنئام ئالدى، 1540 - يىلىغا كەلگەندە قەشقەردە ئۆلدى. مەختۇم ئەزەم پۈتكۈل ئاۋامنىڭ ئورتاق چوقۇنىدىغان ئوبيېكتى ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز ئۆتمەيلا بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى مەزھەپكە ئايرىلدى، ئەمما، ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا قەشقەرىيىدىكى شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدا دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشتى. شەھەر سىرتىدىكى جايلاردا، بولۇپمۇ ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق نامى ئاستىدا بىر - بىرىگە رەقىب بولۇشۇپ، قىرغىز قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان جايلاردا ياشاۋاتقان خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ تەسىرى نىسبەتەن ئاجىزراق بولسىمۇ، بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بۇ مەزھەپلەر ئاخىر يەنىلا قىرغىز قەبىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورناتتى.

XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تارىم ئويمانلىقىدىكى شەھەرلەرگە ئۆز ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈشكە قادىر بولالىغان ئاخىرقى چاغاتاي ھۆكۈمرانى ئىسمائىل خان بولدى. ئىسمائىل خان ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ كاتتىۋېشى ھىدايىتۇللا خوجا بىلەن ئارازلىشىپ قېلىپ، ئۇنى قوغلاپ چىقاردى. ئىسمائىل خان ئۈچۈن يامان بولغىنى خەلق ئارىسىدا «ھەزرىتى ئافاق» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ھىدايىتۇللا خوجا ئادەتتىكى رەقىبلەردىن ئەمەس ئىدى. ھىدايىتۇللا يول باشچىلىق تالانتىغا ئىگە شەخس بولۇپ، مۇرىتلىرى

تەرىپىدىن ئادەتتىن تاشقىرى ئىمتىيازغا ئىگە ئەۋلىيا ھەمدە مۇھەممەد پەيغەمبەردىنلا كېيىن تۇرىدىغان ئۇلۇغ زات دەپ قارىلاتتى. تاكى XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ھىدايىتۇللا خوجا مازىرى يەنىلا كىشىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايى بولۇپ كەلدى. ھىدايىتۇللا قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئويراتلارنىڭ ئۇلۇغ ئاقساقىلى غالداندىن ياردەم سورىدى. 1678 - يىلى غالدان تارىم ئويمانلىقىغا بېسىپ كىرىپ، ئىسمائىل خاننى قەشقەرىيەدىن قوغلاپ چىقاردى ھەمدە ھىدايىتۇللا خوجىنى ئۆز ۋاكالەتچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، ئىسمائىل خاننىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. مۇشۇ قېتىمقى ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئەنە شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن قەشقەرىيە ئىشلىرىدا خوجىلار ھازىرقى شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىغا كەڭ دىنىي ھوقۇق يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە، مۇقىم بولغان سىياسىي ھوقۇقنىمۇ يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ئەمما، ھىدايىتۇللا خوجا ئۆزىنىڭ بېقىندىلىق ئورنىدىن ئانچە رازى بولۇپ كەتمىدى. ئۇ ئويراتلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى تېزلا ئىسمائىل خاننىڭ ئىنىسى، ئۇچتۇرپاندا تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن بىلەن يوشۇرۇن ئىتتىپاق ئورناتتى. كېيىنكى ئېلىشىشلاردا ئويراتلار مەغلۇپ قىلىندى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھەممەد ئىمىنمۇ مەلۇم بىر قولىغۇچىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، ھىدايىتۇللا خوجا قەشقەرىيىنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ھۆكۈمدارى بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋال 1693 - يىلى بىلەن 1694-يىلى ئارىلىقىدا ھىدايىتۇللا ئالەمدىن ئۆتكۈچە داۋاملاشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مالىمانچىلىقتىن كېيىن، قارا تاغلىق خوجىلار ياركەندتە ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا، ئاق تاغلىق خوجىلار قەشقەرنى بازا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى مەزھەپ خوجىلىرى ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق تاكى 1713- يىلىغا قەدەر داۋام قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئويراتلار 1697 - يىلدىكى غالداننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىچكى مالىمانچىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرىيىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى يېڭىۋاشتىن كۈچەيتتى ھەمدە ئىككى مەزھەپ خوجىلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ئويراتلارنىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئىلى ۋادىسىغا ئېلىپ كەتتى. قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ كاتتىۋېشى دانىيال خوجا ئىلىدا غالداننىڭ ۋارىسى سېۋان ئارابتان (1697—1727) نىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى، سېۋان ئارابتان 1720 - يىلى دانىيال خوجىنى مۇستەقىل ھۆكۈمران سۈپىتىدە قەشقەرىيىگە ئەۋەتتى. بۇ تەيىنلەشنى كېيىنكى ئويرات ھۆكۈمرانى غالدان سېرىن (1727—1745) مۇ ئېتىراپ قىلدى. ئەمما، دانىيال خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئويراتلار قەشقەرىيە شەھەرلىرىنى دانىيالنىڭ بەش ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىشنىڭ تېخىمۇ ئاقىلانە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. 1745 - يىلى غالدان سېرىن ئۆلۈشى بىلەن كۆتۈرۈلگەن مالىمانچىلىق مەزگىلىدە دانىيال خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ئويراتلار بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلىدى. غالدان سېرىننىڭ نەۋرىسى ئامۇرسانا رەھىمسىزلىك بىلەن قارا تاغلىق خوجىلارنى ئۆزىگە بېقىندۇردى، كېيىنچە ئۇ بىر دوملاپلا ئاق تاغلىق خوجىلارنى قوللاشقا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاق تاغلىق خوجىلار يەنە بىر قېتىم قەشقەرىيىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغۇز ئامۇرساناننىڭ بېقىندىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئامۇرساناننىڭ خوجىسى بولغان جۇڭگو مەنچىڭ خانىنىڭمۇ بېقىندى پۇقراسى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. خوجىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، قەشقەردىن

نەچچە ئايلىق يىراقلىقتىكى يات دىنلىق خاننىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا، خوجىلار قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئامۇرساناغا ئەگىشىپ، پادىشاھ چيەنلۇڭغا قارشى مالىمانغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، چيەنلۇڭ خاننىڭ تارىم ئويمانلىقىغا بولغان نامدىكى ھۆكۈمرانلىقى، يەرلىك ئاھالىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخى تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىگە يەتمىگەنىدى. ئامۇرسانا ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، قەشقەرىيە يەنىلا 1758-يىلدىن 1759-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.

قەشقەرىيە رايونىدا خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى زادىلا مۇقىم بولمىدى، بۇمۇ، ئېھتىمال قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەبىئىي ھالدا مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ يات دىنلىق بۇ يېڭى خوجايىنى ئۆزىگە قارىتىلغان قارشىلىقلارنى باستۇرۇش جەھەتتە رەھىمسىز بولسىمۇ، باشقا جەھەتلەردە بۇ بېقىندىلارنى مەيلىگە قويۇۋېتىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. قەشقەرىيە ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالىدى. بۇ جەھەتتە ئۇلار يىراقتىكى مەنچىڭ دائىرىلىرىنىڭ قىلچىلىك ئارىلىشىۋېلىشىغىمۇ ئۇچرىمىدى، ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىلدا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك مەزگىل جەريانىدا پامىرنىڭ سىرتىغا سۈرگۈن قىلىۋېتىلگەن قوقەند خوجىلىرى ئوغايلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى پۇقرالىرىنى قۇترىتىپ (بولۇپمۇ دىنىنى باھانە قىلىپ)، مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇردى.

چاغاتاي خانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندىن تارتىپ مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تارىم ئويمانلىقىنى بويسۇندۇرغان مەزگىلگىچە بولغان دەۋرنىڭ تارىخىغا دائىر مەنبەلەر كەمچىل بولغانلىقتىن، خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ قەشقەرىيىگە نىسبەتەن تارىخىي ئەھمىيىتىنى توغرا باھالاش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، ماختاشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، خوجىلار بۇ رايوندا ( جۇملىدىن ئۇلارنىڭ قىرغىز قوشنىلىرى ئارىسىدا ) ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشىغا، شۈبھىسىزكى، مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى، شۇنداقلا ئۇلار شەھەرلەر ۋە چوڭ يېزا-بازارلاردا كۆپلەپ مەدرىسە ۋە مەكتەپ تەسىس قىلدى. ناۋادا خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنى داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي مۇھىت، نادانلىق ۋە جاھالەتنى ئۆز ئالاھىدىلىكى قىلغان، دېگەن ھالەتتىمۇ، ئەمەلىيەتتە، قەشقەرىيە شەھەرلىرى بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر يەنىلا ئىسلام دۇنياسى بىلەن بىرخىل نازۇك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. قەشقەرىيە رايونىدىكى تىل ئاساسەن قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن تۈركىي تىل بولسىمۇ ( ھازىرقى يەكەن ۋە قەشقەر شىۋىلىرىمۇ شۇنى مەنبە قىلىدۇ ) ، ئەمما، ئەرەب تىلى تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ دىنىي تىلى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارس تىلىدىكى بىلىملەر خۇددى قوشنا ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى ئۆزبېكلەر ئارىسىدا تارقالغانغا ئوخشاش، قەشقەرىيەدىكى يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتى ئارىسىدا كەڭ تارقالدى. مەسىلەن: ھەزرىتى مەختۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ۋەلىلەر ھەققىدىكى مۇقەددەس تەزكىرىلەر بىردەك پارس تىلىدا يېزىلغاندى. ھەتتا 1758-، 1759-يىللىرى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنمۇ، قەشقەرىيىدىكى تۈركىي

خەلقلەر غەرب دۇنياسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشىنى داۋاملىق كۈتمەكتە ئىدى. تېخىمۇ جىددىي بولغان مۇددىئادىن باشقا، ياقۇپ بەگنىڭ 1867 - يىلى قەشقەرىيىنى كونترول قىلىشتىكى دەسلەپكى مەقسىتىنىڭ بىرى ئوسمان ئىمپېرىيىسى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق قەشقەرىيىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى.

ئىزاھلار:

① ج.ۋون. خامبېر-پۈرگىستال: «تارىخى ۋاسساف»، 141 - بەت.

② خ.ئا.ر. گىب: «ئىبنى بەتتۇتەنىڭ: «ئاسىيا ۋە ئافرىقىغا ساياھىتى»، لوندون، 1929 - يىل نەشرى، 174-، 175-بەتلەر.

③ خ. گ. راۋېرتى: «تەبەقاتى ناسىرى» II توم، 1144 - بەتتىن 1146-بەتكىچە.

④ ئې. خائېنىچ: «موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» 136-،137-بەتلەر.

⑤ ك. يان: «تارىخىي مۇبارەكى غازانى»، 1957 - يىل نەشرى، 12-، 13-بەتلەر.

⑥ «تارىخى ۋاسساف» 153 - بەت.

⑦ كۆپىنچە، تارماشىرىن ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن دەپ قىياس قىلىنىدۇ. ساركىسيانىز «تارماشىرىن 1327 - يىلى دېھلىغا كەلگەن» دەپ قارايدۇ (ئى. ساركىسيانىز: «روسسىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ملللەتلەرنىڭ تارىخى»، 117-بەت)؛ ھۇسەيىن بولسا بۇنى ئىنكار قىلىدۇ (م. ھۇسەيىن: «تۇغلۇق خانىدانلىقى» 119-بەتتىن 143-بەتكىچە). موگغۇللارنىڭ ھىندىستان تارىخىدىكى رولى مەلۇم مەنىدىن سەل قارىلىپ كەلگەن مەسىلە، دېيىشكە بولىدۇ.

⑧ بابۇر ۋە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دۇغلات چاغاتاي خانلىرىنىڭ نەسەبى ھەققىدە جەزمەن ئېنىق ئەھۋاللاردىن خەۋەردار. ئۇلار بىردەك ئۇۋەيىسخاننى خىزىر خوجىنىڭ ئەۋرىسى دەيدۇ. ئەمما، بۇ ئەھۋال يىل دەۋرى جەھەتتىن پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

⑨ ئا. س. بېۋېرىج: ئىنگلىزچە «بابۇرنامە»، I توم، 160-، 161-بەتلەر. خەمت

تۆمۈر تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە «بابۇرنامە» 189-بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991-يىلى نەشرى.

⑩ ئېيتىلىشىچە، ئەبۇبەكرىنىڭ سەركەردىسى مىرزەلى گىلگىت ۋە بالتىستاننى بويسۇندۇرغانىكەن. ئەمما، ئۇ لاداققا بارمىغان. ل. پېتېچ: «لاداق تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» كالكۇتتا، 1939-يىل نەشرى، 120-بەت.

⑪ ئەھمەد يەسسەۋى سوفىزمنىڭ مەشھۇر ئاساسچىلىرىدىن بولۇپ، يەسسە شەھىرىدە تۇغۇلغان ھەمدە 1166 - يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە مۇشۇ جايدا ۋاپات بولغان. ئەھمەد يەسسەۋى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدا كىشىلەرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى ( ئەمىر تىمۇر قايتا ياساتقان ) مۇ ناھايىتى تېزلا كىشىلەرنىڭ تاۋاپ ئوبيېكتى بولۇپ قالغان.

⑫ س.خ.پايني : «جاھانگىر ۋە ئېيزۇئىت—بېنېدىكت گوئېسنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ، 1924 يىل.

# X باب قازاقلار ۋە قىرغىزلار

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋۇجۇتقا كەلگەن يىللاردا جوچىنىڭ ئوغلى، باتۇنىڭ ئىنىسى شايبانغا ئورال تاغلىرىدىن تا ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە بولغان كەڭ زېمىن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى. XIV ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ ئۇلۇس سارىسو دەرياسى ۋە ئالاتاۋ تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان ئاق ئوردا خانلىقىغا قاراشلىق قەبىلىلەرنىڭ يايلاقلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتتى. تۇقتامىش ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىن باشلاپ ئاق ئوردا قەبىلىلىرىنىڭ خانلىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ قېلىشقا باشلىدى. 1380 - يىلغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۇلۇسى جەنۇبىي روسىيە يايلىقىغا يۆتكەلدى. 1391 - يىلى ئەمىر تىمۇر ئالاتاۋ يايلىقىدىن ئۆتكىنىدە، بۇ جاي تۈركىي ۋە موڭغۇل قاتارلىق ئوخشاشمىغان قوۋملاردىن تەشكىللەنگەن شايبانىيلار خانىدانلىقىغا قاراشلىق قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانىدى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىلا « ئۆزبېك » دېگەن ئورتاق نامغا ئىگە بولۇپ بولغانىدى. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ كۆچمەن قەبىلىلەر ھازىرقى قازاقىستان يايلاقلىرىنى ئىگىلىدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ شەرقىدە غەربىي موڭغۇللارنىڭ ئويرات ئىمپېرىيىسى، يەتتەسۇ رايونىنىڭ جەنۇبىدا بولسا مۇغۇلىستاندىكى چاغاتاي خانلىقى بار ئىدى. تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى

ئۆزبېكلارنىڭ جەنۇبىدا ئىدى، ئۇلارنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولسا ئۇرال دەرياسى بىلەن ۋولگا دەرياسى ئارىلىقىغا تارقالغان نوغاي قەبىلىلىرى بار ئىدى. ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە تۆت ئەتراپتىكى قوشنىلىرى بىلەن بولغان كۈرەش باشتىن-ئاخىر قازاق ئوردىلىرىنىڭ تارىخىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

1428-يىلى شايبانى ئەۋلادلىرىدىن ئابۇلخەيرى خان ئۇرال دەرياسى، سىر دەرياسى، مۇغۇلىستان ھەمدە توبول دەرياسى ئارىلىقىدىكى بارلىق كۆچمەن قەبىلىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈپ، شايبانى خاندانلىقى ئۇلۇسى («ئۆزبېك خانلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئالىي سەردارى بولۇپ قالدى. ئابۇلخەيرى قىرانلىقتا ۋايىغا يەتكەن ھۆكۈمران بولۇپ ئۆزىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، جەنۇبتىكى قوشنىسى بولغان تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش كويىغا چۈشتى. 1430-يىلى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارتىلىغان جەڭگى - جېدەل ئۇلۇغ تىمۇر ئەۋلادلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. ئابۇلخەيرى خان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قوزغىدى ھەمدە خارەزمىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئىگىلىدى ۋە قەدىمكى شەھەر ئۈرگەنجنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. 1447 - يىلى ئابۇلخەيرى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىدىن سىر دەريا ۋادىسىنى تارتىۋالدى. سىر دەريا رايونى تولىمۇ مۇھىم جاي بولۇپ، ئادەتتە ماۋرائۇننەھر رايونىنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى دەپ قارىلاتتى، شۇنداقلا بۇ جايدىكى ئاۋات شەھەرلەر شىمالدىكى كۆچمەن مىللەتلەر ۋە دەريانىڭ جەنۇبىدىكى ئولتۇراق ئاھالىلەرنىڭ ئارىسىدا تاۋارلارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم بازار بولۇشتەك روللارغا ئىگە ئىدى. ئابۇلخەيرى سىر دەريا ۋادىسىدىكى شەھەرلەردىن سىغناق

شەھىرىنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى. ئابۇلخەيرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ ئىمپېرىيىسى سىر دەريا ۋادىسىدىن سىبىرىيە ئورمانلىقىغىچە يەتتى. سىبىرىيە ئورمانلىقىدا شايبانى خاندانلىقىنىڭ يەنە بىر شاھزادىسى بولغان ئىباق ئىبىر خانلىقى بىرلەشمىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

ئابۇلخەيرى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمگە ئوخشاپراق كېتىدىغان ھالەتتىكى بىر ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ تۈزۈم ئابۇلخەيرى ۋاسساللىرى (يەنى چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان سەردارلارنىڭ يېرىم مۇستەقىللىق ئورنى) نىڭ بىتچىت قىلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان جەمئىيەت ياكى بولمىسا دەل ئولتۇراقلىشىش يولىغا مېڭىۋاتقان جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق بىر نىشاننىڭ ئىشقا ئېشىش مۇمكىنچىلىكى مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، پۈتۈنلەي كۆچمەن تۇرمۇشتىكى جەمئىيەتتە مۇنداق تۈزۈمنى يولغا قويۇشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزى مەغلۇبىيەتكە باراۋەر ئىدى. جۆچى ئەۋلادلىرىدىن بولغان كېرەي ۋە جانىبېكتىن ئىبارەت ئىككى شاھزادە كۆپ ساندىكى قەبىلىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىمپېرىيىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى ھەمدە موغۇلىستاندىكى چاغاتاي خانى ئېسەن بۇقادىن پاناھلىق تىلىدى. بۇ ئۆكتىچى قەبىلىلەر «قازاق» نامىنى قوبۇل قىلدى. بۇ زور ئىسيانكارلىق پائالىيىتىدىن كېيىن ئابۇلخەيرىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا 1456-، 1457-يىللىرى ئۇ يەنە ئويرات ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئويرات ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ باقتى، ئۇ ئابۇلخەيرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاسان يەڭگىلى

بولمايدىغان رەقىپ بولۇپ قالغانىدى. ئويرات ئىمپېرىيىسى غەربىي موڭغۇلىيە رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، XV ئەسىرنىڭ باشلىرى قۇرۇلغانىدى. ئېسەن ( 1439—1456 ) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئاماسانجى ( 1456—1458 ) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئويراتلار تەڭداشسىز قۇدرەت تاپتى. 1449 - يىلى ئويرات قوشۇنلىرى مىڭ خاندانلىقى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، يىڭزۇڭ خاننى ئەسىر ئالغان ھەمدە بېيجىڭنى قورشىۋالغانىدى.

ئويراتلارنىڭ بۇ غەلىبىلىرى كىشىگە چىڭگىزخاننىڭ داستان كەبى ھاياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىنى ئەسلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ غەلىبىلەر قازاق يايلىقىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ غۇۋا كەلگۈسىدىن دېرەك بېرىدۇ. 1450 - يىلى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئويراتلار مۇسۇلمانلار يايلىقىغا ئۈنجى قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىق قەرەللىك ھالدا تەكرارلىنىپ تۇردى. ئويراتلار بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىقلاردا ئەڭ ۋەھشىيانە ۋاستىلەرنى قوللاندى، بەزىدە ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ھەقىقىي دىنىي ئۇرۇش خاراكتېرىنى ئېلىپ قالاتتى. 1456-، 1457-يىللىرى ئويراتلار قازاق يايلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئابۇلخەيرىگە ھالاكەتلىك زەربە بەردى. پاكىتلار بۇ قېتىمقى زەربىنىڭ ئۆزبېك ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن تولدۇرۇۋالغۇسىز بىر قېتىملىق ئاپەت بولغانلىقىنى كۆرسەتتى، سىر دەريا ۋادىسى ئويراتلارنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىدى، شۇ زەربىدىن كېيىن ئابۇلخەيرىنىڭ تېررىتورىيىسى قايتا ئەسلىگە كېلەلمىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، كېرەي ۋە جانىبېك ھەمدە ئۇلارنىڭ قازاق قەبىلىلىرى بۇ خىل پايدىلىق ۋەزىيەتتىن تولۇق پايدىلاندى. ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ چېكىنىپ كېتىشىگە قازاقلار تۇركۈملەپ

قازاق يايلىقىغا قايتىپ كېلىشتى. 1468 - يىلدىكى بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك جەڭدە قازاقلار ئابۇلخەيرى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئابۇلخەيرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ھەمدە سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىچە يېتىپ باردى. ئابۇلخەيرىنىڭ ئوغلى شەيخ ھەيدەرمۇ شۇ يىلى موغۇلىستاندىكى يۇنۇس خان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شايبانىيلار جەمەتىدىن ئابۇلخەيرىنىڭ گۆدەك نەۋرىسى مۇھەممەد شايبانىلا ھايات ئىدى. مۇھەممەت شەيبانى ئۇزۇن يىللار ئوغرى-قاراقچىلاردەك ياشاپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر گۇرۇھ ئادەم توپلىدى. 1500-يىلى مۇھەممەد شايبانى قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىردى ھەمدە بۇخارا ۋە سەمەرقەندنى ئىشغال قىلدى. شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەد شايبانى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ خارابىلىكىدە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ تۈركىستان ئىمپېرىيىسى— ئۆزبېك خانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ جەمەتى ئۆزبېك خانلىقىغا بىر ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى. قازاقلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆزبېك خانلىقى ئۇلارنىڭ ئەڭ يامان رەقىبى بولۇپ قالغانىدى.

شايبانى قەبىلىلىرىنىڭ تۈركىستانغا كۆچۈشى نەتىجىسىدە، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يايلاق رايونىدا بىر بوشلۇق شەكىللەندى. ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ بوشلۇقنى قازاقلار تولدۇردى. قازاق قەبىلىلىرى ئەڭ دەسلەپ كېرەي ۋە جانىبېككە ئەگىشىپ موغۇلىستانغا كىرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەنىدى. كېرەينىڭ ئوغلى بۇرۇندۇق خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل (1488—1509) دە، بولۇپمۇ جانىبېكنىڭ ئوغلى قاسىم ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل (1509—1518) دە قازاق قەبىلىلىرى تېزدىن كېڭىيىپ، ئابۇلخەيرى خانلىقىنىڭ زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ

«قازاق» ۋە «ئۆزبېك» ئاتالغۇلىرى يېڭى مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇشقا باشلىدى. «قازاق» دېيىلگەنلەر يەنىلا سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە تۇرۇۋاتقان قەبىلىلەرنى كۆرسەتسە، «ئۆزبېك» دېيىلگەنلەر مۇھەممەد شايبانىغا ئەگىشىپ، سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققان قەبىلىلەرنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئەمما، قازاق ۋە ئۆزبېكلەر قەدىمكى زاماندا ئوخشاش بىر قەبىلىدىن كېلىپ چىققان خەلق ئىدى.

قازاق ئىمپېرىيىسى قاسىم خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئىتتىپاق ۋە قۇدرەتلىك ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇ 200 مىڭ كىشىلىك چەۋەنداز بىلەن بىللە جەڭگە چۈشەلەيتتى. قازاق ئىمپېرىيىسى شۇنچىلىك قۇدرەت تاپقان ئىدىكى، XVI ئەسىردە ئىزچىل زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان ئويراتلار ئەمدىلىكتە ئۇلار ئۈچۈن تەھدىت بولۇشتىن قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ھادىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، ھەتتا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن ۋەقەلەر شۇ بولدىكى، ئىچكى نىزادا ھالسىرىغان نوغاي قەبىلىلىرى ۋە موغۇلىستاندىكى چاغاتاي خانلىقى قازاق يايلىقىدىكى جەڭگىۋار قەبىلىلەر بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشقا يارىماي قالدى. قازاقلار بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا بىر ئەسىرلىك ئاۋاتلىق ۋە نىسپىي مۇقىملىق مەزگىلىدىن بەھرىمەن بولدى. ئۇلار مۇشۇ مەزگىللەردە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز چېگرىسىنى جەنۇبقا كېڭەيتتى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا، سىر دەريا ۋادىسىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، قازاقلار بىلەن تۈركىستاندىكى شايبانىلار خاندانلىقى جەنۇبتا ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى قىلدى. قىسقىسى، قازاقلار بۇ ئۇرۇشلاردا غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، ئەمما، يەنىلا تۈركىستاننى بويسۇندۇرۇش نىشانىغا

يېقىنلىشالمىدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ كۆچمەن مىللەتلەر قۇرۇپ چىققان فېئوداللىق دۆلەتلەر بەلگىلىك دەرىجىدە ئوخشاشلا ئوتتاي يىمىرىلىپ كېتىش خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ چوققىسىدا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان بىر كىشى (كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر نەچچە كىشى) «خان» بولاتتى. خانلىق تەخت ئاتىدىن بالىغا مىراس قالاتتى، ئادەتتىكى رىقابەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خانلىق تەخت سايلام ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ دائىملىق ھوقۇقلىرى خان نامىدىكى ۋاسساللار (يەنى ھەرقايسى سۇلتانلار) نىڭ قوللىرىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ سۇلتانلار ھەمىشە ئاساسلىق قەبىلىلەرنىڭ سەردارلىرى ئىچىدىن سايلىناتتى. ئەمەلىيەتتە، قەبىلە ئاساسىدا ئايرىلىپ، بەگ ۋە باتۇرلار سەردارلىق قىلىدىغان ئۇرۇق - جەمەتلەر ئەمەلىيەتتىكى ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. قازاقلاردا مۇنتىزىم ئارمىيە يوق ئىدى، پەقەت خەلقتىن سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلگەن قوشۇنلا بار ئىدى. ئىسلام دىنى بۇ خىل كۆچمەنلەر جەمئىيىتىگە پەقەت يۈزەكى تەسىرلا كۆرسەتەلىدى.

قاسىم خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىرلىككە كەلگەن قازاق دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىش ئالامەتلىرى روشەنلىشىشكە باشلىدى. ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن قازاق خانلىقى چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان خانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۈچ مۇستەقىل خانلىققا ياكى «ئوردا» غا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇلاردىن يەتتەسۇ رايونىدىكىلەر «ئۇلۇغ يۈز»، ئوتتۇرا قىسىم يايلاق رايونىدىكىلەر «ئوتتا يۈز»، ئەڭ غەربتىكى ئۇرال دەرياسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقانلىرى «كىچىك يۈز» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى

20 - يىلچە ۋاقىتتا قازاق يايلىقى مالىمانچىلىق ۋە ئەھمىيەتسىز ئۇرۇش مەزگىلىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ ئۇرۇشلارنى ئاساسەن قاسىم خاننىڭ ئوغۇللىرى ماماش خان (1518—1523)، تاگىر (1523—1533) ۋە بۇيداش (1533—1538) لار تۈركىستاندىكى شايبانىلار خاندانلىقىغا ۋە موغۇلىستان خانلىرىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن قوزغىدى. 1538-يىلى قاسىم خاننىڭ كەنجى ئوغلى ھەق نەزەر (1538—1580) قازاقلارنىڭ ئۈچ يۈزىنى قايتا بىرلىككە كەلتۈردى، ئۇ ھەتتا تەسىر دائىرىسىنى نوغاي دۆلىتىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىغىچە كېڭەيتتى. ھەق نەزەر يەنە بۇخارادىكى شايبانىلار خاندانلىقىغا قارىتىلغان بىرنەچچە قېتىملىق جازا يۈرۈشكە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا رەھبەرلىك قىلدى ۋە 1579-يىلىغا كەلگەندە تاشكەنتنى ئىشغال قىلىۋالدى. تەۋەككۇل خان دەۋرى (1586—1598) دە قازاقلار جەنۇبقا سۈرۈلۈپ مېڭىۋەردى. تەۋەككۇل خان تاشكەنتنى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا يەسسە ۋە سەمەرقەندنى ئالدى. ئەمما، 1598-يىلى تەۋەككۇل خان بۇخارا سېپىلى سىرتىدا توسۇلۇپ قالدى. تەۋەككۇل خاننىڭ ۋارىسلىرىدىن ئىشىم (1598—1628)، جانگىر، ئاخىرىدا تەۋكەخان (1680—1718) لار تەۋەككۇل خاننىڭ ماۋرائۇننەھرنىڭ مۇنبەت جايلىرىنى ئىگىلەش ئارزۇسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاستراخان خاندانلىقى (يەنى جانى خاندانلىقى) بىلەن بولغان كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى ھەمدە بەزىدە ئانچە - مۇنچە غەلىبىلەرنىمۇ قولغا كەلتۈردى. ئاستراخان خاندانلىقى 1599 - يىلى شايبانىلار خاندانلىقىنىڭ ئورنىنى دەسسىگەندىن كېيىن، بۇخارانىڭ يېڭى خوجايىنى بولۇپ قالدى. تەۋكەخان بىرلىككە كەلگەن قازاق دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى ئىدى. بىر نۆۋكەر، مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە قانۇنشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ قانۇنى (جېتى

جارغى-يەتتە يارغۇ، Jety Zhargy) كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنىنىڭ يازما قانۇنغا ئايلىنىشىنى ئالغا سىلجىتتى.

هالبۇكى، مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە قازاقلار XVII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن تارتىپ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان غايەت زور بالايىئاپەتنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىشكە باشلىدى. ئالتان خان (1543—1583) نىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كېلىپ، تەدرىجىي قۇدرەت تاپقان شەرقىي موڭغۇللار تەرىپىدىن يېڭىلگەن ئۇيراتلار ئەمدىلىكتە غەربكە كېڭىيىشكە باشلىغانىدى. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرى ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان تورغۇت قەبىلىسى قازاقلار تېررىتورىيىسىگە كىرىپ كەلدى. بۇ تورغۇتلار 40 مىڭ چېدىرلىقچە بولۇپ، خۇئۇرلۇك خانىنىڭ باشچىلىقىدا شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان يۆلۈنۈشتە ئارال دېڭىزى ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتتى. كۆچۈۋاتقان بۇ غايەت زور توپنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتقىنى يايلاقتىن كېسىپ ئۆتكەن قانلىق يول ئىدى. تورغۇتلار ئەڭ ئاخىردا ئۇرال دەرياسى بىلەن ۋولگا دەرياسى ئارىلىقىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشتىن ئىلگىرى كۆچۈش جەريانىدا ئېمبا دەرياسى بويىدىكى كىچىك يۈز ۋە ئاستىراخانغا يېقىن جايدىكى نوغاي قەبىلىلىرى بىلەن جەڭ قىلدى. كېيىن تورغۇتلار ئۇرال دەرياسى بىلەن ۋولگا دەرياسى ئارىلىقىدا قالماق قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن مەشهۇر بولغان قۇدرەتلىك كۆچمەنلەر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى. 1603 - يىلى بۇ قالماقلار خىۋا خانلىقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. 1639 - يىلى ئۇلار يەنە مانغىشلاقتىكى تۈركمەنلەرنى بويسۇندۇردى. شۇنىڭ بىلەن قالماقلارنىڭ خانى ئايۇكا (1670—1724) روسىيىنىڭ پەخرىي ۋاسسالى بولۇپ قالدى. روسىيە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ ياساۋۇل قوۋمنى پۈتۈنلەي

مۇسۇلمانلاردىن تەشكىللەنگەن قىرىم خانلىقى، باشقىرلار ۋە نوغاي قەبىلىلىرى قاتارلىقلارغا قارشى جەڭگە قوزغىلىپ كەلدى.

قالماق قەبىلىلىرىنىڭ قازاق يايلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا ھاكىمىيەت قۇرۇشى قازاق يۇزلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىۋاتقان غايەت زور تەھدىت بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنە شۇ مەزگىللەردە قازاق يايلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تارباغاتاي رايونىدا يەنە بىر ئويرات ھاكىمىيىتى تەدرىجىي شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى جۇڭغار قەبىلىسىدىكى باتۇر قۇنتەيجى ئىدى. چىڭگىزخانىنىڭ لەشكىرىي ھاياتىدىن تۆت ئەسىر كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە باتۇر قۇنتەيجى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەيۋىتىنى قايتا نامايان قىلىشقا ئۇرۇندى. ئۇنىڭ زامانىسىدا ئويراتلار قازاق يايلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى ھۇجۇملارنى قوزغاپ تۇردى. بۇ ھۇجۇملار ئەڭ دەسلەپ چارۋا ماللارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى مەقسەت قىلغان بۇلاڭچىلىق خاراكتېردىكى ھەربىي يۈرۈش بولسىمۇ، ئۇ يەنە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان غايەت زور بالايى-قازادىن بېشارەت ئىدى. ئاشۇ بىر ئەسىرلىك ئاپەت جەريانىدا قازاقلاردىن نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ كەتتى. 1643 - يىلى باتۇر قۇنتەيجى بىر قېتىملىق يىراقتا يۈرۈش ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، يەتتەسۇ ۋادىسىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ئۇلۇغ يۈزنىڭ كۆپلىگەن ئۇرۇق-قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇۋالدى. 1653 - يىلى باتۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى غالدان مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى بارچە ئويرات قەبىلىلىرىگە تېڭىپ، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ ئاساسىدا زېمىنى كەڭ ئىمپېرىيە قۇرۇپ چىقتى. ئاشۇ دەۋر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئويرات ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەربىي ئەسلىھەلىرى كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇراتتى. غالدانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قاتتىق ئىنتىزامچان 100

مـــىڭ كـىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. غالداننىڭ نىشانى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانى بولۇش ئىدى، ئۇنى ھەتتا شۇنداق بـولـغان دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇ موغۇلىستاندىكى ئەڭ ئاخىرقى چاغاتاي ھۆكۈمرانىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، 1678- ۋە 1680 - يىللىرى ئارىلىقىدا قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلىۋالدى ھەمدە ئۇنى ئـۆزىـنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى. 1681-يىلىغا كـەلـگـەنـدە تـۇرپـان ۋە قـۇمـۇلنى بېسىۋېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مـوغـۇلـىـسـتـان خـانلىقىنىڭ بارلىق قالدۇق تېررىتورىيىسىنى يۇتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1681 - يىلى ۋە 1695- يىلى ئارىلىقىدا ئويرات قوشۇنلىرى يەنە زور كۆلەمدە سىر دەريا ۋادىـسـىـغـا بېـسـىپ كىرىپ، تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى سايرام شەھىرىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە قاتتىق تالان - تاراج قىلدى. بىراق ، غالداننىڭ نىيىتى ئاساسەن شەرق تەرەپتىكى زېمىنلارنى يۇتۇۋېلىشتا ئىدى. 1688 - يىلى ئويراتلار خالكا موڭغۇللىرىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە شەرقىي موڭغۇلىيىدە پۇت دەسسەپ تۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن غالدان مۇرادىغا يەتتى. 1690 - يىلى غالدان ئـىمكانىيەتنىڭ بارىچە چىڭگىزخاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ، جۇڭگودىكى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قوزغىدى. ئەمما خرىستىئانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى كاڭشى خانغا ياساپ بـەرگـەن زەمـبـىـرەك ئـويـراتـلارنـىـڭ تـەقـدىـرىـنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. مەغلۇپ بولغان بۇ كۆچمەنلەر پاتپاراق بولۇشۇپ موڭغۇل يايلىقىغا كىرىپ كەلدى.

ئويراتلار مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن دىققەت-نەزەرىنى يەنە بىر قېتىم غەربتىكى قوشنىلىرىغا قاراتتى. غالداننىڭ جىيەنى ۋە ۋارىسى سېۋان ئارابتان دەۋرى ( 1697— 1727 ) دە قازاق يايلىقى تارىخىدىكى ھەقىقىي زۇلمەتلىك بىر

سەھىپە ئېچىلدى. ئويرات قوشۇنلىرى ھېچقانچە قارشىلىققا ئۇچرىماستىنلا پۈتكۈل قازاق رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. قازاق ياپلىقىدا تەۋكەخاننىڭ ھوقۇقى ئاللىقاچان قازاقلارنىڭ ئۈچ يۈزىگە كېڭەيگەنىدى، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، 1698 - يىلى ئويراتلار بالقاش كۆلى بويلىرىغا بېسىپ كەلدى. 1710 - يىلى ئۇلار يەنە بىر قېتىم قازاق ياپلىقىغا تاجاۋۇز قىلدى. 1716 - يىلى بىر تارماق ئويرات قوشۇنى ئىلى ۋادىسىدىن يولغا چىقىپ، يەتتەسۇنىڭ شىمالىغا يۈرۈش قىلدى، ئارقىدىنلا ئۇلار تىغ ئۇچىنى بىردىنلا غەربىي جەنۇبقا قاراتتى. 1718 - يىلى ئەتىيازدا بۇ قوشۇن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاياگۇز دەرياسى بويىغا توپلانغان قازاق قەبىلىلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۈچ كۈنلۈك جەڭ ئارقىلىق ئويرات قوشۇنى قازاقلارنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئارقىلىق سىر دەريا ۋادىسىغا كىرىدىغان يول داغدام ئېچىۋېتىلدى. جەنۇبقا بۇرالغان ئويراتلار ئوتتۇرا يۈزدىن ئۆتۈپ، تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى ئارىس دەرياسى بويىدا قازاقلار ئۈستىدىن يەنە بىر قېتىملىق قانلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. 1723-يىلدىن 1725-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئويراتلار يەنە بىر قېتىم ھەربىي يۈرۈش قوزغاپ، قازاقىستاننىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى شەھەرلەردىن تاشكەنت، يەسسە، سايرام قاتارلىقلار ئويراتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ۋولگا بويىدىكى قالماقلار جۇڭغارىيىدىن كەلگەن قېرىنداشلىرىغا ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن، غەربتىن قازاق ياپلىقىغا بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. قازاق تارىخىدا بۇ « ئاقتابان شۇبىرىندى » ( غايەت زور بالايىئاپەت ، دېگەن مەنىدە ) دەۋرى بولدى. بۇ بالا-قازا قازاق داستانلىرىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇلۇغ يۈز ۋە ئوتتا يۈزدىكى بىر

قىسىم قەبىلىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى. باشقا قازاق قەبىلىلىرى قېچىپ، تۈركىستاندىكى ئەمىرلىك ( خانلىق ) لەرگە كىرمەكچى بولدى، ئەمما، ئۇلار چېكىندۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ ئېمبا دەرياسى، ئۇرال دەرياسى، ئىلېك دەرياسى ۋە ئۇر دەرياسىنى بويلاپ ئاللىقاچان روسىيىنىڭ كونتروللىقىغا ئۆتۈپ بولغان رايونلارغا قېچىپ كەلدى.

جانغا تاقالغان تەھدىتنىڭ خەتىرى ئالدىدا ئۈزۈنغىچە بۆلۈنۈپ كەتكەن قازاق قەبىلىلىرى بىرلىشىپ ئورتاق فرونت تەشكىللەشنى قارار قىلدى. 1728 - يىلى چىمكەنتكە يېقىن جايدىكى قەبىلىلەرنىڭ بىرلەشمە قۇرۇلتىيىدا قازاقلار ئورتا يۈز خانى ئابۇلخەيرىنى قازاقلارنىڭ ئالىي سەردارلىقىغا سايلىدى. شۇ يىلى بىرلەشكەن قازاق قوشۇنى ئويرات قەبىلىلىرىنى ئارال دېڭىزى تەرەپكە ماڭغان يول ئۈستىدە توسۇپ، چۇبار تەڭرى كۆلىگە يېقىن جايدا ئۇلارنى 1-قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. 2-يىلى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى يەنە بىر قېتىملىق چوڭ جەڭدە قازاقلار ئويراتلارنىڭ يەنە بىر تارماق زور قوشۇنىنى يوقاتتى. بىراق، بۇ ئىككى قېتىملىق غەلىبە ئويراتلارنىڭ لەشكىرىي يۈرۈشلىرىنى توسۇپ قالالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئويراتلانىڭ لەشكىرىي يۈرۈشى 20 يىلچە داۋاملاشتى. 1740-يىلدىن 1742-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئويراتلار يەنە بىر قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قازاق يايلىقىنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتتى ھەمدە ئورسكىغا يېقىن جايدىكى روسىيە چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى. سىر دەريا ۋادىسى يەنە بىر قېتىم غەرەزلىك بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى. 1757 - يىلى ئويراك ئىمپېرىيىسى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىنلا، قازاقلار ئاخىرقى ھېسابتا ئويراتلاردىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق قوشنىسىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك

تەھدىتىدىن قۇتۇلدى.

قازاقلار ئۆزىدىن كۆپ قۇدرەتلىك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزاقتا سوزۇلغان جاپالىق كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈردى، بۇ خىل كۈرەشلەر قازاق ھۆكۈمىتى ياكى دۆلىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدىكى ئاساسلىق توسالغۇ بولۇپ قالدى. تېخىمۇ يامىنى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ پەيدا بولغان روسىيىنىڭ تەھدىتى بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، ئويراتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئەسلى-ۋەسلىنى يوقىتىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن قازاق خانلىقىدا يېڭىۋاشتىن غەرب ۋە شىمال تەرەپلەردىن كېلىۋاتقان روسىيىنىڭ تەھدىتىگە ئۈنۈملۈك قارشىلىق كۆرسەتكىدەك مادار يوق ئىدى.

رۇسلارنىڭ قازاق يايلىقىغا كىرىشى ئويراتلارنىڭ ھۇجۇمىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنەتتى. رۇسلارنىڭ ئىلگىرىلىشى ئاستا ۋە رەھىمسىز ئىدى، شۇنداقلا شەھەر، قەلئە سېلىش ئارقىلىق ئۆز يۇرۇشىنى نامايان قىلاتتى. بۇلاردىن 1716 - يىلى سېلىنغان ئومسكى قەلئەسى، 1718 - يىلى سېلىنغان سېمىپالاتىنسكى قورغىنى، 1719 - يىلى سېلىنغان ئۇست - كامېنوگورسكى قەلئەسى، 1732-يىلدىن 1757-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سېلىنغان ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى قەلئەلەر، 1735 - يىلى سېلىنغان ئورسكى ۋە 1752-يىلدىن 1755-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سېلىنغان ئىشىم دەرياسى بويىدىكى قورغانلار بار ئىدى. بۇ ۋاقىتتىكى قازاق خانلىرى رۇسلارغا قارشى تۇرۇشنى ئەسلا ئويلىمىدى، ئەكسىچە، ئويراتلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن رۇسلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. بىراق، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇرۇنۇشلىرى ھەر دائىم بىھۇدە بولۇپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە، 1731-، 1740 - ۋە 1742 - يىللىرى كىچىك يۈز،

ئورتا يۈز ھەمدە ئۇلۇغ يۈزنىڭ بىر قىسمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا روسسىيىنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئەمما، ئويراتلارنىڭ قازاقلارغا بولغان تەھدىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رۇسلارنىڭ بۇ خىل ھامىيلىقى پۈتۈنلەي نامىدىكى بىر ئىش ئىدى.

ئويراتلار بىلەن بولغان ئېلىشىشتا ئورتا يۈزنىڭ تارتقان زىيىنى ئەڭ ئاز بولدى. XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئورتا يۈز خانلىرى ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ، قازاق يايلىقىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولدى، ئۇلار قازاق قەبىلىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى گۈللەنگەن ھالىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈردى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، ئورتا يۈز خانى ئابۇلخەيرى ئەسىر دائىرىسىنى كىچىك يۈزگە ۋە ئۇلۇغ يۈزنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىغا كېڭەيتتى. 1737 - يىلى ئابۇلخەيرى باشقىرىيە ( ئالىلىقاچان روسسىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ بولغان ) گە ھۇجۇم قىلدى ھەمدە نادىرشاھ خىۋا خانلىقىنى مەغلۇپ قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1740 - يىلى بىر مەھەل خىۋانى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ خىۋا ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. 1749 - يىلى ئابۇلخەيرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى نۇرئەلى روسسىيە چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئەمما، نۇرئەلىنىڭ ۋارىسى ئابلاي خان زامانىسىغا كەلگەندە، ئابلاي خان ئۇلۇغ يۈز قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئويرات ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇڭغارىيىدىكى ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قازاق خانلىرىنى ئۆزىنىڭ ۋاسساللىرى دەپ قارايتتى. 1771 - يىلغا كەلگەندە ئابلاي خان مەنچىڭ خانىغا ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ قەسەم بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، قازاقلار تارقالغان

رايون ئۈچ تەرەپتىن روسىيە ۋە جۇڭگونىڭ قورشاۋىدا قالدى. قازاقلارنىڭ جەنۇبىي قىسمى بولسا تۈركىستاندىكى ئەمىرلىكلەرنىڭ تەھدىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتىكى قازاقلار رايونىنىڭ غەربىي قىسمى روسىيىنىڭ ھامىيلىقىدىكى رايونغا، شەرقىي قىسمى بولسا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھامىيلىقىدىكى رايونغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ھالەت قازاقلارنىڭ مۇستەقىللىك ئورنىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ناۋادا مەنچىڭنىڭ ھامىيلىقىنى پۈتۈنلەي كۆرۈنۈشتىكى ۋە ئېنىقسىز دېگەندىمۇ، روسىيىنىڭ ھامىيلىقى مۇقىم رەۋىشتە ھەقىقىي مەنىدىكى ئىشغالىيەتكە ئايلانغانىدى. پۈتكۈل ئۈچ يۈزنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تۈپ ئالاھىدىلىكى جەمئىيەتنىڭ مالىمانچىلىققا پېتىپ قالغانلىقىدا ئىپادىلەندى. بۇ خىل مالىمانچىلىق قەبىلىلەر ئىسيانى ۋە ئۇلارنىڭ روسىيە ھۆكۈمرانلىقى بىلەن خان - سۇلتانلار ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشلىرىنى ئاساسىي شەكىل قىلدى. مەسىلەن: 1792-يىلدىن 1797-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى باتىر سىرىمنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىسيانى ئەنە شۇنداق بولدى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇشۇ مالىمانچىلىق مەزگىلىدە قازاق خانلىرى ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئىقتىدارىنى يوقاتتى. روسىيىلىكلەر ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قول تىقىشنى قارار قىلغاندا، ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. روسىيىلىكلەرنىڭ قازاق خانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىشى ئالدى بىلەن ئورتا يۈزدىن باشلاندى. ئورتا يۈزنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى شىرغازى 1822 - يىلى ئورىنبۇرگقا چاقىرتىپ كېتىلدى؛ 1824 - يىلى كىچىك يۈز خانلىقى باستۇرۇلدى. 1848 - يىلى نۆۋەت ئۇلۇغ يۈزگە كەلدى. ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، قازاقلار ئىلگىرى

ئاسانلىقچە يەڭگىللى بولمايدىغان رەقىپلەردىن ئىدى، ئەمدىلىكتە بولسا قازاق قەبىلىلىرى بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى، ئۇ بولسىمۇ قازاق قەبىلىلىرى هاياتلىق ئۈچۈن ئۇزاق مەزگىل كۆرەشكەن تارىخىي باسقۇچ ئىدى.

## قىرغىز قەبىلىلىرى

قىرغىز قەبىلىلىرى ئەينى ۋاقىتتا « قىرغىز » دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان قازاقلاردىن پەرقلەندۈرۈلۈپ « قارا قىرغىز » دەپ ئاتالغانىدى. قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى ئۇلارنىڭ قازاق قوشنىلىرىنىڭ تارىخىدىن كۆپ ئۇزۇن.

قىرغىزلار تەڭرىتاغنىڭ تاغلىق رايونىغا تارقالغان بولۇپ، تۈرلۈك تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ، ئالايلۇق، چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە موڭغۇللىشىپ كەتكەن تۈركەش ۋە قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. بۇ تۈركىي قەبىلىلەر كېيىنچە يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى قىرغىز قەبىلىسىگە سىڭىشىپ كەتتى. يىراق ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىن تارتىپ يەنىسەي قىرغىزلىرى ئۇرۇق - قەبىلە بويىچە توپ - توپ بولۇپ تەڭرىتاغ رايونىغا كىرىشكە باشلىدى. تەڭرىتاغ رايونى بولسا XIII ئەسىردە چاغاتاي ئۇلۇسىغا قوشۇۋېتىلدى. قىرغىزلار موڭغۇللارنىڭ شەكلەن هۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، بۇ ئەهۋال ئۇلارنىڭ تولىمۇ قەدىمكى قەبىلىۋى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. قىرغىزلار ئەزەلدىن سىياسىي هوقۇقىنىڭ يېگانە هالدا قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قېلىشى دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. قىرغىزلاردا ئۇرۇق-قەبىلىلەر بەگ ياكى ماناپ ( يۇرت مۆتىۋەرى ) لار

ئارقىلىق باشقۇرۇلاتتى. XVIII ئەسىردە قىرغىزلار جەمئىيىتىگە ئاستا - ئاستا كىرىپ كەلگەن ئىسلام دىنى ئۇلارغا پەقەت يۈزەكى تەسىرلا كۆرسىتەلىدى.

XIV ئەسىردە تەڭرىتاغ رايونى موغۇلىستاندىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. ئەمىر تىمۇرنىڭ توختاۋسىز پاراكەندىچىلىكى دەستىدىن موغۇلىستان ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، ئەمما، ئەمىر تىمۇر ئۆلگەندىن كېيىن، چاغاتاي ھۆكۈمرانلىرىدىن ئۇۋەيس خان ( 1428 - يىلى ) ، ئېسەن بۇقا (1434—1462) ھەمدە يۇنۇس خان (1462—1468) زامانىسىدا قايتىدىن ئاۋاتلاشتى. ھەق نەزەرخاننىڭ قىسقىغىنە ھۆكۈمرانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەتتا قازاق خانلىقى يۈكسەك دەرىجىدە قۇدرەت تاپقان مەزگىللىدىمۇ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قىرغىز قەبىلىلىرىگە كېڭەيتىشكە قادىر بولالمىدى. ئويرات ئىمپېرىيىسىدىن غالدان ئەڭ ئاخىرى چاغاتاي خانلىقىنى يوقىتىپ، 1683-يىلدىن 1685-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تەڭرىتاغ رايونىنى قاتتىق تالان - تاراج قىلدى ھەمدە ئۆز ئىشغالىيىتىگە ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم قىرغىزلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ياركەند، خوتەن، قەشقەر ئەتراپىغا كۆچتى. 1702 - يىلى ئويراتلار يەنە يەنىسەي ۋادىسىدىكى قىرغىزلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچۈرۈپ، ئىلگىرى مۇشۇ جايلاردا ياشىغان قىرغىزلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. 1758 - يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئويرات ئىمپېرىيىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، قىرغىزلار نامدا جۇڭگونىڭ ۋاسسالى بولدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تولۇق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا يەنە بىر قېتىم ئېرىشتى.

XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ قىرغىزلارنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى فەرغانە ۋادىسىنى قوقەند خانلىقى بويسۇندۇردى،

بۇنىڭغا ئۇلاپلا بىر مەھەللىك مالىمانچىلىق دەۋرى باشلاندى. مانا مۇشۇ مەزگىللەردە قىرغىزلار كۆچمەنلىك بىرىچە تۈركىستاننىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى.

روسسىيىنىڭ قىرغىزلار رايونىغا كىرىشى 1855 - يىلدىن باشلاندى. 1862 - يىلى روسسىيىلىكلەر پىشپەك قەلئەسىنى ئىگىلىدى ھەمدە قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلدى. قىرغىزلارنىڭ جەنۇبىي قىسمى 1867 - يىلى يۇتۇۋېلىندى. قوقەند خانلىقىنىڭ يوقىتىلىشىغا ئەگىشىپ، رۇسلار 1876 - يىلى ئالاي قىيپاش ئويمانلىقىنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە قىرغىزلار رايونىنى بويسۇندۇرۇشنى تاماملىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمى پامىر ۋە ئافغانىستانغا كۆچۈپ كەتتى.

# XI باب تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ ماۋرائۇننەھرنى بويسۇندۇرۇشى

ئالدىنقى ئىككى بابتا چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن تارتىپ تاكى روسىيە ۋە جۇڭگو كىرگۈچە بولغان مەزگىلدىكى موغۇلىستان ۋە قازاق يايلىقىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى يەنە ئارقىغا قايتىپ، XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ماۋرائۇننەھرنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ ئەمىر تىمۇرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتىمىز. ئەمىر تىمۇرنىڭ ئىسمى ئالدىنقى بابلارنىڭ ئوخشاشمىغان جايلىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلدى. ئۇ بىر مەھەل موغۇلىستان چېگرىسىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان ھەمدە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى توقتامىش بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىپ ئۇزەڭگۈ سوقۇشتۇرۇپ كۆرگەندى. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قەيسەر، شۇنداقلا بۇزغۇنچىلىقى ئەڭ زور بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ بىرى. ئەمىر تىمۇر 1336-يىلى كېش (شەھرىسەبىز) كە يېقىن جايدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى تاراغاي بارلاس جەمەتىدىكى تۈرك ئەمىرلىرىدىن ئىدى. تاراغاي تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆلىمالار ۋە دەرۋىشلەرنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن ئىدى. چىڭگىزخانغا ئوخشاش، ئەمىر تىمۇرنىڭ ياشلىق دەۋرىمۇ بىر توپ قارام تەۋەككۈلچىلەر ۋە قاراقچىلار (بەزىدە ئۇلار باندىتلاردىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمىگەن بولسا كېرەك) غا باشلامچىلىق قىلىش

بىلەن ئۆتتى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ جەسۇر-قورقۇمسىز ، تەدبىرلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك يولباشچى دېگەندەك شەرەپلەرگە مۇشەررەپ بولدى. XIV ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى ئەمىرتىمۇر غايەت زور بىر قوشۇن تەشكىللەپ، ئەمىرلەر، تۈرك - موڭغۇل چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى يولباشچىلار ئارىسىدا پەۋقۇلئاددە قۇدرەتلىك ئورۇنغا چىقتى. موڭغۇل ئىستېلاسىدىن بۇيانقى بىر يېرىم ئەسىر مابەينىدە، بۇ ئەمىرلەر ۋە قوۋم يولباشچىلىرى ماۋرائۇننەھر رايونىدا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەپ كەلدى. چاغاتاي جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى بىلەن ماۋرائۇننەھردىكى ئەمىرلەر ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى قوۋم يولباشچىلىرى چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۆھرەتلىك سانىلىپ قالغان قورچاق خانلار ئارقىلىق ماۋرائۇننەھرنى ئىدارە قىلىشقا ئۆرۈنۈپ كەلدى. 1369-، 1370-يىللىرى ئەمىرتىمۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تېخى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنمىغان بولسىمۇ، بۇ ۋاقىتتىكى تەڭگە پۇللار يەنىلا چاغاتاي خانلىرىنىڭ نامىدا قۇيۇلاتتى، مەسچىتلەردە خۇتبىلەر يەنىلا تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان چاغاتاي خانى—سۇيۇرغاتمىش (1370—1388) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد (1388—1403) نامىغا ئوقۇلاتتى①. بۇ چاغدا ئەمىرتىمۇر ماۋرائۇننەھرنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغانىدى. ئەمىرتىمۇر ماۋرائۇننەھرنى ئۆزىنىڭ كەڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزى ۋە قوشنىلىرى بىلەن جەڭ قىلىشتىكى تايانچ بازا قىلدى. ئۇ چاغاتاي ئاقسۆڭەكلىرىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى زوراۋانلىق بىلەن كۈچەيتىپ، بارلىق يوشۇرۇن رەقىبلەرنى كۆزدىن يوقاتتى. ئەمىرتىمۇر ماۋرائۇننەھردىكى شەھەرلەر ئىچىدە سەمەرقەندنى ھەممىدىن ياخشى كۆرەتتى، ئۇ سەمەرقەندنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى ھەمدە بۇ شەھەردىكى چاھارباغلار بىلەن بارچە ئىمارەتلەرنى قايتىدىن

بېرىدى. ھېنرى Ⅲ كاستىللىنىڭ ئەلچىسى كلاۋىگو 1403 - يىلى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن سەمەرقەندتىكى چاھارباغلار ۋە ئىمارەتلەرنى تەسۋىرلەپ ئۆتكەنىدى. بۇ ئىمارەتلەر ئىچىدە كېيىنكى زامانلاردىكى مالىمانچىلىقلاردىن ئۆتۈپ ساقلىنىپ قالغان گۆرى ئەمىر مەقبەرىسى ۋە بىبىخانىم مەسچىتى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى ۋە ھەشەمەتلىك دەرىجىسىگە يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى بىر ئىمپېرىيىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى تولىمۇ مۇۋاپىق پەيت ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا چاغاتاي ئۇلۇسى چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەنىدى. تارماشىرىن 1334 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىنلا ماۋەرائۇننەھرنى مالىمانچىلىق قاپلىدى. تۇغلۇق تۆمۈر(1348—1362، 1363) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قۇدرەت تاپقان موغۇلىستان خانلىقى ئەمدىلىكتە فېئودال ئەمىرلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنىدى. دەشتى قىپچاقتا جانىبېكنىڭ ئۆلۈمىدىن تاكى تۇقتامىش مەيدانغا چۈشكىچىلىك بولغان مەزگىلدە، يەنى 1357 - يىلدىن تەخمىنەن 1381 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالتۇن ئوردا خانلىقىمۇ قاتتىق جېدەل-ماجىراغا پېتىپ قالدى. ئىراندا ئىلىكخان خانلىقىنىڭ خانى ئەبۇ سەئىد 1335 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خاندانلىقى تېزلا زاۋاللىققا يۈزلەندى. خۇراسان رايونى بولسا ھېراتتىكى كەرت خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربتە تەبرىز ۋە باغداتتىن باشلانغان جايلار قۇدرەتلىك موڭغۇل جالائىر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى، جالائىر خاندانلىقى بولسا ئەزەلدىن ئەمىر تىمۇرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. ھىندىستاندا بولسا فىرۇزشاھ (1351—1388) قا ۋارىسلىق قىلغان

دېھلىدىكى تۇغلۇق خاندانلىقىنىڭ سۇلتانلىرى ئەمىر تىمۇر ئۈچۈن كارى چاغلىق ئىدى. شۇڭا، XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا ئەمىر تىمۇر ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن دۆلەتلەر ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتقان خاندانلىقلار ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ ئەھۋال ئىككى ئەسىرچە ئىلگىرى چىڭگىزخان دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتتىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى.

بۇ يەردە ئەمىر تىمۇرنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئىمكانىيەت يوق، ئەمما، تۆۋەندە تەرتىپ بويىچە كۆرستىلگەن جەڭ تىزىملىكى ئەمىر تىمۇرنىڭ ئىستېلاچىلىق پائالىيىتى جەريانىدا ئىپادىلەنگەن تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتى ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

تەخمىنەن 1370-يىلدىن 1380-يىلغىچە : ماۋرائۇننەھرنى مۇستەھكەملەش مەزگىلى . موغۇلىستان ۋە خارەزىمدە ئۇرۇش قوزغىغان.

1380-يىلدىن 1382 - يىلغىچە : خۇراسانغا بېسىپ كىرىپ، ھېراتنى ئىشغال قىلغان.

1383 - يىلى : خۇراسان ۋە سىستاندا ئۇرۇش قوزغىغان.

1884 -، 1885 - يىللىرى : خۇراساننىڭ غەربى، مازاندىران ۋە ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدا ئۇرۇش قوزغىغان ھەمدە رەي، سۇلتانىيىلەرنى ئىشغال قىلغان.

1386-يىلدىن 1388 - يىلغىچە : لۇرىستان، ئەزەربەيجان، جورجىيە (گرۇزىيە)، شەرقىي ئاناتولىيە، فارىستا ئۇرۇش قوزغىغان. ئىسفاھاننى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، شىرازغا بېسىپ كىرگەن ( 1387 - يىلى ) .

1388-يىلدىن 1391 - يىلغىچە : ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا

قارشى ئۇرۇش قوزغىغان، ئۈرگەنجنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان (1388 - يىلى ) .

1392-يىلدىن 1394 - يىلغىچە : فارس ، مىسوپوتامىيە، ئاناتولىيە ۋە جورجىيەدە ئۇرۇش قوزغىغان. باغداتقا بېسىپ كىرگەن ( 1393 - يىلى ) .

1395 - يىلى : يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قوزغاپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن تىركەشكەن.

1398-، 1399 - يىللىرى : ھىندىستاننىڭ شىمالىغا بېسىپ كىرىپ، دېھلىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان (1398-يىلى) .

1399-يىلدىن 1401 - يىلغىچە : ئۇرۇش قوزغاپ، جورجىيە، جالائىر خاندانلىقى ۋە مىسىردىكى مەملۇك خاندانلىقىغا قارشى چىققان ھەمدە سىۋاس بىلەن ھەلەبنى ئىشغال قىلغان (1400 - يىلى ) . دەمەشق ۋە باغدادنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان (1401 - يىلى ) .

1402 - يىلى : ئەنقەرەدە ئوسمانلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە سۇلتان بايەزىد I نى ئەسىر ئالغان. بۇرسا ۋە ئىزمىرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان.

1404 -، 1405 - يىللىرى : جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش پىلانلانغان . ئەمىر تىمۇر ۋاپات بولغان (1405 - يىلى ) .

بۇ يىلنامىلەر تېزىسىدىن ئەمىر تىمۇرنىڭ ئاشۇ ئۇرۇشلاردا نامايان قىلغان ئاجايىپ ھەربىي تالانتى ياكى مۇشۇ ئۇرۇشلار جەريانىدىكى مىسلىسىز ۋەھشىيلىكلىرىنى بىۋاستە كۆرۈپ يەتكىلى بولمايدۇ②. روشەنكى، ئەمىر تىمۇرنىڭ قارا نىيىتى XIII ئەسىردىكى چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنى قايتا قۇرۇش ئىدى. چۈنكى ، مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغۇچى قەبىلىلەردە چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى ھەققىدىكى جانلىق ئەسلىمىلەر تېخىچە مەۋجۇت

ئىدى. ئەمىر تىمۇرنىڭ ئۇرۇش قوزغاشتىكى ۋاستىسى، جەڭلەردە قوللانغان ئۇرۇش سەنئىتى ھەمدە ئۇ قوماندانلىق قىلغان قوشۇننىڭ قۇرۇلمىسى قاتارلىقلاردىن قارىغاندا، ئەمىر تىمۇر ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانىغا ئەمەس، بەلكى XIII ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستېلاچىسىغا بەكرەك ئوخشاپ قالاتتى. ئۇ ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆزىنىڭ چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەكىتلەپ كەلدى. ئەمىر تىمۇر چاغاتاي خانى غازان خاننىڭ بىر قىزىنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن « كوراگان » نامىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ نام ئۇنىڭ پۇللىرىدا قوللىنىلىپ، ئۇنى چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ چاغاتاي ھاكىمىيىتى بىلەن باغلىدى. ئەمىر تىمۇرنىڭ موغۇلىستان ھۆكۈمرانى خىزىر خوجىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئېلىشى بىلەن ئۇنىڭ چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى بىلەن باغلىنىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. ھالبۇكى، ئەمىر تىمۇرنىڭ ھاياتى بەزى زىددىيەتلەردىن خالىي بولالمىدى. بىر تەرەپتىن، ئەمىر تىمۇر كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن قەبىلىۋى قوشۇننىڭ يېتەكچىسى ۋە سەردارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئىستېلاسىنى تاماملىدى ( كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن قەبىلىۋى قوشۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئىمپېرىيىلەرگە نىسبەتەن مەڭگۈلۈك تۈرتكە ئىدى ) . يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمىر تىمۇرنىڭ ئۆزىمۇ ئىران-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۈرك-موڭغۇل مىللەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولدى ( ئەمىر تىمۇرنىڭ يېشىنىڭ چوڭقىيىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل تەسىرمۇ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىدى ) . ناۋادا شىراز، ھېرات ياكى باغداد قاتارلىق جايلاردىكى ئەمىر تىمۇرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەمىر تىمۇر بىر ياۋايى « تاتار » دېيىلگەن ھالەتتىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ سۈننى مەزھىپىدىكى ئېھتىياتچان

مۇسۇلمان، ئىمام ۋە دەرۋىشلەرنىڭ سېخى مەدەتكارى، ئىران سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ھامىيسى ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ ھامىي ئىراندىكى شەھەر تۇرمۇشىغا تولىمۇ مەسخۇش ئىدى. ئەمىرتىمۇرنىڭ سەمەرقەنتتىكى ئوردىسى (كىلاۋىگو تەسۋىرلىگەندەك) جۇڭغارىيە ۋە يەتتەسۇدىكى سۇرلۇك بارگاھلاردىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. ئەمىرتىمۇر ئوردىسى ئىراننىڭ بۇ ئەڭ ياۋايى ئىستېلاچىنى تېزدىن كۆندۈرۈشتىكى بىر تۈرلۈك ۋاستىسى ئىدى.

چىڭگىزخانغا سېلىشتۇرغاندا، ئەمىرتىمۇر كۆپ تەربىيە كۆرگەن بولسىمۇ، ھەددىدىن زىيادە كەسكىن كىشى ئىدى. ناۋادا بىر نەۋكەر ۋە نەۋكەرنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە ئەمىرتىمۇر بىلەن چىڭگىزخاننى تەڭ تىلغا ئېلىش توغرا كەلسە، بىر ئىمپېرىيىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان ئەمىرتىمۇردا ئۇلۇغ موڭغۇل ئىستېلاچىسىغا خاس سەگەك كاللا ۋە پۇختا مەنتىقە كەمچىل ئىدى. خۇددى ئەمىرتىمۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن دۇنياۋى تەرتىپنىڭ نۇرىنى كۆرگىلى بولمىغانغا ئوخشاش (بۇ خىل دۇنياۋى تەرتىپنىڭ نۇرىنى «ياسا» نىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن قىياس قىلغىلى بولىدۇ)، ئەمىرتىمۇر قوزغىغان ئۇرۇشلاردا روشەن ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ جەڭلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشىدىمۇ يىراقنى كۆرەرلىك يوق ئىدى. ئەمىرتىمۇرنىڭ ئىستېلاچىلىق پائالىيىتى چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاچىلىق پائالىيەتلىرى ياراتقاندىكىدەك تېخىمۇ كەڭ دۇنياۋى بىلىملەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلالمىدى، ھەتتا ئىقتىسادىي مۇددىئامۇ ئەمىرتىمۇرنىڭ ئىستېلاچىلىق پائالىيەتلىرىدە ھېچقانداق مۇھىم ئورۇندا تۇرمىدى. 1405 - يىلى ئەمىرتىمۇر ئوترارda ئۆلگەندىن كېيىن تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ

پارچىلىنىش ۋەزىيىتى ئىنتايىن روشەن تېزلەشتى. ئەمىر تىمۇر چىڭگىزخانغا ئوخشاش ئۆزى بويسۇندۇرغان رايونلارنىڭ مۇكەممەل ھالىتىنى ساقلاپ قالالايدىغان، ئۆز ۋارىسى بەلگىلەنگەن پەرمان جاكارلىمىدى. تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى تېزلا كۆپلىگەن مۇستەقىل دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، كونسېرى كۆپىيىۋاتقان كىچىك بەگلەر (ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمىر تىمۇرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى) ئەمىر تىمۇردىن قالغان ئازغىنە مىراسنى تالىشىپ توختىماستىن جەڭگى - جېدەل قىلىشتى.

ئەمىر تىمۇرنىڭ تۆت ئوغلىدىن جاھانگىر، ئۆمەرشەيخ ۋە مىرانشاھ ئاتىسىدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بولغاچقا، ئەمىر تىمۇرنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي، 4- ئوغۇل شاھرۇخ تەختكە چىقتى. ئەمىر تىمۇرنىڭ تىنىمسىز لەشكىري يۈرۈشلىرىدىن كېيىن، شاھرۇخنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (1405—1447) تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى تارىخىدىكى مۇستەھكەملەش ۋە نىسپىي مۇقىملىق مەزگىلى بولدى. شاھرۇخ تەقۋادار مۇسۇلمان ۋە ئىران مەدەنىيىتىنىڭ قىزغىن تېۋىنغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمىر تىمۇرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىمپېرىيىسىنى خۇراسانىنى مەركەز قىلغان ھەقىقىي ئىسلام سۇلتانلىقىغا ئۆزگەرتىپ چىقتى. ھېرات سەمەرقەندنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئەمىر تىمۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولدى. ماۋرائۇننەھر رايونىمۇ شاھرۇخنىڭ ئوغلى ئۇلۇغ بەگنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايون بولۇپ قالدى. شاھرۇخ ئاساسىي دىققەت- ئېتىبارىنى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ بىخەتەرلىكى بىۋاسىتە تەھدىتكە ئۇچرايدىغان ئىراننىڭ غەربىدىكى جايلارغا قاراتتى. جالائىر خاندانلىقىنىڭ ھالاكىتىگە ئەگىشىپ، ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدا، بولۇپمۇ ئەزەربەيجاندا خەتەرلىك بىر بوشلۇق رايون پەيدا

بولدى. XV ئەسىردە بۇ رايون جالائىر خاندانلىقىنىڭ ئەسلىدىكى ۋاسساللىرىدىن ۋان كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قارا قويۇنلۇ خاندانلىقى ۋە كېيىنچە دىياربەكىر رايونىدا باش كۆتۈرگەن ئاق قويۇنلۇ خاندانلىقى قاتارلىق ئوسمانىلار ھەربىي ئىتتىپاقىدىكى ئىككى تارماق قۇدرەتلىك قوشۇن تەرىپىدىن ئىگىلەندى. شاھرۇخ قارا قويۇنلۇ خاندانلىقى بىلەن تۇتۇشۇش جەريانىدا كۆرۈنەرلىك غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. ئەكسىچە، شاھرۇخ ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئىرانىنىڭ غەربىي قىسمى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ تەركىبى بولۇشتىن قالدى③. ئەمما، تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقا جايلىرىدا شاھرۇخ يەنىلا يۇكسەك شۆھرەت ساھىبى ئىدى. ئۇ ئامراق خانىشى گەۋھەرشاھنىڭ ياردىمىدە غايەت زور بايلىق ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، سەنئەتكار ۋە يازغۇچىلارنى قوغداپ قالدى، دىنىي ساھەنى قوللاپ، دىنىي ياردەملەرنى ئايىمىدى ھەمدە مەقبەرە ، مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى سالدۇردى. ھېرات، تاياباد، تۇربەتى شەيخ جام، خارجىرد، مەشھەد قاتارلىق جايلاردا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن تىمۇرىلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ ئىمارەتلەر دەل مۇشۇ شاھرۇخ دەۋرىدىكى كۆركەم بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ ۋەكىللىك جۇلاسى ئىدى. شاھرۇخ ئەۋلادلىرىدىن ئاستىرابادتىكى بايسۇنقار مىرزا تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىتاب ساقلىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. بايسۇنقار ھۆسنىخەتكە ناھايىتى ھېرىسمەن كىشى ئىدى، ئۇ يەنە خەتتات ۋە رەسساملارنىڭمۇ مەدەتكارى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماۋرائۇننەھرنىڭ باش ۋالىيسى ئۇلۇغ بەگ ۋەزىپىدە تۇرغان مەزگىللەردە ئاسترونومىيە جەدۋىلىگە ئىشلەش ۋە سەمەرقەندتىكى رەسەتخانا قۇرۇلۇشىنى پۇتكۇزۇشكە جىق كۈچ چىقاردى.

شاھرۇخنىڭ ئۆلۈمى بوش قالغان خانلىق تەختىنى تالىشىش

بويىچە جىددىي كۆرەشنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. 1447 - يىلىدىن 1449 - يىلىغىچە ئۇلۇغ بەگ تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ نامدىكى ھۆكۈمرانى بولدى. ئەمما، ئۇلۇغ بەگ رەقىبلىرىنىڭ ياكى يوشۇرۇن رەقىبلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغلى ئابدۇل لەتىفنىڭ تەھدىتلىرىگە ئۇچراپ كەلدى. ئۇلۇغ بەگ ۋە ئۇنىڭ يېنە بىر ئوغلى ئابدۇل ئەزىزنىڭ ئۆلۈمى، شۈبھىسىزكى ئابدۇل لەتىف بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇل لەتىف جىيەنى، شاھرۇخنىڭ يەنە بىر نەۋرىسى ئابدۇللا تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەمما، مىرانشاھنىڭ نەۋرىسى ئەبۇ سەئىد ئابدۇللانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئەبۇ سەئىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1451—1469) ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىققا تولغان مەزگىل بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراساندىكى ھۆكۈمرانلىقى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخىدىكى نىسپىي مۇقىم بولغان 2 - باسقۇچ بولۇپ قالدى. ئەبۇ سەئىد تىمۇرىلەر جەمەتىدىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمىر تىمۇر ۋە شاھرۇخقا تەقلىد قىلىپ، دەرۋىشلەرگە تولىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى، بولۇپمۇ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى قاتتىق قوغدىدى. ئەبۇ سەئىد ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، غەرب تەرەپتىكى ئاق قويۇنلۇ خانىدانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشىدىن ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەزەربەيجانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. ئەبۇ سەئىد ئەزەربەيجاندا ئۇزۇن ھەسەن (1466—1478) گە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندا، ئۇزۇن ھەسەن ئەبۇ سەئىدنى گەۋھەرشاھنىڭ بىر ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ ئانىسىنىڭ 1457 - يىلى ئەبۇ سەئىد

تەرىپىدىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقىدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئەبۇ سەئىدنى قەتلى قىلدى.

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىرىدىن چىققان ئاجايىپ قابىلىيەتلىك كىشى (بابۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) مەشھۇر ھۆكۈمران ئۆمەر شەيخنىڭ شەۋكەتلىك نەۋرىسى ھۇسەيىن بايقارا سۇلتان ئىدى. ھۇسەيىن بايقارا خارەزىم ۋە گۇرگانلارغا قوشۇن تارتتى، ئاخىرى خۇراساننى بويسۇندۇردى. ھۇسەيىن بايقارا 1470-يىلدىن 1506-يىلغىچە ئىزچىل ھېراتتا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. دېھلىنىڭ كەلگۈسى ئىستېلاچىسى بابۇر ھۇسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ھۇسەيىن بايقارانى «قىيىق كۆزلۈك، شىر بويلۇق ئادەم ئىدى. بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئىنچىكە ئىدى»④ دەيدۇ. دەسلەپ ھۇسەيىن بايقارا شىئە مەزھىپىگە قارىتا ياخشى پىكىردە بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە سۈننى مەزھىپىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى بولۇپ كەتتى. ئەمما، ھۇسەيىن بايقارا زادىلا روزا تۇتمايتتى، يەنە كېلىپ، بابۇرنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، ھەر كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن مەي ئىچەتتى. ھۇسەيىن بايقارا ئۆز خانىدانلىقىدا «ئۇلۇغ قىلىچۋاز» دېگەن شۆھرەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ يەنە قوچقار، خوراز سوقۇشتۇرۇش، كەپتەرۋازلىق قاتارلىقلارغا قاتتىق ھەۋەس قىلاتتى. XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ھېراتلىقلار زامانداشلىرىنىڭ ھېراتلىقلاردا كەڭ ئەۋج ئالغان ئەيشى-ئىشرەت، كەيپى-ساپا خاھىشىغا ئاشۇ ھۆكۈمران ۋە ئۇ تەشەببۇس قىلغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش كەيپىياتى سەۋەبچى دەپ قارىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

لېكىن، ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ مەدەنىيەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئوردىسىغا

سازەندىلەر، شائىرلار، رەسساملار ۋە ئۆلىمالار توپلانغان، ئۇلار بۇ يەردە بەكلا ئەتىۋارلىناتتى. ئىراننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۈيۈك كلاسسىك شائىرى جامى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھىمايىسىدە ياشىغانىدى. ئانچە نامى چىقمىغان كۆپلىگەن شائىرلار، تارىخشۇناسلار، مەسىلەن: مىرخۋەند، خاندەمىر ۋە ئىراننىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «تەزكىرە.تۇششۇئەرا» نىڭ مۇئەللىپى دەۋلەتشاھ، يەنە باشقا ھەرقانداق كىشىگە سېلىشتۇرغاندا، چاغاتاي تۈركچىسىنى ئەدەبىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇرالىغان مىر ئەلشىر نەۋائى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگىلا ھۈسەيىن بايقارا ھامىيلىق قىلغانىدى. تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ تولۇقلىمىسى گۈزەل سەنئەت جەھەتتىكى ئىختىرالار ئىدى. ھېرات ۋە بەلكىتتىكى XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سانجاق ـ سانجاق ئىمارەتلەر يۇكسەك ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان بېزەكچىلىك سەنئىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بىز بىھزاد ۋە پۈتكۈل ھېرات ئېقىمىدىكى سەنئەتكارلارنىڭ ئەپچىل رەسىمنى ئالاھىدىلىك قىلغان نەپىس قول ھۈنەر سەنئىتىدىن، ئاشۇ ھۆسنىخەتلەر ۋە كىتاب بېزەكلىرىنىڭ قوشۇمچە رولىدىن بىناكارلىق سەنئىتىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغان بېزەكچىلىك كارامەتلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھۆكۈمرانلىق زامانى تىلغا ئېلىنغاندا، بابۇر تولۇپ ـ تاشقان ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئومۇمەن دۇنيادىكى ئىنسان ياشىغانلىكى جاينىڭ ھېچيېرىدە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھېراتتەك شەھەرنى كۆرمىدىم» ⑤. بابۇر چوڭقۇر ھېرىسمەنلىك بىلەن ئاشۇ دەۋرنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ: «سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ زامانى پارلاق بىر دەۋر ئىدى، بۇ مەزگىلدە خۇراساندا،

ئالدى بىلەن ھېراتتا ئىلىم ـ ئىرپاندا كامالەتكە يەتكەن تەڭداشسىز ئۆلىمالار جەم بولغانىدى. كىشىلەر مەيلى نېمىلا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىسۇن، ئۆز كەسپىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا بىجانىدىللىق بىلەن تىرىشاتتى»⑥.

ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ھېراتتا ئاۋات ۋە گۈللەنگەن مەنزىرە بارلىققا كەلدى. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماۋرائۇننەھر رايونى ئەمىرتىمۇر ئەۋلادلىرىنىڭ توختاۋسىز چاڭجاللىشىش سورۇنى بولۇپ قالدى. ئەمىرتىمۇرنىڭ بۇ ئەۋلادلىرى بابۇرنىڭ بوۋىسى ئەبۇ سەئىدنى مەنبە قىلغان تىمۇرىلەر سىستېمىسى ۋە بابۇرنىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى يۇنۇس خاننى مەنبە قىلغان چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى سىستېمىسىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ جاڭجاللاردىكى تىمۇرىلەر سىستېمىسىدا بابۇرمۇ بار ئىدى. بابۇر ۋە ئۇنىڭ جىيەنلىرى فەرغانە ۋە سەمەرقەندنىڭ پادىشاھلىقىنى تالىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدا مۇھەممەد شايبانى ھۆكۈمرانلىقىدىكى يېڭى ۋە قورقۇنچلۇق بىر قۇدرەتلىك دۆلەت ئۆزبېك دۆلىتى قۇرۇلدى. شايبانى — بەختسىز ئابۇلخەيرىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئابۇلخەيرىنىڭ نەۋرىسى بولغاچقا ئۇمۇ بابۇرغا ئوخشاش چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ھېسابلىناتتى.

مۇھەممەد شايبانى تەخمىنەن 1451-يىلى تۇغۇلغان. 1468-، 1469 - يىللىرى دادىسى ۋە بوۋىسى ئارقا - ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتكەچكە ھىمايىچىسىز قالغان شايبانى تىكەندەك يالغۇز قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاراقچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈردى، ئاخىرى موغۇلىستان ھۆكۈمرانى مەھمۇد بىننى يۇنۇس خان ئۇچۇن خىزمەت قىلدى. ئابۇلخەيرى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۆزبېك قەبىلىلىرى ئاللىقاچان پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. ئەمما، شايبانى ناھايىتى تېزلا

نام چىقىرىپ، ئۆزبېك قەبىلىلىرىنىڭ يېگانە سەردارى بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمىر تىمۇرنىڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرۇشلىرىدىن قىپچاقلغان بارلىق كىچىك سۇيۇرغاللىق زېمىنلارنى بىر - بىرلەپ تارتىۋالدى. تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئەمىرلەر ئۆزئارا قىرغىنچىلىققا باشچىلاپ كىرىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ تەخت تارتىۋالغۇچىغا قارشى بىرلىككە كەلگەن جەڭ سېپى تەشكىللىيەلمىدى. ھۇسەيىن بايقارا مۇھەممەد شەيبانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىتچىت قىلىۋېتەلىگۇدەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، تەھدىتكە دۇچ كەلگەن تۇغقانلىرىغا ياردەم بېرىشنى رەت قىلدى. شۇڭا، 1500 - يىلغا كەلگەندە مۇھەممەد شايبانى تەبىئىي ھالدا ماۋرائۇننەھرنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدى. شۇ يىلى ئۇ بۇخارا، قارشى ۋە سەمەرقەند شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بابۇر قارشى ۋە سەمەرقەندنى تارتىۋېلىپ، مۇھەممەد شايبانىنىڭ كېڭەيمىچىلىك يولىنى ۋاقتىنچە توسۇپ قويدى. ئەمما، بابۇر ئۆزبېكلەرنى بۇخارادىن قوغلىۋېتەلمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد شايبانى بۇخارادىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، سارىقۇلدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە بابۇرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ماۋرائۇننەھرنىڭ قايتىدىن ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى بىلەن مۇھەممەد شايبانى بويسۇندۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ھەتتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، بەلىخ ۋە قۇندۇز شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شايبانى يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى پاسىبانى مۇھەممەدنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى تاشكەنت ۋە فەرغانە ۋادىسىغا ھەيدىۋەتتى. 1505-، 1506 - يىللىرى شايبانى ھۇسەيىن بايقارانىڭ تەۋەلىكىدىكى خارەزمنى ئىشغال قىلىۋالدى.

شايبانىنىڭ خارەزمگە ھۇجۇم قىلىشى ئۇنىڭ تىمۇرىلەر

ئىمپېرىيىسىنىڭ قالدۇق تەكەببۇر ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئۇزەڭگۈ سوقۇشتۇرۇپ بېقىشقا ھەرقاچان تەييار تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئەمما، 1506 - يىل 5 - ئايدا سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئىقتىدارسىز ئىككى ئوغلى ناھايىتى تېزلا ھېراتتا بىرلىكتە باشقۇرۇلىدىغان بىر ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقتى. بابۇر بۇ ۋاقىتتا ئافغانىستان ( بەدەخشان، 1503 - يىلى، كابۇل 1504 - يىلى ، قەندەھار 1507 - يىلى ) دا ئۆزىنىڭ يېڭى خانلىقىنى قۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتاتتى. قېرىنداشلىرىنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقان ئۆزبېكلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن، بابۇر تېزدىن ھېراتقا قايتتى. ئەمما، ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ھېچنەرسىگە كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بايقىدى. بابۇر ئۇزۇن مۇددەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەت يوق دەپ قاراپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغىنىچە كېتىپ قالدى ھەمدە سەئىدىنىڭ « ئون دەرۋىش بىر كىگىزدە ياتالىغىنى بىلەن ئىككى پادىشاھ بىر مەملىكەتكە سىغمايدۇ » دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد شايبانى ھېچبىر قارشىلىقسىزلا ھېراتقا كىردى. ئۇلار ھېراتتا سابىق خاندانلىقنىڭ يىغقان پۈتۈن دەپئى - دۇنياسىنى قولىغا چۈشۈردى. ئەمما، شايبانى ھېراتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئادەتتىن تاشقىرى كەڭ قورساق بولۇپ كەتتى. بۇ، ئېھتىمال شايبانى بىر شانۇ شەۋكەتلىك ئىستېلاچى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ھامىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇشۇ جەھەتلەردە مەرھۇم سۇلتاندىن ئېشىپ كەتمەكنى ئۈمىد قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك. ناۋادا بابۇرنىڭ خاتىرىسى ئىشەنچلىك بولىدىغان بولسا، شايبانى رەسساملىقتا ھەتتا بېھزادقا كۆرسەتمە بەرمەكچى بولغان.

كابۇل ئەمدىلىكتە ئەمىر تىمۇر ئەۋلادلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى

پاناھ جايى بولۇپ قالغانىدى. مۇھەممەد شايبانى جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ قەندەھارغا يېتىپ كەلگەندە، قەندەھارغا ھۆكۇمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئارغۇن خانىدانلىقى ھۆكۇمرانلىرى شەپنى ئاتلاپلا تىكىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن شايبانىنىڭ كابۇلنى ئىگىلەپ، ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشى مۇقىملىشىپ قالدى. بىراق، شايبانىنىڭ ئىستىلاسى ئادەتتىن تاشقىرى تېز بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ توختاپ دەم ئالغاچ قازانغان غەلىبىلىرىنى مۇستەھكەملىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. مۇشۇ مەزگىللەردە سىر دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بۇرۇندۇق خان (1488—1509)، ۋە قاسىم خان (1509—1518) لارنىڭ ھۆكۇمرانلىقىدا كۈنسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقان قازاقلار ماۋرائۇننەھرگە نىسبەتەن دائىملىق تەھدىت بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىراندا سافاۋىلار خانىدانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى شاھ ئىسمائىل (1502—1524) نىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. مۇھەممەد شايبانى ھىراتنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، خۇراسان ئۆزبېك ئىستىلاچىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا مەشھەد، تۇربەتى شەيخ جام، نىشاپۇر، سەبزەۋەر، ھەتتا دامغان ۋە كىرمان شەھەرلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئەمەلىيەتتە، تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن تارتىپ، ئىراننىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي رايونلىرى بىر بوش رايونغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمدىلىكتە بولسا، خۇددى دەسلەپكى چاغلاردا ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىن كەلگەن ئىستىلاچىلارغا ئوخشاش، ئۆزبېكلەر تېزلا بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىدىغاندەك قىلاتتى.

روشەنكى، شاھ ئىسمائىل جەڭ قىلمايلا خۇراسان رايونى ۋە ئۇنىڭ باي شەھەرلىرىنى بىكاردىن - بىكار تارتقۇزۇپ قويۇشقا قاراپ تۇرالمايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئۆز

تېپىررىستورىيىسىنىڭ ئىچىدە غەربكە يۈرۈش قىلىپ يىراقتىكى دامغانغا ياكى جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ كىرمان رايونىغا قەدەر كېلىشكە يول قويۇپ، ئۆز ئابرويىنى قاتتىق تۆكۈۋېلىشنى خالىمايتتى. شايبانى بىلەن شاھ ئىسمائىلدىن ئىبارەت بۇ ئىككى نەپەر بۈيۈك جەڭچى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئەسلىدىنلا ناھايىتى كەسكىن ئۇرۇش ئىدى، مەزھەپ ئىختىلابى بىلەن بۇ ئۇرۇشقا يەنە بىر تۈرلۈك ئەسەبىي ياۋايىلىق قوشۇلدى. شاھ ئىسمائىل ئەردەبىل ئىماملىرىنىڭ شىئە مۇرتلىرىغا خاس قىزغىنلىقىنى نامايان قىلسا، مۇھەممەد شايبانى ۋە ئۇنىڭ ئۆزبېكلىرى سۈننى مەزھىپىدە مەھكەم تۇردى. 1510 - يىلى شاھ ئىسمائىل خۇراسانغا كىردى ۋە قارشىلىقسىزلا مەشھەدنى ئىگىلىدى. شۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرىكى بىر نەچچە ئايدا مۇھەممەد شايبانىنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقى بىزگە ئېنىق ئەمەس. ئۇ بۇ ۋاقىتتا بەلكىم قازاقلارغا قارىتا تېز ۋە غەلىبىلىك بولغان جەڭنى قوزغىغان بولسا كېرەك. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇنىڭ ئوغلى قازاقلارغا قارىتىلغان يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى، ئەمما، بۇ قېتىمقى جەڭ ئاپەت خاراكتېرلىك نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتى⑦. ئۆزبېكلەر قازاقلاردىن بۇرۇنغا يېڭەن بولغاچقا، مۇھەممەد شايبانى ئېھتىمال ھېرىپ - چارچىغان، جەڭگىۋارلىقى سۇس قوشۇننى باشلاپ شاھ ئىسمائىلغا قارشى جەڭگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىككى قوشۇن شۇ يىلى 11 - ئايدا مەرۋىگە يېقىن جايدا ئۇچراشتى. كەسكىن تۇتۇشۇشتىن كېيىن، ئۆزبېك قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، مۇھەممەد شايبانى ئۆلتۈرۈلدى. شاھ ئىسمائىل يارلىق چۈشۈرۈپ شايبانىنىڭ باش سۆڭىكىگە ئالتۇن قاپلىتىپ مەي جامى قىلدۇرۇپ، باش تېرىسىگە سامان تىقىپ، ئوسمانلىلار سۇلتانى بايەزىد II گە ئەۋەتىپ بەردى. (يەنە بىر قاراشتىكىلەر مىسىردىكى مەملۇك سۇلتانلىقىغا ئەۋەتىپ

بېرىلگەن، دەپ قارايدۇ). چۈنكى، بايەزىد II ئۆزبېكلەرنىڭ ساڧاۋى خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇشىدىكى نامدىكى ئىتتىپاقدىشى ئىدى. مەرۋىدىكى باشسىمان ئېھرام دەل شاھ ئىسمائىلنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغانىدى.

مۇھەممەد شايبانىنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇنداق بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستېلاچىلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەنئەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر مۇنەۋۋەر يېتەكچى ئىدى. شايبانى يۇقىرى بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە تالانتلىق كىشى ئىدى. ئۇ ئوغۇللىرى ۋە لەشكەرلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنىڭ چاغاتاي تۈركچىسىدە ئىسلامنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىنى يازدۇردى، ئۇ يەنە چاغاتاي تۈركچىسىدە ياخشى شېئىرلارنى يازغانىدى. شايبانى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن خەۋەردار ئىدى، ئۇ ھەتتا ئانچە سەۋىيىلىك بولۇپ كەتمىسىمۇ، بەزى پارسچە شېئىرلارنى يازغانىدى. ئۇ يىراق مۇساپىلىك لەشكىرىي يۈرۈشلەردە بىر «كۆچمە كۇتۇپخانا» نى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى. ئەمىر تىمۇر ئەۋلادلىرى شايبانىنى بىر ياۋايى دەپ قارىسىمۇ، ئەمما، شايبانىنىڭ يېنىدىن بىر توپ شائىرلار، ئالىملار ۋە روھانىيلار نېرى بولمايتتى. ئاشۇ روھانىيلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شايبانىنىڭ ئوردىسى شىئەلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھلىق تىلەپ كەلگەن ئىرانلىق سۈننىي مەزھىپىدىكى ئالىملارنىڭ تەبىئىي پاناھگاھى ئىدى.

شاھ ئىسمائىل خۇراسانغا كىرىپ، مەرۋى جېڭىدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھېرات ۋە بەلخنى ئىگىلىدى ھەم يەنە بىر قېتىم ئامۇ دەرياسىنى ئىراننىڭ چېگرىسى قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللىقاچان شاھ ئىسمائىلنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ قالغان بابۇر تېزدىن كابۇلدىن شىمالغا مېڭىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە قارشى، بۇخارا، سەمەرقەند شەھەرلىرىگە

غەلىبىلىك يۈرۈش قىلدى. مالىمانچىلىقتا چۈشكەن ئۆزبېكلەر تېزلا بۇ رايونلاردىن چېكىنىپ چىقتى. 1511 - يىلى بابۇر سەمەرقەند ئاھالىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار ئۇلۇغ ئەمىر تىمۇر ئەۋلادىنىڭ ئۆزلىرىگە يەنە ھۆكۈمران بولغانلىقىدىن چەكسىز خۇرسەن بولدى. ئەمما، ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. بابۇرنىڭ ھىماتچىسى سافاۋى خانىدانلىقى بولغاچقا، خانىدانلىق تەۋەلىكىدىكى شىئە قىسىملىرىمۇ بابۇرغا ئەگىشىپ ماۋرائۇننەھرگە كىردى. بۇنىڭ بىلەن بابۇرنىڭ ئابرويى بىراقلا تۆكۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان جانىبېك ۋە ئۇبەيدۇللا (مۇھەممەد شايبانىنىڭ نەۋرە ئىنىسى ۋە جىيەنى) دىن ئىبارەت ئىككى قوماندان ئۆزبېكلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئاشۇ پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇبەيدۇللا 3000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن بۇخاراغا يۈرۈش قىلغاندا، بابۇر دەرھال بىر بۆلۈك زور قوشۇننى باشلاپ سەمەرقەندتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئۇبەيدۇللاغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. ئۇبەيدۇللا قوشۇنى بابۇرنىڭ ھۇجۇمىدا چېكىندى. ئەمما، قۇل مالىك رايونىدا ئۇبەيدۇللا ۋەزىيەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، ۋەزىيەت پۈتۈنلەي پايدىسىز ئەھۋالدا بىر قېتىملىق ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى (1512 - يىلى). سەمەرقەندكە ئارانلا سەككىز ئاي ھۆكۈمران بولغان بابۇر شەھەرنى تاشلاپ، شاھ ئىسمائىلدىن ياردەم سوراش مەقسىتىدە ھىسسارغا قاچتى. شاھ ئىسمائىلنىڭ 60 مىڭ كىشىلىك پارس قوشۇنى بابۇرنىڭ سېپىگە قوشۇلدى، بابۇر ئەمىر يار ئەھمەد خۇزانى باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇننىڭ ياردىمىدە قارشىنى يەنە بىر قېتىم ئوڭايلا تارتىۋالدى ھەم ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا شەھەردە چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى (ئۇبەيدۇللانىڭ بىر ئىنىسىمۇ ئۆلتۈرۈلدى). شۇنىڭدىن كېيىن بىرلەشمە قوشۇن

قوماندانلىرى سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىشتىن ئىلگىرى، ئاۋۋال غاجدىۋان قورغىنىنى قورشىۋالدى. بۇ قورغاندا ئازغىنە ئۆزبېك قوشۇنلىرى تۇرۇۋاتاتتى. ئۇبەيدۇللا ۋە جانىبېك زور قوشۇننى يېتەكلەپ غاجدىۋان مۇھاسىرىسىنى بىكار قىلىشقا ئاتلاندى ھەمدە قورغانغا يېقىن كېلىدىغان جايدىكى جەڭدە ئېلىشىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ئەمىر يار ئەھمەد خۇزانى ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئۇبەيدۇللانىڭ بۇيرۇقى بويىچە چېپىپ تاشلاندى. ئىلاجىسىز كابۇلغا چېكىنگەن بابۇر ماۋرائۇننەھرگە قايتىشقا قايتا قادىر بولالمىدى. ئەمىر تىمۇر ئەۋلادلىرى بىلەن سافاۋى خانىدانلىقىنىڭ ئۆزبېكلەرگە قارشى بۇ ئۇرۇشىدا شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننى مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىدىكى، ھەتتا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دۇغلات (بابۇرنىڭ نەۋرە ئىنىسى، ئۇ سۈننىي مەزھىپىدە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئۆزبېكلەرگە نىسبەتەن ياخشى قاراشتا ئەمەس ئىدى) مۇ غاجدىۋان ئۇرۇشىنى «ئىسلامنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى كۇپپارلار ۋە دىنسىزلارنىڭ ئىبلىس قوللىرىنى قايرىپ تاشلىدى، غەلىبە ھەقىقىي ئېتىقادنى دەلىللىدى، ئىسلام غەلىبىسىنىڭ بورانلىرىدا بۆلگۈنچىلەرنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى سۇپۇرۇپ تاشلاندى»⑧ دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

1526 ـ يىلى پانىپاتتىكى 1-قېتىملىق ئۇرۇشتا بابۇر شىمالىي ھىندىستاننىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن موغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئۇل سېلىندى. بابۇر ئەۋلادلىرىنىڭ موغۇل ئىمپېرىيىسىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقى 1739 ـ يىلغا قەدەر داۋام قىلدى. دېھلى ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە بولسا، 1857 ـ يىلغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بابۇر ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەندىن

كېيىن ئاز دېگەندىمۇ ئىككى ئەسىرگىچە ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالى ئارقىلىق مىڭبىر جاپالار بىلەن باي بولۇش ۋە نام قازىنىش ئۈمىدىدە ھىندىستانغا كەلگەن ئەۋكەرلەر، ئەمەلدارلار، ئۆلىمالار، سەنئەتكارلار، تەۋەككۇلچىلەر ھەمدە پاناھلانغۇچىلار دېگەندەك كىشىلەرنىڭ ۋاستىچىلىكىدە، دېھلى خانىدانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا خاندانلىقى بىلەن ئىزچىل زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى. 1530 - يىلى بابۇر ئۆلگەندىن كېيىنكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئەجدادلىرىنىڭ مىراسلىرىغا قايتا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىشتىن باشقا، ھەر دائىم چوڭ تاغنىڭ شىمالىدىكى قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ كويىدا بولۇپ كەلدى. موغۇل ئىمپېرىيىسى غەربىي شىمال چېگرىسىنى ئۆزبېكلەر ۋە سافاۋى خانىدانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تىنچسىز قوشنىسىنىڭ پاراكەندە قىلىشىدىن ھەمدە ئۆزبېكلەر بىر كۈنلەردە تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ ھىندىستانغا بېسىپ كىرەمدىكىن، دېگەن ئەندىشىدە تۇپەيلىدىن، ئافغانىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغ تىزمىلىرىنى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى سودا يولىنى كونترول قىلىشقا ھەمدە لەشكىرىي كۈچى، ئات-ئۇلاقلار بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ھىندىستاندا تۇرۇپ دۆلەت نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان غەيرىي دىندىكى ھىندى پۇقرالىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كەلگۈندى مۇسۇلمان خانىدانلىقىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ-تۇرۇشىدىكى بىر مۇتلەق زۆرۈر شەرت لەشكەر ۋە ئاتلارنىڭ تولۇقلىنىپ تۇرۇشى ئىدى.

ھالبۇكى، بۇ خىيال ئەزەلدىن ئىشقا ئېشىپ باقمىدى. پانىپات ئۇرۇشىدىن كېيىن، بابۇر پۈتكۈل زېھنىنى شىمالىي ھىندىستاندىكى بويسۇندۇرۇلغان رايونلارنى مۇستەھكەملەشكە

قاراتتى. بابۇر تولىمۇ دانا ئىدى، ئۇ ئۇبەيدۇللا بىلەن قايتىدىن توقۇنۇشۇپ قېلىشتەك خەتەرگە تەۋەككۇل قىلمىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ھۇمايۇنمۇ ئاتىسىنىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشقا ئارانلا قادىر بولالىدى⑨. ئەكبەر (1556—1605) گە كەلسەك، ئۇ ھىندىستاندىكى ئۇرۇش ۋە مەمۇرىي ئىشلارغا باشچىلاپ كىرىپ كەتتى. ئەكبەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زامانلاردا ماۋرائۇننەھر شايبانى خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغان ئابدۇللا Ⅱ (1583—1598) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى، ئابدۇللا ئەكبەرنىڭ بەدەخشان ۋە تۇخارىستاندا تۇرۇۋاتقان تىمۇرىلەر جەمەتىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قوغلاپ چىقارغانىدى. كىشىلەر ئەكبەر ئۆزبېكلەرنىڭ كابۇل ۋە پەنجاپقا ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقىنى مۆلچەرلەپ، 1558-يىلدىن 1598 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىمالىي ھىندىستاندا تۇرۇپ قالغان، دەپ قارايدۇ⑩. ئەكبەرنىڭ ئوغلى جاھانگىر لەقۋىلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۆز تەۋەلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا سىرتىدا ئۇرۇش قىلىشنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئەمما، ئەلەم بىلەن شان - شەرەپ قوچۇشقا خۇشتار شاھ جاھان (1627—1659) زامانىدا ھىندىستاندىكى تىمۇرىلەر خاندانلىقى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تىرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سابىق تېررىتورىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. ئەمما، 1646 -، 1647 - يىللىرىدىكى بەلخنى ئىگىلەش ئۇلار ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئاپەت خاراكتېرلىك مەغلۇبىيەت بولدى. شاھ جاھاننىڭ ۋارىسى بولغان ئەۋرەڭزىبمۇ بۇ قېتىمقى ئادەمنى مەيۈسلەندۈرىدىغان خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدى. ئېھتىمال، ئەۋرەڭزىب ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە بولسا كېرەك (1659—1707)، ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى جەنۇبقا كېڭەيىشكە قارىتىپ،

دېكاندىكى سۇلتانلارغا قارشى چىقتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا داۋاملىق ئۇرۇش قوزغىغاندا، پەقەت ئادەم كۈچى ۋە مالىيە جەھەتلەردىكى تېخىمۇ ئېغىر ھالاكەتلىك زىيانلاردىن باشقا، ھېچنەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، دېگەن تونۇش ئاساسىدا بولغانىدى⑪. XVII ئەسىرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا، شاھ جاھاننىڭ ئۆزبېكلەردىن بەلخنى، سافاۋى خانىدانلىقىدىن قەندەھارنى تارتىۋالماقچى بولۇشى پۈتۈنلەي خام خىيال، شۇنداقلا غايەت زور چىقىم كېتىدىغان ئىش ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇنداق قىلغاندا، XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مالىيە كرىزىسى ئېغىرلاپ، سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەبچى بولۇپ قالاتتى. بىراق، ئەمەلىيەت ئۇلۇغ موغۇل خانىدانلىقىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ ئافغانىستاندىكى غەلىبىسىدىنمۇ چوڭراق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەجدادلىرىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەمىر تىمۇرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئىمپېرىيە ھالاك بولغانغا قەدەر ساقلاپ كەلدى. موغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستاندا شاھ جاھاننىڭ ئوردىسىدا يېزىلغان مەشھۇر «مۇلغۇزاتى تىمۇرى» نىڭ دۇنياغا كېلىشى ( شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنىڭ ساختا ئەسەر بولۇش ئىمكانىيىتىمۇ مەۋجۇت ) ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ھېچقانچە رول ئوينىمىدى. تىمۇرىلەر خانىدانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسىنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مىلىتارىست دېيىشكە بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ يوقاتقىنى ياراتقىنىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھاياتى

چىڭگىزخانغا ئوخشاش كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك جەزبىدارلىققا ئىگە بولالمىدى. ئەمىرتىمۇرنىڭ ئەۋلادلىرى ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراساننى ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ، پاكىتلار ئۇلارنىڭ ئادەتتىكىچە، ھەتتا ھاماقەت ھۆكۈمرانلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇلار سىرتتىن كەلگەن خەۋپ ئالدىدا، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ جەمەت ماجرالىرىنى كونترول قىلىشقىمۇ قادىر بولالمىدى. پەقەت ھىندىستاندىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن ئەمىرتىمۇر جەمەتىنىڭ ئىدارە قىلىش تالانتى نامايان بولدى. ئەمما، مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆھپىسى تەڭداشسىز بولدى. ئۇلار پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۈيۈك دەۋرىگە ھۆكۈمران بولالىدى، شۇنداقلا بىر تۈرلۈك ئەدەبىي تىل بولغان چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار سېخىيلىق بىلەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھېرات، مەشھەد، بۇخارا ۋە سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردا ھەشەمەتلىك مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇلار رەسساملار ۋە خەتتاتلارنى دانالىق بىلەن قوغداپ قېلىپ، پېرسىيىنىڭ مۇنەۋۋەر رەسىملىرىنىڭ ۋە قولىيازمىلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. ئەگەر ئاشۇ خانىدانلىق بولمىغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇنچىلىك مىراس قالمىغان بولاتتى.

## ئىزاھلار:

① ۋ. ۋ.بارتولد: « ئۇلۇغ بەگ »، لېيدېن، 1963 - يىل نەشرى، 25 - بەت .

② ج. ئاۋبىن : «ئەمىرتىمۇر شەھەرلەرنى قانداق تارتىۋالاتتى»، «ئىسلام تەتقىقاتى»، XXI ، 1963-يىل نەشرى.

③ XV ئەسىردىكى ئىران ھەققىدە، ۋ. مىنورىسكىنىڭ « تۈركىيە بىلەن ۋېنىتسىيە ئوتتۇرىسىدىكى XV ئەسىر پارسلىرى»؛ « XV ئەسىردىكى پارسلار» دېگەن ئەسەرلىرىگە ۋە ساۋورىنىڭ : « ئەمىرتىمۇرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن پېرسىيىدىكى سەلتەنەت

تالىشىش كۆرەشلىرى » دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

④ ئا. س .. بېۋېرىج : ئىنگلىزچە «بابۇرنامە»، I توم ، 258 ـ بەت .

⑤ يۇقىرىقى ئەسەر I توم 300 ـ بەت .

⑥ يۇقىرىقى ئەسەر I توم 283 ـ بەت . تىمۇرىلەر ئەۋلادلىرىدىن چىققان پەۋقۇلئاددە شەخس مىرزا ئىسكەندەر بىننى ئۆمەر شەيخنىڭ ئالىملارنى قانداق قوغدىغانلىقى ھەققىدە ئاۋبىن تەپسىلىي بايان قىلغان. ( ج. ئاۋبىن : « ئەمىرتىمۇرنىڭ شىرازنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا قىلغان ھامىيلىقى» ، «ئىسلام تەتقىقاتى» ،VIII، 1957) .
سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغ بەگنىڭ ئاسترونومىيە تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە سايىلى تولۇق مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن ( ئا. سايىلى : « ئىسلام رەسەتخانىسى » ، ئەنقەرە، 1960- يىل نەشرى، 258-بەتتىن 289-بەتكىچە.

⑦ مۇھەممەد شايبانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىلغان جېڭى ھەققىدە ئوخشاشمىغان ئىككى خىل پىكىر بار. ن. ئېلىئاسنىڭ: «خۇراساندىكى بىر پارچە ساختا ئابىدە» دېگەن ئەسىرىگە ۋە خ.بېۋېرىجنىڭ: «پەنجمانا مەڭگۈ تېشىغا ئىلاۋە» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. مۇشۇ ۋاقىتلاردىكى ئىران ھەققىدە گ.سارۋارنىڭ «شاھ ئىسمائىل سەفاۋىنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑧ ن. ئېلىئاس، د. روس: «تارىخى رەشىدى» ، ئىنگلىزچە، 261 ـ بەت.

⑨ بۇ ھەقتىكى نوپۇزلۇق ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە: ۋ. ئېرسكىنې: «ئەمىرتىمۇر جەمەتىدىن بولغان ئىككى ھۆكۈمران: بابۇر ۋە ھۇمايۇن دەۋرىدىكى ھىندىستان تارىخى» ، لوندون، 1854 -يىل نەشرى؛ ل. ف. رۇشبروك ۋىللىيامس: « XVI ئەسىردىكى ئىمپېرىيە قۇرغۇچىلىرى» ، لوندون، 1918 ـ يىل نەشرى؛ ر. س. ۋارما:«بۈيۈك موغۇللار ۋە ماۋرائۇننەھر» ـ «ئىسلام پەسىللىك ژۇرنىلى»، 1955 ـ يىل نەشرى.

⑩ ج. برىگس: «ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى (1812 ـ يىلىغا قەدەر) » كالكۇتتا، 1908-،1910-يىل نەشرى، II توم، 276 ـ بەت. ئابدۇللا بىلەن ئەكبەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ئەبۇل فازىلنىڭ :«ئەكبەرنامە» ۋە ر.س. ۋارمانىڭ:«ئەكبەر ۋە ئابدۇللاخان» دېگەن ئەسەرلىرىگە قارالسۇن.

⑪ ر.س. ۋارما:«ماۋرائۇننەھردىكى مۇغۇل ئىمپېرىيىسى» ـ «ئىسلام مەدەنىيىتى» ، 1948-يىل نەشرى؛ ب. پ. ساكسېنا: «دېھلىدىكى شاھ جاھاننىڭ تارىخى» ، ئاللاھئاباد، 1962- يىل نەشرى، 182-بەتتىن 209 ـ بەتكىچە.

# XII باب شايبانىلار خاندانلىقى

تىمۇرىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئىمپېرىيىسى 1-قېتىم 1468 - ، 1469 - يىللىرى يەنى ئابۇلخەيرى ئالەمدىن ئۆتكەندە، 2-قېتىم مۇھەممەد شايبانى مەرۋى ئورۇشىدا ئۆلگەندە ئىككى قېتىم ئۆزبېكلەرنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلدى. ئەمما، غاجدىۋان ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئۆزبېكلەر 1501 - يىلى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان بارلىق نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ماۋرائۇننەھر رايونى شايبانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەردارلىرىغا بۆلۈپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ تەۋەلىكى بولۇپ قالدى. بەلىخ، بۇخارا، سەمەرقەند، تاشكەنت ۋە باشقا جايلاردا بولسا يەرلىك ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلدى. مۇھەممەد شايبانىنىڭ تاغىسى، ياشقا ئەڭ چوڭ شايبانىلار خانى كۆچكۆنچى تەڭداشسىز پادىشاھ دەپ ئېتىراپ قىلىندى. كۆچكۆنچىنىڭ ئىسمى يېگانە ھالدا تەڭگىلەرگە چۈشۈرۈلدى، خۇتبەلەردە ئۇنىڭ نامىغا مەدھىيىلەر ئوقۇلدى. كۆچكۆنچى 1510 - يىلدىن 1530 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ئەبۇ سەئىد 1530 - يىلدىن 1533 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئارقىدىن ئۇبەيدۇللا ۋارىسلىق قىلدى. 1539 - يىلى ئۇبەيدۇللا ئۆلدى. مۇھەممەد شايبانى ئۆلگەندىن كېيىنكى ئۆزبېك خانلىرى ئارىسىدا ئۇبەيدۇللا ئەڭ زور تەسىرگە ئىگە شەخس بولدى، دەل شۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزبېكلەرنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى ھۆكۈمرانلىقى

ئاخىرقى ھېسابتا مۇستەھكەملىدى.

ئۇبەيدۇللاخان 1476 - يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆزبېك تارىخىدىكى بىر مۇھىم شەخس ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد شايبانى ھايات ۋاقتىدا ئۇبەيدۇللا بۇخارانى باشقۇرۇشقا قويۇلدى، شۇڭا ئۇ ياش ۋاقتىدىلا بىر جەڭچى ۋە مەمۇرىي ئەمەلداردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇپ بولغانىدى. مۇھەممەد شايبانى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇبەيدۇللا ئەمدىلا 34 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ قالغان يېرىمىدا تېپىك سۈننى مەزھىپىدىكى ھۆكۈمران بولغاندىن سىرت، يەنە «ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن خان» دېگەن شۆھرەتكە ئېرىشتى، يەنە كېلىپ ئۇبەيدۇللا ئالىملار ۋە شائىرلارنىڭ ھامىيسى ئىدى. ئۇبەيدۇللانىڭ ئۆزى خۇددى ئۆزبېكلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، شىئە مەزھىپىدىكى ھەسەنى رۇملۇ ئىلاجىسىز ئېتىراپ قىلغاندەك «شېئىرىيەتتە تەڭداشسىز» ئىدى①. سۇنماس روھقا ئىگە ئۇبەيدۇللا خان ئاخىر تىمۇرىلەر ئەۋلادلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باغى - ئېرەملىرىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقى بىلەن ئالاھىدە شۆھرەت قازانغانىدى. ئۇ خۇراساننى شايبانىلار ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن ئىرانغا قايتا - قايتا بېسىپ كىردى. بىراق، ئەمەلىيەت ئۇبەيدۇللانىڭ شاھ تاھمەسىب (1542—1576) نى بويسۇندۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى②: ئۆزبېكلەرنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا كېڭىيىشىنى توسۇپ قالغانلىقى (ياكى ئېلبۇرس ۋە پاروپامىسۇس تاغلىرى توسۇپ تۇرغان ئۆزبېكلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبقا قاراپ كېڭىيىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى) ئۈچۈن، سافاۋىلار خاندانلىقى ماۋرائۇننەھرنى ئىسلام دۇنياسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئايرىپ تاشلىدى. بۇ ھالەت ماۋرائۇننەھرنىڭ تەپەككۇر

ئەندىزىسى ۋە مەدەنىي ھاياتىغا تاكى XIX ئەسىرگىچە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى.

كىشىلەر ئادەتتە چىڭگىزخان ۋە ئەمىر تىمۇرنىڭ ئورتاق بۇزغۇنچىلىقىنىڭ نەتىجىسى خۇراساندىكى گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ۋەيران قىلدى، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە، XVI ، XVII ئەسىرلەردىكى سافاۋىلار خانىدانلىقى بىلەن ئۆزبېكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقى چىڭگىزخان بىلەن ئەمىر تىمۇرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن جىق ئېشىپ كېتىدۇ. تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان ئۇبەيدۇللاخاننىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇشلىرىنىلا مىسال قىلساق، خۇراسان شەھەرلىرى ۋە يېزا - قىشلاقلىرىنىڭ دۇچ كەلگەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇ قىسمەتلەر پۈتۈنلەي ئۆزبېكلەرنىڭ بۇلاڭ - تالاڭلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۆزبېكلەرنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ ئۇرۇشلىرى توختاۋسىز يۈز بېرىپ، XVIII ئەسىرگە قەدەر داۋاملاشتى.

1511 - يىلى ئۇبەيدۇللا ۋە جانىبېك خۇراساننى تالان - تاراج قىلدى. 1521 - يىلى ۋە 1524 - يىلى ئۇبەيدۇللا ھېراتقا ھۇجۇم قىلىپ باقتى. 1526 - يىلى ئۇبەيدۇللا تۇس ۋە مەرۋىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جانىبېكنىڭ بىر ئوغلى بەلخىنى ئىشغال قىلدى. 1527 - يىلى ئۇبەيدۇللا تېخىمۇ يىراقتىكى جايلارنى تالان - تاراج قىلىپ كەلدى. ئۇ شەرققە قايتىپ ھېراتنىڭ يېنىدا قىشلاشتىن ئاۋال غەربكە ئىلگىرىلەپ، يىراقتىكى ئاستراباد ۋە بىستامغىچە كەلدى. ئارقىدىنلا 2 - يىلى ( 1582 - يىلى ) ئۇبەيدۇللا ھېراتقا قايتا ھۇجۇم قىلدى. بىراق، شەھەرنى قورشاش تېخنىكىسىنىڭ كەملىكى ۋە زەمبىرەكلەرنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن يەنىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئۇبەيدۇللا شاھ

تاھمەسىبنىڭ خۇراسانغا يېنىپ كىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال سەمەرقەندكە قايتىپ، لەشكىرىي سەپنى تولۇقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇبەيدۇللا بىر قۇدرەتلىك قوشۇننى باشلاپ خۇراسانغا قايتتى. تاھمەسىب ياش ۋە تەجرىبىسىز بولغاچقا، ئۆزبېكلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئەمما، ئىككى قوشۇن تۇربەتى شەيخ جامدا ئۇچراشقاندا ( 1529 - يىلى ) ئۆزبېكلەر ئويلىمىغان يەردىن مەغلۇپ بولۇپ، ھالاكەتلىك زەربىگە ئۇچرىدى. 1514 - يىلى كالدىراندىكى جەڭدە سافاۋىلار خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى ئوسمانىلارنىڭ توپ- زەمبىرەك جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئالدىدا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئەمما، سافاۋىلار خاندانلىقى كالدىراندىكى مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ، 15 يىلغا قالماي بىر تۈركۈم زەمبىرەكلەرگە ۋە ئاساسلىق يېنىك قوراللارغا ئىگە بولۇپ بولغانىدى. مانا مۇشۇ ئامىل سافاۋىلارنىڭ تۇربەتى شەيخ جام ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشىنى بەلگىلىدى. روشەنكى، زەمبىرەكنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتەلمەسلىك ئۆزبېكلەرنىڭ ئاسىيادىكى كىچىكرەك ھەربىي ھاكىمىيەتلەر ئارىسىدىكى ئورنىنىڭ تەدرىجىي تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى③.

تۇربەتى شەيخ جامى ئۇرۇشى ياش تاھمەسىبنىڭ ئابرۇيىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئۇبەيدۇللانىڭ خۇراساننى يۇتۇۋېلىش نىيىتىنى بوشاشتۇرالمىدى. چۈنكى، سافاۋىلار خاندانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى ئەمدىلەتىن يەنە غەربكە چېكىنىشكە، ئۇبەيدۇللا ئارقىغا بۇرۇلۇپ قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە تېز سۈرئەت بىلەن ئاۋۋال مەشھەدنى ئىگىلىدى، ئارقىدىن ھېراتنى ئىشغال قىلدى ۋە قاتتىق تالان - تاراج قىلدى. بۇ ئىشلار يەنىلا 1529 - يىلى يۈز بەردى.

2-يىلىنىڭ بېشىدا ئۇبەيدۇللا خۇراساندا قىشلاۋېتىپ، شاھ تاھمەسىپنىڭ زور بىر قوشۇننى باشلاپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن كۈنچىقىشقا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئۇبەيدۇللانىڭ پاسىبانى ئەبۇسەئىدخان ئىدى. ئۇ بىر قارا نىيەتلىك تۇغقىنىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ ئۇبەيدۇللاغا ياردەم قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇبەيدۇللا ئىلاجسىز ئىستېلاچىلىق پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى جايلارغا چېكىنىپ كەتتى. 1532 -، 1533 - يىللىرى ئۇبەيدۇللا قايتىدىن ھېراتقا يېقىن جايغا يېنىپ كەلدى ( بىراق، ئۇنىڭ ھېراتنى ئىشغال قىلىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى ) . ئۇ بۇ جايدىن چاقماق تېزلىكىدە غەرب تەرەپكە ھۇجۇم قوزغاپ، مەشھەد، سەبزەۋەر، بىستام ۋە ئاسترابادلارنى قويماي سۇپۇرۇپ تاشلىدى. تاھمەسىپنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىق خەۋىرى كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە يىراققا قېچىپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرى 1535 - يىلى ئۇبەيدۇللا ھېراتقا 2-قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئۇ بۇ شەھەرنى تالان - تاراج قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سافاۋىلار خاندانلىقىنىڭ يېقىنلاپ قالغان ياردەمچى قوشۇننى كۆرۈپلا، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ھېراتنى تاشلاپ قاچتى. ئەمما، شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇبەيدۇللا ئۆزىنىڭ تۇغقىنى، خارەزىم ھۆكۈمرانىنىڭ قولىدا ھاقارەتلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئۇبەيدۇللا 1539 - يىلى 63 يېشىدا ئۆلدى.

بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ھالدا تۇرۇۋاتقان ئۆزبېك قەۋملىرىنىڭ سەردارلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇبەيدۇللا ئۆزبېك قەبىلىلىرىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى بىرلىكىنى ئاران - ئاران ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇبەيدۇللا ئۆلگەندىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە بىر - بىرى ۋە قوشنىلىرى بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە

تۇرۇۋاتقان شايبانىلارنىڭ ھەر بىر خانى ئۆز تەۋەلىكىنى بىر مۇستەقىل خانلىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ قەستىدە يۈردى. جانىبېكنىڭ نەۋرىسى ئابدۇللاخاننىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەڭ يۇكسەك ئورنىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى ئاستا - ئاستا ئاخىرلاشتى. ئابدۇللاخان تاغىسى پىر مۇھەممەد I (1556—1561) ۋە ئاتىسى ئىسكەندەر (1561—1583) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىلا بارلىق يوشۇرۇن رەقىبلىرىنى كۆزدىن يوقاتقان ۋە ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىرىنى تارتىۋالغانىدى. شۇڭا، ئابدۇللاخان ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشى بىلەنلا كەڭ بىر رايوننى كونترول قىلىشقا قادىر بولالىدى.

بۇ رايون مۇھەممەد شايبانى ئەڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىللىرىدە ئىدارە قىلغان زېمىندىن كىچىك ئەمەس ئىدى. ماۋرائۇننەھر تارىخىدىكى نەچچە ئون يىللىق مالىمانچىلىقتىن كېيىن قاتتىق قوللۇق بىلەن يۈرگۈزگەن ئىجتىمائىي تەرتىپلەردىن ئابدۇللاخان II (1583—1598) نىڭ ھۆكۈمرانلىقى كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈلۈككە ساقلىنىپ قالدى. دەل ئابدۇللاخاننىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ماۋرائۇننەھرنىڭ سودا ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى ئەسلىگە كېلىپ ئاۋامنىڭ سېلىقى يەڭگىللەشكە باشلىدى. مانا مۇشۇلارنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى سۈپىتىدە ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلاردا، بولۇپمۇ بۇخارادا ئابدۇللاخاننىڭ نام - شەرىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزى بىلەن زاماندىش ياشىغان ئىراندىكى شاھ ئابباس I گە ئوخشاشلا قويۇق رىۋايەت تۈسىنى ئالدى. شۇڭا ، يېقىنقى زامانلارغىچە كىشىلەر ھەممىشە ئانچە نامى چىقمىغان مېھمانساراي، كۆۋرۈك، مەدرىسە ۋە چاھارباغلارنى ياكى بولمىسا بۇخارادىكى ۋە بۇخاراغا يېقىن جايلاردىكى كىشىگە ھوزۇر بەخش ئەتكۈچى جايلارنى بەرپا قىلغانلىق تۆھپىسىنى نېرى -

بېرىسىنى سۇرۇشتۇرمەيلا سېخىلىق بىلەن ئابدۇللاخاندىن ئىبارەت بۇ مۇبالىغىلەشتۇرۇۋېتىلگەن شەخسكە تەئەللۇق قىلىپ كەلمەكتە.

ئابدۇللاخان ئەجدادلىرى مۇھەممەد شايبانى ۋە ئۇبەيدۇللاخانغا ئوخشاش ئىمكان بولغانلىكى تەرەپكە قاراپ ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتتى. ئابدۇللاخان سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئادىمىزاتسىز قازاق يايلىقىغا كىردى ۋە غەربتە ئاستىرابادتىن شەرقتە قەشقەرگىچە بولغان دائىرىدە (ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ) ھاكىمىيەت ئورناتتى. ئابدۇللاخان يەنە ئەكبەرنىڭ تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ قولىدىن بەدەخشان ۋە توخارىستاننى تارتىۋالدى. بىراق، ئابدۇللاخاننىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى سافاۋىلار خاندانلىقىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئىدى. 1585- يىلى ئابدۇللاخان ھېرات ۋە مەرۋىگە ھۇجۇم قىلدى. 1588 - يىلى يەنى شاھ ئاببابس (1587—1629) تەختكە چىقىپ بىر يىل ئۆتكەندە، ئۇ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خۇراسانغا كىرىپ، ئىتتىپاقدىشى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى تولىمۇ پايدىلىق سۈلھى بىلەن ئىرانغا قارشى ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇرۇش (1578—1590) نى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. پەيتى كەلگەندە، شاھ ئاببابس ئابدۇللاخاننىڭ يېڭىشى تولىمۇ تەس بولغان رەقىبى بولۇپ قالدى، ئەمما، مۇشۇنىڭدىن ئىلگىرى ئابدۇللاخاننىڭ قوشۇنلىرى تالان - تاراج قىلغان ھېرات، فۇشەنج، تۇربەتىشەيخ جام، مەرۋى، سەرەخس، مەشھەد، نىشاپۇر، سەبزەۋەر، ئىسفارايىن، تۇس، تاباس، خۇۋاف قاتارلىق خۇراسان شەھەرلىرىنىڭ تىزىملىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ۋاستىسىنىڭ ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى رايونلارغا ئېلىپ كەلگەن ۋەيرانچىلىقلىرىنى كۆچلۈك دەلىللەيدۇ، ئۆزبېكلەر دەل مۇشۇ ۋاستىلەر ئارقىلىق ماۋرائۇننەھرنى بېسىپ ياتقانىدى.

ئابدۇللاخان ناھايىتى ئېھتىياتچان ئەنئەنىۋى ھۆكۈمران ئىدى، ئۇ ھەتتا سەمەرقەند ۋە بۇخارالاردىكى پەيلاسوپلارنى قوغلاپ چىقىرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى. ئۇ يەنە ئەكبەرنىڭ يېنىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشاھنىڭ بىدئەتلىكى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرنى تەكشۈرتكەنىدى④. ئابدۇللاخان ئالىملارنىڭ ھىمايىچىسى بولۇپلا قالماي، يەنە بىناكارلىق ئۇستىلىرى ۋە رەسساملارنىڭ سېخى ھامىيسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى بۇخارانىڭ ئىلمىي كەيپىياتى ئۆزگىرىپ كەتتى ماس كېلەتتى. ۋەھالەنكى، ئابدۇللاخان ھايات ۋاقتىدا شايبانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، شايبانىلار ئىمپېرىيىسىنى ۋابا ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانمۇ شۇ كىشى ئىدى ( بۇ قېتىمقى ۋابا 1590-، 1591- يىللىرى ماۋرائۇننەھرنى قاپلىغانىدى ) . بۇ ۋاقىتتا ئويراتلار پاراكەندىچىلىك سالغىلى تۇردى. يەنە كېلىپ، ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى ئابدۇلمۆمىنمۇ ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى. خارەزىم بىلەن ئىراننىڭ ئىتتىپاقداشلىقى ئارقىلىق شاھ ئابباس 1695-، 1696- يىللىرى مەشھەد، مەرۋى ۋە ھېراتنى ئىگىلىۋالدى. ئىران قوشۇنلىرىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا پەيدا بولۇشى شايبانىلار خاندانلىقىنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى ( خارەزىم ئۇنداق بولمىغان بولسىمۇ، بۇ جايىنى ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكى بىرەيلەننىڭ ئەۋلادلىرى سوراۋاتاتتى) . ئابدۇللاخان 1598 - يىلى ئۆلدى. مەيلى ئابدۇلمۆمىن بولسۇن ياكى ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى پىر مۇھەممەد II بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىرنەچچە ئايدىن ئوشۇق دەۋران سۈرەلمىدى. تەخت كېيىنچە ئابدۇللاخاننىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى، ئىلگىرىكى ئاستراخان

خانلىرىنىڭ ئەۋلادى جانى خانغا مەنسۇپ بولدى. جانى خان ئوغلى باقى مۇھەممەدنى دەپ خانلىق تەختىنى رەت قىلدى. باقى مۇھەممەد (1599—1605) نىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن جانى خاندانلىقى ياكى ئاستراخان خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى.

شايبانىلار خانلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ماۋرائۇننەھرنى ئۆزبېكلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانى قىلىپ بەرگەنلىكىدە ئىدى. لېكىن، شايبانىلار خاندانلىقى بىلەن بىر زاماندا گۈللەنگەن ئىران سافاۋىلار خاندانلىقى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ھىندىستان تىمۇرىلەر خاندانلىقى شايبانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانلىرىنىمۇ ئەمىر تىمۇر بويسۇندۇرغان كەڭ رايونلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىمكان بەرمىدى. تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئەكسىچە، بۇ مەزگىللەردە ئۈچ خاندانلىق ئوتتۇرىسىدا كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى. ئۆزبېكلەر بۇ ئۈچ خاندانلىق ئىچىدە ھەرىكەتچانلىقتا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، ئۆزبېكلەر رەقىبلىرىگە ئوخشاش توپچىلار قوشۇنى تەشكىللىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزبېكلەرنىڭ ھەرىكەتچانلىقى ھېچقانچە رول ئوينىيالمىدى. شايبانىلار خاندانلىقىدىكى ئىقتىدارلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى كۈچىنىڭ بارىچە خۇراساننى ئۇزاق ۋاقىت ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى، ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەسكەر تولۇقلاش جەھەتتىكى ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن بۇنداق قارا نىيەتنىڭ يىگانە نەتىجىسى سافاۋىلار خاندانلىقى بىلەن بولغان ئۇزۇن مەزگىللىك ۋە ئۆز كۈچىنى خورىتىدىغان ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپ بۇ ئۇرۇشنى مەزھەپ ئۇرۇشى دەپ قارايتتى. بۇ ئۇرۇش ئۆزبېكلەرنىڭ سىر دەرياسى بويىدىكى كۈچىنى ئاجىزلىتىۋەتتى.

شۇنىڭغىچە ئۆزبېكلەر ئىسلامنىڭ ھامىيسى ۋە چېگرا رايونلارنى ئىدارە قىلغۇچى سۈپىتىدە تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ سىر دەرياسى ۋادىسىدا ئوينىغان رولىنى ئويناپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، ئەمەلىيەتتە ئۇلار سىر دەرياسى ۋادىسىدا ئۆزلىرىنىڭ تۇغقىنى، ھەرىكەتچان قازاقلارنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىشكە باشلىدى. مەيلى سافاۋىلار خاندانلىقى ( ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى 1720 - يىلى ئافغانىستاندىكى غىلزائىسلارنىڭ ئىسفاھاننى ئىشغال قىلىشى بىلەن تۈگىدى ) بولسۇن ياكى بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن ئۆزبېك خاندانلىقلىرى بولسۇن، ھېچقايسىسى يېتەرلىك كۈچ توپلاپ، پۈتكۈل خۇراساننى قولغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى. XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ھېرات ۋە بەلىخ ئەھمەد شاھ دۇررانىنىڭ ئافغانىستان ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېلىندى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل تۇردە ئافغانىستاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 25 يىلىدا ئۆزبېكلەرنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بولغان قارا نىيىتى قايتا بىخلىنىپ چىققى، شۇنىڭ بىلەن ماڭغىت خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى شاھ مۇراد ھۇجۇم قىلىپ مەرۋى رايونىنى ئېلىۋالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىراندا يېڭى قۇرۇلغان قاجار خاندانلىقى خۇراساننىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي قىسمى بىلەن قانائەتلىنىشكە مەجبۇر بولدى. خۇراسان رايونى ئۆتمۈشتە ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەلىپىلىك ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان شەرقىي قىسمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ كەڭ، ئەڭ باي ئۆلكىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، خۇراسان بىرنەچچە ھاكىمىيەتكە تەۋە بولۇپ قالدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چېگرالارنىڭ بەلگىلىنىشى بىلەن خۇراسان رايونىنىڭ بۇ خىل بۆلۈنۈشى مۇقىملاشتى. ھازىرغا قەدەر خۇراسان رايونى ئايرىم -

ئايرىم ھالدا ئىران، ئافغانىستان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە بولۇپ تۇرماقتا.

XVI ئەسىرگە كەلگەندە، شايبانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ماۋرائۇننەھر ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا رايونلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا باشلىدى. شايبانىلار خاندانلىقى بىلەن سافاۋىلار خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك تۇس ئالغان سۈننىي، شىئە مەزھەپلىرى غەۋغاسى ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئىراننىڭ سىرتىدىكى سۈننىي مەزھەپى دۆلەتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ قويدى. بۇ خىل كۆرەشنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، ماۋرائۇننەھرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى باشقا رايونلار بىلەن بولغان ئۇزۇكچىلىكى ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللەندى. ماۋرائۇننەھرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان بولسىمۇ، دېھلىدىكى تىمۇرىلەر ھۆكۈمدارلىرى ئۆزبېك خانلىقى بىلەن ئالاقە قىلماسلىقتا تولۇق ئاساسقا ئىگە ئىدى. XVI، XVII ئەسىرلەردە ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراساندىن كەلگەن جەڭچىلەر، ئالىملار، تەۋەككۇلچىلەر بەس - بەستە ھىندىستانغا كەلدى، ئەمما، بۇ يەنىلا بىر خىل بىر يۆنىلىشلىك ئېقىم ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ ھال ھىندىستان ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندىكى «دانالارنىڭ كېتىپ قېلىشى» ھادىسىسى ئىدى. ماۋرائۇننەھرنىڭ غەربىي شىمالىدا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئىزىنى باسقان مۇسۇلمان خانلىقلىرى XVI ئەسىردە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى (پەقەت قىرىملا بۇنىڭدىن مۇستەسنا). بۇ ۋاقىتتىكى ماۋرائۇننەھر بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بولسا خەتەرلىك ۋە قىيىن بولغان كاسپىي دېڭىزى - كاۋكاز يولى ئارقىلىق بولاتتى.

ئابدۇللاخان ھايات ۋاقتىدا ئۆزبېكلەرنىڭ بۇ خىل يېتىم ھالىتى بۇخارا بىلەن ئىستانبۇل ئىزچىل كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالغاندى.

لېكىن، سىياسىي ئامىلنى تۇتقا قىلىپلا، ماۋرائۇننەھرنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن بولغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇزلۇكسىز زورىيىۋاتقان ئايرىلىپ قېلىش يۈزلىنىشىنى شەرھىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. دەسلەپكى مەزگىللەردە ماۋرائۇننەھر رايونى ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىدىئولوگىيىسىدىكى « سەركە » لەرنى ئىزچىل ئاپىرىدە قىلىپ تۇرغانىدى. بۇ جەھەتتە تولىمۇ مۇھىم، ئەمما، نىسبىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئانچە ئېنىق بولمىغان بىر ئامىل بار بولۇپ، بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى قوزغاشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ بولسىمۇ XVI ، XVII ئەسىرلەردىكى دەرۋىشلەر قاتلىمى ( Silsileh ) نىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئىدى. چاغاتاي خانلىقى ۋە تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى زامانىسىدا دەرۋىشلەر قاتلىمى تولۇق تەرەققىي قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە بىز ئۆزبېك ھاكىمىيىتىنىڭ دەرۋىشلەر قاتلىمىغا قارىتا پەۋقۇلئاددە ياخشى قاراشتا ئىكەنلىكىنى، ئەمما، بۇيۈك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىغا كۆپىنچە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقىنى بايقايمىز. دەرۋىشلەر قاتلىمىنىڭ ئەزالىرى جەمئىيەتنىڭ ھەممىلا قاتلىمىدا دېگۈدەك قىزغىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولاتتى. چوڭ شەھەرلەردىكى ئالىملار ئارىسىدا دەرۋىشلەر ئۇنچىۋالا ھۆرمەتكە ئىگە بولالمىسىمۇ، ئۇلار يەنىلا كۆچمەنلەر ۋە بوستانلىقلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ يۇكسەك ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى. يەنە كېلىپ، دەرۋىشلەر ئارىسىدىكى ھەممىدىن بەكرەك تەسىرگە ئىگە بولغان بىرنەچچە گۇرۇھ، جۇملىدىن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىكىلەر ئۆزبېك ھاكىمىيىتىنىڭ

سەردارلىرى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى. بۇ خىل مۇناسىۋەت XVII ئەسىر ياكى XVIII ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئېيزۇئىتلارنىڭ كاتولىك دىنى ھۆكۈمرانلىقىدىكى خاندانلىقلار بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋەتكە ئوخشاپمۇ قالاتتى. ئۆزبېك ھۆكۈمرانلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى يات قوۋملەردىن بولغان بېقىندىلىرىنى بۇ خىل ئاممىباب دىنىي ئىدېئولوگىيە ( مەيلى ئۇ قانچىلىك پەسلەشتۇرۇۋېتىلسۇن ) بىلەن بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇۋەتكەندە، يات قوۋملەردىن بولغان بۇ بېقىندىلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىدارە قىلغىلى بولاتتى. ئۆزبېك ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە بۇ خىل سىياسەتنى يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ نەمۇنىلىك ئۈلگىسى سۈپىتىدە XVI ئەسىردىكى ئابدۇللاخان ۋە ئىككى ئەسىر كېيىنكى شاھ مۇرادنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

دەرۋىشلەر قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى — ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەدىكى ئىسلام مەزھەپلىرىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكى ئىدى. ماۋرائۇننەھرنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىكى ساپالىق ئاھالىلەرنىڭ سەۋىيىسى دەرۋىشلەرنىڭكىدىن كۆپ چوڭقۇر ۋە سىرلىق ئىدى. بۇ كىشىلەر باشقا دىنىي قائىدىلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئىلاھىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا زىيادە كىرىشىپ كەتكەنىدى ( بىز دەۋاتقان « زىيادە» دېگەن سۆز سامانىلار خاندانلىقى ياكى سالجۇقىلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە قارىتا ئېيتىلغان ) . ئىسلام دىنى قائىدىلىرى بىر قىسىم ئاساسلىق ئاھالە مەركەزلىرى ( مەسىلەن: ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، يەنى Qutb al—Islam بولغان بۇخارا) دىكى مەدەنىي ھاياتقا بىر تۈرلۈك مۇتلەق مەنىسىز ئەقىدىلەرنى تاڭدى. ئومۇمەن، بۇخاراغا ئوخشاش چوڭ شەھەرلەردە ئالىملار ئومۇمىيۈزلۈك « ۋەقفە » گە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي

ئورنى ۋە ئىقتىسادىي ئورنى كاپالەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكىچە مەدەنىي ھاياتنى چەكلەيدىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى.

شايبانىلار خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنى قىزغىنلىقىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولغان ئامىل، ئېھتىمال، ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئوچۇق جۇغراپىيىلىك مۇھىت بولسا كېرەك. ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ياشاۋاتقان رايون ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئاسان زەربىگە ئۇچرايدىغان چېگرا رايونلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ چېگرا رايون XIII ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستېلاسىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە ئۇچرىدى؛ چاغاتاي خانلىقى تەۋرىنىپ تۇرغان مەزگىللىرىدە ئىككى ئەسىرلىك مالىمانچىلىق ۋە داۋالغۇشنى باشتىن كەچۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر تىمۇرنىڭ تېنچسىز ئۆمرى ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىمالدىن كەلگەن ئۆزبېك ۋە قازاق قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىدە كۆنچىقىشتىن كەلگەن يات دىندىكى ئويراتلارنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقلىرىغا دۇچ كەلدى. بىراق، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ بۇ خىلدىكى تاجاۋۇزچىلىققا ۋە سىياسىي داۋالغۇشقا ئۇچراشتەك ئۆزگىچە ئارقا كۆرۈنۈشىگە زادىلا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ھادىسە ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشتەك ئۇلۇغ ۋە جاپالىق مۇساپىسىنىڭ ئاستا بولسىمۇ، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە داۋاملاشقانلىقى ئىدى. ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغاندا مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەككە دەرۋىشلەر ياكى پىرلارنىڭكىچىلىك بولالمىدى. بۇ جەھەتتىن ئىسلام دىنىنىڭ يايلاق رايونىدىكى تارقىلىش ئەھۋالى ئىسلام دىنىنىڭ شىمالىي ھىندىستاندا تارقىلىش جەريانىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان يول بىلەن ئىشقا ئاشتى. شىمالىي

ھىندىستاندا كىشلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادى دەرۋىشلەر قاتىلىمى، بولۇپمۇ ھەشت تەرىقەتچىلىرى ئارقىلىق ئىشقا ئاشتى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ چەت - ياقىلىرىدا ياشاۋاتقان كۆچمەنلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشتە، مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ھىسسىياتىنى روھانىيلىق بىلەن ئەمەس (ئەلۋەتتە، بۇ تېخىمۇ يۇكسەك مەدەنىيەتكە ئۆزلىشىش پۇرسىتى ئىدى)، بەلكى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئىدى. كۆچمەن قوۋملەرنىڭ سەييارە دەرۋىشلەرنى كۇتۇۋالغاندا ياكى ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلغاندا نامايەن قىلغان قورقۇمسىراش، ھېچبولمىغاندا مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ كۆچمەنلەرنىڭ بۇ يېڭى كەلگەن دەرۋىشلەرنى ئەجدادلىرىنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ تارقىلىپ كېلىۋاتقان شامان باخشىلىرىغا ئوخشىتىۋالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

شۇڭا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاممىۋى ئېتىقادقا ئايلىنىشىنى بەلگىلىگەن ئامىل يېزا - قىشلاقلارنى ئاساس قىلغان موللىلار ئەمەس، بەلكى دەرۋىشلەر ئىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ ئوچايلا ئوتتۇرغا قويغىلى بولىدۇ. تىپىك موللىلار مەدرىسىلەردە تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭمۇ ئەرەب ئالىمى بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى زور ئىدى. ئېتىقاد جەھەتتە موللىلار تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەلەپلىرىگە قەتئىي ئەمەل قىلاتتى، غۇسلى - تاھارەت پەرھىزلىرىنىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىجرا قىلاتتى. ئەمما، تەركى دۇنيا دەرۋىشلەر بولسا، تىپىك موللىلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. دەرۋىشلەر ئاۋۇل ئارىلاپ سەدىقە يىغىش ئارقىلىق نىسبەتەن ئاددىي - ساددا ۋە ئوچاي تۇرمۇش كەچۈرەتتى،

شۇنداقلا ئىسلامغا تولۇق بەيئەت قىلىپ كەتمىگەن كۆچمەنلەر ئارىسىدا كۆچمەيلا بىر تۇركۇم سادىق مۇرىتلارغا ئىگە بولۇپ قالاتتى. بۇ دەرۋىشلەرنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ - قۇدرىتى بىلەن كۆچمەنلەر تەسەۋۋۇر قىلغان روھ ئوتتۇرىسىدا بىر دەكلىك بولسىلا، كۆچمەنلەر بۇ ئەۋلىيالارنىڭ ساۋاتلىق ياكى ساۋاتسىزلىقى، مۇستەھكەم ئىمانغا ئىگە ياكى ئەمەسلىكى، خۇسۇسىي تازىلىققا رىئايە قىلىش ، قىلماسلىقى بىلەن ئانچە بەك ھېسابلىشىپ كەتمەيتتى. يەنى بىر دەرۋىشتە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە بىر شامان باخشىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ئىدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، دەرۋىشلەرنىڭ خانىقالىرىنىڭ كۆچمەنلەر رايونىغا كىرىپ - چىقىشقا ئوڭاي بولىدىغان يايلاق رايونلىرىنىڭ ياقىلىرىغا جايلىشىشى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. شاھ ئەخمەت يەسسەۋىنىڭ يەسسە شەھىرىدىكى مەقبەرىسىنىڭ قازاق يايلىقىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا يانداشقان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلىشىمۇ زادىلا تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس ئىدى. مەقبەرىنى يەسسىگە سالغاندا، ئۇنى ئۆزبېكلەر ۋە قازاقلارنىڭ ئاساسلىق تاۋابگاھلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرۇشقا بولاتتى. ماۋرائۇننەھر ۋە سىر دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى جېدەلخور ۋە ۋەھشىي كۆچمەنلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشۋالغان دەرۋىشلەر ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا شەھەرلەردىكى تېخىمۇ ياخشى تەربىيە كۆرگەن ۋە باي ئاھالىلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا زادىلا ئۇچرىمىدى. ھەتتا قۇدرەتلىك خانلارمۇ دەرۋىشلەرگە قارىتىلغان ۋاقىتلىق تەدبىر سۈپىتىدە كۆڭلىنى ياساش سىياسىتى يۈرگۈزگەندە، دەرۋىشلەرنىڭ ئاچكۆزلىكى ۋە قارا نىيىتىنىڭ شەھەرلەردىكى تەربىيە كۆرگەن باي ئاھالىنى دەككە - دۈككىگە سالىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ تولۇق ئاساسقا ئىگە

ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇشۇنداق مۇھىتتا ناۋادا مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى يوق دېيەرلىك دېيىلسە، بۇنى پۈتۈنلەي چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق دېگىنىمىز چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە چاغاتاي تۈركچىسى ئۈچقاندەك راۋاجلىنىپ، بىر تۈرلۈك پاساھەتلىك مەدەنىي تىل بولۇپ قالدى ھەمدە ھىراتتىكى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ۋە بۈيۈك شائىر مىر ئەلىشىر نەۋائىلارنىڭ ھىمايىسىدە گۈللەپ ياشنىدى. XV ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكىدە شايبانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغىچە چاغاتاي تۈركچىسى ۋايىغا يەتكەن ئەدەبىي تىلغا ئايلىنىپ بولدى. چاغاتاي تۈركچىسى بىلەن پارس تىلى بىر-بىرىنى تولۇقلىسىمۇ، ئەمما، ئۇ يەنىلا پارس تىلىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت تىلى بولۇشتەك ئورنىنى ئىگىلىيەلمىدى. چاغاتاي شېئىرىيىتىمۇ قىزغىن ھىمايە قىلىندى، شۇنداقلا مۇھەممەد شايبانى ۋە ئۇبەيدۇللاخاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن شايبانى خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرى چاغاتاي تۈركچىسىدە ئەسەر يازدى. ھەتتا بابۇرمۇ ئۆز ئەسلىمىسىنى پارس تىلىدا ئەمەس، چاغاتاي تۈركچىسىدە يازدى. بۈيۈك تۈركمەن ئەمىرى بەيرەم خان پارس تىلىدا شېئىر يېزىپلا قالماي، چاغاتاي تۈركچىسىدىمۇ يەنە شۇنداق كامالەت بىلەن شېئىرلار يازدى. 2-قېتىملىق پانىپات ئۇرۇشى مەزگىلىدە (1556 - يىلى) بەيرەم خان موغۇللار (ئەمىر تىمۇر ئەۋلادلىرى) غا ئۇلارنىڭ ھىندىستان ئىمپېرىيىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەردى ھەمدە ئەكبەر گۆدەك ۋاقتىدا نائىب خانلىقنى ئۈستىگە ئالدى. XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە،

شايبانىلار خاندانلىقىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ چاغاتاي شېئىرىيىتىنىڭ سۈپىتىمۇ روشەن ھالدا چۈشۈپ كەتتى. ئەمما، جانى خاندانلىقى ۋە ماڭغىت خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا تارىخىي قىسسەچىلىك ئەنئەنىسى راۋاجلاندى، بۇ ئۆزبېك ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدىن بېشارەت بەردى.

تەسۋىرىي سەنئەت جەھەتتە ئەمىر تىمۇر ئىمپېرىيىسى زامانىسىدا تىكلەنگەن ئەنئەنە جۇشقۇنلۇق جەھەتتە چېكىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، XVI ئەسىرنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىدا بۇ ئەنئەنە يەنىلا ساقلىنىپ كەلدى. ئەپچىل رەسساملەرنىلا ئېلىپ ئېيتساق، مۇھەممەد شايبانىنىڭ 1507 - يىلى ھېراتنى بويسۇندۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ھېراتتىكى داڭلىق رەسساملىق ئېقىمى ئوتتۇرا ئاسىيادا يوقىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالدى. ئەمما، ھېرات رەسسامچىلىقى كېيىنچە بۆلۈنۈپ كەتتى. بىھزاد ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم شاگىرتلىرى تەبرىزگە كۆچۈپ كېلىپ شاھ ئىسمائىلخاننىڭ ئوردىسىدا ماكان تۇتتى، يەنە بىر قىسىم ھېرات رەسساملىرى شايبانىلار خاندانلىقىغا خىزمەت قىلدى ھەمدە ماۋرائۇننەھرنىڭ يېڭى ئۆلكىلىرىگە كۆچۈرۈلدى، ئەمما، ئاساسلىقى بۇخاراغا ئەۋەتىلدى. سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئاساسىي دىققەت نەزەرىنى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى، سافاۋىلار خاندانلىقى ۋە ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەپچىل رەسساملىرىنى تەتقىق قىلىشقا قاراتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇخاراچە رەسسىم ئۇسلۇبىغا سەل قاراپ كېلىندى. بۇخاراچە ئۇسلۇب شۈبھىسىز ھالدا ھېرات ئۇسلۇبىنىڭ بىر شاخچىسى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇخاراچە ئۇسلۇبنىڭ ئالاھىدىلىكى قۇرۇلمىلارنىڭ ئەپچىللىك

بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە رەڭ - بوياق ئارقىلىق ھەشەمەتنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ كۆچلۈكلۈكىدە ئىدى. پاكىتلار بۇخاراچە ئۇسلۇبنىڭ شانلىق دەۋرىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولغانلىقىنى، ھېراتتىن كەلگەن سەرگەردانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان رەسساملارنىڭ بىر ئەۋلاد بىلەنلا تۈگىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ⑤. بىناكارلىق جەھەتتە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئەنئەنىسى ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە ساقلىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ XIX ئەسىرگە قەدەر داۋام قىلغان بولسا كېرەك. ئەمما، قۇرۇلۇش سۈپىتى قاتتىق چېكىنىپ كەتتى. ئەمما، نېمىلا دېمەيلى، شايبانىلار خاندانلىقى بۇخارا ۋە سەمەرقەندتە كۆپلىگەن سەلتەنەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى سالدۇردى. ئىمارەتلەرنى رەڭدار كاھىشلار بىلەن بېزەشتەك تاشقى كۆرۈنۈش تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى زامانىسىدىكىگە ئوخشاشلا ئاساسلىق بىناكارلىك بېزەكچىلىك شەكلى سۈپىتىدە ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى⑥. ئانچە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىمەيدىغان سەنئەت ساھەسىدە شايبانىلار خاندانلىقىدىكى ئۇستىلار ئىلگىرىكىلەر ياراتقان ئۇسلۇب ئاساسىدا بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ باردى. شەكلى قوپال، قۇيۇلۇشى سۈپەتسىز بولغان تىمۇرىلەر تەڭگىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، شايبانىلار خاندانلىقىنىڭ تەڭگىلىرى تېخىمۇ ماھىرلىق بىلەن لايىھەلەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، XVI ئەسىردىكى شايبانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ھەرگىزمۇ ياۋايىلاردىن ئەمەس ئىدى (بابۇر ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇھەممەد شايبانىنى شۇنداق دەپ تىللىغان بولسىمۇ). شايبانىلار خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ چىن دىلى بىلەن ئىلىم - ئىرپاننى سۆيگەنلىكى ۋە سەنئەتكارلارنى قوغدىغانلىقى، شۇنداقلا سۈننى مەزھىپىدىكى ئالىملارنى ھارماي -

تالماي قوللاپ كەلگەنلىكى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىدىن شايبانىلار خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈشتىكى كېچىك بولسا كېرەك. چوڭراق شەھەرلەر ۋە ماۋرائۇننەھردىكى شەھەرلەردە ياشىغۇچى ئەدىب-ئۆلىمالارنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇنى تېخىمۇ ئوچۇقراق قوبۇل قىلىش مۇمكىن⑦.

XVI ئەسىردىن ئېتىبارەن تۈركىي خەلقلەر ماۋرائۇننەھر ئاھالىسىنىڭ ئىرقىي قۇرۇلمىسىدا ئاللىقاچان كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىپ بولغان بولسا كېرەك، شۇنداقلا ئولتۇراق دېھقانچىلىق قىلغۇچىلار ياكى شەھەرلىكلەر بىلەن نىسبەتلەشتۇرگەندە، كۆچمەن نوپۇسىنىڭ نىسبىتىمۇ ئانچە - مۇنچە ئاشقان بولسا كېرەك. ئەمما ، بۇ مەزگىلدىكى ماۋرائۇننەھر ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا ئىران مەدەنىيىتى ۋە پارس تىلى داۋاملىق تۆردە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. XVII ئەسىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ئىلگىرى كۆچمەن چارۋىچى سۈپىتىدە ماۋرائۇننەھرگە كىرىپ كەلگەن ئۆزبېك قوۋملىرى دېھقان، ھەتتا شەھەر ئاھالىسى بولۇپ بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى. ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى ئاسانلا يەرلىك ئولتۇراق ئاھالىلەر بولغان تۈركلەر ياكى ئىرانلىقلار (تاجىكلار) بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ سىڭىشىپ كەتتى. بۇخاراغا ئوخشاش شەھەرلەردە ئىرانلىقلار XIX ئەسىرگە قەدەر ئىنزچىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلدى. ئىرانلىقلار بوستانلىقلاردىكى قەدىمكى ئاھالىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇزۇنلۇكسىز تۆردە ئىراندىن كېلىپ تۇرغان ئەسىرلەرنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۇرۇش ئەسىرلىرى ياكى قۇللار ئارقىلىق تولۇقلىنىپ تۇراتتى. ئۆزبېكلەر زور كۆچ بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دېھقانچىلىق، ھەتتا سودا پائالىيەتلىرىگە كىرىشىپ بولغاندا،

تۈركمەنلەر، قارا قالپاقلار ۋە قازاقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىنى روسىيە ئىستېلاسىغىچە ساقلاپ كەلدى ھەمدە ئەجدادلىرىنىڭ بوستانلىق ئاھالىسى بىلەن بولغان تالاش - تارتىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتىكى بوستانلىق ئاھالىسى ئاساسەن ئۆزبېكلەر ۋە ئىرانلىقلار ئىدى.

ئۆزبېكلەرنىڭ ماۋرائۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان ۋاقتى سۇب چوڭ قۇرۇقلۇق كارۋان سودىسىنىڭ داۋاملىق چۈشكۈنلىشىۋاتقان دەۋرىگە توغرا كەلدى. سۇب چوڭ قۇرۇقلۇق كارۋان سودىسى ئۆتمۈشتە ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقىدىكى شەھەرلەرنىڭ گۈللىنىشىدەئاساسلىق مەنبە ئىدى، يەنە كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقىدىكى شەھەرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىدىكى بىرىنچى ئامىلمۇ دەل كارۋان سودىسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ئىدى. مۇھەممەد شايبانى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ قالدۇقلىرىنى بويسۇندۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى پورتۇگالىيىلىك بىر ماتروس بىلىپ-بىلمىگەن ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ چۈشكۈنلىشىش تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويدى. بۇ خىل چۈشكۈنلىشىش تا XX ئەسىرگىچە داۋاملاشتى. 1498 - يىلى دا گامانىڭ ئافرىقىدىكى يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرى باشلىنىشتىن ۋە ياۋروپا بىلەن يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇڭگو، ھىندىستان، ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپانىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆچرىشىش نۇقتىسى بولۇپ كەلگەنىدى. دېڭىز يولى ھەققىدىكى ئالەمشۇمۇل كەشپىياتنىڭ نەتىجىسى ئوتتۇرا ئاسىيا سودا يولىنىڭ مۇھىم ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولدى، بۇ ھال ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ چۈشكۈنلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئارىدىن ئىككى ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، روسىيە جۇڭگو بىلەن بولغان قۇرۇقلۇق سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتىكى سودا كارۋانلىرى ئەڭ شىمالدىكى قەدىمكى يول، يەنى سىبىرىيە-موڭغۇلىيە سودا يولى ئارقىلىق ماڭدى. كارۋان قاتنىشىنىڭ تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمرانلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بايلىق جەھەتتىكى زور يوقىتىش ئىدى. چۈنكى، تاۋارلاردىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ئىدى. تاموژنا بېجىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت كۈچى جەھەتتە رەسمىي چۈشكۈنلىشىشىدىن بىشارەت بەردى. چۈنكى، ئۇلار ئەمدى ئەجدادلىرىغا ئوخشاش بىر تۈركۈم ئەگەشكۈچىلەرنى يېتىلەپ يۇرۇشكە قادىر بولالمايتتى، قورال-ياراغ سېتىۋالغۇدەكمۇ كۈچى قالمىغانىدى. تاموژنا بېجىنىڭ ئازلاپ كېتىشى ئەمدىلىكتە تۈنجى قېتىم ناھايىتى مۇھىم ئامىلغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە تاۋارلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتكەن بولغاچقا، قەدىمكى سودا يولىنىڭ راۋانلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەمدىلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمرانلىرى ئۈچۈن ھېچقانچە ئەھمىيەتكە ئىگە بولماي قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئەسىر ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا XVI ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى چۈشكۈنلىشىش يۈزلىنىشى روشەنلىشىپ قالدى (مەسىلەن: ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۇخارا ئۆزىنىڭ بىر ئەسىر ئىلگىرىكى ئاۋاتلىقىنى يوقاتقانىدى)⑧ . بىراق، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىي تارىخىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي چۈشكۈنلۈك مەسىلىسى يەنىلا تەتقىق قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان مەسىلە بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ.

**ئىزاھلار:**

① س.ن.سېيدون: « سافاۋىلار خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخىنىڭ خرونولوگىيىسى » 1934 - يىل نەشرى، II توم 134 - بەت.

② دىكسوننىڭ ئېلان قىلىنمىغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىدە مۇشۇ دەۋرنىڭ تارىخى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. م. ب. دىكسوننىڭ : « شاھ تاھمەسپ ۋە ئۆزبېكلار» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

③ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى، ئىران ۋە ھىندىستاننىڭ توپ-زەمبىرەككە ئائىت ئەھۋاللىرى ھەققىدە « ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى » نىڭ « كالدىران » ۋە «بارۇد » ماۋزۇلىرىدا مۇكەممەل ئەسەرلەر كاتولوگى بېرىلگەن. بىراق، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇلاردا ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت ئەھۋاللار چۈشۈپ قالغان، بۇنىڭغا قىزىققۇچىلار تۆۋەندىكى ئەسەرلەردىن پايدىلانسا بولىدۇ: ي. پولاتوف ۋە ئا. مىرخالىقوۋ: « ئوتتۇرا ئاسىيا ئوت ئېچىش قوراللىرىنىڭ تارىخى » — « ئۆزبېكىستان تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» تاشكەنت، 1963 - يىل؛ ۋ.ئې.د.ئاللېن : « XVI ئەسىردىكى تۈرك ھاكىمىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات »، 1963 - يىل نەشرى، 18 - بەت.

④ ئابدۇلقادىر بەدەۋنى : « مۇنتەخەبەت تەۋارىخ »، III توم، 199 - بەت؛ 210-، 211-بەتلەر.

⑤ بۇخارا رەسساملىق ئۇسلۇبىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر توغرىسىدا ن. ۋ. دىياكونوۋۋىنىڭ : « XVI — XVIII ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىنياتۇرىسى» (موسكۋا، 1964 - يىل نەشرى)گە قارالسۇن.

⑥ ل • رېمپېلنىڭ : « ئۆزبېكىستاننىڭ بىناكارلىق نەقىشلىرى» (تاشكەنت، 1961 — يىل نەشرى) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. ، ئۆزبېكلار دەۋرىدىكى بىر قىسىم نادىر ئىمارەتلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى توغرىسىدا «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىسلام تارىخىغا دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (تاشكەنت نەشرى، نەشر قىلىنغان ۋاقتى كۆرسىتىلمىگەن) ۋە م.خرباس بىلەن ئې.كنوبلوكنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى» (لوندون، 1965- يىل نەشرى) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑦ ئا. ئا. سېمېنوف : « شەيبانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مەدەنىيەت

ئەھۋالى » ، « سوۋېت شەرقشۇناسلىقى» (1956-يىل نەشرى، Ⅲ توم، 51— بەتتىن 59 - بەتكىچە) . ئا. سىمپىل: « دەسلەپكى ئۆزبېك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەتقىقات » ، « پاكىستان تارىخ جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى (1960- يىل، 7-ئاي، 149-بەتتىن 166 - بەتكىچە) .

⑧ ئەنگلىيىلىك سودىگەر ۋە ئېكسپېدىتسىيىچى ئانتونى جېنكىنس 1588 - يىلى بۇخاراغا كەلگەن ۋە شاھىد سۈپىتىدە مۇشۇ مەزگىلدىكى بۇخارا ۋە ئۇنىڭ سودا ئىشلىرى ھەققىدە قىسقىچە باياناتلارنى خاتىرىلىگەن . قاراڭ : ئې . د . مورگان ۋە س . كۇتې: « ئانتونى جېنكىنس ۋە باشقا ئىنگلىزلارنىڭ روسىيە ۋە ئىراندىكى دەسلەپكى ساياھەتلىرى» لوندون . 1886 - يىل، I توم 87 -، 90 - بەتلەر.

# XIII باب ئۆزبېك خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى

جانى خاندانلىقى يۇتكۇل XVII ، XVIII ئەسىرنىڭ كۆپ قىسىم مەزگىلىدە بۇخارا ئارقىلىق ماۋرائۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خارەزمگە (خىۋاغا) بولسا، شايبانى خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرى داۋاملىق ئۆز ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى. كېيىنكى خاندانلىق جانى خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، ماۋرائۇننەھرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىدە كۆرۈنەرلىك ھالدا بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھالىتى بارلىققا كەلدى. تارىخشۇناس ئابۇل غازى باھادۇرخان ( تەخمىنەن 1644-يىلدىن 1663 - يىلغىچە خىۋاغا ھۆكۈمران بولغان ) چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان ئەسىرى « شەجەرەئى تۈرك » تە ماۋرائۇننەھر مەدەنىيىتىنىڭ چېكىنىپ كېتىشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ : « ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىخەستىلىكى، شۇنداقلا خارەزىملىكلەرنىڭ نادانلىقى تۈپەيلىدىن، ئەجدادلىرىمىز بىلەن ئابدۇللاخاننىڭ ئەجدادلىرى ئايرىلغاندىن بۇيان، خارەزىمدە بۈگۈنكىلەرگە قالدۇرغۇدەك مۇستەقىل شەجەرە - تارىخىمىز بولمىدى. ئىلگىرى مەن ھامان بىراۋ چىقىپ بۇ تارىخنى يېزىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالىدىغۇ دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمدى قارىسام، بۇنىڭغا لايىق بىرەر زات يوقكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ تارىخنى ئۆزۈمنىڭ يېزىشىغا توغرا

كەلدى » ① .

تەخمىنەن 1770 - يىلى قوقەندتە بىر مۇستەقىل خانلىق قۇرۇلدى. قوقەند خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن فەرغانە ئويمانلىقى بۇخارا ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىرانلىق ئىستېلاچى نادىرشاھنىڭ 1740 - يىلدىكى تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن بۇخارا ۋە خىۋا تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. نادىرشاھ يەنە بىر قېتىم ئامۇ دەرياسىنى ئىراننىڭ چېگرىسى قىلىپ بېكىتتى. ئەمما، XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىدىكى كەڭ رايونلاردا ئەسلىگە كېلىشنىڭ ئىزنالىرى قايتىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئامۇ ۋە سىر دەريا ۋادىلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى قىسمەن بولسىمۇ بىر نەچچە قۇدرەتلىك يېڭى خانىدانلىقلارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ خانىدانلىقلار بولسا بۇخارادىكى ماڭغىت خانىدانلىقى، خىۋادىكى قۇڭرات خانىدانلىقى ۋە قوقەندتىكى مىڭ جەمەتى خانىدانلىقى ئىدى. بۇ ئۈچ ھاكىمىيەت ئامۇ ۋە سىر دەرياسى رايونىدا ئىلگىرىكى تۈزۈمدىن تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشكە تىرىشىپ، تۈرلۈك دەرىجىدە ئازدۇر - كۆپتۇر ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، ھەرقايسى خانلىقتىكى سىياسىي ئۈزۈلۈشچانلىقتا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشلار ۋۇجۇتقا كەلگەندىن سىرت، بەزى ئاممىۋى ئەسلىھەلەردە، بولۇپمۇ سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرىدا بەزى تەرەققىياتلار بولدى② .

1599-يىلدىن 1785- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ماۋرائۇننەھرگە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جانى خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىرىدىن 12 كىشى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مۇشۇ مەزگىلدە

بۇخارا ئىنچىل تۈردە سىياسىي مەركەزلىك ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى. چېگرا بەگلىكلىرىدىن بولغان بەلىخ ئاز دېگەندىمۇ نادىرشاھ بېسىپ كىرگەنگە قەدەر بەلگىلەنگەن ۋەلىئەھدىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ كەلدى. بەلىخ بىلەن ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۆز سودا مۇناسىۋىتى ئىنچىل ساقلىنىپ كەلگەن بولغاچقا، تاشقى تەسىرنىڭ قىسمەن تەركىبلىرى بەلىخ ئارقىلىق بۇخاراغىمۇ كېلىپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتىكى بۇخارادا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرى ئەسەبىيلىككە باشچىلاپ كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، يەنىلا بەزى ھۆكۈمرانلار بۇخارا ئوردىسىنىڭ مەدەنىي تاشقى قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ كۆردى. ئەمما، XVII ، XVIII ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ماۋرائۇننەھر رايونى كۆپ جەھەتلەردە باشقا مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالدى.

جانى خاندانلىقىغا شايبانى ئەۋلادلىرىدىن قالغان تېررىتورىيە ئومۇمەن XV ئەسىردىكى تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىي رايونلىرى ئىدى. خارەزىمدىن باشقا، بۇ رايون ماۋرائۇننەھرنىڭ ئۆزىنى، بەدەخشان ۋە فەرغانە ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. جانى خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن 1-يۈز يىلدا ئۇلار بۇ مىراس زېمىننى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل ساقلاپ كەلدى. جانى خاندانلىقىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمران ئىمام قۇلى خان ( 1608—1604 ) زامانىسىدا بۇخارا ئۆز تارىخىدىكى ئاخىرقى نىسبىي تىنچ ۋە گۈللەنگەن، سىياسەتلەر راۋان ۋە پۇقرالار ئىناقلاشقان دەۋرنى باشتىن كەچۈردى. سەمەرقەندتىكى شىردارغا سېلىنغان مەدرىسە (1619—1636 - يىللار ) مانا مۇشۇ دەۋردىكى تىنچلىق ۋە گۈللىنىشنىڭ شاھىدى ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ مۇقەددەس شەھەرلىرىدە تەقۋادارلىق بىلەن ياشاش ئارزۇسىدىكى جانى

خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرنەچچە كىشى تەختتىن ۋاز كەچتى، ئىمام قۇلى خان ئەنە شۇلارنىڭ تۇنجىسى ئىدى. ئەمما، ئىمام قۇلى خاننىڭ ئىنىسى ۋە ۋارىسى، ھوزۇر - ھالاۋەتنىڭ كويىدا يۈرگەن نادىر مۇھەممەد (1640—1647) كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن شۇنچىلىك چۈشۈپ كەتكەن ئىدىكى، بۇخارا ھاكىمىيىتىنى ئوغلى ئابدۇل ئەزىز (1647—1680) گە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى بەلخىنىڭ سۇيۇرغال ئىگىسى بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئائىلە ماجىراسى ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمدارى شاھ جاھان (1627—1659) نىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. چۈنكى، شاھ جاھان بۇ ۋاقىتلاردا ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى قايتىدىن بويسۇندۇرۇشنىڭ كويىدا يۈرگەن بولۇپ، بۇنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئىشقىمۇ ئاشۇرغانىدى. 1645 - يىلى بىر تارماق موغۇل قوشۇنى بەدەخشانغا بېسىپ كىردى، شاھ جاھاننىڭ كەنجى ئوغلى مۇراد باخشىنىڭ قوماندانلىقىدا 1646- يىلى بەدەخشاننى ئىگىلىدى ھەمدە ھېچقانداق قارشىلىقسىز دېگۈدەك بەلخكە كىرىپ كەلدى. نادىر مۇھەممەد دەسلەپ مەشھەدكە قاچتى، كېيىن ئىسفاھاندىكى سافاۋىلار خانىدانلىقىنىڭ ئوردىسىغا قېچىپ كەلدى. لېكىن، مۇراد باخشى ۋە ئۇنىڭ ھىندى قوشۇنلىرى ئۆزلىرى ئىستىھكام قىلغان جايلارنى ساقلاشنىڭ قىيىنلىقىنى ناھايىتى تېزلا ھېس قىلدى. ئەمما، مۇراد باخشى چېكىنىپ كابۇلغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا، شاھ جاھان مۇراد باخشىنىڭ چېكىنگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلىدى ھەمدە 1647 - يىلى 3-ئوغلى، بولغۇسى پادىشاھ ئەۋرەڭزىپ (1659—1707) نى مۇراد باخشىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. ئەۋرەڭزىپ كابۇلدىن بەلخقىچە بولغان يولدا ھەربىر قەدەمنى دېگۈدەك جەڭ ئارقىلىق

باستى. ئۇنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى ۋە ئۆزبېكلارنىڭ ئۇنىڭ كونىچە مىلتىقىغا چوقۇنۇشى نەتىجىسىدىلا، ئەۋرەڭزىپ قوشۇنلىرى بەلىخ سېپىلىنىڭ تۆۋىگە كېلەلىدى. ئەۋرەڭزىپقا قارشى چىققىنى نادىر مۇھەممەدنىڭ پەۋقۇلئاددە تالانتلىق ئىككى ئوغلى—ئابدۇل ئەزىز ۋە سۇبھان قۇلى ئىدى. ئاريدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەۋرەڭزىپ ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. 1647 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بەلىخ شەھىرى رەسمىي يوسۇندا نادىر مۇھەممەدنىڭ ئىككى نەۋرىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئەۋرەڭزىپمۇ قوشۇنىنى چېكىندۈردى. ھىندىقۇش رايونىدا شۇ يىلى قىش بالدۇرلا كىردى، ھېرىپ ماجالىدىن كەتكەن موغۇل قوشۇنلىرى بۇنداق ناچار كىلىماتقا كۆنەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرى ئېغىر ئىدى، ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەشمۇ يېتىشمەي قالدى. موغۇل قوشۇنلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئۆزبېكلەرنىڭ پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىسا، مۇھىم ئۆتكەللەردە ھازارالارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ، بىر تەرەپتىن چېكىنىپ كابۇلغا كەلگەندە، تېخى نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىلا مۇشۇ يەردىن لەشكىرىي يۈرۈشكە ئاتلانغان بۇ قوشۇندىن قالغىنى پەقەت ئاقساق لەشكەر، چولاق سەردارلارلا بولدى. بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈشتە ئادەم كۈچى ۋە ئۇلاق كۈچى جەھەتتىكى زىيان كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئېغىر بولدى. نۇرغۇنلىغان ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ بىھۇدىلا سەرپ قىلىندى. موغۇل ئىمپېرىيىسى يېڭى زېمىنغىمۇ ئېرىشەلمىدى، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان سىياسىي ئۈستۈنلۈككىمۇ ئېرىشەلمىدى. ئەكسىچە، موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان چېگرا رايونىدىكى ئابروي - ئىناۋىتى ئېچىنىشلىق تۈردە تەۋرىنىپ قالدى. شاھ جاھاندىن كېيىن بەلىخ يەنىلا كونا قېلىپتا

تۇرۇۋەردى، ئەسلىدىكى ئاشۇ جەمەت يەنىلا بەلىخكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋەردى. بۇ - موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سابىق تېررىتورىيىسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇنۇشى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، موغۇل ئىمپېرىيىسى شىمالدىكى قوشنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نورمال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت دائىرىسىگە قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى.

ئەۋرەڭزىبنىڭ 1647 - يىلدىكى لەشكىرىي يۈرۈشى ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى، موغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە سافاۋىلار خانىدانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇ مۇناسىۋەت، ئەمەلىيەتتە، ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىككى ھەربىي كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىدى. بىر تەرەپ مۇئەييەن دەرىجىدە كۆچمەن ئەجدادلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كېلىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان جەڭچىلەر بولسا، يەنە بىر تەرەپ كالامپايىراق ۋە ھەرىكەتچانلىق خاراكتېرى ئاجىزراق قوشۇننى باشلاپ جەڭ قىلغۇچى ئىدى. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئىزچىل تۈزدە ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە داۋاملاشتى. ئەۋرەڭزىبنىڭ قوشۇنى سان جەھەتتىن ئۆزبېكلەرنىڭكىدىن ئاز ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەڭ قىلىش ئىقتىدارىمۇ ئۆزبېكلاردىن تۆۋەن تۇرمايتتى (يەنە كېلىپ، ئەۋرەڭزىب بۇ ۋاقىتتا خېلىلا پىشقان تەجرىبىلىك قوماندان بولۇپ قالغانىدى)، ئەمما، ئۇلار توپ - زەمبىرەك ۋە مىلتىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىغۇدەك بولغاندىلا، ئاندىن يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايتتى. ۋەھالەنكى، موغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئوت ئېچىش قوراللىرى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى نادىر شاھ قوشۇنلىرىنىڭ بىر ئەسىردىن كېيىنمۇ يوقاتمىغان ھەرىكەتچانلىقنى بېسىپ چۈشۈشكە پايلىمىسا، ئۇلار دۇچ كېلىدىغان ئاقىۋەت، ئېھتىمال، پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇشى مۇمكىن

ئىدى. ئەمەلىيەتتە، پاكىتلار قايتا ـ قايتا ھالدا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كالامپاي موغۇل قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغاندا، ئۇچۇقچىلىقتىكى جەڭ ۋە كېيىنتۇپتىپ تۇرۇپ دۇشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتا موغۇللار ئۆزبېكلەرنى ئاسانلىقچە يېڭەلمەيتتى ( خۇددى ئۇلار ئىلگىرى سافاۋىلار خانىدانلىقى بىلەن جەڭ قىلغانغا ئوخشاش). ئۆزبېكلەرنىڭ بۇ خىلدىكى كۆچمەن ياكى يېرىم كۆچمەنلەرگە خاس كىشىنى قاتتىق قىينايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ھەرىكەتچانلىقىنى ئۆزبېكلەردىنمۇ كۈچلۈكرەك ھەرىكەتچانلىققا ئىگە بولغان قازاقلار ۋە ئويراتلار ياكى روسىيە ۋە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى باستۇرغاندا ئورۇنلاشتۇرغاندەك ئوت ئېچىش قۇراللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندىلا، مەغلۇپ قىلغىلى بولاتتى.

ئابدۇل ئەزىزنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىقى جانى خانىدانلىقىنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدىن دېرەك بەردى. ئابدۇل ئەزىزگە ئۇلاپلا سۇبھان قۇلى (1680—1702) نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى باشلاندى. سۇبھان قۇلى ئۆلىما سۈپەت كىشى بولۇپ، تىبابەتكە ئائىت بىر پارچە ماقالىمۇ يازغانىدى. ئۇ سۇبھان قۇلى جەمەتىدە ئېھتىمال، دېھلى ۋە ئىستانبۇلدىن كەلگەن ئەلچىلەرنى ساھىپخانا سۈپىتىدە كۈتۈۋالغان ئاخىرقى ھۆكۈمران بولسا كېرەك. پاكىتلار XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جانى خانىدانلىقىنىڭ سەنئەتكارلارغا ھامىيلىق قىلىش جەھەتتە ئىسفاھاندىكى سافاۋىلاردىن قېلىشمىغانلىقىنى كۆرسەتتى. مەسىلەن: ئابدۇل ئەزىز بۇخاراغا سالغان مەدرىسە ( 1652 - يىل ) ۋە سەمەرقەند تالقارىدىكى مەدرىسە (1640—1660- يىللىرى ) بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بىراق، يۈزەكى شۆھرەت ئىشەنچسىز ئىدى. ھەممىشە

ئائىلىۋى نىزا تۇپەيلىدىن بۆلۈنۈپ كېتىدىغان بۇ خاندانلىق تېخىمۇ ئەشەددىي بولغان ئاشۇ جەمەتلىرىنى كونترول قىلىشقا ئاجىز كېلىپ قالاتتى. ئۇرۇش دائىم دېگۇدەك ئىران تۇپرىقىدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، سافاۋىلار خاندانلىقى بىلەن بولغان توختاۋسىز ئۇرۇش جانى خاندانلىقىنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى يېرىم مۇستەقىل ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە قاراقچىلارنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىپ، بۇخاراغا بولغان كونترول ئۇقىنى قولدىن بېرىپ قويىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا جانى خاندانلىقى بىلەن شاھ جاھاننىڭ كۈرىشى گەرچە قىسقا بولغان بولسىمۇ، بەكلا كەسكىن ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا جانى خاندانلىقى خىۋا ھۆكۈمرانى، كۆپنى كۆرگەن تارىخچى ئابۇل غازى باھادۇرخان بىلەن ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشنى قوزغىدى. بۇنىڭدىن سىرت، سىر دەرياسىنىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى قازاقلارمۇ جانى خاندانلىقى ئۇچۇن دائىملىق يوشۇرۇن خەتەر ئىدى. XVII ئەسىردىن كېيىن قوقەند خانلىقىمۇ جانى خاندانلىقى ئۇچۇن يېڭىدىن قوشۇلغان تەھدىت بولۇپ قالدى. ئەڭ ئاخىرى ئىرانلىق بۈيۈك ئىستىلاچى نادىر شاھ (1736—1747) جانى خاندانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتتى. نادىر شاھنىڭ جانى خاندانلىقىنى گۇمران قىلىشتىكى ۋاستىسى ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتقاندىكى ۋاسىتىلىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتەتتى. ھۆكۈمران ئورنىدا تۇرۇۋاتقان جانى خانلىرى ( خۇددى دېھلىدىكى مۇھەممەد شاھقا ئوخشاش ) نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يەنىلا ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ يۇرگۇزگىنى پەقەت نامدىكى ئىمتىياز ئىدى. مەمۇرىي كونترولluq ھوقۇقى بولسا، ئاللىقاچان مۇھەممەد رەھىم بەگ جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. مۇھەممەد رەھىم بەگ مانغىت قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئىدى، بۇ قەبىلىنى موغۇللار

دەۋرىدىكى بىر داڭدار ئائىلىگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ماۋرائۇننەھردە تۇرۇپ قارشى شەھىرى ئەتراپىدىكى جايلار ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلارنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

سۇبھان قۇلىنىڭ گالۋاڭ ئوغلى ئابۇل فەيزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل (1705—1747) دە مۇھەممەد رەھىم بەگ بۇخارا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ئەمەلى بولغان «ھاكىم ئاتالىق» (Hakim Ataliq) نامىغا ئىگە بولدى. مۇھەممەد رەھىم بەگ مانغىت سەردارلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە 1737 - يىلى جانى خاندانلىقىنىڭ بىر بۆلەك قوشۇنىنى باشلاپ، نادىر شاھنىڭ ئوغلى رىزا قۇلى مىرزىغا قارشى تۇردى. رىزا قۇلى مىرزا ئاتىسىنىڭ ئافغانىستان ۋە ھىندىستان ئۇرۇشىغا قاتناشمىغانلىقىدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرەپ قۇچۇش ئىستىكىدە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە قارشى شەھىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇ قارشىدا مۇھەممەد رەھىم بەگ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاتىسىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا قايتىش ھەققىدىكى غەزەپلىك پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، رىزا قۇلى خان ئاتىسىنىڭ پەرمانىغا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك چاقىرتىپ كېتىلدى. ئەمما، رىزاقۇلى ھىندىستاندىن ئىرانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1740 - يىلى نادىر شاھ ئىراننىڭ كۆپ قېتىملىق پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنىڭ مەنبەسىنى تۇپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇخارا ۋە خىۋادىكى ئۆزبېك خانلىقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىش قارارىغا كەلدى. نادىر شاھ بەلختىن يولغا چىقىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ چارجۇئىغا كەلدى، ئاندىن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇخارا خانلىقى تېررىتورىيىسىگە كىردى. ئابۇل فەيزى مۇھەممەد رەھىم بەگنىڭ

پىكرىگە قوشۇلۇپ، نادىر شاھقا تىز پۈكمەكنى خالىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ پىكرى ئوردىدىكى ئۇرۇشۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار تەرىپىدىن رەت قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزبېكلەر ناھايىتى تېزلا بىر قوشۇن تەشكىللەپ ئىستېلاچىلارغا قارشى ئاتلاندى. بىراق، ئىرانلىقلارنىڭ زەمبىرەكلىرىدىن قورقۇپ كەتكەن ئۆزبېكلەر قوشۇنى ھاقارەتلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئابۇل فەيزى ئالدىراپ - تېنەپ ياۋ بىلەن سۈلھى تۈزدى. سۈلھىنىڭ شەرتلىرى كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ئىدى، كېلىشىمدە ئىككى ھۆكۈمران قۇدىلىشىشقا كېلىشتى؛ ئەسلىدە بۇخارا خانلىقىغا تەۋە بولغان ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىن پۈتۈنلەي نادىر شاھنىڭ ئىمپېرىيىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى، ئۆزبېكلەردىن 30 مىڭ كىشى نادىر شاھ قوشۇنىدا نەۋكەر بولىدىغان بولدى. نادىر شاھ خىۋا خانلىقىدىكى ئىلبارس خانغا لەشكىرىي يۈرۈش باشلاشتىن ئاۋۋال، بويسۇندۇرغۇچى سۈپىتىدە رەسمىي يوسۇندا بۇخاراغا كىردى. بۇخارادا خۇتبەلەر نادىر شاھنىڭ نامىغا ئوقۇلدى، ئۇنىڭ ئىسمى تەڭگىلەرگە يېزىلدى. بىراق، نېمىلا دېمەيلى، بۇخارا شەھىرى دېھلى تەرەپنىڭ يېقىنقى بۇلاڭ - تالاڭلىرىنىڭ ۋەھىمىسىدىن ساقلىنىپ قالدى. روشەنكى، ئۆزبېكلەرنىڭ پايتەختىنىڭ خاراپلاشقان مەنزىرىسى نادىر شاھنى مەھلىيا قىلالمىدى. ئىككى ئەسىرنىڭ ئالدىدا ھىندىستان تۇزلەڭلىرىنىڭ توپا - چاڭلىرى ۋە پىژغىرىم ئىسسىقىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بابۇر ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى شىمالدىكى بەلىخ، ھېرات، بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق شەۋكەتلىك شەھەرلەرگە قايتىشقا ئوتتەك تەلپۈنگەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، يەنە بىر ئۇلۇغ جەڭچى نادىر شاھ بابۇرنىڭ ئەۋلادلىرى تۇرۇۋاتقان موغۇللار ئاستانىسىدىن كەلتۈرۈلگەن جەڭ غەنىمەتلىرىگە زادىلا تويمىغان

بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ يات ئۆلكىدىكى بۇ كىچىككىنە شەھەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى زادىلا لايىق كۆرمىدى. چۈنكى، بۇ شەھەر بىر مەھەل كۆزنىڭ يىغىنى يەيدىغان بۇخارائى شەرىف بولغانىدى③.

نادىر شاھ قوشۇنى چېكىنگەندىن كېيىن، مانغىت جەمەتى بۇخارا خانلىقىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما جانى خاندانلىقى يەنىلا قالدۇق ھالەتتە 45 يىل ئۆمۈر كۆردى. تەخمىنەن 1747 - يىلى مۇھەممەد رەھىم بەگ ئاخىرى ئابۇل فەيزىنى قەستلەپ ئۆلتۈردى ھەمدە 1753- يىلدىن 1758 - يىلىغىچە رەسمىي يوسۇندا بۇخارا ھۆكۈمرانى بولدى. ئەمما، مۇھەممەد رەھىم بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، جانى خاندانلىقى ئەۋلادلىرىدىن ئابۇل غازى خان 30 يىلچە دەۋران سۈردى(1758—1785). ئابۇل غازى خان شەھۋەتپەرەس پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ تىزگىنى مۇھەممەد رەھىم بەگ جەمەتىدىكى دانىيال بەگنىڭ قولىدا ئىدى. دانىيال بەگ 1785 - يىلى ئۆلدى. كېيىنكى مالىمانچىلىقلاردا ئۇنىڭ بىر ئوغلى ئەمىر مەسۇم شاھ مۇراد بۇخارانىڭ شەكسىز ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. شاھ مۇراد ئابۇل غازى خان ۋە جانى خاندانلىقىنىڭ باشقا قالدۇقلىرىغا كۇتۇنۇش ھەققى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئورۇن بوشىتىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مانغىت خاندانلىقىنىڭ تۇنجى رەسمىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى.

XVI ئەسىردىن تارتىپ بۇخارا كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئەمما، شاھ مۇراد ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلار (1785—1800) دا بۇخارا قىسقا مەزگىللىك ئاۋاتلىق ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. بىراق، بۇ يېڭى ھۆكۈمران (Begi Jan نامى بىلەن مەشھۇر بولغان) نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، ئۇ پۈتۈنلەي بىمەنە تەرىقەتچىلىك

ئـەنئەنىسىنى ھەممە ئىشتا ئۆزىگە ئۈلگە قىلىۋالدى. ھالبۇكى، مۇشۇ تەرىقەتچىلىك ئەنئەنىسى ماۋرائۇننەھرنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى ئـۇزاق مەزگىللىك ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى④ . شاھ مۇراد ياش ۋاقىتلىرىدا بۇخاراغا تەۋە قەدىمكى ھەرەم مەسچىتىدىكى بىر مەدرىسىدە بىر ئىلاھىيەتشۇناسنىڭ تەربىيىسىدە بولغانىدى. بۇ جايدا شاھ مۇراد ئۆزىنىڭ پاكلىقى بىلەن يۇكسەك شۆھرەت قازاندى. ئۇ ھەتتا بۇخارانىڭ « مەسنەد» ى بولغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قىزغىن چوقۇنۇشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلساق، شاھ مۇراد بىر ھۆكۈمران بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىلا دەرۋىشلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە تۇرمۇش شەكلى ئىچىدە ياشاشنى تاشلىمىغانىدى، ھەتتا قوشۇننى باشلاپ جەڭگە ئاتلانغاندىمۇ، ئاددىيلا جابدۇلغان ئاتقا مىنەتتى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ھېچقانداق « ئەمىر » ياكى « خان » بۇنداق ئاتقا مىنمەيتتى. ئەمما، بىر ھەربىي سەردار بولۇش سۈپىتى بىلەن شاھ مۇراد پەۋقۇلئاددە تالانتقا ئىگە ئىدى. ئۇ ئۆز پۇقرالىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، خىۋا ۋە قوقەندنى بەدەل قىلىپ تۇرۇپ، بۇخارا ھاكىمىيىتىنىڭ چېگرىسىنى كـۆچەپ نېرىغا سۈردى. شاھ مۇراد ئافغانىستاندىكى دۇررانى ھۆكۈمرانلىرىدىن بەلخنى تارتىۋېلىشقا زادىلا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئىرانغا قارشى ئۇرۇشلاردا زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شاھ مۇراد ھەر يىلى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ خوراساندىكى ئاھالىلەرنى پاراكەندە قىلىپ كەلدى. ماۋرائۇننەھر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۈگىمەس ئەۋلادلىرى ئارىسىدا شاھ مۇراد ئىرانغا ئېسىپ كىرگەن ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمران بولۇپ قالدى. شاھ مۇرادنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئىلگىرى ئىران مەدەنىيىتىنىڭ مەشھۇر مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان مەرۋى ئىدى. ئەمما، ئەينى

ۋاقىتتا ئۇ قاجار سەردارى بەھرام ئەلى خان ساقلاۋاتقان خاراپلاشقان چېگرا شەھىرى ئىدى. بەھرام ئەلى خان جانى خانىدانلىقى ۋە ئىراندىكى قاجار خانىدانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاغا مۇھەممەد خانغا تۇغقان كېلەتتى. بەھرام ئەلى خان قەتئىيلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، بېشى بۇخارادىكى دار سۇپىسىغا ئېسىلاندى. بىراق، ئافغانىستاندىكى تىمۇرىلەر پادىشاھلىرىدىن دۇررانى (1773—1793) نىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بەھرام ئەلى خاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەيىن 1788 - يىلى شەھەر ئىشغال قىلىنغانغا قەدەر قارشىلىق كۆرسەتتى. مۇھەممەد ھۈسەيىن دەسلەپ بۇخارادا قاماققا ئېلىندى، ئەمما، ئاخىرى تېھرانغا قېچىپ كەتتى. ئۇ تېھراندا تۇغقىنى فاتىھ ئەلى شاھ (1797—1834) نىڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ قالدى. شاھ مۇراد قوشۇنى مەرۋىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاپلا مورغاب دەرياسىنىڭ مۇرەككەپ سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. مورغاب دەرياسى ئۇزۇندىن بۇيان مەرۋى بوستانلىقىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولۇپ كەلگەنىدى. شاھ مۇرادنىڭ بۇزغۇنچىلىقى نەتىجىسىدە، مەرۋى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلار ناھايىتى تېزلا ئەسلىدىكى قاقاس ۋە تاقىر ھالىتىگە كېلىپ قالدى. XIX ئەسىردىكى ياۋروپا سەيياھلىرى مەرۋىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى جانلىق سۈرەتلەپ چىققاندى. شاھ مۇراد مەرۋى بوستانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، پىلانلىق تۈردە بوستانلىق تەۋەسىدىكى ئىرانلىقلارنى قوغلاپ چىقاردى. شۇ زامان كىشىلىرىنىڭ ئەسلىشىچە، بۇ ئىرانلىقلار بۇخارادىكى قۇل بازىرىغا پاتماي قالغان بولۇپ، قۇل باھاسىنى مىسلىسىز دەرىجىدە چۈشۈرۈۋەتكەن. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خۇراساننىڭ شىمالىدىكى

ئىرانلىقلارنىڭ ئورنىنى تۈركمەنلەر ئىگىلىدى، ھەتتا مەرۋى بوستانلىقىدىكى ئەھۋالمۇ شۇنداق بولدى⑤ ئاقا مۇھەممەد خان شاھ مۇرادنىڭ مەرۋىدىكى قاجارلارغا قارانقان قىلمىشىدىن قىساس ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ھەيۋە كۆرسىتىپ يۈردى. ئەمما، روسىيە 1796 - يىلى ئەزەربەيجانغا بېسىپ كىردى، بۇنىڭ بىلەن ئاقا مۇھەممەد خان بۇخاراغا ھۇجۇم قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ ۋارىسلىرىمۇ مەرۋىنى ئىران خان جەمەتى تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا يەتكۈدەك ھەربىي كۈچ توپلىيالمىدى. بۇنىڭ بىلەن شاھ مۇرادنىڭ غەرب ۋە شەرققە يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى سۈپىتىدە ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسى ئامۇ دەرياسى ئەمەس، بەلكى ئېلبۇرس تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى كوپېت تاغ تىزمىلىرى بولۇپ قالدى.

بۇخارالىقلار شاھ مۇرادنىڭ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىنلا ئەمەس، ئىسلام شەرىئىتىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن يولغا قويغانلىقىدىنمۇ ئىنتايىن سۆيۈنەتتى. شاھ مۇرادنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى ئەمىر ھەيدەر (1800—1826) مۇ مەلۇم دەرىجىدە پادىشاھلىق بىلەن دەرۋىشلىكنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرلەشتۈردى. ئەمما، ئەمىر ھەيدەر ئۆلگەندىن كېيىن، بۇخارا ھاكىمىيىتى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشقا پېتىپ قالدى. ئاخىر ھەيدەرنىڭ 3-ئوغلى نەسرۇللا بۇ كۈرەشتە غەلىبە قىلدى. 1842 - يىلى نەسرۇللا شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ پولكوۋنىك چارلىس ستوددارت ۋە كاپىتان ئارتۇر كونوللىدىن ئىبارەت ئىككى ئادەمنى بۇخارادا قاماققا ئالدى ۋە ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆلتۈرۈۋەتتى⑥. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن نەسرۇللانىڭ ئىسمى ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى ئىنگلىزلار ئارىسىدا پۇركەتتى. نەسرۇللانىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ۋە تاش يۈرەك-ياۋۇز

ئادەم، دېگەن نامنى ئېلىشى ھەقلىق بولۇپ، ئۇ ۋەھشىلىكى سەۋەبلىك ئۆز پۇقرالىرى ۋە قوشنىلىرىنىڭ نەزەرىدىمۇ بىر قورقۇنۇچلۇق شەخسكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىراق، بۇخارانىڭ دەسلەپكى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىقى (1827—1860) نى پۈتۈنلەي مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغان دېيىشكىمۇ بولمايتتى. ناۋادا نەسرۇللانىڭ ئامىتى قاچماي، بىر زامانلاردىكى ياۋروپالىقلار بېسىپ كىرىۋاتقان، ھەممىلا مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلىرى نادانلىق خورىكى تارتىۋاتقان ۋە ياردەمچىسىز يېگانە تۇرۇۋاتقان دەۋردە ياشىغان بولسا، ئېھتىمال، ئۇ ئەبەدىي شان ـ شەرەپ قۇچۇپ، شايبانىلار خاندانلىقىدىن كېيىنكى بۇخارا ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ قابىل، شۇنداقلا ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھۆكۈمرانلاردىن بولۇپ قالار ئىدى. مانغىت قەبىلىسىنىڭ مول تەجرىبىلىك سەردارى ھۇسەيىن بەگنىڭ يېتەكچىلىكىدە، نەسرۇللا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى 13 يىلىدا ھاكىمىيەتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۇتۇپ، قەبىلە سەردارلىرىنىڭ مۇستەقىللىك خاھىشلىرىنى بىت ـ چىت قىلىۋەتتى ھەمدە دىنىي ساھەدىكىلەرنى قوللاش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. شۈبھىسىزكى، بۇ سىياسەت ئاۋام ئارىسىدا ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەسرۇللا ئۆز تېررىتورىيىسىنىڭ سىرتىدا، خىۋا ۋە قوقەندنى قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىش، ئاخىرىدا پۈتكۈل ماۋرائۇننەھرنى بويسۇندۇرۇش، ھەتتا مۇمكىن بولغاندا، كىشىلەرنىڭ يادىدىن مەڭگۈلۈككە چىقمايدىغان تىمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنى قايتا قۇرۇشنى نىشان قىلدى. نەسرۇللانىڭ بۇ قارا نىيىتىگە ئەزەربەيجانلىق تەۋەككۈلچى ئابدۇل سەمەد ھەددەپ يەل بەردى. ئابدۇل سەمەد ھۇسەيىن بەگنىڭ نەسرۇللاخانىنىڭ باش

ئەقىلدارلىق ئورنىنى ئىگىلەش قەستىدە بولدى ھەمدە 1840 - يىلى بىر ئامال قىلىپ ھوسەيىن بەگنى جايلىۋەتتى. ئابدۇل سەمەد مۇنتىزىم قوشۇننى مەشىق قىلدۇرۇش ۋە توپ - زەمبىرەك قۇيۇش بىلىملىرىدىن خەۋەردار ئىدى، ئۇنىڭ بۇ قابىلىيىتى 1839- يىلدىن 1842 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قوقەندكە قارشى ئۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئويىندى. ئابدۇل سەمەد روسىيىنىڭ ئىراننىڭ غەربىي شىمالىغا كىرگەنلىكى ۋە ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان ۋە ئافغانىستانلاردىكى كېڭەيمىچىلىكىنى بىلگەچكە، نىمىشقىدۇر نەسرۇللاغا ئۆچ بولۇپ قالدى. ئۇ نەسرۇللانىڭ گۇمانخورلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا نەسرۇللانى ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆز زېمىنىغا قىستاپ كېلىپ قالغانلىقىدىن ۋەھىمە قىلدىغان قىلىپ قويدى. نەسرۇللا ياۋروپالىقلارنىڭ ئاسىياغا كىرگەنلىكىنى ئاز - تولا بولسىمۇ چۈشىنەتتى. چۈنكى، ئۇ كەلگەنلەرنىڭ سودىگەر، دىن تارقاتقۇچى ياكى ئەلچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ كېلىشى ياۋروپا ھامىيلىقىدىكى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى، ھالبۇكى، نەسرۇللا ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا روسىيە پۈتۈن دىققەت نەزەرىنى خىۋا ۋە قوقەندكە قاراتقانلىقتىن، نەسرۇللا رۇسلارنىڭ بىۋاسىتە تەھدىتىگە ئۇچرىمىدى. ئەمما، 1868 - يىلغا كەلگەندە، نەسرۇللانىڭ ۋارىسى مۇزەففەرىدىن روسىيە بىلەن شەرتنامە ئاساسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇخارا ئەمىرلىكى ئەنگلىيىگە تەۋە ھىندىستاندىكى ھەيدەر ئاباد ياكى كەشمىرگە ئوخشاش ھامىيلىقتىكى دۆلەت سۈپىتىدە 1920 - يىلغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇخارا دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە چار روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ چەكلىمىلىرىگە ئۇچراپ

كەلدى.

خىۋا خانلىقى يىراق خارەزىم بوستانلىقىدا ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، قاراقۇم، ئۇستيۇرت ۋە قىزىل قۇم قۇملۇقلىرى بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى. بۇخاراغا سېلىشتۇرغاندا، خىۋا خانلىقى ئۆزبېكلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۈچ يېرىم ئەسىر مابەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ھېچقانچە رول ئوينىمىدى. بۇ دەۋرنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىدا خىۋا خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچى بۇخارادىن ئاجىز بولغاچقا، تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە ئۇ بۇخاراچىلىك مۇھىم رول ئوينىمايتتى، يەنە كېلىپ، خىۋا خانلىقىنىڭ مەدەنىي ھاياتى بەكلا قالاق ھالەتتە بولۇپ، ئابۇل غازى باھادۇرخاننىڭ تارىخىي ئەسىرىنىڭ بۇ يەردە يېزىلىشى كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان مۆجىزە ئىدى.

خىۋا رايونىدا كۆچمەنلەر بىلەن تېرىقچىلىق قىلغۇچىلار ھەمدە ئۆزبېكلەر بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى جىددىيلىك مۇناسىۋىتى تۈركمەنلەرنىڭ قىسىلىپ كىرىشى بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. تۈركمەن تىلى ئوغۇز تىللىرى ياكى غەربىي تۈرك تىلىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئەزەربەيجاندىكى تۈركىي تىللىق ئوسمانلار ۋە ئەزەربېيلەرمۇ غەربىي تۈرك تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرەتتى. تۈركمەن تىلى بىلەن شەرقىي تۈرك تىلى ئوتتۇرىسىدا، ئەمەلىيەتتە، بىرەر زىچ مۇناسىۋەت بولغان ئەمەس. بۇ پاكىت بىزنى تۈركمەنلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىلگىرىكى زامانلاردا تۈركمەن خانىدانلىقى ۋە تۈركمەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىران ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلارنىڭ تارىخىدا مۇھىم، ھەتتا بەزىدە ھەل قىلغۇچ روللارنى ئوينىغانىدى. ئەمما، ئۆزبېكلەر ئۆزلىرىنىڭ ماۋرائۇننەھرگە قاراتقان ئىشغالىيىتىنى

ئەقىلدارلىق ئورنىنى ئىگىلەش قەستىدە بولدى ھەمدە 1840 - يىلى بىر ئامال قىلىپ ھۆسەيىن بەگنى جايلىۋەتتى. ئابدۇل سەمەد مۇنتىزىم قوشۇننى مەشىق قىلدۇرۇش ۋە توپ - زەمبىرەك قۇيۇش بىلىملىرىدىن خەۋەردار ئىدى، ئۇنىڭ بۇ قابىلىيىتى 1839- يىلدىن 1842 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قوقەندكە قارشى ئۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئويىنىدى. ئابدۇل سەمەد روسىيىنىڭ ئىراننىڭ غەربىي شىمالىغا كىرگەنلىكى ۋە ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان ۋە ئافغانىستانلاردىكى كېڭەيمىچىلىكىنى بىلگەچكە، ئىمىشقىدۇر نەسرۇللاغا ئۆچ بولۇپ قالدى. ئۇ نەسرۇللانىڭ گۇمانخورلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا نەسرۇللانى ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆز زېمىنىغا قىستاپ كېلىپ قالغانلىقىدىن ۋەھىمە قىلدىغان قىلىپ قويدى. نەسرۇللا ياۋروپالىقلارنىڭ ئاسىياغا كىرگەنلىكىنى ئاز - تولا بولسىمۇ چۈشىنەتتى. چۈنكى، ئۇ كەلگەنلەرنىڭ سودىگەر، دىن تارقاتقۇچى ياكى ئەلچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ كېلىشى ياۋروپا ھامىيلىقىدىكى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى، ھالبۇكى، نەسرۇللا ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا روسىيە پۈتۈن دىققەت نەزەرىنى خىۋا ۋە قوقەندكە قاراتقانلىقتىن، نەسرۇللا رۇسلارنىڭ بىۋاسىتە تەھدىتىگە ئۇچرىمىدى. ئەمما، 1868 - يىلغا كەلگەندە، نەسرۇللانىڭ ۋارىسى مۇزەففەرىدىن روسىيە بىلەن شەرتنامە ئاساسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇخارا ئەمىرلىكى ئەنگلىيىگە تەۋە ھىندىستاندىكى ھەيدەر ئاباد ياكى كەشمىرگە ئوخشاش ھامىيلىقتىكى دۆلەت سۈپىتىدە 1920 - يىلغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇخارا دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە چار روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ چەكلىمىلىرىگە ئۇچراپ

كەلدى.

خىۋا خانلىقى يىراق خارەزىم بوستانلىقىدا ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، قاراقوم، ئۇستيۇرت ۋە قىزىل قۇم قۇملۇقلىرى بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى. بۇخاراغا سېلىشتۇرغاندا، خىۋا خانلىقى ئۆزبېكلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۈچ يېرىم ئەسىر مابەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ھېچقانچە رول ئوينىمىدى. بۇ دەۋرنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىدا خىۋا خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچى بۇخارادىن ئاجىز بولغاچقا، تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە ئۇ بۇخاراچىلىك مۇھىم رول ئوينىمايتتى، يەنە كېلىپ، خىۋا خانلىقىنىڭ مەدەنىي ھاياتى بەكلا قالاق ھالەتتە بولۇپ، ئابۇل غازى باھادۇرخاننىڭ تارىخىي ئەسىرىنىڭ بۇ يەردە يېزىلىشى كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان مۆجىزە ئىدى.

خىۋا رايونىدا كۆچمەنلەر بىلەن تېرىقچىلىق قىلغۇچىلار ھەمدە ئۆزبېكلەر بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى جىددىيلىك مۇناسىۋىتى تۈركمەنلەرنىڭ قىستىلىپ كىرىشى بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. تۈركمەن تىلى ئوغۇز تىللىرى ياكى غەربىي تۈرك تىلىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئەزەربەيجاندىكى تۈركىي تىللىق ئوسمانىلار ۋە ئەزەربىيلەرمۇ غەربىي تۈرك تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرەتتى. تۈركمەن تىلى بىلەن شەرقىي تۈرك تىلى ئوتتۇرىسىدا، ئەمەلىيەتتە، بىرەر زىچ مۇناسىۋەت بولغان ئەمەس. بۇ پاكىت بىزنى تۈركمەنلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىلگىرىكى زامانلاردا تۈركمەن خانىدانلىقى ۋە تۈركمەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىران ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلارنىڭ تارىخىدا مۇھىم، ھەتتا بەزىدە ھەل قىلغۇچ روللارنى ئوينىغانىدى. ئەمما، ئۆزبېكلەر ئۆزلىرىنىڭ ماۋرائۇننەھرگە قاراتقان ئىشغالىيىتىنى

مۇستەھكەملىگەندە، ئىران، خىۋا ۋە بۇخارا بىلەن بولغان چېگرا مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۈركمەنلەر بىر خىل مۇقىمسىزلىق ئامىلى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن سىرت، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى بارچە تۈركمەنلەرمۇ ئۇقۇم جەھەتتىن قىسمەن مەناغا ئىگە بولۇپ قالدى. XVI ئەسىردىن تارتىپ ئىران، خىۋا ۋە بۇخارادىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ھەممىشە تۈركمەنلەرنى ئىدارە قىلىشنىڭ كويىدا بولدى ھەمدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈركمەنلەرمۇ قوشنىلىرىنىڭ ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى كۈچلۈك - ئاجىز بولۇشتەك ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆز خوجايىنلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇردى. شاھ ئابباس I ۋە نادىر شاھقا ئوخشاش ھۆكۈمرانلارنىڭ زامانىسىدا تۈركمەنلەر ئىراننىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭغا ئوخشاش يوسۇندا بۇخارا خانلىقى زېمىن كېڭەيتكەندە (مەسىلەن: ئابدۇللا II ۋە شاھ مۇراد دەۋرىدە)، ئۇلار بۇخارا ھاكىمىيىتىگە سادىق بولدى. XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سافاۋىلار خاندانلىقى ۋە جانى خاندانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا، خىۋانىڭ ئابۇل غازى باھادۇرخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئانۇشا (1663—1687) دىن ئىبارەت قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانلار تۈركمەنلەرنى يەنە بويسۇندۇردى. ئەمما، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا جەڭگە ماھىر تۈركمەن قەبىلىلىرى ئەمەلىي مۇستەقىللىقتىن بەھرىمەن بولۇپ كەلدى. بۇ ھال نىسپىي قىلىپ ئېيتقاندا، تۈركمەنلەرنىڭ ھېچنەرسىدىن تەپ تارتماي ئۆزلىرىگە يېقىن جايدىكى قاتناش لىنىيىلىرىگە ۋە سودا يوللىرىغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالدى. تۈركمەنلەر جاھىل بۇلاڭچى قۇللار بولۇش سۈپىتى بىلەن XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قاجارلارنىڭ ئىراننىڭ شەرقىي شىمال

ئۆلكىلىرى ئۈچۈن بالايىئاپەت بولۇپ كەلدى. روسىيە ئۆزىگە قوشۇۋالغان ۋاقىتقا قەدەر، تۈركمەن قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن تۇرمۇشتا ئىدى، ئەمما، گۇرگان دەرياسى بويىدىكى ئويمانلىقتا تۈركمەن تېرىقچىلىرى بارلىققا كەلدى. تاشقى مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غىدىقلىشىغا دۇچ كەلگەندە، تۈركمەنلەر بۇ مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشقا قارىتا زادىلا رەت قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولمىدى، ئەمما، ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە چەكلىكلا تەسىر كۆرسىتەلىدى. تۈركمەن گىلەمچىلىكىدە نامايەن قىلىنغان ماھارەت ۋە رەڭ تۇيغۇسى ھەققىدە ئارتۇق گەپ ھاجەتسىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈكسەك دەرىجىدە ئىرانلىشىپ كەتكەن ئاز ساندىكى ھۆكۈمرانلاردىن چىققان بەزى مەشھۇر شەخسلەر ھەتتا پارس ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇن تۇتقانىدى. مەسىلەن: 1616 ـ يېزىلغان شاھ ئابباس تارىخىغا ئائىت ئەسەر « تارىخى ئالەم ئارەيە ئابباسى » ( « ئابباسىلار دۇنياسىنىڭ تارىخى » ) نىڭ ئاپتورى ئىسكەندەر مۇنشى تۈركمەن ئىدى. دەسلەپكى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىناكارلىق ئۇستىسى بولغان بەيرەم خانمۇ تۈركمەن ئىدى. بەيرەم خان كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە كىشى بولۇپ، ئەكبەر تېخى بالا ۋاقىتلىرىدىلا ئۇ سىياسەتچى ۋە لەشكىرىي قوماندان بولغانىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، بەيرەم خان يەنە پارس ۋە چاغاتاي تىللىرىغا كامىل يازغۇچى ئىدى. دەل مۇشۇ تۈركمەنلەر چەت ئەل ئوردىسىدا ئۆز ئابرويىنى تىكلەپ، باشقا تىلدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانىدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىرخىل تۈركمەن ئەدەبىي تىلى شەكىللىنىشكە باشلىدى. مەختۇم قۇلى ۋە مۇللا ئازاد قاتارلىق شائىرلار بولسا، بۇ تىلنى مۇستەھكەملىدى. بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى، بەلكىم، تۈركمەنلەرگە تۇنجى

قىيتىم مەدەنىيەتتىكى بىرلىك ئىچىنى ئاتا قىلغان ۋە ئۇلارنى ئاكتىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۇرگەن بولسا كېرەك.

XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تاكى 1920 - يىلى بۇخارا ئەمىرلىكى ۋە خىۋا خانلىقى يوقالغۇچە، بۇ ئىككى ھاكىمىيەت مۇستەقىل تارىخقا ئىگە بولۇپ كەلدى. بۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قوقەند خانلىقىنىڭ تارىخى XVIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدىنلا باشلاندى. ئەينى ۋاقىتتا چىڭگىزخاننىڭ مەشھۇر ئەۋلادلىرىدىن بولغان شاھرۇخ بەگ قوقەندتە بىر ھاكىمىيەت قۇرغانىدى. بۇ ھاكىمىيەت تەخمىنەن 20 دەك ھۆكۈمراننىڭ قولىدىن ئۆتۈپ، 1876 - يىلغا كەلگەندە روسىيە ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى. XIX ئەسىرنىڭ دەسلىپى قوقەند خانلىقىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى بولدى. قوقەندنىڭ زېمىنى فەرغانە ۋادىسى ۋە قوقەندتىن باشقا، غەربتىكى خوجەندنى ھەمدە سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تاشكەنت، چىمكەنت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئاھالىسى 750 مىڭغا يەتتى. قوقەند خانلىقى زېمىنىنىڭ كېڭىيىشىنى فەرغانە ۋادىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى بەلگىلىگەنىدى. فەرغانە ۋادىسى غەربتە سىر دەرياسىغىچە سوزۇلاتتى، ئاقىۋەت قوقەند خانلىقى بىلەن بۇخارا ھاكىمىيىتىنىڭ خوجەند، ئۇراتۆپە ۋە قارا تېگىن رايونىدىكى توقۇنۇشىغا سەۋەب بولدى، شۇنداقلا قوقەند خانلىقى بىلەن قازاقلارنىڭ تاشكەنت سىرتىدىكى توقۇنۇشىنى تېزلەتتى. بۇخارا ۋە خىۋادىكى ئەھۋالغا ئوخشاش، قوقەند خانلىرى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ يەرلىك ئۆزبېك سەردارلىرى ھەمدە زور تەسىرگە ئىگە بولۇۋاتقان دەرۋىشلەر قاتلىمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئەمما، XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا كەسكىن ۋە ياۋۇز قوقەند ھۆكۈمرانى ئالىم خان مەجبۇرىي يوسۇندىكى ھوقۇقنى

مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش سىياستىنى يۈرگۈزۈپ، قارا تېگىندە تاغلىقلاردىن ياللانما قوشۇن تەشكىللىدى ۋە ئۇلارنى ئەنئەنىۋى قەبىلىۋى قوشۇنلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئالىم خان قوقەند خانلىقى تەۋەسىدە ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، زېمىن كېڭەيتىشكە باشلىدى ھەمدە ئۇراتۆپە، خوجەند ۋە تاشكەنتنى ئىگىلىدى. ئالىم خاننىڭ ۋارىسى مۇھەممەد ئۆمەر شەيخ تەقۋادار مۇسۇلمان ۋە سەنئەتكارلارنىڭ سېخى ھىماتچىسى ئىدى. ئۇ ئالىم خاننىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياستىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، شىمالدا قازاقلارنىڭ زېمىنىغا كىردى ۋە ئاق مەسچىت قورغىنىنى سالدۇرۇپ، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەرگە تاقابىل تۇردى. مۇھەممەد ئۆمەر شەيخ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (تەخمىنەن 1822-يىلى) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەلى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە قوقەند خانلىقى ئۆزىنىڭ ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمىغان پارلاق سەلتەنىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتتى. ئەمما، پاكىتلار مۇھەممەد ئەلىنىڭ بۇخارا خانلىقىدىكى قۇدرەتلىك نەسرۇللانىڭ رەقىبى بولالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. نەسرۇللا قوقەند خانلىقى تەۋەلىكىدە يوقىتىش خاراكتېرلىك تالان - تاراج يۈرگۈزۈپ ئاخىرىدا قوقەندنىڭ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە مۇھەممەد ئەلى خاننىڭ 1842 - يىلدىكى ئۆلۈمىگە سەۋەب بولدى. قوقەند بىلەن بۇخارانىڭ ئۇرۇشى بۇ ئىككى خانلىقنى ئاقىۋەت يېقىنلاپ كېلىۋاتقان روسىيە بىلەن ئۇرۇشماي تۇرۇپلا قاتتىق ھالىدىن كەتكۈزدى. قوقەند خانلىقىمۇ بۇخارا ياكى خىۋاغا ئوخشاش ئۆزبېكلەر بىلەن تاجىكلار ۋە كۆچمەنلەر (جۈملىدىن قىرغىزلار) بىلەن ئولتۇراق ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى توقۇنۇشنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى، ئەمما، قوقەند خانلىقى رۇسلارغا قارشى

جەڭلەردە بۇخارا ياكى خىۋادىن نەچچە ھەسسە قەتئىيلىك قىلدى.

قوقەند خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر يېرىم ئەسىر مابەينىدە فەرغانە ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا غەربىي قىسىم جايلار سىياسىي جەھەتتە ئەتراپىدىكى رايونلاردىن مۇستەقىل بولۇپ كەلدى. بۇ بىر يېرىم ئەسىر پارلاق ۋە شانلىق بىر يېرىم ئەسىر بولدى. بۇ مەزگىلدە سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى كۆپلەپ بىنا قىلىندى، كۆپلىگەن ئاممىۋى ئىمارەتلەر سېلىندى. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئۇسلۇبى ئىران ئۇسلۇبىدىن شاخلىغان بىر تۇرلۇك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇپ ئىدى. جايلاردا تارقىلىپ يۈرگەن بەزى مۇنەۋۋەر ھۈنەر-تېخنىكىلارمۇ تولۇق مەدەت-ياردەملەرگە ئېرىشتى. يات دىنىدىكىلەردىن قوقەند خانلىقىغا كەلگەنلەر كۆپ بولمىسىمۇ، قەدەم ئىزى بۇ يەرگە چۈشكەنلىكى كىشىدە قوقەندنىڭ مۇقىم گۈللەنگەن ئەھۋالى، شۇنداقلا سودا ئىشلىرىنىڭ مەنزىرىسى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئەمما، بۇخارا ياكى خىۋاغا كەلگەن سەيياھلار بولسا، ھەرگىزمۇ بۇ خىل تۇيغۇنى ھېس قىلالمايتتى.

**ئىزاھلار:**

① ئابۇل غازى باھادۇرخان: «شەجەرەئى تۇرك»، II توم، 2 ـ بەت.

② ئۆزبېكلەر دەۋرىدىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى ھەققىدە ئا. ج. ئەھمەدنىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

③ لوكخارت ئىراننىڭ كۆزقارىشىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، مۇشۇ مەزگىلدىكى تارىخنى تەپسىلىي بايان قىلغان. لوكخارتنىڭ: «نادىر شاھ» (لوندون، 1938 ـ يىل نەشرى) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

④ شاھ مۇرادقا ئائىت تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلەر توغرىسىدا ج. مالكولمنىڭ: «ئىران تارىخى» (لوندون، 1815 ـ يىل نەشرى، II توم، 241-بەتتىن 261-بەتكىچە)؛ ئا. كونوللىينىڭ: «شىمالىي ھىندىستانغا ساياھەت» (لوندون، 1834-

يىل نەشرى ، I توم، 158-بەتتىن 163-بەتكىچە) ، ۋامبېرىنىڭ: «بۇخارا تارىخى» (لوندون، 1873-يىل نەشرى، 348- بەتتىن 362- بەتكىچە) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑤ « XVII ، XVIII ئەسىرلەردىكى جەنۇبىي تۈركمەنىستان ۋە شىمالىي خۇراسان مىللەتلىرى » دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن. ئىمزاسىز بۇ ماقالىدە شاھ مۇراد دەۋرىدىكى ئەھۋاللار مۇھاكىمە قىلىنمىغان. مىر ئابدۇل كەرىم بۇخارى «تارىخى بۇخارا» ناملىق ئەسىرىدە 27 مىڭ ئىرانلىقنىڭ مەرۋىدىن بۇخاراغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، 1813 - يىلى مەرۋى شەھىرىدە 3000 ئائىلىلىك نوپۇس بولغان ( ج. م. كىننېر « پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن) . XIX ئەسىردىكى مەرۋىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە س. مارۋىننىڭ: «مەرۋى— دۇنيانىڭ گۈلتاجىسى» (لوندون، 1880-يىل نەشرى) ؛ ئې.دونوۋاننىڭ: « مەرۋى بوستانلىقى» (لوندون 1882 - يىل نەشرى) دېگەن ئەسەرلىرىگە قارالسۇن.

⑥ بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ئەھۋاللار ھەققىدە ج. گرووېرنىڭ « بۇخارادا قاماققا ئېلىنغان پولكوۋنىك ستوددارت ۋە كاپىتان كونوللى ھەققىدە بىرىتانىيە خەلقىگە مۇراجەت» ؛ ج. ۋولفنىڭ : «بۇخارا ئەلچىلىكىدىن خاتىرە» ؛ ج.گرووېرنىڭ: «بۇخارا قۇربانلىرى» دېگەن ئەسەرلىرىگە قارالسۇن.

# XIV باب چار پادشاھ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىي خەلقلەر

## 1. روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرى

روسىيە تېررىتورىيىسىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ۋارىسى بولغان دۆلەتلەردىن قازان خانلىقى، ئاستىراخان خانلىقى ۋە قىرىم خانلىقلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1552-، 1554- ۋە 1783- يىللىرى بويسۇندۇرۇلۇپ روسىيىگە قوشۇۋېلىندى.

روسىيە ئاستىراخان خانلىقىنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن، سابىق ئاستىراخان خانلىقىدىكى خان ئەۋلادلىرى تۈركىستانغا پاناھلىق تىلەپ كەلدى، ئۇلار ھەتتا تۈركىستاندا يەنە بىر ئاستىراخان خانلىقى (جانى خاندانلىقى) نى قۇرۇپ چىقتى. بۇ دۆلەت XVII ئەسىردە بۇخاراغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بىراق، بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ ئاستىراخان خانلىقىنىڭ خان ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۈركىستاندىكى ئاستىراخان خانلىقىنىڭ سابىق ئاستىراخان خانلىقى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى رايونلارغىمۇ ئاندا-مۇندا مۇسۇلمانلار تارقالغان ئىدى، ئەمما، ئۇلار تېزلا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ تىلغا ئالغۇچىلىكى قالمىدى، ئۇلار ھەتتا ئۆز تارىخىنىمۇ

قالدۇرالمىدى. بىراق، ئاستراخان شەھىرى مۇسۇلمانچە ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالدى، 1905 - يىلدىن كېيىن، ئۇ ھەتتا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەركىزىلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. يەنە بىر ياقتىن، قازان ۋە قىرىمدىكى تاتارلار روسىيە ئىستىپلاسىدىن كېيىن بىر قېتىملىق ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى، بۇ ئۆزگىرىش پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتتى.

## A. روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى قازان تاتارلىرى

1552 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سۇر-ھەيۋەتلىك پادشاھ ئىۋاننىڭ قوشۇنى قازانغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. قازان —قازان خانلىقىنىڭ پايتەختى ۋە ئىلگىرىكى بۈيۈك بۇلغار پادشاھلىقى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مىراس يېرى ئىدى. ئەمدىلىكتە موڭغۇللارغا بېقىندى بولۇشتىن قۇتۇلغان رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ سابىق خوجايىنلىرىنىڭ بۇ ئەۋلادلىرىدىن قەبىھلىك بىلەن قىساس ئېلىشقا باشلىدى. روسىيىنىڭ شەرقىدىكى بۇ مۇسۇلمانلار بۇ «يات دىن» دىكى ھۆكۈمراننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۆت ئەسىردىن كۆپرەك ياشىدى.

قانلىق قىرغىنچىلىق بىلەن تولغان بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن، رۇسلار قەدەم-باسقۇچلار بويىچە قازان خانلىقىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. قازان خانلىقىنىڭ زېمىنى «قازان پادشاھلىقى» دېگەن نام ئاستىدا رۇسلار تەرىپىدىن يۆتىۋېلىندى. رۇسلار ئىككى ئەسىر داۋامىدا قازان رايونىدا ئەسلىدىكى قازان خانلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل رۇسلاشتۇرۇۋېتىش ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ توپىنى ئۆز جەمئىيىتىگە قوشۇۋېلىش

مەقسىتىدە بىرخىل ۋەھشىيانە سىياسەتنى يۈرگۈزدى.

رۇسلار ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى رايونلاردا «تاتارسىزلاشتۇرۇش» سىياسىتىنىڭ 1 - قەدىمىنى ئىجرا قىلىپ تاتارلارنى بارلىق مۇھىم شەھەرلەردىن، بولۇپمۇ قازان شەھىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ھازىرغا قەدەر قازان شەھىرىنىڭ نوپۇسىدا رۇسلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. رۇسلار يەنە چوڭ دەريا ياقىلىرىدىكى مۇنبەت يەرلەرنى يېڭىۋاشتىن رۇس ئاقسۆڭەكلىرى ۋە چېركاۋلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى ھەمدە ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جايلارغا قورغان سېلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن روسىيە دېھقانلىرى ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى رايونلارغا كەلكۈندەك يامراپ كەلدى. بۇ يەردىكى يەرلىك مۇسۇلمانلار ۋە ئانىمىزمچىلار ناھايىتى تېزلا ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ قالدى. بۇ خىل يەر ئېلىپ ئىشلىتىش تەدبىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى يەرلىك ئاھالىلەرنى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىدى. ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ ھوقۇقلىرى بىكار قىلىندى، ۋەخپە يەرلەر تارتىۋېلىندى، مەسچىت - مەدرىسلەر بۇزۇپ تاشلاندى ياكى تاقىۋېتىلدى. يەرلىك ئاھالىنى خرىستىئان دىنىغا چوقۇندۇرۇشنى 1555 - يىلى قازاندىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئېپىسكوپ گۇرىي باشلاپ بەردى. يەرلىك ئاھالىنىڭ خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى روسىيىدىكى پراۋوسلاۋىيە دىنى مۇرىتلىرىغا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تاتارلار ۋە ئانىمىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان فىنلاندلارنى يېڭى بىر مۇھىم تەركىب سۈپىتىدە ئېلىپ كىردى. ئەڭ ئاخىرىدا رۇسلار ئۆز نەزەرىدە خەتەرلىك دەپ قارالغان تاتار ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنى يوقىتىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن تاتار فېئودال ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن يا خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، يا پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازدىن ئايرىلىشتىن بىرنى

تاللاشقا توغرا كەلدى.

تاتارلار ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ خىل قارشىلىق 1552 - يىل 11 - ئايدىكى قانلىق قوزغىلاڭدىلا نامايان بولدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەر رەھبەرلىك قىلغان بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ 1610 - يىلغا قەدەر داۋاملاشتى. بۇ ۋاقىتتا قىرىم خانلىقى قۇدرەت تېپىۋاتقان بولغاچقا، تاتار ئاقسۆڭەكلىرى قىرىم خانلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەسلىدىكى قازان خانلىقىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. مۇشۇ 50 يىل مابەينىدە بىز ئاز دېگەندە 10 قېتىملىق قوزغىلاڭنى ساناپ بېرەلەيمىز. بۇ قوزغىلاڭلاردىن ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى 1552 -يىلدىكى ھۇسەيىن سېيىت قوزغىلىڭى، 1556 -، 1557- يىللاردىكى مامىش بەردى قوزغىلىڭى، قىرىم خانى دەۋلەت گىرەينىڭ موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان 1572- يىلدىن 1574 - يىلغىچە داۋام قىلغان چوڭ قوزغىلاڭ، يەنە 1608 - يىلدىكى ۋە 1610 - يىلدىكى قوزغىلاڭلار بولدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى بەكمۇ ۋەھشىيانە رەۋىشتە باستۇرۇۋېتىلدى. مانا مۇشۇ جەرياندا تاتار ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمى ئاساسەن دېگۈدەك يوقىتىلدى.

XVII ئەسىرنىڭ باشلىرى دېھقانلار قوزغىلىڭى دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. 1608 - يىلدىن تارتىپ ئارقا - ئارقىدىن دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، 1615 - يىلغىچە داۋاملاشتى. ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلار يېڭى - يېڭى چوڭ قىرغىنچىلىقلارغا سەۋەب بولدى. تاتارلار يەنە 1670 -، 1671 - يىللىرىدىكى كازاك ئاتامانى ستېفان رازىن باشچىلىقىدىكى موسكۋا ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى.

رومانوف خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت سورىشى ۋولگا

ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمىدى. 1731-يىلى قازان ئېپىسكوپى لۇكا كوناشېۋىچ يېتەكچىلىكىدىكى باشتىن مەجبۇرىي خاراكتېردىكى دىنىي ئېتىقادنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى، بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئىلگىرىكى چاغلاردىكى ھەرقانداق بىرىدىن قاتتىق بولدى. تاتار دېھقانلىرىنىڭ ئىچىنىشلىق مۇھىتى ئۇلارنى يېڭىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا داغدۇغىسى ئەڭ چوڭ بولغىنى باتۇر شاھنىڭ 1775-يىلدىكى «يات دىن»غا قارشى «غازات» بايرىقى بىلەن قىلىنغان قوزغىلىڭى بولسا، ئەڭ ئاساسلىقى 1773-، 1774-يىللاردىكى پۇگاچېۋ رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ بولدى. پۇگاچېۋنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىدا تاتارلار، باشقىرتلار، ۋولگا بويىدىكى فىنلاندلار ۋە قازاقلار قاتارلىق زور تۈركۈمدىكى يات مىللەتلەر بار ئىدى.

تاتارلارنىڭ ئۇمىدسىز قارشىلىقىنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە تاتار مىللىتىمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈردى. شەھەرلەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئاقسۆڭەكلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ ئەڭ ئاخىرى يېڭى بىر سودا قاتلىمى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ قاتلام پۇختا قەدەملەر بىلەن شەرققە سىلجىپ، ھەرقايسى جايلاردا ئاۋات سودا ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. تاتارلارنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى مۇھىم ئورنىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار تەدرىجىي يوسۇندا يېڭى سودا ئوتتۇرا قاتلام بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى سەرگەردان قوۋم بولۇپ قالدى.

يېكاتېرىنا II نىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن روسىيىنىڭ تاتارلارغا قاراتقان سىياسىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. يېكاتېرىنا بىر تەرەپتىن پۇگاچېۋ قوزغىلىڭىغا ئوخشاش ئاۋارىچىلىقنىڭ قايتا يۈز

بېرىشىدىن ساقلىنىشقا تىرىشتى، يەنە كېلىپ، ئۇ تاتار سودىگەرلەر توپىنىڭ چاررۇسىيە چېگرىسىدىكى پايدىلىق ئورنىنى تولۇق تونۇپ يەتتى. شۇڭا بۇ ئايال پادىشاھ تاتارلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇ دىنىي زىيانكەشلىككە خاتىمە بېرىپ، روسىيە ۋە سىبىرىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئورېنبۇرگدا «دىنىي ئۇيۇشما» تەسىس قىلدى. يېكاتېرىنا II يەنە قالدۇق تاتار ئاقسۆڭەكلىرىگە روسىيە ئاقسۆڭەكلىرىگە ئوخشاش ھوقۇق بەردى، تاتار سودىگەرلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىغا قوشۇلدى، ئۇلارنىڭ تېزدىن راۋاجلىنىۋاتقان روسىيە سانائىتى بىلەن تۈركىستان بازىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىغا ۋاستىچى بولۇپ بېرىشىگە ئىجازەت بەردى (بۇ ۋاقىتتىكى تۈركىستان بازىرى مۇسۇلمان بولمىغانلار ئۈچۈن يەنىلا تاقاق ئىدى). مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە تاتار ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىسى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋەزىيىتىگە قەدەم قويدى، بۇ ھالەت بىر ئەسىردىن ئۇزاقراق داۋاملاشتى. تاتارلار چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى سىياسىتىنىڭ «ھەمكارلاشقۇچىلىرى» بولۇپ قالدى، لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رىشتىسى يەنىلا ئىسلامغا چىڭ باغلانغانىدى. ئۇلار ئاڭلىق رەۋىشتە ئۆز مىللىتىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ سودىگەرلەر بىر تەرەپلىمە بولغان مۇسۇلمانلارنى قوغداش ئىشىنى ئاللىقاياقلارغا چۆرۈۋەتكەنىدى. ئەگەر ئاشۇ سودىگەرلەر بولمىغان بولسا، ئىسلاھات ھەرىكىتى ۋە XIX ئەسىردىكى «تاتار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئويغىنىش دەۋرى» يۈز بەرمىگەن ۋە راۋاجلانمىغان بولاتتى.

روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ 1806 ـيىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى

مەڭگۈلۈك ئىستېلا قىلىنىشى بىلەن روسىيە ۋە تاتار كاپىتالىزمى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقمۇ ئاخىرقى پەللىگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. روسىيىنىڭ ئىستېلاسى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا روسىيە سانائىتىگە ئىشكىنى داغدام ئېچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تاتارلارنىڭ ۋاستىچىلىقىمۇ ئاخىرلاشتى. ئالېكساندىر II ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە روسىيە ھاكىمىيىتى مۇسۇلمانلارنى قاتتىق بېسىش سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. يېكاتېرىنا II ئەمەلدىن قالدۇرغان خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش سىياسىتى تېخىمۇ چېۋەرلىك بىلەن ئۈنۈملۈك ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، XIX ئەسىردە 200 مىڭغا يېقىن تاتار خرىستىئان بولۇپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇرال، قازاق دالىسى ۋە تۈركىستاندىكى تاتارلارغا ئوخشاشلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تاتارلارنىڭ كونترول لۇقى ئاستىدا تۇراتتى. روسىيە ھۆكۈمىتى تاتارلارنىڭ بۇ خىل رولىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ناھايىتى قاتتىق قانۇن تۇرغۇزۇش ۋاستىلىرىنى قوللاندى.

تاتار مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئۇلارنىڭ ماددىي مەنپەئەتىگە قوشلاپ زەربە بېرىدىغان تەھدىت تاتارلاردا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. بۇ ئىنكاسنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى تاتارلاردىكى ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى بولدى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ قالاق مەدەنىيىتىنى ئويغىتىپ، ئىسلام دىنى بىلەن تەرەققىياتنى ماسلاشتۇرۇشقا ئىنتىلدى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ ئويغىنىش ھەرىكىتىنى بىر تۈركۈم كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي مۇتەپەككۇرلەر ئورۇنلىدى. بۇلار ئەبۇ ناسىر كۇرساۋى (1783—1814)،

شىھابىددىن مارجانى(1818—1889) ، رىزائىددىن فەخرىددىن (1859—1936) ۋە مۇسا جارۇللاھ بىگى (1875 - ؟19) لەردىن ئىبارەت، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ قەيسەر كىشىلىرى ئىدى، شۇنداقلا ئۇلار بىلىمدە ئەڭ كامىل ئىلاھىيەتشۇناسلار ئىدى. تاتارلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، قالاق مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشمۇ ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا مائارىپ تۈزۈمى مەسىلىسىگە ئەڭ دەسلەپ تىل ئىسلاھاتچىسى ئابدۇل قەييۇم ناسىرى قول سالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن زور بىر تۈركۈم يازغۇچىلار مۇشۇ خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولدى. كىشىلەر ھېلىھەم ئۇلارنى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى «تاتار ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشى» نى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرگۈچىلەر دەپ قاراپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسمائىل بەي گاسپىرىنسكى («روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىرىم» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ) نىڭ بەزى مۇخلىسلىرىمۇ يېڭىچە مائارىپنى تاتارلار ئارىسىغا ئېلىپ كېلىپ تونۇشتۇردى. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قازان ۋە باشقا تاتار شەھەرلىرى (ئورېنبۇرگ، تروئىتسكى، ئاستراخان قاتارلىقلار) مەدرىسە، باسما بۇيۇملىرى ۋە تاتار تىلىدىكى نەشر بۇيۇملىرى ئارقىلىق بۇ شەھەرلەرنىڭ پارلاق مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇشتەك ئورنىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ شەھەرلەرنىڭ تەسىرى تاتارلار رايونىدىلا ئەمەس، ھەتتا روسىيە چېگرىسىدىنمۇ ھالقىپ كەتتى.

بىراق، تاتارلار باشقا بىر ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى، ئۇلار دەل مۇشۇ ئەۋزەللىككە تايىنىپ، روسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالىدى. ئۇ بولسىمۇ تاتارلارنىڭ روسىيە تەۋەلىكىدىكى باشقا تۈركىي خەلقلەر بىلەن بولغان تىل جەھەتتىكى ئۇيغۇندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە دىنىي جەھەتتىكى ئالاقىسى ئىدى.

تاتارلار بۇ مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا ئۆز تەسىرىنى ھەر تەرەپكە كېڭەيتىپ، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزملىق ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تاتارلار مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە رۇسلار بىلەن بىۋاستە تىركىشىدىغان ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە روسىيىدىكى بارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر ئىشتىراك قىلدى.

1-قېتىملىق روسىيە ئىنقىلابى تاتار مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئۈچۈن بىر قېتىملىق پۇرسەت بولدى. ئۇلار 1905 - ۋە 1906 - يىللىرى تۆۋەن نوۋگورود ۋە سانكت-پېتېربۇرگدا ئۈچ قېتىم ئىسلام قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىنى ئاشكارا جاكارلىدى. ئەمما، بۇ كىشىلەرنىڭ تەلىپى چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى، ئۇلار پەقەت سىياسىي ھوقۇق جەھەتتىكى باراۋەرلىك ، دىنىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئەركىنلىك قاتارلىقلارنىلا تەلەپ قىلغان بولۇپ، ھەتتا مۇستەقىللىق تەلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى.

1917-يىلى 2-ئايدا تاتار مىللىتى تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. ئەسلىدە سىياسىي ئاپتونومىيە ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئېرىشكىلى بولمايدىغان بىر شېرىن چۈش ئىدى. بىراق، مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن سىياسىي ئاپتونومىيىگە ئېرىشىش كۈنلىرى يېقىنلاپ قالغاندەك قىلاتتى. تاتارلاردىكى ئىككى گۇرۇھ ئىچىدە تاتار مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش تۈپەيلىدىن تالاش-تارتىش كېلىپ چىقتى. سىياسىي بىرلىكنى ھىمايە قىلغۇچىلار بىرلىككە كەلگەن روسىيە تۇپرىقىدا پۈتكۈل روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تېررىتورىيىدىن تاشقىرىلىق ھوقۇقى ئاساسىدىكى ئاپتونومىيىسى

(بۇ پروگراممىدا ھوقۇق-مەنپەئەتى چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى) نى تەلەپ قىلسا، تېخىمۇ رادىكال بولغان فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى ھىمايە قىلغۇچىلار فېئوداللىق روسىيىدە مۇستەقىل ۋولگا - ئۇرال دۆلىتىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1917- يىلى 5- ئاينىڭ 1- كۈنى موسكۋادا چاقىرىلغان پان روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىدا فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى ھىمايە قىلغۇچىلار رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزەي دەپ قالغانىدى، بىراق، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە 1918- يىلىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى ئۇلارنىڭ شېرىن چۈشىنى پۈتۈنلەي بەربات قىلىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاتارلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. ئەسلىدە ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ جەڭگىۋارلىرى بولغان زور بىر تۈركۈم مۇسۇلمان زىيالىيلار 1918 - يىلى كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىردى، لېكىن، ئۇلار يەنىلا تەۋرەنمەس مىللەتچىلەر ئىدى. 1920- يىلى 5- ئاينىڭ 27- كۈنى تاتارىستان سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، لېكىن، بۇ مىللەتچىلەرنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالمىدى. چۈنكى، تاتارلار تاتارىستان جۇمھۇرىيىتى نوپۇسىنىڭ ئارانلا 51 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، تاتارلارنىڭ يېرىمى جۇمھۇرىيەتنىڭ سىرتىدا قالغانىدى. چارروسىيە دەۋرىدىكى ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈۋېلىش تۈزۈمىگە قارشى كۈرەش كېيىن كومپارتىيە ئىچىدىمۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتى. بۇ كۈرەشكە مىر سەئىد سۇلتانغەلىيېۋ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم تاتار كوممۇنىستلىرى رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلار ۋولگا-ئۇرال رايونلىرى ۋە قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان بۈيۈك تۈرك دۆلىتى—تۇرانىيە قۇرۇش ھەققىدە شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈردى، يۇقىرىقى رايونلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 20 مىليوندىن ئېشىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە ئۆز ئالدىغا مۇسۇلمانلار كومپارتىيىسى قۇرۇش ھەمدە مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنىڭ سوتسىيالىزم دۇنياسىدىكى ئالاھىدە ئورنىنى تەن ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ خىل «مىللەتچى كوممۇنىزمچىلىق» ھەرىكىتى «غەيرىي ئەقىدە» دەپ قارالدى. بۇ خىل«غەيرىي ئەقىدە» تۇنجى قېتىم 1923-يىلى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 1928-يىلى «سۇلتانغەلىيېفچىلىك» نامى بىلەن ئەيىبلەندى. سۇلتانغەلىيېف ۋە ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرى تازىلاندى، شۇنىڭ بىلەن تاتار زىيالىيلىرىنىڭ بېشىغا ئاپەت ياغدى.

ئىچكى ئۇرۇش مەزگىللىرىدىن تارتىپ 40 نەچچە يىل دىنغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلار ئىچىدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلامسىزلاشتۇرۇش خاھىشى پەيدا بولغان بولسىمۇ، بىراق، بۇ ۋولگا بويىدىكى تاتارلار ئۈچۈن چوڭ كرىزىس پەيدا قىلالمىدى. ئەسلىدە روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ يېتەكچىسى بولغان تاتارلارنىڭ روسىيىدە تۇتقان ئورنى ناھايىتى تۇراقسىز ئىدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەڭ زېمىنلىرىغا چېچىلىپ كەتكەن بولغاچقا، ناھايىتى ئاسانلا روسىيىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىلەشتۇرۇش تەسىرىگە ئۇچرايتتى. بۈگۈنكى كۈندە تاتارلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخنىڭ يېڭى بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا.

## B. روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىرىم

قىرىم خانلىقى—روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدا قازان خانلىقى،

ئاستراخان خانلىقى ۋە ئىبىر خانلىقىدىن كېيىن ھالاك بولغان 4-ئىسلام دۆلىتىدۇر. قىرىم خانلىقى 1736-، 1737- ۋە 1738-يىللىرى روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىدى. 1771-يىلى قىرىم تۇنجى قېتىم ئىشغال قىلىندى. 1774-يىلى كۈچۈك-قايناردجى شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ قىرىمغا بولغان ھامىيلىق مۇناسىۋىتىگە خاتىمە بېرىپ، قىرىم خانلىقىنى قەغەز يۈزىدىكى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈردى. بىراق، شەرتنامىدە خەلىپىلىك مەرتىۋىسىگە ئىگە سۇلتاننىڭ تاتارلارنىڭ مەنىۋى داھىيسى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تاتارلار بىلەن تۈرك ھۆكۈمىتىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى باغلىنىشى تەڭشەلدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن روسىيە قوشۇنلىرى شاھىن گىرەي خان بىلەن تۈركىيە تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، قىرىم يېرىم ئارىلىنى بېسىۋالدى. يېكاتېرىنا II 1783-يىل 4-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى باياناتىدا قىرىم خانلىقىنىڭ روسىيىگە قوشۇۋېلىنغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ جاكارلىدى. ئەمما، تۈركىيە پەقەت 1792-يىل 1-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى ياسسى شەرتنامىسىدىن كېيىنلا قىرىمنىڭ روسىيىگە قوشۇۋېلىنغانلىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى.

تاتارلار ئىلگىرى شىمالدىكى قوشنىلىرىنىڭ يۈرىكىنى قېپىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى، روسىيىنىڭ ئىشغالىيىتى تاتار مىللىتى تارىخىدىكى يېڭى زۇلمەتلىك بىر سەھىپىنى ئاچتى. 4-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى باياناتتا شۇ چاغدىكى 400 مىڭغا يېقىن مۇسۇلمان ئاھالىسىنىڭ سالاھىيىتى ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى قوغدىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى ھەمدە رۇسلار بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر بولىدىغانلىقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغانلىقى

ئېيتىلغانىدى، لېكىن، ئىشغالىيەتتىن كېيىن قىرىم ئاھالىسىنىڭ بۇ يەردىكى يېڭى ھۆكۈمرانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تاتار جەمئىيىتىگە ھالاكەتلىك تەقدىر ئېلىپ كەلدى. قىرىم خانلىقىدىكى فېئوداللىق تۈزۈلمىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن قىرىمدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئاساسلىق كىرىمى يەر ئېچىشتىن ئەمەس، بەلكى ھەربىي يۈرۈشلەردىن كېلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەدرىجىي ھالدا رۇس ئاقسۆڭەكلىرىگە سىڭىشىپ كېتىشى تاتار ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈردى. بۇ جەريان ناھايىتى ئاستا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇلاردىن پەقەت ئوندەك چوڭ جەمەتلا ئەمەلىي ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارمۇ ۋە باشقا قالدى - قاتتى تاتار ئاقسۆڭەكلىرىمۇ تەدرىجىي رۇسلىشىپ «چاباتالى مىرزا» (ياغاچ كەشلىك ئەپەندىلەر) دېگەن نام بىلەن جاھانغا تونۇلدى.

ئىشغالىيەت باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مۇسۇلمان روھانىيلارنىڭ ھوقۇقى قوغدالدى. 1794- يىلى سىمفېروپولدا ئىسلام شەرىئىتىنى چۈشەندۈرگۈچى مۇپتىلىق ۋەزىپىسى تەسىس قىلىندى. مۇپتى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئارىسىدىن تاللاپ چىقىلدى (چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەن تىزىملىك ئىچىدىن تاللىۋېلىنىدى) . روھانىيلارنىڭ ماددىي مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋەخپىمۇ ساقلاپ قېلىندى. بىراق، چارروسىيە زور تۈركۈمدىكى ۋەخپىلەرنى تەدرىجىي تارتىۋالدى. 1783- يىلىدىكى 460 مىڭ گېكتار ۋەخپە يەر 1917 - يىلغا كەلگەندە 100 مىڭ گېكتارغا چۈشۈپ قالدى.

رۇس ئىشغالىيىتى جەريانىدا ئەڭ دەسلەپ زىيانكەشلىككە

ئۈچرىغۇچىلار تاتار نوپۇسىنىڭ 96% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر بولدى. 1784- يىلدىن باشلاپ تولىس گوبېرناتورى كىنەز پوتىيومكىن رۇس ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمى ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئەڭ مۇنبەت يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، بۇ سىياسەت بىر ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشتى. ئەڭ ئاخىرىدا، روسىيە ھۆكۈمىتى قىرىم رايونىنى «تاتارسىزلاشتۇرۇش» مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەدەپ چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرى (گېرمانلار، گرېكلار، بۇلغارلار ۋە بالتىقلىقلار) نى بۇ يەرگە جەلپ قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، روسىيىلىكلەر (ھەربىي سەپتىن قايتقان ئەسكەرلەر ۋە زاپوروژيىلىك كازاكلار) قىرىمغا يۆرۈش قىلدى. 1800- يىلى بۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ سانى 30 مىڭغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئاشۇ قاقتى-سوقتى قىلىنىۋاتقان تاتار دېھقانلىرى قىرىمنىڭ قاقاس چۆللۈكلىرىگە ھەيدىۋېتىلدى.

كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەت تاتارلارنى قىينىماقتا ئىدى، ئۇلار روسىيە ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلماقتا ئىدى. بۇ چاغدا، ئەمەلىيەتتە، چارپادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تېخى قەبىھ باسقۇچقا بېرىپ يەتمىگەنىدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ ياۋۇزلۇقىنى ئاشكارىلاپ بولغانىدى. تاتارلارنىڭ خاتىرىسىدە ئۆزلىرىنىڭ تارىختىكى شانلىق ئۆتمۈشى يەنىلا ساقلىنىپ قالغانىدى، شۇڭا، ئۇلار مۇنداق ھالاكەتلىك تەقدىرنى قوبۇل قىلالمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تەبىئىي ھالدا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە يۈزلەندى. ئەمما، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئۇلارغا ياردەم بەرمىدى، تۈركىيىگە كۆچۈش تاتارلار ئۈچۈن بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا 1783-يىلدىن 1893-يىلغىچە بولغان جەريان قىرىم تاتارلىرى تارىخىدىكى ئۇزاققا

سوزۇلغان كۆچۈش جەريانى بولدى. تاتارلارنىڭ كۆچۈشى ناھايىتى يامان ئەھۋالدا يۈز بەردى. كۆچۈش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان تاتارلار كېسەللىك ۋە ئاچارچىلىقتىن قىرىلىپ كەتتى.

1784- يىلى باشلانغان زور تۈركۈمدىكى كۆچۈش بىر-بىرلەپ كۆچۈش جەريانى ئىدى. 1788-يىلى 8000غا يېقىن ئادەم كۆچتى، بولۇپمۇ ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمى قىرىمدىن كۆچۈپ كەتتى. 1787-يىلىدىكى روسىيە-تۈركىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە دېڭىز ياقىسىدىكى تاتارلار ئىچكى رايونلارغا قوغلىۋېتىلدى. 1792-يىلى ياسسى شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن باشلاپ تاتارلارنىڭ كۆچۈشى ئاممىۋى ھەرىكەت تۈسىنى ئالدى. 100 نەچچە مىڭ تاتار جەنۇبىي قىرىمدىن كۆچۈپ كەتتى. 1808-يىلدىن 1811- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن روسىيە-تۈركىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋەزىيەت تېخىمۇ ئوساللاشتى، باغچاسارايدا قوزغىلاڭ پارتلاپ، نۇرغۇن چارۋىچى نوغاي پېرېكوپ رايونىدىن تۈركىيىگە قاراپ ئاتلاندى. XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قىرىمنىڭ نوپۇسى 200 مىڭ ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 80 مىڭدىن ئاشمايتتى. تاتارلاردىن قالغان بوشلۇقنى چەت ئەللىكلەر كېلىپ تولۇقلىدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتكىدەك ئالاھىدە ئىش بولمىدى. 1829- يىلدىكى ئۇرۇشتا قىرىم تىنچ ھالىتىنى ساقلاپ قالدى. يېڭى كۆچمەنلەر قىرىمغا ھەدەپ تۈركۈملەپ كىرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، تاتارلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىدە تېزدىن تەبىئىي كۆپىيىش بولدى، تەخمىنەن 1850-يىللارغا كەلگەندە، تاتارلارنىڭ نوپۇسى 300 مىڭغا يەتتى، مۇنداق چوڭ سانىنىڭ ئىچىدە يەنە 50 مىڭدەك نوغاي بار ئىدى.

قىرىم ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن تاتارلارنىڭ بېشىغا يېڭى

بىر پاجىئە چۈشتى. تاتارلار بىرلەشمە ئىشغالىيەت مەزگىللىرىدە تالاش-تارتىشتىن نېرى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، يەنىلا تۈركىيىگە بولغان ھېسداشلىقىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. نەتىجىدە قىساس ئېلىشتىن قورقۇش يەنە بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشكە سەۋەب بولدى. دەسلەپتە رۇسلار بۇنىڭغا سۈكۈت قىلدى، كېيىنچە ئۇلارنىڭ كۆچۈشىنى رىغبەتلەندۇردى. مۆلچەرلىنىشچە، 1859-يىلدىن 1863-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتكۈل تاتار نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان 135 مىڭ تاتار ھەمدە 46 مىڭ نوغاي تۈركىيىگە كەتكەن، ئۇلارنىڭ كەينىدە چۆلدەرەپ قالغان 800 قىشلاق قالغان. بۇ چاغدا روسىيە دائىرىلىرى مۇنداق كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشتىن ئەنسىرەپ، كۆچ-كۆچنى توسۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن، ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. 1875-يىلى يەنە بىر قېتىملىق يېڭى كۆچۈش دولقۇنى باشلاندى، بۇ قېتىمقى كۆچۈش 1880-يىلغىچە داۋاملاشتى، بۇ جەرياندا 60نەچچە مىڭ ئادەم كۆچتى. 1891-يىلدىن 1893 يىلغىچە بولغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنى يەنە 20 مىڭدەك تاتارنى تۈركىيىگە ئېلىپ كىردى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تاتارلار قىرىمدىكى ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. 1897-يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە قىرىمدا ئارانلا 187 مىڭ تاتار (523 مىڭ كىشىلىك نوپۇس ئىچىدە) قالدى، بۇلار بىلىم سەۋىيىسى خېلىلا ناچار، نامرات جامائەت ئىدى. پۈتكۈل روسىيىنىڭ ياۋروپاغا تەۋە بۆلىكىدىكى مۇسۇلمان جامائەتچىلىكى ئىچىدە بۇلار بىلىم سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن جامائەتتىن بىرى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن قىرىم خانلىقىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىگە دائىر ئەسلىمىلەر پۈتۈنلەي ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى.

بىراق، بۇ مىللەتنىڭ پېشانىسىگە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يەنە بىر قېتىملىق قايتا ئويغىنىش دەۋرىنى باشتىن كۆچۈرۈش پۈتۈلگەنىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر زەررە شەپەق نۇرى تاتار تارىخىنى پارلاتتى. بۇ شان-شەرەپ بىر ئاجايىپ شەخسكە مەنسۇپ ئىدى.

بۇ قېتىمقى بۈيۈك تاتار مەدەنىيىتىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان شەخس ئىسمائىل بەي گاسپرىنىسكى («گاسپرالى» مۇ دېيىلىدۇ) ئىدى. گاسپرىنىسكى ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئەنئەنىۋى مائارىپ ۋە روسىيە مائارىپى تەربىيىسىنى كۆرگەن ھەمدە فرانسىيە ۋە تۈركىيىلەردە ئۇزاق مەزگىل تۇرغانىدى. گاسپرىنىسكى 1877-يىلى يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن ئۆز مىللىتى ھەمدە تۈركىي مىللەتلەرنى قايتا گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. يېتۈك ئالىم، مەھسۇلاتلىق يازغۇچى، ئىلغار كۆچلەرنىڭ قەتئىي قوللىغۇچىسى بولغان گاسپرىنىسكى بارلىق كۈچىنى ئىسلام دىنىنى ھازىرقى زامانغا لايىقلاشتۇرۇشقا سەرپ قىلدى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇ بىر تالانتلىق ئوقۇتقۇچى ئىدى، ئۇنىڭ يېڭىچە ئوقۇتۇش(ئۇسۇلى جەدىد) ئۇسۇلى ئالدى بىلەن ئۇ باغچاسارايدا ئاچقان تىپىك مەدرىسىدە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلدى، كېيىندىنلا روسىيىدىكى نۇرغۇن مەدرىسلەرگە كېڭەيتىلدى. بۇ ئۇسۇل كېيىنچە يەنە تۈركىيە ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىگە، ھەتتا يىراقتىكى ھىندىستانغىچە تارقالدى. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، گاسپرىنىسكى پانتۈركىزم ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى ئىدى، پانتۈركىزم ھەرىكىتى پىكىردە ۋە تىلدا بىرلىك غايىسى ئارقىلىق بالقاندىن جۇڭگوغىچە بولغان بارلىق تۈركىي مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. گاسپرىنىسكى ئۆزىنىڭ

«تەرجۈمەن» (جارچى) دېگەن ئەسەردە بۇ خىل ئىدىيىنى شەرھلىدى ۋە تەشۋىق قىلدى. 1882-يىلدىن 1914-يىلغىچە بولغان 35 يىل ئىچىدە بۇ ئەسەر ئەڭ ئېسىل، ئوقۇرمەنلىرى ئەڭ كۆپ ئىسلامىي ئەسەر بولۇپ قالدى. شۈبھىسى شەكسىزكى، گاسپىرىنىسكى XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىسلام دۇنياسىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەرنىڭ بىرى. گاسپىرىنىسكى روسىيە تۇپرىقىدا تاتارلارغا ئىتتىپاقلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى، بۇ ئىش ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئويغاتتى. ئۇنىڭ قىرىمدىكى خىزمەتلىرى روسىيە ۋە تۈركىيە مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەڭ مۇنەۋۋەر زىيالىيلارنى جەلپ قىلدى، ياش يازغۇچىلار، سىياسىي مۇتەپەككۇرلەر خۇددى چولپان يۇلتۇزنىڭ ئەتراپىغا ئىنتىلگەندەك، ھەممىسى باغچاسارايغا توپلاندى، باغچاساراي ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

1905 يىلدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، گاسپىرىنىسكىنىڭ شاگىرتلىرى قىزغىنلىقتا ئۇستازىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ياش تۈركلەر پارتىيىسى ۋە روسىيە سوتسىيالىزمىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، يەنە سىياسىي، ئىقتىسادىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ياش تاتارلار پارتىيىسى ئەزالىرى 1917-يىلى 2-ئاينىڭ باشلىرىدا «مىللىي فىرقە» (مىللەت پارتىيىسى) نى قۇردى ھەمدە ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇندى. ئۇلار 1917-يىل 5-ئايدا سىمفېروپولدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، تاتار ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە مۇسۇلمان ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئەمما، ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، تاتارلار قىرىم يېرىم ئارىلىدا يەنىلا ئاز سانلىق

ھېسابلانغاچقا، ئۇلارنىڭ دۆچ كېلىدىغىنى يەنىلا تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان، نوپۇسنىڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان رۇسلار ئىدى. قىرىم 1920- يىل 11-ئايدا ئەڭ ئاخىرىدا قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشتىن ئىلگىرى، يەنى 1917-يىلدىن 1920 - يىلغىچە بولغان تۆت يىلدا تاتارلار قارىمۇ قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى تۈپەيلىدىن چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. بۇ گۇرۇھلار كوممۇنىزمچىلار، گېرمانلار، ئاتلانتا دۆلەتلەر ھەمدە دېنىكىن ۋە ۋرانگېلنىڭ ئاق گۋاردىيىچى قوشۇنلىرى ئىدى.

1921-يىل 10-ئاينىڭ 18-كۈنى ئالىي سوۋېت يارلىق جاكارلاپ، قىرىم سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. قىرىم جۇمھۇرىيىتى—سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن تاتارلار (ئەسلىدىكى مىللەت پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپلىرى) نىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى ئىدى. قىرىمدىكى مۇسۇلمانلار مەلۇم دەرىجىدىكى ئاپتونومىيىدىن بەھرىمەن بولدى؛ سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تاتار تىلى رۇس تىلى بىلەن ئوخشاش جۇمھۇرىيەتنىڭ ھاكىمىيەت تىلى دەپ ئېتىراپ قىلىندى؛ تاتار مەكتەپلىرى ئېچىلدى؛ تۇرغۇن تاتارلار ھەر دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرگە قويۇلدى. بىراق، ھەقىقىي ھوقۇق يەنىلا رۇسلارنىڭ قولىدا ئىدى. 1921-يىلى قىرىمدىكى كوممۇنىستلارنىڭ ئومۇمىي سانى 5875 بولۇپ، بۇنىڭ پەقەت 192سىلا تاتار ئىدى.

1928-يىلى موسكۋا ھۆكۈمىتى تاتار «بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى» نى تازىلاشقا كىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلىرى ۋە تاتار مىللەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقىمۇ پاجىئەلىك ھالدا خاتىمە بېرىلدى. قىرىم جۇمھۇرىيىتى خەلق كومىسسارىياتىنىڭ رەئىسى ۋەلى ئىبراگىموف

ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن سەپداشلىرى دەل مۇشۇ تازىلاش مەزگىلىدە جازاغا ھۆكۈم قىلىندى ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە رۇسلار يەنىلا تۈركۈملەپ قىرىمغا كۆچۈپ تۇردى. 1926-يىلدىكى نوپۇس سانىقىغا قارىغاندا، جۇمھۇرىيەت ئومۇمىي ئاھالىسى 875 مىڭ 100 كىشىگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە تاتارلارنىڭ نوپۇسى ئارانلا 23% نى تەشكىل قىلغان.

2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە ئارمىيىسى قىرىم يېرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلدى. 1944-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى قىرىم يېرىم ئارىلىنى قايتا ئىشغال قىلغاندا، پۈتكۈل تاتار ئاھالىسى ئىشغالىيەت مەزگىلىدە، «دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن»، «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان» دەپ ئەيىبلىنىپ، سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا ھەيدىۋېتىلدى. بۇ قېتىملىق سۈرگۈن بىلەن تاتارلارنىڭ قىرىمدىكى تارىخى پاجىئەلىك ھالدا ئاياغلاشتى. سۈرگۈندىن ئامان قالغانلار زادى قايتا باش كۆتۈرەلمىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرىغا قايتىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمىدى. ھازىر ئۇلار پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە چېچىلىپ يۈرمەكتە. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالىلقاچان تۈركىستاندىكى تۈركىي مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتتى. تاشكەنتتىكى قىرىم تاتارلىرى تاتارچە بىر گېزىت نەشىر قىلدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئۇزاق ۋە شانلىق تارىخىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىچىنىشلىق بىر يالدامىسىدۇر.

## 2. رۇسلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى قازاق دالىسى

رۇسلار ئىشغالىيىتىدىكى قازاق دالىسى ۋە تاغلىق قىرغىز رايونلىرىدىن ئىبارەت كەڭ زېمىن بىلەن باشقا مۇسۇلمان رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. ئۇلارنىڭ قازاق دالىسى بىلەن تاغلىق قىرغىز رايونلىرىنى ئىشغال قىلىشى قورال كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئەمەس. XVIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قازاقلار ئويراتلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن روسىيىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە روسىيە بىلەن قازاق خانلىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى بوش بىر خىل ھامىيلىق دۆلەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا، يەنى XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا رۇسلار ئالدىدا قازاق دالىسىنىڭ چەت-ياقىلىرىغا، كېيىن يەنە دالىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قەلئە ۋە قورغانلارنى سالدى. ئەڭ ئاخىرىدا رۇسلار قازاق دالىسىنى بىۋاسىتە باشقۇرۇش ۋاسىتىسىنى قوللاندى.

رۇسلارنىڭ قازاق خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش مەزگىلىنى ئۈچ يۈز قازاق خانلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ باستۇرۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپ ھېسابلاش مۇمكىن. ئورتا يۈز 1822-يىلى، كىچىك يۈز 1824-يىلى، بۆكەي قەبىلىسى 1845-يىلى، ئۇلۇغ يۈز 1848-يىلى روسىيە تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. رۇسلار ئەڭ ئاخىرىدا 1864-يىلى سىر دەريا ۋادىسىنى ئىشغال قىلدى. سىر دەريا ۋادىسى تۈركىستان ئەمىرلىكىنىڭ ئىلكىدىكى رايون بولسىمۇ، لېكىن، بۇ يەردە قازاقلار ئولتۇراقلاشقانىدى.

چار پادىشاھنىڭ قازاق دالىسىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى

ئورنىتىشى ئۇزاققا سوزۇلغان، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر جەريان بولدى. پېتېربۇرگ ھۆكۈمىتى قازاقلارغا يۇقىرالىق سالاھىيىتىنى بەرمىدى، ئۇلار يەنىلا «مۇھاجىرلىق» سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالدى. قازاقلار ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن خالاس قىلىندى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە يەرلىك قانۇنلىرى ساقلاپ قېلىندى. قازاق ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنىڭ فېئودال-لىق ھوقۇق-ئىمتىيازلىرى تارتىۋېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار يەنىلا ئۆزىگە يارىشا سەۋىيىدىكى «ئاقساقاللار كېڭىشى» شەكلى ئارقىلىق ئۆز ئاپتونومىيىسىنى ساقلاپ قالدى. قازاقلار بىلەن قىلىنىدىغان سودا تاكى 1860-يىلىغا قەدەر قازان تاتارلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. تاتارلار بۇ قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، قازاقلارغا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىشنى كۈچەيتتى ھەمدە يېرىم ئانىمىزملىق ھالىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان كۆچمەن مىللەت ئارىسىدا ئىسلام ئېتىقادىنى چىڭىتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئېرىشكەن نەرسىلىرى كۆپ بولدى.

بىراق، رۇسلار بىلەن قازاقلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى تېزلا يامانلىشىپ كەتتى. XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ كازاكلار قازاق دالىسىنىڭ غەرب، شىمال، شەرق تەرەپلىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلىششقا باشلىدى. كېيىن يەنى XIX ئەسىرگە كەلگەندە، رۇسلار ۋە ئۇكرائىنلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزا ئىگىلىك مۇستەملىكىسىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ ئىش پايانسىز كەڭرى كەتكەن يەرلەرنى ئۈزلۈكسىز تارايتتى، ھالبۇكى، پايانسىز زېمىن چارۋىچىلارنىڭ مال-پادىلىرىنىڭ يۈتكىلىشىدە ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. ھەتتا روسىيىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلىشتىن ئىلگىرىلا، رۇسلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. كۆپىنچە

قوزغىلاڭلارغا ئەينى ۋاقىتتا ھوقۇق-ئىمتىيازلىرى تارتىۋېلىنغان چولۇق-كىچىك ئاقسۆڭەكلەر رەھبەرلىك قىلدى. بۇ قوزغىلاڭلار يەنە خىۋا ۋە قوقان خانلىقلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بىز 1783-يىلىدىن 1870-يىلغىچە بولغان بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىتتا سەككىز قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭنىڭ پارتلىغانلىقىنى مىسال كەلتۈرەلەيمىز.

ئەڭ دەسلەپتە قوزغىلاڭ تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىققىنى كىچىك يۈز قەبىلىسىدىكى كىچىك ئاقسۆڭەك سىرىمداتوف باتىر بولدى، ئۇ 1783-يىلىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇرالدىكى قەلئەلەر لىنىيىسىگە زەربە بەردى. سىرىمداتوف 1797-يىلىغا كەلگەندىلا رۇسلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ئۇ خىۋا خانلىقىغا قېچىپ كەتتى ۋە 1802-يىلى خىۋادا سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئوتتا يۈز قازاقلىرىنىڭ روسىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشىغا قارشى كۈرەشلىرى 1825-يىللىرى، يەنى خانلىق ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن باشلاندى. بۇ قېتىمقى كۈرەشكە قوغلىۋېتىلگەن ھۆكۈمرانىنىڭ ئەۋلادلىرى، يەنى ئابلاي خاننىڭ نەۋرىلىرى سارزان كازىموف ۋە ئۇبەيدۇللا ۋەلىخانوفلار رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلارنى ئۇرال كازاكلىرى ناھايىتى تېز لا مەغلۇب قىلىپ، دالىنىڭ ئىچكىرىسىگە قوغلاپ كىرگۈزۈۋەتتى. ھەر ئىككى خان قوقەندكە قېچىپ كەتتى. 1831-يىلدىن 1834-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سارزان قوقەند خانلىقىنىڭ ياللانما قوشۇنلىرىنى باشلاپ دالىغا قايتىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن، يەنە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1837-يىلى ئابلاي خاننىڭ يەنە بىر نەۋرىسى كېنەسارى روسىيىگە قارشى كۈرەشنى قايتا باشلىدى. كېنەسارى ناھايىتى ئۆتكۈر تەشكىلاتچى ۋە قەيسەر جەڭچى ئىدى،

ئۇ توختاۋسىز كۈرەش يۈز بېرىۋاتقان، تىنچلىق پۈرسىتى ئىنتايىن ئاز بولغان ئون يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئورتا يۈز قازاقلىرىغا، ھەتتا بىر قىسىم ئۇلۇغ يۈز قەبىلىلىرىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. رۇسلار كېنەسارىنىڭ روسىيىنىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقىدىكى رايونلىرى (پېتروپاۋلوۋسكى، ئاقمولا) غا بولغان شىددەتلىك زەربىلىرىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، دالىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تورغاي ۋە ئىرگىز قورغانلىرىنى سالدى. رۇسلار 1846-يىلى كېنەسارىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا جەنۇبقا قوغلىۋەتتى، 1847-يىلى يەنە ئۇنى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. قىرغىزلار تەڭرىتاغ تاغلىق رايونىدا كېنەسارىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېنەسارىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئەسلىدىكى قازاق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۆچمەن قەبىلىلەرنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەمدە كۆچمەن قەبىلىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، رۇس ئىستېلاچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بىردىنبىر ئۈمىدىنى يوققا چىقاردى.

دەل مۇشۇ مەزگىللەردە ۋولگا ۋە ئۇرال دەريالىرى ئارىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان بۆكەي قەبىلىسىدىكى قازاقلار ئارىسىدىمۇ رۇسلارغا ھەمدە جانگىرخان ھاكىمىيىتىگە بىۋاسىتە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى پارتلىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا ئىساتاي تايمانوف بەگ ۋە خەلق ئاقىنى ماخامبېت ئۆتەمىسنوفلار رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلار 1837-يىلى جانگىرخاننىڭ پايتەختى خانىسكايا ستاۋكىنى قورشىۋالدى. بىراق، ئۇلار بىر رۇس قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، كىچىك يۈز قازاقلىرىنىڭ زېمىنىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىساتاي 1838-يىلى، ماخامبېت 1846-يىلى ئۆلتۈرۈلدى.

1855-يىلى ئارال دېڭىزىنىڭ غەربىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان شىكىلى ئۇرۇقى يەنە بىر كىچىك ئاقسۆڭەك ئەسەت كوتىباروف رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ئۈچ يىلدىن كېيىن تارمار قىلىندى. يەنە شۇ 1855-يىلى كىچىك ئاقسۆڭەك جانخوجا نۇرماخامېدوف جەنۇبتىكى قازاقلارنى يېتەكلەپ، روسىيىنىڭ سىر دەرياسى بويىدا ئەڭ دەسلەپ قۇرغان مۇستەملىكىسىگە قارشى كۈرەش قىلدى.

1867-، 1868-يىللىرى ئۇرالىسكى ۋە تورغاي رايونلىرىدا مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئەڭ ئاخىرقى كۈرەش پارتلىدى. بۇ رايونلاردىكى قەبىلىلەرنىڭ كۈرەشلىرى ئىسلام بايرىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرى «كۇپپار»لارغا قارشى «غازات» تۈسىنى ئالدى. ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرى روسىيىنىڭ بىر كۈچلۈك قوشۇنى كىرگەندىن كېيىنلا تارمار قىلىندى. ئوخشاش مەزگىلدە كۆتۈرۈلگەن يەنە بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى مانغىشلاق رايونىدا يۈز بەردى. بۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلار رۇسلارنىڭ كەنتلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بىراق، ئۇلارمۇ كېيىن بېرىپ دېڭىز ئارقىلىق باكۇدىن يۆتكەپ كېلىنگەن قوشۇن تەرىپىدىن تارمار قىلىندى.

1875- يىلدىن كېيىن، يەتكۈچە قان تۆككەن قازاق كونا فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ روسىيە ھاكىمىيىتىگە يەنە قورال كۈچى ئارقىلىق تاقابىل تۇرغۇدەك مادارى قالمىدى. قازاق رايونلىرى تىنچىپ قالغاندەك بولدى. بىراق، تاتارلار تارقاتقان پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن قازاقلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئانچىكى بىر قوۋم ياكى قەبىلە ئەمەس، بەلكى «مىللەت» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئېنىق ھېسسىيات پەيدا بولدى. رۇسلار مۇنداق يېڭى مىللەتچىلىك ھېسسىياتىدىن ناھايىتى بىئارام

بولدى. بىراق، رۇسلار مۇنداق ھېسسىياتتىن پايدىلىنىپ، XIX ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا تاتارلارنىڭ تەسىرىنى يوقىتىدىغان يېڭىچە سىياسەتنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇلار تەدبىر قوللىنىپ، قازاقلار ئارىسىدىكى تاتارچە مائارىپ تۈزۈلمىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن رۇس-قازاق مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن، «غەربلەشكەن» يېڭى زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ قاتلام روسىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى قازاقلارنى تەرەققىياتقا باشلايدىغان بىردىنبىر ئۈنۈملۈك يول، دەپ قارىدى. بۇ يېڭى زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىللىرى ئۈچ كاتتا زىيالىيدىن ئىبارەت: ئۇلار چارروسىيە ئوفىتسېرى، شەرقشۇناس ئالىم چوقان ۋەلىخانوف (1835—1865)، ئىنسانشۇناس، تارىخچى، پېداگوگ ئىبراي ئالتىنسارىن (1841—1889)، مەشھۇر پەيلاسوپ ئاباي قۇنانبايېف (1845—1904). ئاباي قۇنانبايېف ئەركىن پىكىر ئېقىمىدىكى كىشى. قالغانلىرى ئاقسۆڭەكلەر ئەۋلادلىرى ۋە رۇس مەكتەپلىرىدە مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن زىيالىيلار، مەسىلەن: ئەلى بۆكەيخانوف، ئاقمېت بايتۇرسۇن، مىر ياقۇب دۇلات قاتارلىقلار XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ يۇقىرىقى قازاق مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئۈچ زەكىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن مىللەتچىلىك ھەرىكىتى پانتۈركىزملىق مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتۈنلەي قازاقچە شەكىلگە كىرىپ قالدى. قازاق مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بەزىدە ھەتتا باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپى، بولۇپمۇ تاتار مىللەتچىلىرىنىڭ تەلىپىنىڭ ئەكسىچە يولغا قاراپ ماڭدى.

بىراق، رۇسلار بىلەن ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىش شېرىن چۈشى بىر خىل ئۇتوپىيىدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. 1891-، 1892-يىللىرى دالىدىكى ئېچىلمىغان بوز يەرلەر قازاقلار رايونىدا غايەت

زور بىر قىسىملىق كۆچمەنلەر دولقۇنىنى قوزغىدى. روسىيىدىن كەلگەن 1 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان تورغاي، ئاقمولا، سېمىپالاتىنسكى رايونلىرى ۋە قىرغىز يەرلىرىگە كېلىپ يەرلەشتى. نۇرغۇن كۆچمەننىڭ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى قازاق رايونىدىكى مال-چارۋىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ ئىش ئەسلىدىنلا پەۋقۇلئاددە تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇۋاتقان چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان رۇس كۆچمەنلىرى بىلەن قازاقلار ئارىسىدىكى دائىملىق كۆرەش يايلاق تۇرمۇشىنىڭ بىر ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ قالدى. ساقلانغىلى بولمايدىغان كرىزىس ئاللىقاچان يېقىنلاپ قالغانىدى. 1916-يىلى بۇ كرىزىس ئاخىرى ئادەتتىن تاشقىرى دەھشەتلىك پارتلىدى.

ناۋادا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق قازاق قەبىلىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭىنىڭ سەۋەبى دېيىلسە، ئۇ ھالدا قوزغىلاڭغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولغان ئىش 1916-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى ئېلان قىلىنغان «مۇھاجىر» لارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش پەرمانى بولدى. بۇ پەرماندا قازاقلار ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىشقا زورلانغانىدى. قوزغىلاڭ دەسلەپتە ئۆزبېكىستاننىڭ خوجەند ۋە جىزاق دېگەن يەرلىرىدىن باشلىنىپ، ناھايىتى تېزلا قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارغا تۇتىشىپ، مىللىي قوزغىلاڭلىق ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا نەچچە مىڭلىغان رۇس كۆچمەن، تۇمەنلىگەن قازاق، قىرغىز قارا قويۇق قىرغىن قىلىندى، ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىكتىن قىرىلىپ كەتكەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. 300 مىڭدىن ئارتۇق كۆچمەن چارۋىچى بۇ قېتىمقى باستۇرۇشتىن قۇتۇلۇپ، جۇڭگوغا ئۆتۈپ ئامان قالدى. تورغاي بوزيەر

رايونلىرىدىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جاي-جايلاردىكى قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى دەھشەتلىك باستۇرۇۋېتىلدى. تورغاي رايونىدىكى ئامانگېلدى ئىمانوف بىلەن ئالبى جانگىلدىلار رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار كۈرەشنى 1917-يىلدىكى فېۋرال ئىنقىلابىغىچە داۋاملاشتۇردى.

چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، قازاق يولباشچىلىرى ئەركىن پروگراممىغا ئىگە مىللىي پارتىيە—ئالاش ئوردىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئالاش ئوردا ئەڭ دەسلەپتە ئورېنبۇرگ، ئۇرال ھەمدە يەتتەسۇ رايونلىرىدا بولشېۋىكلارغا قارشى كازاكلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر مىللىي ھۆكۈمەت تەشكىل قىلدى. بۇ ھاكىمىيەت پەقەت نامدىكى ھاكىمىيەت بولۇپ، كۈچلۈك قوراللىق كۈچكىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قازاق دالىسىغا كېڭىيىپ مېڭىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇشنى توسۇپ قېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. 1919-يىل 5-ئايدا ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئالاش ئوردىنىڭ تەلەپلىرىگە قەستەن دۈشمەنلىك نەزەرىدە قارىغاچقا، ئالاش ئوردىنىڭ رەھبەرلىرى كوممۇنىزمچىلارنىڭ سېپىگە قېتىلىشنى قارار قىلدى. ئۇلار قازاقلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى قوغداپ قېلىشنى شەرت قىلىش ئۈمىدىدە سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى. ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ يەرلىك ئاپتونومىيە تەلىپىگە ماقۇل بولدى. ئەڭ دەسلەپتە تەڭرىتاغ قىرغىزلىرىنىڭ زېمىنىدا بىر ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى، كېيىن يەنە قىرغىز سوۋېت جۇمھۇرىيىتى (1936-يىل 11-ئاينىڭ 5-كۈنى) قۇرۇلدى. قىرغىزلارنىڭ نوپۇسى 1959-يىلى تەخمىنەن 837 مىڭ بولۇپ، جۇمھۇرىيەت نوپۇسىنىڭ ئاران 40.5%نى تەشكىل قىلاتتى.

قازاقلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ جۇمھۇرىيىتى بار بولدى، بۇ ئەڭ دەسلەپتە ئاپتونوم رايون ئىدى، كېيىن سوۋېت جۇمھۇرىيىتى(1936-يىل 11-ئاينىڭ 5-كۈنى ) بولۇپ قۇرۇلدى. دەسلەپتە ئالاش ئوردا رەھبەرلىرىنىڭ ھۆكۈمەتتىكى رولى كوممۇنىستلارنىڭكىدىن مۇھىم ئىدى. ئالاش ئوردا رەھبەرلىرى تاكى 1928-يىلغىچە ھوقۇقنى يەنىلا ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇردى ھەمدە بۇ رايوننىڭ مەدەنىي ھاياتىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇردى. ئالاش ئوردىنىڭ ئادەملىرى قازاق مەدەنىيىتىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە قازاق جەمئىيىتىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. بىراق، ئۇلار 1924-يىلدىن باشلاپ تالاش-تارتىشتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەردە، بولۇپمۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ھەمدە ئۇلار كۆچەپ قوغداپ كېلىۋاتقان مالدار سىنىپنى يوقىتىش مەسىلىسىدە روسىيە كومپارتىيىسىگە قارشى تۇردى. 1928-يىل 4-ئايدا ئالاش ئوردا «بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى» دېگەن بەتنام بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك تازىلىۋېتىلدى.

1921-يىلى قازاق دالىسىنى ۋەيران قىلغان قۇرغۇنچىلۇق قەھەتچىلىك قازاق مىللىتىگە قاتتىق زەربە بولدى. بىراق، 1928-يىلدىن كېيىن يولغا قويۇلغان كۆچمەن چارۋىچىلارنى مەجبۇرىي ئولتۇراقلاشتۇرۇشتەك قەبىھ سىياسەتنىڭ زەربىسى تېخىمۇ ئېغىر بولدى. 1926-يىلدىن 1939-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قازاقلار 1 مىليونغا يېقىن ئادەمدىن ئايرىلىپ قالدى. 1926-يىلدىكى 4 مىليون 600 مىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى قازاقلارنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 500 مىڭدىن سەللا ئارتۇق. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن رۇس ۋە ئۇكرائىن دېھقان، ئىشچىلىرى قازاق دالىسىغا كەلگۈندەك كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. ھازىر قازاقلارنىڭ جۇمھۇرىيەت نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 29.6% تىن ئاشمايدۇ.

## 3. روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىستان

روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلار بىلەن بولغان 1- قېتىملىق ئۇچرىشىشىنى XVIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە سۈرۈشكە بولىسمۇ، لېكىن، تۈركىستاننىڭ روسىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنىشى پەقەت XIX ئەسىرنىڭ 60-، 70- يىللىرىغا كەلگەندە ئاندىن تاماملاندى. ئەمەلىيەتتە، 1714- يىلىلا روسىيىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى بىر قوشۇنى ئىمپېراتور پېتېرنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن كاسپىي دېڭىزىنىڭ سىرتىدىكى ئېگىزلىككە تۇنجى قېتىم قەدەم باسقانىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن كېنەز بېكوۋىچ چېركاسسكىي باشچىلىقىدىكى يەنە بىر يىراقتا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى ھەتتا ئاستراخاندىن بىۋاستە خىۋاغا بېرىشقا ئۇرۇندى، بىراق، ئۇنىڭ قوشۇنى قۇملۇقتا بۆكتۈرمىگە ئۇچراپ، قاقشاتقۇچ زەربە يېدى، بېكوۋىچ چېركاسسكىيمۇ ئۆلتۈرۈلدى. 1715-يىلى بۇخولز قوماندانلىقىدىكى يەنە بىر قوشۇن سىبىرىيىنىڭ توبولسكى دېگەن يېرىدىن يولغا چىقىپ، تۈركىستانغا شىمال تەرەپتىن كىرىشكە ئۇرۇندى. بىراق، بۇ قوشۇن ئويراتلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، بۇ چاغ دەل ئويرات ھاكىمىيىتىنىڭ قۇدرەت تېپىپ تازا ۋايىغا يەتكەن ۋاقتى ئىدى، شۇڭا روسىيە قوشۇنى سىبىرىيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1840-يىلى ئورېنبۇرگ باش ۋالىيسى گېنېرال پېرووۋسكىي كۈچلۈك رۇس قوشۇنىنى باشلاپ، خىۋاغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى، بىراق، بۇ قېتىمقى ھۇجۇممۇ ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولدى.

1837-يىلدىن 1847-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قازاق خانى كېنەسارى روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ سىر دەرياسىغا ئۆتىدىغان يولىنى

ئېيتتۇەتتى. پەقەت 1847-يىلدىن كېيىنلا، يەنى كېنەسارىنىڭ قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، روسىيىنىڭ تۈركىستاننى بويسۇندۇرۇشى ھەقىقىي باشلاندى. 1847-يىلى رۇسلار سىر دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغا يېقىن جايدا رائىم قەلئەسىنى سالدى. بۇ ئۇلارنىڭ خىۋانىڭ چېگرا رايونىدا سالغان تۇنجى ھەربىي بازىسى ئىدى. 1855-يىلى رۇسلار قوقەند خانلىقىنىڭ قولىدىن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى ئاقمېچىت قورغىنىنى تارتىۋالدى، ئۇلار بۇنىڭغا ئۇلاپلا سىر دەرياسىنى بويلاپ قورغان لىنىيىسى سېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سېمىپالاتىنىسكىدىن باشلانغان يەنە بىر ھۇجۇممۇ تۈركىستانغا شەرقىي شىمال تەرەپتىن تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش 1854-يىلى ۋېرنىي (ھازىرقى ئالمائاتا) نىڭ بەرپا قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى.

ئەمدىلىكتە ھېچقانداق كۈچ رۇسلارنىڭ تۈركىستانغا بېسىپ كىرىشىنى توسۇپ قالالمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتىكى تۈركىستان رايونى خىۋا، بۇخارا ۋە قوقەندتىن ئىبارەت ئۈچ خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئىچكى ئۇرۇش ۋە چارۋىچىلار قوزغىلىڭى نەتىجىسىدە ھالىدىن كەتكەنىدى. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، تۈركىستان ئىقتىسادىنىڭ قالاقلىقى ۋە زامانىۋى قوشۇننىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن، رۇسلارنىڭ تەشكىللىك كۈچىگە ئەستايىدىل قارشىلىق كۆرسىتىش مۇمكىن بولماي قالدى. ئەمما، قىرىم ئۇرۇشى، قازاق قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقى ۋە كاۋكاز ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن، رۇسلارنىڭ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى جىق سوزۇلۇپ كەتتى. تاكى ئىمام شامىل قوشۇنلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىپ، داغىستاندىكى قوشۇنلارنىڭ قولىنى بىكار قىلغاندىن كېيىنلا،

رۇسلارنىڭ تۈركىستاننى يوتۇۋېلىشى قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا داۋاملاشتى. 1864 - يىلى گېنېرال چېرنيايېف قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ۋېرنىيدىن يولغا چىقىپ، تۈركىستان شەھەرلىرىدىن يەسسىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، ئاندىن چىمكەنتنى ئىشغال قىلدى، 1865 - يىلى قوقەند خانلىقىغا تەۋە تاشكەنتنى ئىگىلىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، رۇسلار بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى، 1868 - يىل 5 - ئايدا سەمەرقەندنى ئالدى، شۇ يىلى 6 - ئايدا زېرابۇلاقتىكى جەڭدە بۇخارا قوشۇنلىرىنى يەڭدى. 1868 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بۇخارا ئەمىرى رۇسلار بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، رۇسلارنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلدى. 1873 - يىلى ئىستېلانىڭ تىغ ئۇچى خىۋاغا قارىتىلدى ھەمدە خىۋا خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىشغال قىلىندى. 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى بىر شەرتنامە بىلەن خىۋا خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىق ئورنىغا خاتىمە بېرىلدى.

رۇسلار 1875 - يىلى ئاخىر قوقەند خانلىقىغا بېسىپ كىردى، 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، قوقەندنىڭ پايتەختى قولدىن كەتتى. 1876 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ خەتەرلىك رەقىبى بولغان قوقەند خانلىقىنى يوقاتتى، قوقەند تۈركىستان باش ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1873 -، 1874 - يىللىرى رۇسلار تۈركمەنىستاننى ئىگىلەپ، بويسۇندۇرۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. گېنېرال سكوبېلېفنىڭ گېئوكتۆپە بوستانلىقىنى ئىشغال قىلىشى (1879 - يىلى) ۋە 1884 - يىلى تۈركمەنىستاننى بويسۇندۇرۇشى بىلەن رۇسلارنىڭ تۈركمەنىستاننى بويسۇندۇرۇش پائالىيىتى ئاخىرلاشتى.

بۇخارا ۋە خىۋادىن ئىبارەت بۇ ئىككى ھامىيلىقتىكى دۆلەت زېمىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رۇسلار تۈركىستاننى ھەربىي ئىدارە

قىلىش ئۇسۇلى بويىچە باش ۋالىينىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. باش ۋالىي بولسا قۇرۇقلۇق ئارمىيە شتابىغا بويسۇناتتى. رۇسلار مۇسۇلمانلارغا «مۇستەملىكە» پوزىتسىيىسىدە بولدى. رۇسلار ئىستېلا قىلغان باشقا مۇسۇلمانلار رايونىغا سېلىشتۇرغاندا، رۇسلارنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە قاراتقان تەدبىر - سىياسەتلىرى سەل باشقىچە بولدى: ئۇلار تۈركىستان يەرلىك ئاھالىسىنىڭ رۇسلىشىشىنى، ھەتتا يەرلىك ئاھالىنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنى خالىمىدى. تۈركىستان خەلقى روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇقراسى دەپ قارالمىدى، ئۇلار شۇنداقلا ھەربىي مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىمىدى. تۈركىستان خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتى ئاساسىدىكى قانۇن - تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى، يەنە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىمۇ ساقلاپ قالدى. روسىيە دائىرىلىرى تۈركىستاندا ئەنئەنە ئەڭ كۈچلۈك ساقلىنىپ قالغان بىر جەمئىيەت فورماتسىيىسىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ جەمئىيەت ئۇچىغا چىققان ئىسلام مۇتەئەسسىپلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىنى چەتكە قاقاتتى. بولۇپمۇ ئۇلار ۋولگا دەريا ۋادىسىدا تۇرىدىغان، تۈركىستان خەلقى بىلەن ئورتاق دىنىي ئېتىقادقا ئىگە شۇنداقلا يۇكسەك مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تۈركىستان خەلقى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىغا قارشى تۇراتتى. ئۇلار يەنە تاتارلارنىڭ ئورېنبۇرگدىكى ئىسلام ئۇيۇشمىسىنىڭ تەسىرىنى تۈركىستانغا كېڭەيتىش تەلەپلىرىگىمۇ قارشى ئىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى روسىيىدىكى باشقا تۈركىي خەلقلەردىن جىق ئاستا بولدى.

تۈركىستان بوستانلىق رايونلارغا تەۋە بولۇپ، قازاق دالىسى ۋە قىرغىز تاغلىق رايونىغا سېلىشتۇرغاندا كۆچمەنلەرنىڭ كۆچۈپ

كېلىشىگە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. مەسىلەن: ئەڭ ئاددىي ئۆلچەم بويىچە ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى دېھقانچىلىق قىلغىلى بولىدىغان تېرىلغۇ يەرلەر بەكمۇ ئاز ئىدى، ھەتتا ئاشۇ ئازغىنە ئولتۇراق ئاھالىنىڭ كىرىپ كېلىشىمۇ ئاللىقاچان رۇسلار بىلەن تۈركىستاننىڭ يېزا ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا سەۋەب بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روسىيە ئىشچىلىرى تۈركىستانغا كېلىپ تۆمۈريول ياساش ۋە توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى قۇرۇشقا ياردەملەشتى. كېيىنچە، تۈركىستان شەھەرلىرى ناھايىتى تېزلا مۇستەملىكە شەھەرلىرىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. «يەرلىكلەر» نىڭ كونا شەھەرلىرىگە يانداشتۇرۇلۇپ، «ياۋروپاچە» زامانىۋى ئولتۇراق رايونلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

روسىيە مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى كۆرەش XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى دىنىي ئالاھىدىلىك ئاساسىدا كۆتۈرۈلدى. «كۇپپار» لارغا قارشى بۇ خىل «غازات» ئۇرۇشى بەزىدە سابىق قوقەند خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلدى. غازات ئۇرۇشىنىڭ قوماندانلىرى ئاساسەن دېگۈدەك دىنىي ساھەدىكىلەر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممىشە ئانىمىزم سىرلىقلاشتۇرغۇچىلار قاتلىمىدىن چىقاتتى. دېھقانلار ۋە شەھەر قول ھۈنەرۋەنلىرى ئۇلارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. بۇ كۆرەشلەر ئىستىخىيىلىك ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدە بولغانلىقى، يەنە كېلىپ، تاشقى دۇنيانىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەممىشە ئوڭايلا باستۇرۇلۇپ كېتەتتى.

ئەڭ دەسلەپكى قوزغىلاڭ 1885 - يىلى فەرغانە ئويمانلىقىدىكى دەرۋىش خان تۆرە باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلدى، بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا 1891 - يىلى نامانگەن رايونىدا ۋە 1892 - يىلى تاشكەنت ھەم قوقەند رايونلىرىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. 1898 - يىلى كۈنسېرى

ئۇلغىيىنۋاتقان نارازىلىق ئارقىسىدا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىكى ئانىمىزم سىرلىقلاشتۇرغۇچى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىشان مەدەلى باشچىلىقىدا تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭنى تەشكىللىدى. ئىشان مەدەلى 2000دىن كۆپرەك كىشىنى توپلاپ غازاتقا ئاتلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. قوزغىلاڭچىلار ئەنجاندىكى رۇس قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئانچە - مۇنچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا مەغلۇپ بولدى ۋە قاتتىق باستۇرۇلدى.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرى روسىيە دائىرىلىرى تەدبىر قوللىنىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشتىن قاتتىق ساقلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن روسىيىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۈرەش پەقەت ئىسلاھات نامى ئاستىدىلا ئېلىپ بېرىلدى.

قاتتىق تەقىپ مەۋجۇت بولسىمۇ، ئىسلاھاتچىلىق ۋە پانتۈركىزملىق ئىدىيىلەر XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يەنىلا تۈركىستانغا كىرىپ كەلدى. دەسلەپ ئىسمائىل بەي گاسپىرالى ۋە ئۇنىڭ قىرىمدىكى شاگىرتلىرى بۇ ئىدىيىلەرنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىشتى. 1905 - يىلدىن كېيىن ۋولگا تاتارلىرىنىڭ ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى تازا جانلىنىشقا باشلىدى، ئاخىرىدا 1908 - يىلدىن كېيىن بولسا، ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ئاستىغا ئۆتۈشكە باشلىدى. ياپونىيىنىڭ روسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى رۇسلار بىلەن تۈركىستان خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە يېڭى بىر باسقۇچ پەيدا قىلدى. رۇسلارنىڭ يېڭىلمەسلىكى ھەققىدىكى ئەپسانە مەۋجۇتلۇقتىن قالدى، تۈركىستاندىكى كۈرەش بولسا، تەدرىجىي سىياسىي تەلەپ قويۇش يۆنىلىشىگە قاراپ يۈزلەندى. تۈركىستاندا مەخپىي ياكى يېرىم ئاشكارا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى،

ئۇلار مىللەتچىلىك مەزمۇنىغا ياتىدىغان ئەسەرلەرنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. ياش بۇخارا پارتىيىسى ۋە ياش خىۋا پارتىيىسى قاتارلىق بىر قىسىم سىياسىي تەشكىلاتلار بولسا، ئاشكارا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە ئاتلاندى.

1917 - يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابى تۈركىستان خەلقىگە ئۆز تەلەپلىرىنى ئاشكارا بايان قىلىش پۇرسىتىنى ئاتا قىلدى. ئۇلار 1917 - يىل 5 - ئايدا تۈركىستاندا ئىسلام قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، تۇنجى قارارلىق مىللىي ھۆكۈمەت - مىللىي ھەيئەتنى تەسىس قىلىپ چىقتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغان مەزگىلدە مىللىي ھەيئەت ھاكىمىيەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن قوقەندتە تۈركىستان مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتىنى قۇردى. ئەمما، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆمرى بەكمۇ كالتە بولۇپ قالدى. قوقەند ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك بىر تايانچ مەمۇرىي ئەمەلدارلار قاتلىمى ياكى قوقەند ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايدىغان ھەمدە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغداپ قالالايدىغان قوشۇنى يوق ئىدى. 1918 - يىل 1 - ئايدا تاشكەنتتىكى روسىيە سوۋېتى رۇس ئىشچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى قوقەندكە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قوقەند شەھىرى ئىشغال قىلىندى ۋە قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى.

تۈركىستاندا تاشكەنتتىكى سوۋېت كوممۇنىستلىرى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا چىڭ دەسسەپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، كونترولللۇق ھوقۇقى تامامەن شۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ بولسا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ئىدى. بۇ ۋاقىتتا «ئاقلار ئارمىيىسى» تۈركىستاننى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا جايلىرىدىن ئايرىپ تاشلىغانلىقتىن، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارىتا زورلۇق كۈچى

ۋاسىتىسىنى قوللاندى. ئەمما، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى يالغۇز ئەكسىلئىنقىلابچى دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلىشلا ئەمەس ئىدى، ئۇلار يەنە مۇسۇلمان ئىنقىلابچىلىرى بىلەن چەك - چېگرىنى ئېنىق ئاجرىتىشى كېرەك ئىدى. خۇددى تاشكەنت سوۋېتىنىڭ بىر رەھبىرى ئېيتقاندەك: «ئىنقىلابنى رۇسلار قوزغىغانىكەن، ئىنقىلابتىن مەنپەئەت ئالىدىغانلارمۇ شۇلار بولاتتى». 1919 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋولگا ۋادىسىدىن كەلگەن بىر تارماق قىزىل ئارمىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كەلدى، قىزىل ئارمىيە رەھبەرلىرى خىۋا خانلىقى(1919 - يىل 11 - ئاي) ۋە بۇخارا خانلىقى(1920 - يىل 2 - ئاي)نى يوقىتىشقا دەرھال كىرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى خانلىق خارەزىم ۋە بۇخارا جۇمھۇرىيىتى بولۇپ ئۆزگەرتىلدى.

سوۋېت ھاكىمىيىتى غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما، تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتلەردىن كېلىۋاتقان قوش بېسىمنىڭ تەھدىتىدە، تۈركىستان سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى قىيىن بولۇۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن، ئۇلار سانى 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ۋە شەرقىي بۇخارا تاغلىق رايونى (ھازىرقى تاجىكىستان) نى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان باسمىچىلار— مۇسۇلمان پارتىزانلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ، دېھقانلار قوزغىغان ۋە ئومۇمىيلىق خاراكتېرىنى ئالغان، رۇسلارغا ۋە كوممۇنىزمغا ئوخشاشلا قارشى تۇرىدىغان كۈرەشنىڭ بىر قىسمى ئىدى. 1925- يىلغا كەلگەندە خىل قوراللانغان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قول تىقىشى بىلەن بۇ ھەرىكەت زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا باشلىدى. بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما، يەككە - يېگانە قالغان بەزى پارتىزانلار ئەترەتلىرى تاغلىق رايونلاردا 1936 - يىلغىچە تىركەشتى.

يەنە بىر ياقتىن كېلىشۋاتقىنى ئىسلاھاتچىلارنىڭ خەتىرى بولدى. 1920 - يىلدىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ھەممىسى كومپارتىيىگە ئەزا بولدى. بۇ كىشىلەر كوممۇنىزمچى بولغىنى بىلەن، يەنىلا مىللەتچى ۋە پانتۈركىست ئىدى. بۇ كىشىلەر تۈركىستاننىڭ سىياسىي ھاياتىدا بىر مەھەل باشقۇرغۇچى ئورۇندا تۇردى. ئۇلار رۇسلارغا قارشى بولۇپ، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ كوممۇنىزمىنى ۋە تۈركىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، باشقىرتىيە، تاتارىستان قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور تۈركلەر دۆلىتىنى قۇرۇش كويىدا ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇران دۆلىتى قۇرۇش نىشانىغا يېقىنلاپ قالدى. بۇ نىشاننى شۇ ۋاقىتتىكى قازان تاتارلىرىدىن سۇلتانغەلىيېق كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلەپ چىققانىدى.

1921 - يىلدىن كېيىن، رۇسلار مۇھىم ئورۇنلاردىكى يەرلىك كوممۇنىستلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يوقىتىشقا كىرىشتى. يەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، 1924 - يىلى تۈركىستان يەنىلا ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستان قاتارلىق بىر نەچچە مىللىي جۇمھۇرىيەتكە ئايرىۋېتىلدى. بۇ بىرنەچچە مىللىي جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىرلىككە كەلگەن تۈرك دۆلىتىنى قۇرۇش شېرىن چۈشىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 1930 - يىلدىن تارتىپ ئاخىرى كەڭ كۆلەملىك تازىلاش باشلاندى. بۇ قېتىمقى تازىلاش 1938 - يىلغىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتى. تازىلاش ھەرىكىتى جەريانىدا يەرلىك زىيالىيلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى، بۇ كىشىلەر 1919 - يىلدىن كېيىن كوممۇنىزم ھاكىمىيىتىگە شىلتىڭ ئېتىپ كەلگەنلەر ئىدى.

ھالبۇكى، مۇستەقىللىق تەرەپدارلىرى بىت -چىت قىلىپ تاشلانغان، تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاپتونومىيە ئارمانلىرى كۆپۈككە

ئايلانغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈرك قورغىنى بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك قۇرۇلما (چۆللۈكلەر ۋە بوستانلىقلار) مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن، رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەملىكىسى يەنىلا ناھايىتى ئاجىز ئىدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئۆزبېكىستان ۋە تاجىكىستاندىكى غەيرىي مۇسۇلمانلار سانى 1959 - يىلى % 15 تىن تۆۋەن بولغان، تۈركمەنىستاندىكى غەيرىي مۇسۇلمانلار بولسا % 20 تىن تۆۋەن بولغان.

# XV باب روسىيىنىڭ ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرى ۋە تۈركىستاننى باشقۇرۇشى

## ( 1917 - يىلغا قەدەر )

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدىكى ( تۈركىستاندىكى ) كۆپلىگەن دۆلەتلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ۋە پارچىلىنىۋاتقان مەزگىللەردە چارروسىيە دۆلىتى قۇدرەت تاپتى. رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ كۆللىنىشى XVII ئەسىردىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنىڭ تەقدىرىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. ئەمما، قازان خانلىقى، ئاستراخانخانلىقى ۋە ئىبىر خانلىقىنىڭ قۇربانلىققا ئايلىنىشى ئەڭ دەسلەپكى ئالغا ئىلگىرىلەش دولقۇنىنى قوزغىغاندىن كېيىن، رۇسلار يەنە پۈتۈن كۈچىنى باشقا جايلارغا قاراتتى. بۇنىڭ بىلەن رۇسلار ئۆزىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى رايونلىرىدا ئۇستۇنلۈكنى ساقلاپ قېلىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. رۇسلار ئورېنبۇرگ، پېتروپاۋلوۋسكى، ئومىسكى، سىمىپالاتىنىسكى، ۋە ئۇست - كامېنوگورىسكنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، كاسپىي دېڭىزىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە سوزۇلغان ئۇزۇن كازاك مۇستەملىكە لىنىيىسىنى

قۇرۇپ چىقتى ھەمدە شۇ ئارقىلىق قازاقلارنىڭ ۋولگا رايونى ۋە سىبىرىيىگە پاراكەندىچىلىك سېلىشىنى توسىدى.

ئەمما، رۇسلار بۇ خىل مۇداپىئە سىياسىتىدىن زادىلا قانائەت ھاسىل قىلمىدى. XVIII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن تارتىپ قازاقلار نامدا روسىيىگە بېقىنغان بولەن، ئەمەلىيەتتە، ھە دېسىلا مۇداپىئە لىنىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئولتۇراق ئاھالىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ، بۇ ۋاقىتتىكى خىۋا خانلىقى قازاقلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە رىغبەتلەندۇرۇپ، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىگە پاناھلىق بەردى، شۇنداقلا روسىيە ئەسىرلىرىنى مۇقىم بازار بىلەن تەمىن ئەتتى. قازاقلار سودا كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغانلىقتىن، روسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى سودىمۇ ئەسلىدىكى سەۋىيىدە توختاپ قالدى.

XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى رۇسلار ئاخىرى تېخىمۇ مۇقىم بولغان چېگرانى تاپتى. ئورتا يۈز ( 1822 - يىل ) ۋە كىچىك يۈز ( 1824 - يىل ) خانلىقلىرى يوقىتىلغان ھەمدە روسىيىنىڭ نازارەتچىلىكىدە سۇلتان ھۆكۈمرانلىقىدىكى تېخىمۇ كىچىك قەبىلىلەرنىڭ بىرلىكى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، قازاقلارنىڭ مۇستەقىللىقى ئاستا - ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. رۇسلار يايلاقتا بىر قىسىم ئالدىنقى قاراۋۇل بازىلىرىنى تەسىس قىلدى: ئورېنبۇرگنىڭ جەنۇبىدا كۆكچېتاۋ ۋە قارقارالىنسكى ( 1824 - يىل ) ؛ سېمىپالاتىنىسكنىڭ جەنۇبىدا كۆكپېكتى (1820-يىل) ۋە بايانئۇ ( 1826 - يىل ) ھەم ئالېكساندېر فون ھۇمبولتنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسىدىن كېيىن سىرگى ئوپول (1831-يىل) ئالدىنقى قاراۋۇل بازىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. مۇراۋيېف ئەلچىلەر ئۆمىكى ۋە رىگلىبى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا خىۋا ( 1820-يىلى ) ۋە بۇخارا (1820-يىلى ) غا زىيارەتكە بېرىشى

ھەمدە پولكوۋنىك بېرگ بىلەن ئىچۋاردىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى ( 1825 ـ، 1826-يىللىرى ) بىلەن روسىيىلىكلەر بۇ رايوننىڭ سىرتىدىكى جايلارغا ئائىت قىممەتلىك ئاخباراتلارغا ئىگە بولدى. XIX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى رۇسلار مانغىشلاق يېرىم ئارىلىدا يېڭى ئالېكساندىروۋسكى قورغاننى سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سودا ئىشلىرىنى قوغداش ھەققىدىكى كۆنسېرى ئۆلغىيىۋاتقان تەلەپلەر ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئافغانىستاندىكى تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ئېھتىياجى قاتارلىق سەۋەبلەر ئارقىسىدا، گېنېرال پېرووۋسكىي قوماندانلىقىدىكى خىۋاغا قارىتىلغان تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈش كېلىپ چىقتى. بۇ قېتىمقى قىشلىق ھەربىي يۈرۈش 1839 ـ يىلى باشلاندى ۋە 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، ھەربىي يۈرۈشكە كېرەكلىك ترانسپورت قورالىرىنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك زىيانغا ئۇچرىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. پېرووۋسكىنىڭ مەغلۇبىيىتى رۇسلارنىڭ دالىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ بازا قۇرۇشى زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتتى. XIX ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى روسىيە ئورېنبۇرگنىڭ جەنۇبىدا تورغاي ۋە ئىرگىز ( 1845-يىلى )، ئاتباسار ۋە ئۇلۇتاۋسكى ( 1846-يىلى ) قاتارلىق كىچىكرەك بىر نەچچە قەلئەنى قۇرۇپ چىقتى. سىر دەرياسىنىڭ ئاغزىغا سېلىنغان رائىم قەلئەسى ( 1847-يىلى ) روسىيىنىڭ بۇ رايوندىكى غەرىزىنى ئاشكارا ئىپادە قىلدى. شەرقتە ئالاتاۋ باغرىدىكى قاپال قەلئەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ( 1847-يىلى ) بىلەن رۇسلار ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا ئىگە بولۇپ قالدى.

رۇسلار شۇنىڭ بىلەن قوقەند خانلىقىغا تەۋە دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ھېچقانداق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بولمىغان يەرلەرنى ئىگىلەشكە كىرىشتى. 1853 ـ يىلى گېنېرال پېرووۋسكىي روسىيە

قوشۇننى باشلاپ ئارالىسكىدىن ئارقىغا يېنىپ، سىر دەرياسى بويىغا كەلدى ۋە بىر قەلئە سالدۇردى ( كازالىنسكى ) ، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قوقەند خانلىقىنىڭ ئاق مېچىت قورغانى ( ئۇنىڭغا يېڭىباشتىن «پېرووۋسكى» دەپ نام قويۇلدى ) نى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. شۇنداق قىلىپ، پېرووۋسكى ئىلگىرىكى نومۇسىنى پاك - پاكىز يۇدى. شەرقتە روسىيە قوشۇنى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئىگىلەپ، ھازىر «ئالمائاتا» دەپ ئاتىلىۋاتقان ۋېرنىي شەھىرىنى سالدى ( 1845 - يىلى ) .

روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانى جەنۇبتىكى كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىن كەلگەن ئىككى رايوننى تۇتاشتۇرۇش ئىدى. بىراق، قىرىم ئۇرۇشى (1854—1856) تۈپەيلىدىن بۇ پىلان بەكلا سۈرۈلۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئىشغال قىلىنغان رايونلارنى مۇستەھكەملەش دەۋرى باشلاندى. قازاق دالىسىنىڭ غەربىدە 1859- يىلى ئورېنبۇرگنى پايتەخت قىلغان ئورېنبۇرگ قىرغىز ئوبلاستى تەسىس قىلىندى. دالىنىڭ شەرقى بولسا ئومسكىنى مەركەز قىلغان سىبىرىيە قىرغىز ئوبلاستى بولۇپ تەشكىللەندى. سېمىپالاتىنسكى ئوبلاستى 1854 - يىلى قۇرۇلدى ۋە سېمىپالاتىنسكىنى مەركەز قىلدى.

ئامېرىكىدىكى جەنۇب-شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە (1861—1865) پاختا بىلەن تەمىنلەش بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. رۇسلار پاختا بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەسلىدىكى ھەربىي ھەرىكەتنى قايتا باشلىدى. 1864-يىل 5-ئايدا پولكوۋنىك چېرنيايېۋ باشچىلىقىدىكى 2600 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر تارماق قوشۇن ۋېرنىيدىن يولغا چىقتى، پولكوۋنىك ۋېرېفكىن قوماندانلىقىدىكى 1600 كىشىلىك قوشۇنمۇ پېرووۋسكىدىن ئاتلاندى. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چېرنيايېۋ قوشۇنى ئەۋلىيا ئاتا

( هازىرقى جامبۇل ) غا شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇلار ئۈچ ئادەم يارىلىنىشتەك ئاز بەدەل بىلەنلا شەھەرنى ئىگىلىدى. قورال-ياراغلىرى بەكلا ئاددىي، قوماندانلىقى ۋە ئىنتىزامىنىڭ زادىلا تايىنى يوق 1500 كىشىلىك يەرلىك قوشۇندىن 307 ئادەم ئۆلدى، 390 ئادەم يارىلاندى. ۋېرېفكىنىمۇ شۇنداق ئاز بەدەل بىلەنلا تۈركىستاندىكى يەسسە شەھىرىنى ئىگىلىدى. ئاندىن ئىككى قوشۇن قوشۇلۇپ، چېرنيايېفنىڭ قوماندانلىقىدا بولدى. تۆت كۈنلۈك قورشاۋ ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىمكەنت قورغىنىمۇ 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىشغال قىلىندى. بۇ يەردىكى يەرلىك قوشۇن 10 مىڭ كىشى بولسىمۇ، كۆپىنچىسى جەڭ باشلىنىپ - باشلانمايلا قۇيرۇقنى خادا قىلىشتى، روسىيە قوشۇنىدىن پەقەت ئىككى ئادەم ئۆلدى. رۇسلار مۇشۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت ئارقىلىق پۈتۈن چۇ دەرياسى ۋادىسىنى ئىگىلىدى ھەمدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان قورغان لىنىيىسى ئارقىلىق قازاق دالىسىنى قامالغا ئالدى.

بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت توغرىسىدىكى خەۋەر ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر پايتەختلىرىنىڭ، بولۇپمۇ بۈيۈك برىتانىيىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۈيۈك برىتانىيە ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىكى تەسىر دائىرىسىدىن ئەندىشە قىلىپ قالغانىدى. 1864 - يىلى 11- ئاينىڭ 21 - كۈنى روسىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى گېرتسوگ گورچاكوف ھەرقايسى كۈچلۈك دۆلەتلەرگە تىل ياغلىمىلىق گەپلەر بىلەن تولغان مەكتۇپنى يوللاپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەندىشىلىرىنى يېنىكلەتتى. گورچاكوف روسىيە رەھبەرلىرىنىڭ مۇددىئاسى ناھايىتى ئاددىي ئىكەنلىكىنى، ئۇلار بىر ئۇنۇملۈك چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلماقچى، يەنى روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ چېگرا بۇلاڭ - تالاڭلىرىغا قارشى كۈرەشلىرىدە قوغداش رولىنى ئويناليالىغۇدەك چېگرىغا ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى، روسىيە

ئىمپېرىيىسى ئولتۇراق ئاھالىلەر دۆلىتىنىڭ چېگرىسىغا يەتكەن ھامان توختايدىغانلىقىنى، بۇ جايدا توختىغاندىن كېيىن، بىر قورغان لىنىيىسى قۇرۇپ ئۆز چېگرىسىنى قوغدىماقچى ئىكەنلىكىنى، شۇ ئارقىلىق بۇلاڭ - تالاڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەن كۆچمەن خەلقلەرگە سودا - سېتىقنىڭ بۇلاڭ-تالاڭدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ھەمدە ئۇلارغا «غەرب مەدەنىيىتى»نى ئىلتىپات قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

1865 - يىلىنىڭ بېشىدا، رۇسلار يېڭىدىن قولغا كەلتۈرگەن بۇ رايوننى تۈركىستان ۋىلايىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. تۈركىستان ۋىلايىتىنى باش ھەربىي ۋالىي باشقۇردى، باش ھەربىي ۋالىي قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار، مەمۇرىي ئىشلارنى بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالدى ۋە ئورېنبۇرگ باش ۋالىيسى ئالدىدا جاۋابكار بولدى. چېرنيايېف تۈركىستاننىڭ گېنېرال باش ھەربىي ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلەندى. روسىيە ھۆكۈمىتى چېرنيايېفقا ئەمدى ئالغا ئىلگىرىلىمەسلىك ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى، ئەمما، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تاشكەنتتىكى قوقەندكە ھۇجۇم قىلدى. 1865 - يىل 4 - ئايدا چېرنيايېف چىرچىق دەرياسى بويىدىكى نىيازبەگ قەلئەسىنى ئىگىلىدى. چىرچىق دەرياسى تاشكەنت رايونىنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىدىكى ئاساسلىق مەنبە ئىدى. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن چېرنيايېف ناھايىتى ئاز زىيان بىلەنلا تاشكەنتنى ئىشغال قىلدى.

روسىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيىنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن چېرنيايېفنى چاقىرتىپ كەتتى، ئەمما، ئۇنىڭغا يۇكسەك شان - شەرەپ ئىنئام قىلدى. چېرنيايېفتىن كېيىن ۋەزىپە ئۆتىگەن گېنېرال رومانوۋسكىي چېرنيايېفنىڭ پىلانىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى. 2-يىلى ئەتىيازدا رومانوۋسكىي 3600 كىشىلىك بىر

تارماق قوشۇننى باشلاپ، بۇخارا تەۋەسىگە بېسىپ كىردى. ئۇلار سەمەرقەندكە بارىدىغان يول تۈپىسىدىكى ئىرجار دېگەن جايدا بۇخارالىقلار ۋە قازاقلارنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى مۇستەھكەم ئىستىھكامىنىڭ ئۆزىدىلا بىت - چىت قىلىپ تاشلىدى. ئارقىدىن رومانوۋسكىي سىر دەرياسى بويىغا قايتىپ، قوقەند تەۋەلىكىگە كىردى ۋە بۇخارا بىلەن قوقەند ئارىلىقىغا بىر شىنا قاقماقچى بولدى. ئۇ ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا قوقەندتىكى ناۋ قورغىنىنى ئىگىلىدى، 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى زەمبىرەك ئارقىلىق خوجەندنى ئىشغال قىلدى. رۇسلاردىن ئاران بەش ئادەم ئۆلدى. شەھەرنى مۇداپىئە قىلغانلاردىن بولسا 2500 ئادەم چىقىم بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قوقەند خانى خۇدايارخان روسىيىگە باش ئەگدى. خۇدايارخان ئۆزىنىڭ روسىيىگە بېقىندى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، رۇسلارنىڭ ئىستىلاسىغا قوشۇلدى، روسىيە سودىسىنىڭ قوقەند چېگرىسىدىن ئۆتۈشىگە رازىلىق بىلدۈردى ھەمدە روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوقەندكە ھۇجۇم قىلىشتا سەرپ قىلغان چىقىمىنى تۆلەش ئۈچۈن روسىيىگە تۆلەم بېرىدىغان بولدى.

بەزى ئەھۋاللار بۇخارا ئەمىرىنىڭمۇ سۈلھى قىلىشقا مايىللىقىنى كۆرسەتسىمۇ، ئەمما، روسىيە ھۆكۈمىتى ئالىلىقاچان ئۆزلىرىنى مۇشۇنداق ئورۇندا تۇتۇپ تۇرغاندا كېيىنكى ھەرىكەتلىرىنىڭ باشقىلاردا گۇمان تۇغدۇرمايدىغانلىقىنى قارار قىلىپ بولغانىدى. ھازىر چارروسىيە دائىرىلىرىنىڭ نەزەرىدە روسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى چېگرا دەپ قارىلىۋاتقان جاي چۇ دەرياسى ياكى سىر دەرياسى ئەمەس، بەلكى ئامۇ دەرياسى ئىدى. 1866 - يىلى 8 - ئايدا ئورېنبۇرگ باش ۋالىيسى كرىژانوۋسكىي قوماندانلىقىدىكى قوشۇن بىر قېتىملىق يېڭى ئۇرۇش قوزغىماقچى

بولدى. ئۇ باشلىغان قوشۇن ئاۋۋال تىغ ئۇچىنى ئۇرا تۆپە قورغىنىغا قاراتتى ھەمدە 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بۇ قورغاننى ئىشغال قىلدى. رۇسلاردىن 17 ئادەم ئۆلدى، يەرلىك قوشۇندىن ئاز دېگەندىمۇ 2000 ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كرىژانوۋسكىي جىزاقنى ئىشغال قىلدى ( 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى) ، بۇ جەڭدە رۇسلاردىن ئالتە كىشى ئۆلدى، يەرلىك قوشۇندىكىلەردىن بولسا 6000 كىشى ئۆلدى.

1867 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى ئىمپېراتور پەرمانىغا بىنائەن تۈركىستان باش ۋالىيلىقى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. تۈركىستان باش ۋالىيلىقى تاشكەنتنى مەركەز قىلغان بولۇپ، روسىيىنىڭ 1847 ـ يىلدىن تارتىپ تۈركىستان رايوندا قولغا كەلتۈرگەن پۈتۈن زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئۇلار بۇ رايوننى سىر دەريا ئوبلاستى ۋە يەتتەسۇ ئوبلاستى قىلىپ ئايرىدى. ئىلگىرى روسىيە ئىشغال قىلىۋالغان پولشا زېمىنىدا، يەنى روسىيىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە باش ۋالىي بولغان گېنېرال فون كائۇفمان تۈركىستان باش ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلەندى. كائۇفمانغا ناھايىتى كەڭ ھوقۇق، جۈملىدىن ھەربىي ھەرىكەت ۋە دىپلوماتىك سۆھبەت ھوقۇقى بېرىلدى. 1867 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا كائۇفمان تاشكەنتكە كېلىپ، مۇرەككەپ خىزمەتكە تۇتۇندى. كائۇفماننىڭ تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن تەشكىلىي شەكلى يېرىم ئەسىرگىچە داۋاملاشتۇرۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «كونا تۈركىستانلىقلار» كائۇفمان ۋەزىپە ئۆتىگەن 13 يىلنى بەكلا كۆپتۈرۈپ ئالتۇن دەۋر دېيىشىۋاتىدۇ، ھەتتا ئەنگلىيىلىك لوردكۇرزونمۇ ئۇنى ئىچ-ئىچىدىن « بەك ئۇلۇغ دېيىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن، شۈبھىسىزكى، ئۇنى يەنىلا ئۇلۇغ شەخس دېيىشكە بولىدۇ » دەپ تەرىپلىگەنىدى.

كائۇفماننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىستان ياۋروپا روسىيىسىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش شەكلىدە تەشكىللەنگەنىدى. ئەڭ ئالىي ۋەزىپىدىن باشقا، تۈركىستان رايونى ئاساسەن دېگۇدەك مەمۇرىي ئەلەمدارلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدى. بىر قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتىن كېيىن، ئىككى ئوبلاست يەنە ناھىيە (ئۇيېزد)، يېزا (بولۇس) بولۇپ بۆلۈندى، يېزىنىڭ ئاستىدا ئاۋۇل (ھەربىر ئاۋۇل 200 ئائىلىدىن تەركىب تاپتى) ياكى قىشلاق تەسىس قىلىندى. ھەر بىر قىشلاق ۋە ئاۋۇل ئاقساقالنى ھەمدە بىر سايلام گۇرۇپپىسىنى سايلاپ چىقاتتى، ئاندىن سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ ياردىمىدە يېزىنىڭ باشلىقى سايلىناتتى. يېزا باشلىقلىرى روسىيە ھاكىمى ئالدىدا جاۋابكار بولاتتى. ئەدلىيە جەھەتتە ئادەت ۋە شەرىئەت ھوقۇقى ساقلاپ قېلىندى. پەقەت رۇسلارغا چېتىشلىق دەۋا دېلولىرى ۋە بىرقەدەر ئېغىر جىنايى دېلولار يۈز بەرگەندىلا، ئاندىن رۇسلارنىڭ سوتىدا بىر تەرەپ قىلىناتتى. تەن جازاسى بىكار قىلىنغاندىن باشقا، رۇسلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسلاھاتى ئەسلىدىكى خان تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىغان قازىلارنى سايلام ئارقىلىق بېكىتىش بولدى. يەرلىكنىڭ باج تۈزۈملىرىمۇ ئۆزگەرتىلىپ، رۇسلارنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلدى. رۇسلار يەنە ناھايىتى چەكلىك بولغان يەر ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزدى. رۇسلار ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ۋەخپە تۈزۈمى ۋە مىراپلىق تۈزۈملىرىنى مۇھاكىمىگە قويدى. ئەمما، بۇ جەھەتتە ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى زادىلا ئىشقا ئاشمىدى.

كائۇفمان غەرەزلىك ھالدا يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتمىدى. ئۇ بۇ جايدىكى ئاياللارنىڭ تۆۋەن ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مۇسۇلمانچە تۇرمۇش شەكلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىچى

پۇشسىمۇ، يەنىلا تىنچ ۋە پاسسىپ سىياسەت يۈرگۈزۈشكە رازى بولىدىكى، بۇ نەرسىلەرگە چېقىلىپ قويۇپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشنى خالىمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ پەقەتلا ۋاقىتىنچە قوللىنىلىدىغان تەدبىر ئىدى. بۇ ھەرگىزمۇ بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىك ئەمەس ئىدى. بۇنداق قىلىشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى شۇ ئىدىكى، ياخشى ئۆلگىلەرنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بولىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش قاتتىق قول سىياسەتتىن كۆپ ياخشى ئىدى. كائۇفمان بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۇفادىكى ئىسلام ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىپ، تۈركىستان ئىسلام ئاپپاراتلىرىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇشىغا تىرىشچانلىق بىلەن قارشى تۇردى. مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن كائۇفمان ھەتتا روسىيە پراۋوسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ تۈركىستان رايونىغا دىن تارقاتقۇچى ئەۋەتىشىنى چەكلىدى، تاشكەنتتە بىرەر پراۋوسلاۋىيە دىنى ئېپىسكوپ رايونى قۇرۇشقىمۇ قارشى تۇردى.

1868 - يىلى ئەتىيازدا كائۇفمان بۇخارا ئەمىرىنىڭ روشەن دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە سەمەرقەندتە قوشۇن توپلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قوشۇن تارتىپ بۇخارا تەۋەلىكىگە بېسىپ كىردى. ئۇ 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سەمەرقەندنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، ئارقىدىنلا ئۇرگۈت ۋە كاتتا قورغان شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. بىر ئايدىن كېيىن، 6-ئاينىڭ 2-كۈنى كائۇفماننىڭ قوشۇنى كاتتا قورغان شەھىرىنىڭ يېنىدىكى زىرابۇلاق ئېگىزلىكىدە بۇخارانىڭ ئاساسىي قوشۇنى بىلەن تۇتۇشتى. بۇخارالىقلار قوشۇنىدا 6000 دىن ئارتۇق پىيادە لەشكەر، 15 مىڭ ئاتلىق نەۋكەر، 14 دانە يەڭگىل زەمبىرەك بولغان، ۋەزىيەت ئۇلارغا شۇنچە پايدىلىق بولغان ئەھۋالدىمۇ، يەنىلا ئېغىر زەخمىگە ئۇچراپ، تىرە - پىرەن

بولۇپ كەتتى. بۇ ئۇرۇش بۇخارا ئەمىرىنى روسىيىگە ئەل بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. 1868 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى شەرتنامىدە بۇخارانىڭ سەمەرقەند، كاتتا قورغان، خوجەند، ئۇراتۆپە ۋە جىزاقنى كېيىنكى بىرىدىغانلىقى بەلگىلەندى،، بۇخارا 500 مىڭ رۇبلى تۆلەم تۆلەشكە رازى بولدى. قوقەندكە ئوخشاشلا، بۇخارادىمۇ روسىيە پۇقرالىرى ئەركىن كېلىپ- كېتىپ تۇرالايدىغان ۋە بۇخارا چېگرىسىدىكى رايونلار ئارا سودىدا روسىيە ماللىرىدىن ناھايىتى ئاز مىقداردا تاموژنا بېجى ئېلىنىدىغان بولدى. كېيىنكى بىرىلگەن رايون زەرەفشان رايونى ( كېيىن سەمەرقەند ئوبلاستى بولۇپ قۇرۇلدى ) تۈركىستان باش ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قوشۇۋېتىلدى. بۇخارا ئەمىرى ئۆزىنىڭ تەختتىن چېكىنىشىگە ئىجازەت بېرىشنى سورىغاندا، كائۇفمان بۇخارادا روسىيىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بىر ھۆكۈمرانىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا رۇسلار ئەمىرنىڭ بۇخارا ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىدەك ئورنىنى مۇستەھكەملەپلا قالماي، ھەتتا ئەمىرگە ياردەملىشىپ، ئەمىرگە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشۇپ بەردى.

ئارقىدىنلا رۇسلار ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جۇڭگو زېمىنىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. 1862-يىلى جۇڭغارىيىدە پارتلىغان قوزغىلاڭ ئىلى ۋادىسىغىچە يېيىلدى. 1864-يىلى ئىلىدىكى يەرلىك تۇنگانلار (خەنزۇ مۇسۇلمانلىرى) ۋە تارانچىلار بىرلىشىپ، چىڭ خانىدانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. غۇلجىدىكى روسىيە كونسۇلخانىسى ۋە چۆچەكتىكى روسىيە زاۋۇتى پاچاقلاپ تاشلاندى، سودىمۇ توختىدى، بالايىئاپەتتىن قاچقانلار چېگرىنى قېچىپ بېرىپ يەتتەسۇ رايونىغا كىرىپ كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1853 - يىلى ئاق مېچېت

قەلئەسىنى قوغداپ، پېرروۋسكىيغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە رەھبەرلىك قىلغان گېنېرال ياقۇپ بەگ قەشقەردە مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى. ئۇ جۇڭگولۇقلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇردى. بۇ يېڭى قۇرۇلغان يەرلىك ھاكىمىيەت ئوتتۇرا ئاسىيا كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ۋەزىيىتىنىڭ بۇزۇپ تاشلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. ياقۇپ بەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشى روسىيىنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ناۋادا ياقۇپ بەگ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى جۇڭغارىيىگىچە كېڭەيتسە، جۇڭغارىيە بىلەن چېگرىداش يەتتەسۇغا خەۋپ يېتەتتى. بۇ، ئەنگلىيە تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئەنگلىيە تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى روسىيىگە نىسبەتەن يان تەرەپتىن قورشاش ھالىتىنى شەكىللەندۈرەتتى، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا ياۋروپا روسىيىسى بىلەن سىبىرىيىنىڭ مۇناسىۋىتىگە خەۋپ تۇغدۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. كائۇفمان بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەش، ئۇزاققا سوزۇلغان مالىمانچىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن 1871 - يىل 6 - ئايدا روسىيە قوشۇنىغا ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلارنى ئىگىلەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. رۇسلار — ئىلى ئۆلكىسى (جۇڭگولۇقلار بۇ رايوننى مۇشۇنداق ئاتايتتى) ياكى غۇلجا رايونى (رۇسلار شۇنداق ئاتايتتى) نى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي خەلقئارا جامائەتچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋاقىتلىق ۋەزىيەتنى بىر تەرەپ قىلغان يوسۇندا پۈتتۈردى. ئۇلار جۇڭگولۇقلار قەشقەرىيىدىكى مالىمانچىلىق بولغان جايلارنى ۋە جۇڭغارىيىنىڭ باشقا رايونلىرىنى يېڭىۋاشتىن كونترول قىلىشقا قادىر بولالىسىلا، ئۆزلىرى ئىشغال قىلىۋالغان جايدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا جۇڭگولۇقلارغا ۋەدە بەردى. رۇسلار، ئېھتىمال جۇڭگولۇقلار

جەزمەن بۇنداق قىلالمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ئەمما، ياقۇپ بەگ 1877 - يىلى جۇڭگولۇقلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى، ياقۇپ بەگ خانلىقى بىتچىت قىلىندى، جۇڭگولۇقلار قەشقەرىيىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. بىرنەچچە ئايلىق دىپلوماتىك سۆھبەتلەردىن كېيىن، رۇسلار تۆلەمگە ئېرىشىپ، ئىلى ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسمىنى كېسىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما، 1883 - يىلغا كەلگەندە ئۇلار ئاخىرى ئىلى رايونىغا بولغان كونتروللۇق ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى. سانكت- پېتېربۇرگتىكى ئەنگلىيە باش ئەلچىسىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، « جۇڭگولۇقلار روسىيىنى ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى—رۇسلاردىن يۇتۇپ بولغان زېمىننى قۇستۇرۇۋالدى » .

ئەمما، مۇشۇ ئارىلىقتا رۇسلار دىققەت - نەزەرىنى تېخىمۇ چوڭ نىشانغا قاراتتى. بۇ نىشاننىڭ بىرىنچىسى خىۋا خانلىقى ئىدى. XVII ئەسىردىكى ئۇرال كازاكلىرى قوزغىغان ئۈچ قېتىملىق يىراقتا يۈرۈش ھەرىكىتى، 1717 - يىلى كېنەز بېكوۋىچ چېركاسسكىينىڭ يىراقتا يۈرۈش ھەرىكىتى ۋە گېنېرال پېرووۋسكىينىڭ 1839- يىلدىكى يىراقتا يۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسىلا خىۋا خانلىقىدىن ئىبارەت كونا رەقىبىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرىغانىدى. 1837- يىلىنىڭ (بۇ يىلنامىدە خاتالىق بار، خەنزۇچە كىتابتىمۇ شۇنداق كەتكەن.) بېشىدا كائۇفمان ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش ئارقىلىق خىۋا مەسىلىسىنى بىر يولىلا مەڭگۈلۈككە ھەل قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بۇ تەكلىپ ناھايىتى تېزلا تەستىقلاندى. رۇسلار ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە پەقەت جازالاش خاراكتېرلىك تەدبىر قوللىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

قوشۇننىڭ سانى ۋە تېخنىكىلىق قوراللىنىش ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، خىۋا تەرەپتە غەلىبە قىلىشتىن زەررىچە ئۈمىد يوق ئىدى. ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، خىۋانىڭ ئەڭ چوڭ ئۈستۈنلۈكى ئۆزىنىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئىدى. رۇسلار ھەربىي يۈرۈشنىڭ غەلىبە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا گېنېراللارنىڭ تېخىمۇ زور شەرەپ قۇچۇشى ئۈچۈن بىرنەچچە يۆنىلىش بويىچە ئىلگىرىلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاساسىي قوشۇنلاردىن بىرى تاشكەنتتىن، يەنە بىرى ئورېنبۇرگدىن، يەنە بىرى كراسنوۋودىسكى شەھىرىدىن، ئاخىرقىسى مانغىشلاق يېرىم ئارىلىدىكى ئالېكساندروۋسكى قەلئەسىدىن يولغا چىقتى. پولكوۋنىك قوشۇندا 13 مىڭ ئەسكەر ۋە 62 زەمبىرەك بار ئىدى. كائۇفمان باش قوماندانلىققا تەيىنلىنىپ، تاشكەنتتىن يولغا چىققان قوشۇن بىلەن بىللە ئاتلاندى. خۇددى كېيىن ئىسپاتلانغاندەك، بۇ يۈرۈشكە ئەسلىدە كىچىك بىر تارماق قوشۇن بولسىلا كۇپايە قىلاتتى. قوشۇندىكىلەر بەكلا چارچاپ كەتكەن بولغاچقا، تاشكەنت قوشۇنى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ( 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ) چۆلدىكى بالايىئاپەتتىن ئاران قۇتۇلدى. ئەمما، كراسنوۋودىسكىدىن يولغا چىققان قوشۇن تومۇز ئىسسىق ۋە سۇسىزلىقنىڭ دەردىدە كەلگەن جايىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ قوشۇندىن 60 ئادەم پىژغىرىم ئىسسىقتا ئۆلدى، ئېغىر يۈك ۋە زەمبىرەك قاتارلىق ئېغىر قوراللارمۇ تاشلىۋېتىلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئورېنبۇرگ ۋە مانغىشلاقتىن يولغا چىققان ئىككى قوشۇن نىشانغا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق يېتىپ باردى. ئۇلارنىڭ توپ ئوقلىرى قارشى تەرەپنى ناھايىتى تېزلا ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى. كائۇفمان بىللە ماڭغان قوشۇن يېتىپ كەلگەندە ( 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ) ، بۇ ئىككى قوشۇن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىپ بولغانىدى.

ئۇلار ئازغىنە بەدەل بىلەنلا خىۋانى ئىشغال قىلدى. خىۋا خانى قورققىنىدىن بەدەر تىكىۋەتتى، ئەمما، كائۇفمان ئۇنى ناھايىتى تېزلا تاپتۇرۇپ كېلىپ، رۇسلارنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا خىۋاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قويدى. خىۋا ئاھالىسىمۇ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشتى. روسىيە قوشۇنى ئىنتىزامنى قاتتىق ساقلىدى. كائۇفماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن خىۋا خانى ئۆز تەۋەلىكىدە قۇللۇق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. 8-ئاينىڭ 12-كۈنى ئىمزالانغان بىر شەرتنامىگە ئاساسەن، خىۋا تەرەپ ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى جايلارنى كېسىپ بېرىش، تۆلەم تۆلەش، چەت ئەللەر بىلەن ئۆز ئالدىغا ئالاقىدە بولۇشنى توختىتىش، روسىيىلىكلەرگە ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى ۋە باجسىز سودا قىلىش ئىمتىيازى بېرىش قاتارلىق شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دەرھاللا بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈردى، ئەمما، روسىيە ئافغانىستاننىڭ ئەنگلىيىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىنلا، ئىنگلىزلار رۇسلارنىڭ ئىشغالىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ ئاساسلىق دۆلەت روسىيىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالدى، پەقەت قوقەندتە روسىيىنىڭ ھوقۇقى ئانچە مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. قوقەند ھۆكۈمرانى خۇدايارخاننىڭ زالىملىقى، ئالۋان - ياساقنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى ۋە رۇسلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. 1875 - يىل 7 - ئايدا خۇدايارخانغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خۇدايارخان ئىلاجىسىز روسىيە ئارمىيىسىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ پاناھلىق تىلىدى. قوزغىلاڭچىلار خۇدايارخاننىڭ چوڭ ئوغلى نەسىردىننى يېڭى خانلىققا سايلىدى. 8 - ئايغا كەلگەندە قوزغىلاڭ روسىيە

ئىشغالىيىتىدىكى قوقەند تەۋەلىكىگە يامرىدى. غازات شوئارىنى تۇۋلىغان قوزغىلاڭچىلار خوجەندكە كىرىپ، بۇ جايدىكى روسىيە قەلئەسىنى قورشىۋالدى. كائۇفمان تېزدىن خوجەندكە ياردەمگە كەلدى، ئارقىدىنلا ئۇ قوقەند تەۋەسىگە بېسىپ كىردى. 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كائۇفمان 30 مىڭدىن 50 مىڭغىچە بولغان ئادەمدىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسىي قوشۇنىغا ھۇجۇم قوزغاپ، مەخرەم قەلئەسىنى ئىگىلىدى ھەمدە قوزغىلاڭچىلارنى تارمار قىلدى. يەرلىكلەر قەلئەدە 90 نەچچە جەسەتنى قالدۇرۇپ قېچىپ كەتتى. سكوبېلېف باشچىلىقىدىكى كازاك قوشۇنى سىر دەرياسىنى بويلاپ بۇ قاچقۇنلارنى نەچچە كىلومېتىر يەرگىچە قوغلاپ باردى ۋە 1000دىن ئارتۇق ئادەمنى قىرىۋەتتى. رۇسلاردىن پەقەت ئالتە ئادەم ئۆلدى. كېيىنچە كائۇفمان قوقەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ناھايىتى ئوڭايلا قايتىدىن ئىگىلىدى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كائۇفمان مەرغىلاندا نەسىردىن خان بىلەن سۇلھى شەرتنامىسى ئىمزالىدى. نەسىردىن روسىيىگە ئۈچ مىليون رۇبلىي تۆلەم تۆلەش، قوقەندنىڭ سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى پۈتۈن زېمىنىنى كېسىپ بېرىش، دىپلوماتىك ئالاقە ئىشلىرىنى توختىتىش ياكى باش ۋالىينىڭ ئىجازىتىسىز ھەربىي ھەرىكەت قوللانماسلىق قاتارلىق شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى. ئەمما، قوقەند خانلىقىنىڭ پۈتكۈل شەرقىي قىسمى تېخى بويسۇندۇرۇلمىغانىدى. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە ئەنجاندا قوزغىلاڭ پارتلىدى. گېنېرال مايور تروتسكىي قوشۇن باشلاپ ئەنجانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، 50 چە ئادىمى ئۆلدى. بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان گېنېرال مايور بولۇپ بولغان سكوبېلېف قوماندانلىققا تەيىنلىنىپ، بىر قاتار كەسكىن جەڭلەردىن كېيىن، 1876 - يىل 1 - ئايغا كەلگەندە قوزغىلاڭ

رەھبەرلىرىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. روسىيە ھۆكۈمىتى يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالىماي، 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قوقەندنى ئوبلاست قىلىپ قوشۇۋالدى ۋە بۇنى قەدىمكى فەرغانىنىڭ نامى بىلەن ئاتىدى.

رۇسلار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە تاشقى كاسپىي رايونىدا يۈت دەسسەپ تۇرغۇدەك جايغا ئىگە بولدى. 1869- يىلىنىڭ ئاخىرى پولكوۋنىك ستولېتوف كاۋكازدىن كەلگەن قوشۇننى باشلاپ كراسنوۋودسكىدا بىر قەلئە سالدۇردى. كراسنوۋودسكىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى جايلار كاۋكاز باش ۋالىيسىغا قاراشلىق داغىستاننىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە روسىيىگە قوشۇۋېلىندى. 1873 - يىلى كراسنوۋودسكى خىۋاغا قارىتىلغان ئۇرۇشنىڭ بازىلىرىدىن بولۇپ قالغاندا، تېخىمۇ كۆپ يەرلەر روسىيىگە قوشۇۋېلىندى. بۇ قاقاس جايلار روسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، دېڭىز بويلىرىدىكى تايانچ پونكىتلىرىچىلىك ئىستراتېگىيىلىك قىممەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. چۈنكى، دېڭىز بويى تايانچ پونكىتلىرىنى ئىگىلىگەندە، روسىيىنىڭ ئىران ۋە بۈيۈك برىتانىيە بىلەن بولغان باردى - كەلدىسىگە بەكلا پايدىلىق بولاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يۈز بەرگەن تۈركمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرى رۇسلارغا تەدبىر قوللىنىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق قاراۋۇلخانىلىرى تەسىس قىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. 1879 - يىلى كاۋكازدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى قوشۇننىڭ قوماندانى گېنېرال لازارېف قۇدرەتلىك بىر قوشۇننى باشلاپ تېكى تۈركمەنلەرنىڭ باش - باشتاق قەبىلىسىدىن ئاخاللارغا ھۇجۇمغا ئۆتتى. لازارېف يۈرۈش جەريانىدا ئۆلگەندىن كېيىن، مۇئاۋىنى لوماكىن بۇ بوستانلىققا قىستاپ كەلدى. 1879 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لوماكىن بوستانلىق ئاھالىسىنىڭ دېگۇدەك ھەممىسىنىڭلا

(تەخمىنەن 20 مىڭ ئادەم) دېڭگىل تۆپە (بەزىدە «گېئوك تۆپە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) تېغىدىكى قورغان تېمىنىڭ نېرىسىغا مۆكۈنۇۋالغانلىقىنى بايقىدى. ئەسلىدە زەمبىرەك ۋە ئوت قوراللار بىلەن بۇ قورغاننى ئالغىلى بولاتتى. ئەمما، غەلىبە قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەن لوماكىن بالدۇرلا توپقا تۇتۇشنى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلدى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى شىددەتلىك ھۇجۇم ئارقىلىق قورغاننى ئىشغال قىلىشقا ماڭدۇردى. شۇنىڭ بىلەن تۈركمەنلەرگە بىر قېتىملىق پۇرسەت تۇغۇلدى، رۇسلار ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، قاتتىق قارشىلىققا دۇچ كېلىپ، تارمار قىلىندى. مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بۇ جەڭگە قاتناشقان روسىيە قوشۇنى 3024 كىشى بولۇپ، بۇلاردىن 200 گە يېقىن ئادەم ئۆلدى، 250 تىن كۆپ ئادەم يارىلاندى.

روسىيە ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ رۇسلارنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تېخى يېڭىلا روسىيە - تۈركىيە ئۇرۇشىدىن شەرەپ قۇچۇپ كەلگەن گېنېرال سكوبېلېفنى تېزدىن قوشۇن باشلاپ، قايتىدىن يەنە بىر قېتىم بويسۇندۇرۇش يۈرۈشى قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. 1880 - يىل 11 - ئاينىڭ باشلىرى سكوبېلېف كراسنوۋودسكى ۋە دېڭىز بويىدىكى باشقا تايانچ پونكىتلاردىن 11 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىدى. بۇ قوشۇن كراسنوۋودىسكىدىن باشلاپ تۆمۈريول ياساۋاتقان بولىسىمۇ، يول ۋاقتىدا پۈتمىگەچكە، قوشۇن تەخمىنەن 20 مىڭ تۆگە بىلەن يۆتكەلدى، 1880 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سكوبېلېف قوشۇنى ئاخال تېككې بوستانلىقىغا يېتىپ كەلدى ھەمدە بۇ يەردىكى قەلئەنى قورشاۋغا ئالدى. بۇ قوشۇننىڭ كەينىدە 7100 كىشىلىك ئارقا سەپ تەمىنات لىنىيىسى بار ئىدى. مۇداپىئەچىلەر

ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بىراق، سكوبېلېف توپقا تۇتۇشنى توختاتمىدى ھەمدە ئەسكەرلەرگە بۇيرۇپ، قەلئە تېمى ئاستىغا مىنا كۆمدۈردى. 1881- يىلى 1- ئاينىڭ 12 - كۈنى رۇسلار مىنانى پارتلىتىپ، قەلئەنى ئىگىلىدى. پاتپاراقچىلىقتا چۇشكەن مۇداپىئەچىلەر يەنە بىر تەرەپتىكى دەرۋازىدىن سەلدەك ئېقىپ چىققىنىچە ھەر تامان قاچتى. غەلىبە قىلغان رۇسلار توختىماستىن قوغلاپ، ئەر - ئايال، قېرى - ياش دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايلا، قاچقانلىكى كىشىنى چېپىۋەردى، نەچچە مىڭ كىشىنى قوغلاپ ئۆلتۈردى. قەلئەنىڭ ئۆزىدىلا 6500 جەسەت بايقالدى. رۇسلار قېچىپ كېتەلمىگەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى، ئاياللار ۋە بالىلاردىن 5000 دەك كىشىنى ئامان قالدۇردى، ئىرانلىق 600 قۇلنى ئازاد قىلىۋەتتى.

دېڭگىل تۆپە جاللاتلىرى تۈركمەنلەرنىڭ قارشىلىقىنى بېتچىت قىلىپ تاشلىدى . تېككېلار رۇسلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە قايىل بولۇپ، توققۇز تەزىم بىلەن چار پادىشاھنىڭ سادىق پۇقرالىرىدىن بولۇپ قالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، كۇروپاتكىن ئاشخاباد، كائاخا ۋە باشقا تايانچ پونكىتلارنى ئىگىلىدى. 1881 - يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تاشقى كاسپىي رايونى رۇس ئىمپېرىيىسىنىڭ كاۋكاز باش ۋالىيسىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئوبلاست دەپ جاكارلاندى. سكوبېلېف بۇ يېڭى ئوبلاستنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەندى. ئەمما، رۇسلار سكوبېلېفنى ناھايىتى تېزلا يۆتكەپ كەتتى ۋە ئورنىغا كوماروفنى دەسسەتتى. روشەنكى، ئۇلار ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ پىكرىنى بېسىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانىدى.

1884 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كوماروف تېجېن بوستانلىقىنىڭ مۇھىم مەركىزىي شەھىرى مەرۋىنى ئىگىلىدى، 5 - ئايدا، سەرەخس قەلئەسىنى ئالدى. 1885 - يىلىنىڭ بېشىدا

كومـاروفـنـىڭ ئەسكەرلىرى ھىراتقا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى زۇلفىقار ئۆتكىلىنى ئىشغال قىلدى. 3 - ئايدا ئۇلار ئافغانلار بىلەن تۇتۇشۇپ، كۇشكانى تارتىۋالدى. رۇسلارنىڭ ھىندىستانغا قاراتقان روشـەن تـەھـدىـتى بۈيۈك برىتانىيە بىلەن روسىيەنى خەتەرلىك ئۇرۇش گـىـردابـىـغـا ئېلىپ كەلدى. ئەمما، كېيىنچە ئىككى ئـىـمپېرىيىنىڭ دىپلوماتلىرىدىن بىر بىرلەشمە ھەيئەت تەشكىل قىلىنىپ، بۇ مەسىلە ھەل قىلىندى. 1887 - يىلدىكى روسىيە - ئـافغانىستان چېگرا شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى روسىيەنىڭ ئىشغالىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئىدى.

1891 - يىـلـى رۇسـلار پـامـىر ئېگىزلىكىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇپ، روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر مەيدان كرىزىسقا سەۋەب بولدى. بۇ قېتىمقى كرىزىس 1895- يىل 3- ئايدىكى ئەنگلىيە - روسىيە شەرتنامىسى ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن بـىـر تەرەپ قىلىندى. شەرتنامىگە ئاساسەن بىر ھەيئەت پامىر ئېگىزلىكىنى ئۆلچەش ۋە چېگرا لىنىيىسىنى ئايرىشقا ئەۋەتىلدى. روسـىـيـىـنـىڭ پامىر رايونىنى ئايرىش ھەققىدىكى تەشەببۇسى كىـشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. پامىر ئېگىزلىكىنىڭ قالغان قىسمى بولسا بۇخارا ئەمىرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

پامىر مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى بىلەن پۈتكۈل چېگرا رايونىنىڭ ئاساسىي شەكلى ئېنىق قىلىپ سىزىپ چىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىگە خـاتىمە بېرىلدى. رۇسلار بۇ قېتىمقى كېڭەيمىچىلىك ئارقىلىق يېرىم ئەسىرگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كۆلىمى غەربىي ياۋروپاغا باراۋەر كېلىدىغان زېمىنغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ چىقىم قىلغان ئادىمى نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا تولىمۇ ئاز بولدى — رۇسلاردىن جـەڭـدە ئـاران 800 ئـادەملا ئـۆلدى؛ كۆپ قېتىملىق جەڭلەر

ئەمەلىيەتتە رۇسلار ئۈچۈن مانىۋېرلا بولدى. ئەمما، رۇسلارنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئىگە بولغان يوشۇرۇن پايدىسى بولسا غايەت زور دەرىجىدە كۆپ ئىدى.

رۇسلارنىڭ بويسۇندۇرۇش جەڭلىرىنىڭ دولقۇنلىرى ياۋروپانىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئىقتىساد، تېخنىكا ۋە مەدەنىيىتىنى ئاسىيانىڭ يۈرىكىگە ئېلىپ كەلدى. سالامەتلىك ۋە مۇداپىئە قىلىش نۇقتىسىدىن، رۇسلارنىڭ ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى يەرلىك شەھەرلەرنىڭ ئارىسىغا ئەمەس، ئۇلارغا يېقىن جايلارغا سېلىندى. يەنە كېلىپ، بۇ ئولتۇراق نۇقتىلارنىڭ شەكلى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەنگەنىدى. كائۇفماننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، تاشكەنتتىكى رۇس ئولتۇراق رايونى ئىككى يېنىغا دەرەخ تىكىلگەن تۈز يوللار ۋە ھەشەمەتلىك ئاممىۋى ئىمارەتلەر ئارىسىغا ئېلىنىپ لايىھەلەندى. كائۇفمان يەنە رەسەتخانا، مۇزېي، كۇتۇبخانىلارنى سالغۇزدى، گېزىت چىقارغۇزدى. ئۇ يەنە مەزكۇر رايوندىكى مۇزېيشۇناسلىق ۋە تەبىئىي بايلىقلار ھەققىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەدەت بەردى. باشقا شەھەرلەرمۇ مۇشۇ شەكىلنى ئۈلگە قىلدى.

رۇسلار تارتىۋالغان جايلىرىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئاھالە كۆچۈرۈشى زۆرۈر ئىدى. كۆچمەنلەر مەسىلىسى باشتىن تارتىپلا روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. تۈركىستان رايونىدا بوش يەرلەر بولمىغاچقا، كائۇفمان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر تۈركىستانغا كەلگەن رۇسلارنى شەھەرلەردىلا ئولتۇراقلاشتۇردى. يايلاق رايونىدىكى تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرى كۆچمەنلەرنى ناھايىتى زور ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئېتەتتى. بۇ يەرگە كۆچۈش كۆچمەنلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. روسىيە ھۆكۈمىتى ئەڭ دەسلەپ

كازاكلارغا تاياندى. 1867 - يىلغا كەلگەندە، ئۇلار يەتتەسۇ ئوبلاستىنىڭ ئېدىرلىق رايونىغا 12 مىڭغا يېقىن كىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما، پاكىتلار بۇ خىل ۋاستىنىڭ تەسىرىنىڭ بەكمۇ ئاستا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. روسىيە ھۆكۈمىتى دەسلەپ 1861 - يىلدىكى يانچىلار ئازادلىقىدىن كېيىنكى ئاھالىلەرنىڭ « زىيانلىق يۆتكىلىشى » نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ بۇ رايونلارغا كۆچۈپ كېلىشىنى مەنئى قىلغانىدى. كېيىنچە دېھقانلارنىڭ يۆتكىلىشىگە سۈكۈت قىلىندى. ئاخىرى جەنۇبىي روسىيىدىكى يەر جىددىيچىلىكى ۋە بۇنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بېسىم كۈنسېرى ئېغىرلاشقان پەيتتە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى كۆچمەنلەرنى ئاشكارا رىغبەتلەندۈرۈشكە ئۆزگەردى. روسىيە ھۆكۈمىتى XIX ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى سىبىرىيە تۆمۈريولىنى سېلىپ، دېھقانلارنىڭ يېڭى رايونلارغا بېرىشىغا پىلانلىق ھالدا قىسمەن ياردەملەشتى. 1896 - يىلى يەنە كۆچمەنلەر ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. بۇ ئىدارە مۇۋاپىق يەرلەرنى تېپىپ ۋە تەييارلاپ، دېھقانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا ياردەملەشتى. بۇ خىل رىغبەتلەندۈرۈشلەر ئارقىسىدا، كۆچمەن بولۇش كويىدىكى مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن كىشىلەر ھەر يىلى ئۇرال تاغلىرىدىن ھالقىپ توپ - توپ بولۇپ ئاقتى. 1908 - يىلغا كەلگەندە كۆچۈش يۇقىرى پەللىگە چىقتى، كۆچمەنلەرنىڭ سانى 665 مىڭغا يەتتى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قازاق دالىسىغا ماكانلاشتى.

پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يەرلىك ئاھالىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، رۇسلارنىڭ ئىشغالىيەت جەريانىدا قوللانغان كۆچمەنلەر سىياسىتى ئۇلار قىلغان باشقا ھەرقانداق ئىشتىنمۇ بەكرەك زىيانلىق بولۇپ چىقتى. يەرگە تەشنا دېھقانلارغا ئەڭ مۇنبەت يەرلەردە ئولتۇراقلىشىشقا ئىجازەت بېرىلگەچكە، قازاق ۋە قىرغىز

چارۋىچىلىرى يەردىن مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، ئۇلار تولىمۇ مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە رۇسلار ئاھالە كۆچۈرۈش ھەرىكىتىنى توختاتقان بولسىمۇ، ئەمما، ئىلىپ كىرگەن كۆچمەنلەر كۆپلىگەن رايونلارنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى ئاللىقاچان ئۆزگەرتىپ بولغانىدى. يايلاقتىكى ئوبلاستلار ۋە يەتتەسۇ رايونىدا ئېتنىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇشقا يۈزلەندى. يېڭى كەلگەن كۆچمەنلەر بولسا ئېتنىك جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە باشلىدى. 1911 - يىلى ئۇرالىسكى، تورغاي، ئاقمولا ۋە سېمىپالاتىنسكىدىن ئىبارەت تۆت يايلاق ئوبلاستىدىكى پۈتكۈل ئاھالە ( تەخمىنەن 3مىليون 834مىڭ كىشى) نىڭ 40%ى (1مىليون 544مىڭ كىشى ) ياۋروپا روسىيىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر ئىدى. يەتتەسۇ رايونىدا كۆچمەنلەر 20% ئىدى، يەنى بۇ 204مىڭ كىشى رۇس دېھقانلىرى ئىدى.

بىراق، تۈركىستان باش ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى سۇغىرىلىدىغان يەرلەردە ئەھۋال تامامەن باشقىچە ئىدى. بۇ يەردە 1911 - يىلدىكى پۈتكۈل ئاھالە 5مىليون 90مىڭ بولۇپ، رۇسلار ئاران 4% نى تەشكىل قىلاتتى، يەنى 202مىڭ كىشى ئىدى. ھەتتا بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە 177مىڭ 374ى شەھەر ئاھالىسى ئىدى. شۇنداق بولغاندا، پۈتكۈل تۈركىستان رايونىدا 25 مىڭ كىشىلا رۇس دېھقانلىرى ھېسابلىناتتى. روسىيە دائىرىلىرى بۇ خىل نوپۇس تەڭپۇڭسىزلىقى ھادىسىسىگە قارىتا بۇ جايدىكى رۇسلارنى «يەرلىك كىشىلەرنىڭ پايانسىز دېڭىزى» دا يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىماقتا ئىدى.

نىسبىي قىلىپ ئېيتقاندا، تۈركىستاندىكى رۇس كۆچمەنلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەنىلا بۇ جاينىڭ

ئىقتىسادىنى ئۆزگەرتتى. قەدىمدىن تارتىپ تۈركىستان رايونى كېۋەز تېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، پاختىلىرىنىڭ سۈپىتى بەكلا تۆۋەن ئىدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە توشۇش ئىشلىرىمۇ ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. كائۇفمان 1883 - يىلى تەجرىبە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، روسىيە ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ ئېگىزلىك سورتىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا تېزدىن يۈكسىلىش بولدى. 1914 - يىلىغا كەلگەندە، روسىيە ئۆز سانائىتىگە كېرەكلىك پاختىنىڭ يېرىمىنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى. 1888 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى تاشقى دۇنيا بىلەن باغلايدىغان تۇنجى تۆمۈريول لىنىيىسى — تاشقى كاسپىي تۆمۈريولى سەمەرقەندكە تۇتاشتۇرۇلۇپ، زور مىقداردىكى يۆتكەش ئىشلىرىغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلدى. ئەرزان باھادىكى يۆتكەش ھەققى ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرىكىپ كەتكەن قوغداش تاموژنا بېجى تۈركىستاننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنى چەت ئەلنىڭكى بىلەن رىقابەتكە چۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1899- يىلدىن 1905 - يىلغىچە روسىيە ھۆكۈمىتى يەنە ئورېنبۇرگ - تاشكەنت تۆمۈريولىنى ياسىدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركىستان رايونى ئۇكرائىنا ۋە غەربىي سىبىرىيىدىن ئەرزان باھالىق بۇغداي ئىمپورت قىلىپ، يەرلىكلەرنى تېخىمۇ كۆپ يەرلەرگە پاختا تېرىشقا رىغبەتلەندۈردى. تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈريولىدا 1914 - يىلدىن ئاۋۋاللا ئىش باشلانغان بولسىمۇ، 1930 - يىلغا كەلگەندە ئاندىن پۈتتى. بۇ تۆمۈريول لىنىيىسى تۈركىستان رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئەمما، بۇ خىلدىكى نوقۇل زىرائەت ئىقتىسادىنىڭ ئىللەتلىرى يەرلىك دېھقانلارنى قەرزدارلىق ۋە مۇشكۈل ئەجارە مۇھىتىغا پاتۇرۇپ قويدى.

باشقا يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتلىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما، كۆلەم جەھەتتە تېخىمۇ زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى. رۇسلار بىر مەھەل قۇرۇق مېۋە ۋە ھۆل مېۋىلەرنى تۆمۈريول ئارقىلىق ياۋروپا روسىيىسىگە يۆتكەپ ئاپىرىشنى سىناق قىلىپ باقتى. زامانىۋى تەكشۈرۈش ۋاستىلىرى ۋە تەجرىبە ئۇسۇللىرى قوللىنىلغانلىقى، يەنە كېلىپ تەجرىبە پونكىتلىرى قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى يېپەكچىلىك جىق ياخشىلىنىپ كەتتى. ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ھاراق ئىشلەش سەمەرقەندتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. تاشكەنتكە يېقىن جايلاردا شېكەر قومۇشى ئۆستۈرۈلدى. يايلاق رايونىغا چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ۋە باشقا زامانىۋى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كىرگۈزۈلدى ھەمدە توڭلىتىش ماشىنىسى ئارقىلىق گۆش ۋە يېمەكلىك توشۇش تەجرىبىسى ئىشلەندى.

رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن، كەڭ كۆلەملىك ئاساسلىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرنەچچە ئەسىر ئېلىپ بېرىلدى. كائۇفمان ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان چېرنىيايېفنىڭ تاشكەنتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى « ئاچارچىلىق دالىسى » دەپ ئاتالغان رايوننى سۇغىرىشقا ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تاشكەنتتە سۈرگۈنلۈك ھاياتى كەچۈرۈۋاتقان كېنەز نىكولاي كونىستانتىنوۋىچ كىچىكرەك كۆلەمدىكى بىر تۈرلۈك قۇرۇلۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ قۇرۇلۇش 1900-يىلى يامان غەرەزلىك رومانوف قانىلى قۇرۇلۇشىغا قوشۇۋېتىلدى. رومانوف قانىلى قۇرۇلۇشىنىڭ مەقسىتى 50 مىڭ گېكتار يەرنى سۇغىرىش ئىدى. تاشقى كاسپىي ئوبلاستىدا مورغاب دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدىكى بىر قاتار سۇ توسمىلىرى مەرۋىگە يېقىن جايدىكى 27 مىڭ 250 گېكتار يەرنى سۇغىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولغان باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بۇلاردىن ئەڭ تىپىك بولغىنى كىشىلەر ئىزچىل تەلپۈنۈپ كەلگەن XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ بېشىدىكى تۈركمەنىستان ئاساسىي قانىلى قۇرۇلۇشى ئىدى. بۇ قۇرۇلۇش پىلانىدا ئامۇ دەرياسىنى قەدىمكى دەريا قىنىغا قايتۇرۇپ، قايتىدىن كاسپىي دېڭىزىغا قويۇلىدىغان قىلىش مۆلچەرلەنگەنىدى. ئامۇ دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىپ قارا قۇم چۆلىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن، بىرنەچچە تۈرلۈك قۇرۇلۇش بىر قانال ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. بۇ قانال ھازىرقى قارا قۇم قانىلىنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسى ئىدى. بىراق، ئەڭ دەبدەبىلىك پىلان كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ كاتتىبېشى، باش ۋەزىر ستولىپىننىڭ قابىل ياردەمچىسى كرىۋوشىن 1912 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان پۈتكۈل تۈركىستاننى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى ئىدى. كرىۋوشىن ئىقتىساد بىلەن سىياسىي مەقسەتنى بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ كۆلەملىك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى كۈچىنىڭ بارىچە راۋاجلاندۇرۇپ، پولشانىڭ يەر مەيدانى بىلەن باراۋەر كېلىدىغان پاختىچىلىق - دېھقانچىلىق رايونى قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنداق بولغاندا، روسىيە پاختىدا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپلا قالماي، يەنە بۇ رايونغا 1 مىليون 500 مىڭ دېھقاننى كۆچۈرۈپ، رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىگە چوڭ ياردەمدە بولغىلى بولاتتى.

ئۇلۇغ پېتېر زامانىسىدىن تارتىپلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كان بايلىقى رۇسلارنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇلۇغ پېتېر بىر ۋاقىتلاردا يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇن ئەۋەتىپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ۋە خىۋادىكى ئەپسانىۋى ئالتۇن كانلىرىنى ئىزدىتىپ كۆرگەنىدى. ئالتاي رايونى ئۈست -

كامىنوگورسكى يېنىدىكى قوغۇشۇن كېنى ۋە كۈمۈش كېنىنىڭ قېزىلىشى 1784 - يىلى باشلاندى. ئاقمولا ئوبلاستى تەۋەسىدىكى قوغۇشۇن كېنى ۋە كۈمۈش كېنىنى قېزىش قۇرۇلۇشىمۇ XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى باشلاندى. قاراغاندا كۆمۈر كېنىنىڭ قېزىلىشى XIX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى باشلاندى. سپاسكىي ۋە تېخىمۇ جەنۇبتىكى ئۇسپېنسكىي مىس كانلىرىنىڭ ئېچىلىشىمۇ خېلىلا كېيىنكى ئىشلار ئىدى. زاپاس مىقدارى دۇنيا بويىچە ئەڭ مول بولغان جېز قازغان مىس كېنى 1771 - يىلدىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى ھەمدە XIX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن تارتىپ قېزىلىشقا باشلىدى. تۈركىستان رايونى رۇسلارنىڭ قەدىمى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا كۆمۈر، قوغۇشۇن، ئالتۇن، گۈڭگۈرت ۋە تۇز كانلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بىراق، كاپىتالىنىڭ كەملىكى، تەجرىبىلىك ۋە تەربىيىلەنگەن خاس ئەمگەك كۈچىنىڭ يوقلۇقى، قاتناش قوراللىرىنىڭ ئازلىقى ياكى يوقلۇقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ كانلارنىڭ قىسمىتى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ كەلگەندى. كەڭ كۆلەملىك قېزىش خىزمىتى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ھەتتا كۆپىنچە كانلارغا تېخى قول تەگمىگەندى. رۇسلارمۇ شۇ مەزگىللەردىكى باشقا مۇستەملىكچى ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاش، ئىنسانپەرۋەرلىكنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلەش قىلمىشىنى ئاقلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى بىر تۈرلۈك مەدەنىي بۇرچ دەپ قارىدى. ئەمما، دەل مۇشۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇلار كەمدىن كەم ئېتىراپ قىلىدىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىك ئۈستىدىكى ئويلىنىش مەۋجۇت ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەقسىتى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رۇسلارمۇ باشقا مۇستەملىكچى

ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاشلا، بىر ئامالللارنى قىلىپ يەرلىك مىللەتلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. رۇسلار بۇ مەسىلىگە كۆپ قېتىم دۇچ كەلگەنىدى، سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك، نىسبىي مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى، قانۇنىي ھوقۇقنىڭ ئومۇميۈزلۈك كەمچىل بولۇشى، ھەتتا پىسخىك كەمسىتىش تۇيغۇسى قاتارلىقلار رۇسلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنى ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىغا زور ياردەملەرنى بەرگەنىدى. لېكىن، XIX ئەسىردىكى مىللەتچىلىك ۋە مۇستەملىكە تالىشىش كۈرەشلىرى ئىلگىرىكى زامانلارغا خاس ئاددىي ئاسسىمىلياتسىيە شەكلىگە خاتىمە بەردى. رۇسلار XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ بىر قېتىملىق ھەرىكەت قوزغاپ، يات مىللەت پۇقرالىرىنى روسىيە ھاكىمىيىتى بىلەن ئېخمۇ زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە قىلدى. ئۇلار يات مىللەت پۇقرالىرىغا روسىيە بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولۇش ئىدىيىسىنى سىڭدۈردى، ئۇلارغا رۇس تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى تارقاتتى، ھەتتا مۇمكىن بولغاندا، ئۇلارنى پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇردى.

قازاقلاردىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش شەكلى ۋە جۇغراپىيىلىك ماكان، شۇنداقلا ئۇلاردىكى مۇكەممەل بولمىغان ئىسلام ئادەتلىرى روسىيە مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە بەكلا ئوڭ كەلدى. XIX ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ شەرقشۇناس، مىللەتچى ئىلمىنىسكىي قازاق ئاۋۇللىرىدا مەكتەپ ئېچىش پىلانىنى لايىھىلەپ چىقتى. ئىلمىنىسكىينىڭ پىلانى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىبراي ئالتىنسارىننىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇلار قازاق تىلى ئارقىلىق رۇس تىلى دەرسى ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلار ئاۋۇل مەكتەپلىرىدىن يېزا مەكتىپىگە ياكى « رۇس ـ قىرغىز » مەكتىپىگە كىرەلەيتتى. ھەر

بىر ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئوقۇغۇچىلار روسىيە شەھەرلىرىدىكى مەكتەپلەرگە، ئورىنبۇرگدىكى قىرغىز دارىلفونۇنى ياكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇيتتى.

قازاق مەكتەپلىرىنىڭ تەرەققىياتى يەرلىك مەمۇرلارنىڭ قىزىقىشىغا ۋە مەكتەپلەر ئىگە بولالايدىغان مەبلەغكە تايىنىدىغان بولغاچقا، مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بەكلا ئاستا ۋە ئېگىز - پەس ئىدى. تورغاي ئوبلاستىدا مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئالتىنسارىن 1879 - يىلدىن تاكى 1889 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىدىيىدىكى رۇس ئەمەلدارلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا، ئىزچىل تۈردە تورغاي ئوبلاستلىق مەكتەپنىڭ مۇپەتتىشلىكىنى ئۈستىگە ئالدى؛ باشقا بىر قىسىم ئوبلاستلاردا بولسا ئاساسەن دېگۈدەك ھېچ ئىش قىلىنمىدى. ھەر يىلى ئەڭ كۆپ بولغاندا 2000 دەك قازاق بالىسى مۇشۇ مەكتەپلەردە تەربىيىلەنسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھېچقاچان باشلانغۇچ سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى.

تۈركىستاندىكى يەرلىك ئولتۇراق ئاھالە ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسىلە تولىمۇ قىيىن ئىدى. بۇ مىللەتلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئۆزىگە خاس مائارىپ سىستېمىسى مەۋجۇت ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى تۈركىستاندا 5000 قارىيخانا ۋە 400 مەدرىسە بار بولۇپ، بۇلاردا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى تەخمىنەن 75 مىڭ كىشى ئىدى. كائۇفمان بۇ مەكتەپلەرنى روسىيىنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى دەپ قارىسىمۇ، بۇ مەكتەپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنمىدى، ئەكسىچە، غەرەزلىك ھالدا تۈركىستاندىكى باشقا ئىسلام ئورگانلىرىغا قارىتىلغان كارى بولماسلىق سىياسىتى بويىچە

مۇئامىلە قىلدى. ئۇ، دۆلەتنىڭ قوللىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇسۇلمان مەكتەپلىرىنىڭ ئاممىۋى ئورگانلارنى كونترول قىلىشتەك ھالىتىگە خاتىمە بېرىلسە، بۇ مەكتەپلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ جىددىي ئۆزگەرتىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارايتتى. كائۇفمان ئۆزى تەشنا بولۇپ كۈتۈۋاتقان يەرلىك مەكتەپلەرنىڭ خارابلىشىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، رۇس بالىلىرى ۋە يەرلىك بالىلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئىككى تىللىق مەكتەپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى رىغبەتلەندۈردى. بۇ خىلدىكى تۇنجى مەكتەپ 1884 - يىلى تەسىس قىلىندى، 1915 - يىلىغا كەلگەندە پۈتكۈل تۈركىستان رايونىدا بۇ خىلدىكى مەكتەپلەر 90 نەچچىگە يەتتى، جۈملىدىن سىر دەريا ئوبلاستىدا 65 مەكتەپ، 3410 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئەمما سىر دەريا ئوبلاستىدىكى بۇ سان پەقەت يەرلىك بالىلارنىڭ % 2نى تەشكىل قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مۇشۇ مەزگىلدىكى سىر دەريا ئوبلاستىدا ئوقۇش يېشىدىكى 10 مىڭ رۇس بالىسىنىڭ تەخمىنەن %95 ى باشلانغۇچ مائارىپنى كۆرگەن بالىلار ئىدى. بۇ جايدىكى يەرلىك بالىلارنىڭ ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرىدىغىنى تېخىمۇ ئاز ئىدى. 1879- يىلدىن 1904 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 25 يىل ۋاقىت ئىچىدە تاشكەنت دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇغان 415 ئوقۇغۇچىدىن 65ى يەرلىك ئوقۇغۇچى ئىدى. يەنە كېلىپ بۇلاردىن 11ى ئۆزبېك، تۈركمەن ۋە تاتار ئىدى، قالغان 54 نەپىرى قازاقلار ۋە قىرغىزلار ئىدى. ماتېرىيال نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ نەتىجە ئەرزىمەس بولسىمۇ، ئەمما دەل مۇشۇ ئازغىنە كىشىلەر رۇسلار تەمىن ئەتكەن پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ غەرب مائارىپىنى قوبۇل قىلغان

كىشىلەردىن بولۇپ قالدى، شۇنداقلا يەرلىك زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشىگە يول ئاچتى.

بىز تۈركىستان زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئۇلار ئۇزاق زامانلار ئىزدىگەن « يېقىنلىشىش » نىڭ نەتىجىسى دەپ قاراش بولىدۇ. رۇسلارنىڭ مەقسىتىمۇ دەل مۇشۇ خىل «يېقىنلىشىش» تا ئىدى. بىراق، زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۆز نۆۋىتىدە يەرلىك كىشىلەرنىڭ روسىيە ھۆكۈمرانلىقىغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇشىدىن بېشارەت بەردى. چۈنكى، رۇسلارنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ جاكارلىغانلىرىنىڭ ئەكسىچە، يەرلىك كىشىلەر رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ باقمىغانىدى. خۇددى روسىيىنىڭ ئىستىلا تارىخى ۋە ئاشۇ قارشىلىقنىڭ ئاجىز ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى ( مەسىلەن : 1898 - يىلى ئەنجاندا يۈز بەرگەن ئۇچ كۈنلۈك قوزغىلاڭ ) ئىسپاتلىغاندەك، ئاكتىپ قارشىلىقتىن ھېچنەرسە كۈتكىلى بولمايتتى. رۇسلار باشتىن تارتىپلا يەرلىك ئاھالىنىڭ ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. ئۇلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەربىي ئىشلارغا مايىللىق كەيپىياتىنى قوزغىتىپ قويۇش، ئۇلارغا ياۋروپانىڭ ھەربىي تەشكىلى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش، زامانىۋى قوراللارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ قويۇش قاتارلىقلارنى خەتەرلىك دەپ قارايتتى. رۇسلارغا كونترول قىلىش قىيىن بولغان يەرلىك كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن مۇنتىزىم ئارمىيە كېرەك ئەمەس ئىدى.

يەرلىك ئاھالىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بويسۇندۇرۇلۇش ۋە زامانىۋىلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك تاللاش ھەرقاچان مەۋجۇت ئىدى. زامانىۋىلىشىش ئۇلارنى ئىستىلاچىلارغا تاقابىل تۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە قىلاتتى، ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار

ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى، ئۆزلىرى قوغداۋاتقان ئاشۇ تۇرمۇش شەكلىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك ئىدى. رۇسلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھازىر تارقىتىۋاتقان ۋاستىلىرى ھامان بىر كۈنى ئۇلارنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرەتتى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى يات دىندىكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاۋاتقان باشقا مۇسۇلمان مىللەتلىرى ئارىسىدا يېڭى ئېقىم كۈنسېرى ئۇلغىيىپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۇ يېڭى ئېقىمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىغا دەسسەۋاتقانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى «جەدىدىزىم» («يېڭىلىق تەرەپدارلىرى») نىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇ خىل يېڭى مائارىپ ئۇسۇلىنى قىرىم تاتارلىرىدىن چىققان مەشھۇر زات ئىسمائىل بەي گاسپرالى ياراتقانىدى. ئۇنىڭ پروگراممىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاز سانلىق مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ مۇتەپەككۇرلەر ئىسلاھاتچىلارنىڭ تەشەببۇسلىرىدىن ئۈممىدلىنىشكە باشلىدى. 1901-يىلى تاشكەنتتە تۇنجى «جەدىد» چە («يېڭى») مەكتەپ ئېچىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ نازارىتى ۋە مۇتەئەسسىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقى بولسىمۇ، باشقا مەكتەپلەر ھەدەپ بۇنى تەقلىد قىلغىلى تۇردى. ياپونىيە - رۇسىيە ئۇرۇشى ۋە 1905 - يىلدىكى ئىنقىلاب ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە غايەت زور تۈرتكە بولدى. 1-، 2-نۆۋەتلىك دۆلەت دۇماسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەكىللىرىمۇ باشقا رايونلاردىن كەلگەن مۇسۇلمان ۋەكىللىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. پاكىتلار رېئال سىياسىي ۋەكىللىك تۈزۈمىنىڭ ئۆمرى كوتا بولغانلىقىنى كۆرسەتسىمۇ، ئەمما، ئىسلاھات ھەرىكىتى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىي

هايات دائىرىسىدە ئۆلگىيىشقا باشلىدى. 1914 - يىلىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى « جەدىد » مەكتەپلەر 100دىن ئېشىپ كەتتى. يەرلىك گېزىتلەرمۇ نەشر قىلىندى. ئورېنبۇرگدا بىرنەچچە قازاق زىيالىيسى قازاقچە گېزىت تەسىس قىلىشقا كۆچ چىقاردى، 1912 - يىلىغا كەلگەندە قازاقچە گېزىت دۇنياغا كەلدى. قازاقچە گېزىت روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رۇسلاشتۇرۇش سىياسىتىنى تەنقىدلەپ، روسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قازاقلار رايونىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى قاتتىق قامچىلىدى. بۇ گېزىت يەنە پان ئىسلامىزىمنى تەرغىب قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ گورۇھلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قىرغىز ۋە قازاق خەلقىنىڭ ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتى ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلدى، تېخىمۇ كۆپ مەكتەپلەرنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىپ، كۆچمەن تۇرمۇشتىن ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلدى. دەسلەپ قازاقچە گېزىتنىڭ دىققىتى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە مەركەزلەشكەنىدى، كېيىنچە تەدرىجىي سىياسىي مەسىلىلەرگە بۇرۇلدى (ئۇلارنىڭ ئىز بېسىپ ماڭغىنى روسىيە لىبراللار پارتىيىسى قوللانغان ئۇسۇل بولسىمۇ) .

يەرلىك مىللەتلەردىكى ئويغىنىشنىڭ يۈزلىنىشى قاياققا قاراپ راۋاجلىنىدۇ، رۇسلارنىڭ تۈركىستان رايونىنى ئىگىلىۋېلىشى مەزكۇر رايوندىكى قوشۇمچە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى جەددىيلەشتۇرۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى سىڭىشىش ۋە مۇستەملىكىلەشتۇرۇش جەريانىنى تېزلىتەمدۇ - يوق، دېگەن مەسىلىلەر تېخىچە تېپىشماق ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە 1905 - يىلدىكى ئىنقىلاپ مالىمانچىلىقى قاتارلىقلار ئۆزگىرىش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بېشارەت بەردى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن كونا تۈزۈمنىڭ پاچاقلاپ تاشلىنىشى قاش بىلەن

كىرىپ ئارىلىقىدا قالدى. روسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسىمۇ دۇنيادىكى باشقا رايونلارغا ئوخشاش، ئىلگىرىكى ئون يىلدىكى نۇرغۇن غايە ۋە قىممەت قارىشىنى بىر ياققا قايرىپ قويدى ياكى ساقلانغىلى بولمىغان ھالدا ئۆزگىرىپ كەتتى؛ نۇرغۇنلىغان پىكىر ئېقىملىرى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلدى ياكى بۇرمىلىۋېتىلدى. كىشىلەر ناھايىتى تېزلا ئۇرۇشنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. باج ئېغىرلىدى، پۇل پاخاللىقىمۇ كۆرۈلدى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ چېدىرلىرى، ھارۋىلىرى ۋە مال - ۋارانلىرى ئېلىپ ئىشلىتىلدى، روسىيە كۆچمەنلىرىنىڭ تاللىق مىلتىقلىرىمۇ يىغىۋېلىنىپ، ئالدىنقى سەپكە توشۇلدى. كۆچمەنلەر دولقۇنى توختىدى، ئەمما، جەڭ مەيدانىدىن كەلگەن زور تۈركۈمدىكى تارقاقلاشتۇرۇلغان ئاھالە كۆچمەنلەرنىڭ ئىزىغا دەسسىگەنلەر بولدى. تارقاقلاشتۇرۇلغان ئاھالىنىڭ نۇرغۇنى تارقىلىشچان كېسەل تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتتى. 1914 - يىلى 9 - ئايدا روسىيىنىڭ گالىسىيىدىكى غەلىبىسىگە ئەگىشىپ، ئاۋستىرىيە- ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنىدىن ئەسىر ئېلىنغان 225 مىڭچە كىشى دالا رايونى ۋە تۈركىستاندىكى تۇپلاش لاگېرىغا ئەۋەتىلدى. خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى بىر ئامال قىلىپ سىبىرىيىدىكى تۇپلاش لاگېرىغا يۆتكەشتىن ئىلگىرى، تەخمىنەن 40 مىڭ ئەسىر كېسەللىك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى.

1916 - يىلغا كەلگەندە، ھەربىي ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىشى ۋە ئادەم كۈچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشى روسىيە ھۆكۈمىتىنى ئۆزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يەرلىكلەرنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىمەسلىك تۈزۈمى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلدى. 6 - ئايدا ئېلان

قىلىنغان ئىمپېرىيە پەرمانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا، سىبىرىيە ۋە كاۋكازنىڭ قىسمەن جايلىرىدىكى ئەر گراژدانلارنىڭ ئارقا سەپ مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشى ۋە قاتناش لىنىيىسىدە ئىشلىشى بەلگىلەندى. بۇ بىر ئۈمىدسىز تەسەۋۋۇر بولغانلىقى، يەنە كېلىپ ھېچقانداق چۈشەنچە بېرىلمەستىنلا تېزدىن ئىجرا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، سەپەرۋەرلىك پەرمانى بىر قېتىملىق ئىسيان ۋە مالىمانچىلىق دولقۇنىغا سەۋەب بولدى. يەتتەسۇ رايونىدا قازاق ۋە قىرغىزلار 3000 دىن كۆپرەك رۇس دېھقانىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھەممە ياققا يېيىلىۋاتقان قوزغىلاڭ ۋەزىيىتىدىن ئالاقزادىلىككە چۈشكەن رۇسلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىققا كىرىشىپ كەتتى. مۆلچەرلىنىشىچە، مۇشۇ قېتىملىق قىساستا يەرلىك ئاھالىدىن 200 مىڭ كىشى قىرىپ تاشلانغان. باشقا نۇرغۇن كىشىلەر (تەخمىنەن 200 مىڭ دەپ مۆلچەرلىنىدۇ) دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىغا قېچىپ كىردى.

گېنېرال كۇروپاتكىن بۇ خىل ۋەزىيەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىر پېشقەدەم ھەربىي ۋە تۈركىستاننىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈركىستان باش ۋالىيسى بولۇپ ئەۋەتىلدى. ئۇ كۆچمەنلەرنى ۋە يەرلىك ئاھالىنى قوغداش ئۈچۈن، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، داۋالغۇپ تۇرغان تىنچلىقنى بەرپا قىلدى. 1917 - يىل 2 - ئايدا چار پادىشاھ تەختتىن چۈشتى. تۈركىستاننىڭ بارلىق شەھەر-بازارلىرىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى ۋە روسىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەكالەتچىلىرىنى پاراكەندە قىلىش باشلاندى. ۋار - ۋۇر قىلىپ جار سېلىۋاتقان سولچىلار گۇرۇھى تېخىمۇ ئۇزۇل-كېسىل بولغان ئىنقىلابنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار تەلەپ قىلغان ئىنقىلاب «بۇرژۇئازىيە» ھۆكۇمرانلىقىدىكى ھۆكۇمەتنى ئەمەس،

بەلكى «ئەمگەكچى»لەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھۆكۈمەتنى ئېلىپ كېلىدىغان ئىنقىلاب ئىدى. كۈروپاتكىن قانۇنلۇق ھۆكۈمەت كاتتىبېشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز كونتروللۇقىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ساقلاپ قالماقچى بولدى. بىراق، تۆت ھەپتىدىن كېيىن ئۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، پېتروگرادقا ئەپكېتىلدى. كېيىنچە روسىيىنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاشلا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورگانلىرى قولىدىكى ھوقۇقتىن تەدرىجىي ئايرىلىپ قالدى. بولشېۋىكلار سوۋېت ھاكىمىيىتىنى كونترول قىلدى. 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بولشېۋىكلار ئارمىيىسى تاشكەنتنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. 1917 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، يېڭى ھاكىمىيەت پۈتكۈل تۈركىستاننى كونترول قىلىپ بولدى.

قوشۇمچە:

## قىسقارتىلمىلار

BABESCH

«قەدىمكى تەپرىقىچىلىك ھالىتىگە دائىر بىلىملەرنى تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى»

BSOAS

«شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ئىنىستىتۇتىنىڭ ئاخباراتى»

CAJ

«ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى»

CAR

«ئوتتۇرا ئاسىياغا باھا»

CRAI

«مىس ۋە تاش ئابىدىلەر ھەم بەدىئىي ئەدەبىيات پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەجمۇئەسى»

EI

«ئىسلام ئېنىسىكلوپېدىيىسى»

HJAS

«خارۋارد ئاسىيا تەتقىقاتى ژۇرنىلى»

JA

«ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»

JNSI

«ھىندىستان پۇلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى»

JRAS

«خان جەمەتى ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى»

MDAFA

«فرانسىيىدىن ئافغانىستانغا بارغان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ ماقالىلىرى»

NC

«پۇلشۇناسلىق يىلنامىسى»

PA

«تىنچ ئوكيان ئىشلىرى»

PBA

«ئەنگلىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»

RCAJ

«خان جەمەتى ئاسىيا ژۇرنىلى»

RMM

«ئىسلام دۇنياسى»

SA

«ئالتاي تەتقىقاتى»

SJA

«غەربىي جەنۇب ئانتروپولوگىيە ژۇرنىلى»

TG

تارن: «باكتىرىيە ۋە ھىندىستاندىكى يۇنانلىقلار»

TP

«ئاخبارات»

ZDMG

«گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى»

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

تۆۋەندە بېرىلگەن كاتالوگ ئومۇمىي كاتالوگ ئەمەس. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قىزىققۇچى ئالىملارنىڭ ر. ج. كېنېرنىڭ «شەرقىي شىمالىي ئاسىياغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى كاتالوگى» (1939 - يىلى كالىفورنىيە بېركېلېي نەشرىياتى، ئىككى توملۇق) ۋە د. سىنورنىڭ «ئىچكى قۇرۇقلۇق ياۋروپا - ئاسىيا تەتقىقاتىغا كىرىش سۆز» (1963 - يىلى ۋىسبادېن نەشرى) قاتارلىق ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. تۆۋەندە بېرىلگىنى ئادەتتىكى ئەسەرلەر ۋە ئاپتور ئالاھىدە مۇھىم دەپ قارىغان مەخسۇس ئەسەر ۋە ئىلمىي ماقالىلاردىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئىزاھ قىسمىدا كۆرسىتىلگەن كىتابلار بۇ كاتالوگدا تەكرارلانمىدى. بۇ كاتالوگ بابلار بويىچە تىزىلغان بولسىمۇ، بەزى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى شۇ باب بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

## مۇقەددىمە


ۋ. ۋ. بارتولد: «شەرقنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، 1913 - يىل، لېيپتىسگ نەشرى.

ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، 1935 - يىل، بېرلىن نەشرى.

ۋ. ۋ. بارتولد: « ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخى »، 1945 - يىل، پارىژ نەشرى.

ۋ. ۋ. بارتولد: «بارتولد ئەسەرلىرى»، ئۈچ توم، 1963 - يىلدىن 1965-يىلغىچە، موسكۋا نەشرى.

ۋ. ۋ. بارتولد: «ئاسىيانىڭ بايقىلىشى»، 1947 - يىل، پارىژ نەشرى.

ك. كودرىڭتون: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ - جۇغراپىيىسىگە كىرىش»، «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» 1944 - يىل.
ئو. فرانكې: «جۇڭگو تارىخى»، بەش توم، 1930-يىلدىن 1952- يىلغىچە، بېرلىن-لېيپسىگ نەشرى.
ك. گرونبېچ: «دۇنيا تارىخىدىكى يايلاق رايونى»، 1958-، 1959-، 1960-يىللار نەشرى.
ۋ. جوچېلسون: « روسىيە ئاسىياسىدىكى مىللەتلەر»، 1928 - يىل، نيۇ-يورك نەشرى.
ل. كرادېر: «ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى»، 1963 - يىل نەشرى.
ل. كرادېر: «موڭغۇل-تۈرك كۆچمەنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتى»، 1964 - يىل، گائاگا نەشرى.
«دائىملىق خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى 8 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ ماقالىلىرى».
«قەدىمكى ئالتاي مەدەنىيىتىدە ئات»، CAJ، 1965-يىل.
ئې. ساركىسيانز: «روسىيىدىكى شەرق مىللەتلىرىنىڭ تارىخى»، 1961 - يىل، ميۇنخېن نەشرى.
م. ئا. ستەيىن: «ئىچكى ئاسىيا»، 1925 - يىل.
ئا. تويىنبى: «تارىخ تەتقىقاتى»، 12 توم، 1934 - يىلدىن 1961-يىلغىچە، لوندۇن نەشرى.

## I بابتىن V بابقىچە
## دەسلەپكى ماتېرىياللار (1) ۋەسىقىلەر

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار بەكمۇ چېچىلاڭغۇ ۋە پارچە - پۇرات بولۇپ، ۋ. ۋ. تارن يازغان «باكتىرىيە ۋە ھىندىستاندىكى يۇنانلىقلار» دېگەن ئەسەردە يۇنان ۋە لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ مۇھىم خاتىرىلىرى كۆرسىتىلگەن. ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىدە (1 -بەتتىن 37 - بەتكىچە) دەسلەپكى مۇسۇلمان مەنبەلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قاراڭ:


ج. باكوت، ف. ۋ. توماس، س. تۇسسانت: «دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىدىكى تۈبۆتلەرگە دائىر مەنبەلەر» ، 1946 - يىل، پارىژ نەشرى.

س. بىل: «راھىبلارنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ، 1884 - يىل، لوندون نەشرى.

ئې. چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ، 1900 - يىل، پارىژ نەشرى.

ئې. چاۋاننېس: («كېيىنكى خەننامە» گە شەرھى) ، 1907- يىل.

ج. دابس: «بەن گۇنىڭ ‹خەننامە› سى» ، بالتىمۇرى. ئۈچ توم، 1938 - يىلدىن 1955-يىلغىچە.

ر. ن. فراي: «بۇخارا تارىخى» ، 1954 - يىل، كامبرىج نەشرى.

خ. ئا. گىلبس: «فاشىيەنىڭ ساياھەتنامىسى» ، 1923-يىل، كامبرىج نەشرى.

ف. خىرز: «جاڭ چيەنىڭ ئىش ئىزلىرى» ، «ئامېرىكا شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى» ، 1917 - يىل، نەشرى.

ف. ك. ھىنتتى ۋە ف. س. مورگوتېن: «ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مەنبەسى» ، 1916 - يىلدىن 1924-يىلغىچە، نيۇ يورك نەشرى.

ليۇماۋسەي: «شەرقىي تۈرك خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللارتوپلىمى» ، ئىككى توم، 1958-يىل، ۋىيىسبادېن نەشرى.

ر. ئا. مىللېر: «‹ شىمالىي جۇنامە› دىكى غەرب مىللەتلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ، 1959 - يىل، بېركىلېي نەشرى.

ۋ. مىنورىسكى: «ھۇدۇدۇل ئالەم» ، 1937 - يىل، لوندون نەشرى.

ف. ۋ. توماس: «جۇڭگو تۈركىستانىغا دائىر تىبەتچە ۋەسىقىلەر» ، 1930 يىل، JRAS نەشرى.

ۋ. ۋاتسون: «جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدىكى داڭلىق ئەسەرلەر» ، ئىككى توم، 1961 - يىل، نيۇ-يورك نەشرى.

ت. ۋاتتېرس: «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمھالى» ، ئىككى توم، 1961- يىل، نيۇ-يورك نەشرى.

ئا. ۋېيلى: «غەربىي يۇرت ھەققىدە تەتقىقات» ، ئىنسانشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ژۇرنىلىنىڭ 1881 -يىل، 1882- يىل نەشرى.

## دەسلەپكى ماتېرىياللار
## (2) ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار


د. ئاھرېنس: «گاندارا سەنئىتىدىكى رىمچە ئاساس». 1961-يىل، مۇنستېر نەشرى.

ف. خ. ئاندرىئۇس: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئىبادەتخانىلىرىدىكى تام رەسىملىرى»، 1948 - يىل، لوندون نەشرى.

م. بۇسساگلى: «ئوتتۇرا ئاسىيا رەسسامچىلىقى »، 1961 - يىل، جەنۋە نەشرى.

ر. كۇرشېل ۋە گ. فۇسمان: «قۇندۇزدىكى پۇل خەزىنىسى»، MDAFA، XX، 1965 - يىل، پارىژ نەشرى.

ئو. م. دالتون: «ئامۇ خەزىنىسى»، 1964 - يىل، لوندون نەشرى.

خ. دەيدېر: «گاندارا سەنئىتى ھەققىدە تەتقىقات»، 1956 - يىل، پارىژ نەشرى.

ئا. فوشېر: «گاندارادىكى يۇنان- بۇددا سەنئىتى»، ئىككى توم، 1905 - يىلدىن 1922-يىلغىچە، پارىژ نەشرى.

ئا. فوشېر: «ھىندىستاننىڭ بەلختىن تاكسىلاغا بارىدىغان قەدىمكى يولى»، MDAFA، I ، ئىككى توم ، 1942 - يىلدىن 1947-يىلغىچە، پارىژ نەشرى.

ب. گراي: «دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆي رەسىملىرى»، 1959 - يىل، لوندون نەشرى.

ج. خاكىن: «بەگرەم ئارخېئولوگىيىسىدىن يېڭى تەتقىقات»، MDAFA، XI، ئىككى توم، 1954 - يىل، پارىژ نەشرى.

خ. ئىنگخولت، ئى. لىيونس: «پاكىستاندىكى گاندارا

سەنئىتى» ، 1957 - يىل، نيۇ يورك نەشرى.
ئا. فون لې كوك: «قوچۇ» ، 1913 - يىل، بېرلىن نەشرى.
ئا. فون لې كوك: «كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزىمى» ، ئالتە توم، 1922 - يىلدىن 1924-يىلغىچە، بېرلىن نەشرى.
ئا. فون لې كوك: « شىنجاڭدىكى يۇنان ئىزلىرى» ، 1926-يىل، بېرلىن نەشرى.
ئا. مارىك، گ. ۋېيت: «جام مەسچىتى» ، MDAFA ، XVI ، 1959- يىل، پارىژ نەشرى.
ج. مارشال: «تاكسىلا» ، ئۈچ توم، 1951-يىل، كامبرىج نەشرى.
ئا. مونگايت: «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» ، 1959 - يىل، لوندون نەشرى.
پ. پېللىئوت: «دۇنخۇاڭ غارلىرى» ، 1922 - يىلدىن 1924 -يىلغىچە، پارىژ نەشرى.
ن. ئا. ستەيىن: «قەدىمكى خوتەن» ، 1907-يىل، ئوكسفورد نەشرى.
ن. ئا. ستەيىن: «جۇڭگو چۆل— جەزىرىلىرىدىكى خارابىلەر» ، ئىككى توم، 1912 - يىل، لوندون نەشرى.
ن. ئا. ستەيىن: «غەربىي يۇرت» ، 1921 - يىل، ئوكسفورد نەشرى.
ن. ئا. ستەيىن: «ئىچكى ئاسىيا» ، 1928 - يىل، ئوكسفورد نەشرى.
ن. ئا. ستەيىن: «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىزلار» ، 1933- يىل، لوندون نەشرى.
س. پ. تولستوف: «قەدىمكى خارەزىمدىكى ئىزلار» ، 1953-يىل، بېرلىن نەشرى.

## دەسلەپكى ماتېرىياللار (3) پۇللار

ر. كورسىيىل، د. سلۇمبېرگېر: «ئافغانىستاندىكى پۇل خەزىنىسى»، MDAFA، XIV، 1953 - يىل، پارىژ نەشرى.
پ. گاردنېر: «بۈيۈك برىتانىيە موزىيىدا ساقلىنىۋاتقان ھىندى پۇللىرىنىڭ كاتولوگى: باكتىرىيە ۋە ھىندىستاندىكى يۇنان، سىكتاي پادىشاھلىرى»، 1886 - يىل، لوندون نەشرى.
ر. گىرشمان: «چىئونىت-ئېفتالىت»، MDAFA، XIII، 1948- يىل، قاھىرە نەشرى.
ئې. ئې. خېرزفېلد: «كۇشان-ساسانىيە پۇللىرى»، 1930 - يىل، كالكۇتتا نەشرى.
د. سوردېل: «كابۇل مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى مۇسۇلمان پۇللارنىڭ كاتولوگى»، 1953 - يىل، دەمەشق نەشرى.
ر. ب. ۋايتخېد: «پەنجاب مۇزېيىدىكى پۇللارنىڭ كاتولوگى»، 1-توم «ھىندى-يۇنان پۇللىرى»، 1914 - يىل، ئوكسفورد نەشرى.

## تەتقىقات ئەسەرلىرى

ف. ئالتېيم: «يۇنانلىشىش دەۋرىدىكى ئاسىيانىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئەھمىيىتى»، ئىككى توم، 1947 -، 1948- يىللىق نەشرى.
ج. باكوت: «تىبەت تارىخىغا مۇقەددىمە»، 1962 - يىل، پارىژنەشرى.
ۋ. بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسى دەرۋىدىكى تۇركىستان»

، 1958 - يىل، لوندون نەشرى.

گ. باتائىلى: «كۇشان ساسان-كۇشان خانلىرىنىڭ پۇللىرى ھەققىدە تەتقىقات»، 1928 - يىل، ئارپتۇس نەشرى.

ئا. د. خ. بىۋار: «قۇندۇزدىكى باكتىرىيە خەزىنىسى»، JNSI، XVIII، 1955 - يىل نەشرى.

ئا. د. خ. بىۋار: «سۇرخ كوتال يادنامىسىدىن كانىشكا دەۋرىگە نەزەر»، BSOAS، XXVI، 1963 - يىل نەشرى.

ئا. د. خ. بىۋار: «ھىندى، باكتىرىيانلار مەسىلىسى»، NC، 1965 - يىل نەشرى.

س. ئې. بوسۋورز: «غەزنەۋى خانىدانلىقى»، 1963 - يىل، ئېدىنبۇرگ نەشرى.

س. ئې. بوسۋورز: «شەرقىي ئافغانىستاندىكى دەسلەپكى غەزنەۋى خانىدانلىقىنىڭ تارىخى»، 1965 - يىللىق ئىسلام پەسىللىك ژۇرنىلى نەشرى.

س. ئې. بوسۋورز ۋە س. كلاۋسون: «ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدا خارەزمىنىڭ ئورنى»، JRAS، 1965 - يىل نەشرى.

خ. بۇكزال: «گاندارا ھەيكەلتاراشلىقىدىكى غەرب ئۇسلۇبى»، PBA، XXXI، 1945-يىل نەشرى.

س. كلاۋسون: «ئۇيغۇر نامى ھەققىدە»، JRAS، 1963-يىل نەشرى.

ن. س. دېبېۋويس: «پارفىيەنىڭ سىياسىي تارىخى»، 1938 - يىل، چىكاگو نەشرى.

ر. ن. فراي: «بۇخارا»، 1965 - يىل، ئوكلاخوما نەشرى.

ر. ن. فىراي: «يۇنان ۋە كۇشان ئارخېئولوگىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەھمىيىتى»، «ئاسىيا تارىخى

ژورنىلى» 1967 - يىلىلىق نەشرى.
ر. ن. فراي، ئا. م. سايىلى: «سالجۇقىلاردىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا شەرق تۈركلىرى»، «ئامېرىكا شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ژورنىلى»، LXIII، 1943 - يىلىلىق نەشرى.
ئا. فون گابائىن: «ئەڭ دەسلەپكى تۈركلەرنىڭ تۇرمۇشىدا يايلاق ۋە شەھەر»، «ئىسلام»، 1949 - يىل نەشرى.
ئا. فون گابائىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى ((607—745))»، 1952 - يىل، هامبۇرگ نەشرى.
ئا. فون گابائىن: «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى»، 1961-يىل، بېرلىن نەشرى.
خ. ئا. ر. گىب: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر جۇڭگو مەنبەلىرى»، BSOAS، II، 1921-، 1922، 1923- يىل نەشرى.
خ. ئا. ر. گىب: «ئەرەبلەرنىڭ 715 - يىلى قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىشى»، BSOAS، II، 1921 -، 1922، 1923- يىل نەشرى.
خ. ئا. ر. گىب: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى»، 1923 - يىل، لوندون نەشرى.
ر. گىرائۇد: «كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ تارىخى: ئېلتەرىش، قاپاغان، ۋە بىلگە قاغان دەۋرى (680—734)»، 1960 - يىل، پارىژ نەشرى.
ر. گوبىل: «ۋىسادىن بەهرام IV گىچە بولغان كۇشان پۇللىرى»، 1957 - يىل، فرانكفورت نەشرى.
ر. گرۇسسېت: «يايلاق ئىمپېرىيىسى»، 1939-يىل، پارىژ نەشرى.
ج. خالۇن: «ئۇلۇغ توخرىلار»، ZDMG، XCI، 1937-

يىل نەشرى.
ج. ر. خامىلتون: «بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلار» ، (907—960) ، 1955 - يىل، پارىژ نەشرى.
ۋ. ب. خېنىنىڭ: «قەدىمكى سوغدى مەكتۇپلىرىنىڭ يىل دەۋرى» ، BSOAS ، XII ، 1948 - يىل نەشرى.
خ. خوفمان: «تۈبۈتلەردە دىن» ، 1961 - يىل، لوندون نەشرى.
ك. جېتمار: «تۈركلەردىن ئىلگىرىكى ئالتاي رايونى» ، «يىراق شەرق دۆردانىلىرى مۇزېيى» ، 1951 - يىل نەشرى.
ئې. لاموتتې: «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ تارىخى» ، 1958- يىل، لوۋىن نەشرى.
ب. لاۋفېر: «جۇڭگو - ئىران» ، 1919 - يىل، چىكاگو نەشرى.
س. پ. ماككېرراس: «ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر» (744—840) ، كامبىرىج ، 1964 - يىل.
ۋ. م. مەگاۋېرن: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىمپېرىيىلەر» ، 1939 - يىل، چاپېل خىل نەشرى.
ئو. مائېنچېن-خېلفېن: «توخرىلار ھەققىدە قايتا ئىزدىنىش» ، «ئامېرىكا شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى» ، LXV ، 1945 - يىل نەشرى.
ئى. مېلىكوۋ: «تۈرك - ئىران ئېپوسلىرىدىكى ‹ پالىتۋاز › - ئەبۇ مۇسلىم» ، 1962 - يىل، پارىژ نەشرى.
ئې. خ. مىنس: «شىمال كۆچمەنلىرىنىڭ سەنئىتى» ، PBA ، XXVIII ، 1942 - يىل نەشرى.
ۋ. مىنورىسكى: «تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى» ، BSOAS ، XII ، 1948 - يىل نەشرى.

ۋ. مىنورسكى: «ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەن يۇنانلىق» ، BSOAS ، 1967 - يىل نەشرى.

ۋ. ميۇئىر: «خەلىپە ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ باش كۆتۈرۈشى، زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە يوقىلىشى» ، 1914- يىل، كامبرىج نەشرى.

ئا. ك. نارائىن: «ھىندىلار ـ يۇنانلىقلار» ، 1957 - يىل ئوكسفورد نەشرى.

م. نازىم: «سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ دەۋرى» ، 1931 - يىل، كامبرىج نەشرى.

ئې. فىلىپس: «خان جەمەتى قەبىلىلىرى» ، 1965 - يىل، لوندون نەشرى.

ئو. ئى. پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىلارغىچە» ، ZDMG ، CI ، 1951 - يىل نەشرى.

ئو. ئى. پرىتساك: «قەدىمكى ئاسىيالىقلاردىكى قەبىلە ناملىرى ۋە ئەمەل - مەنسەپلەر» ، «ئۇرال - ئالتاي مەجمۇئەسى» ، 1952 - يىل، ۋىسبادېن نەشرى.

ئو. ئى. پرىتساك: «قاراخانىلار خانىدانلىقى» ، «ئىسلام» ، XXXI ، 1953 - يىل نەشرى.

خ. پۇئېچ: «مانى دىنى ھەم ئۇنىڭ ئىجادچىسى ۋە تەلىماتلىرى» ، 1949 - يىل، پارىژ نەشرى.

گ. كارراتېل، گ. گارىبنى: «پادىشاھ ئاسۇكانىڭ يۇنان - ئارامى يېزىقلىرىدىكى پەرمانى» ، 1964 - يىل، رىم نەشرى.

ت. ت. رائىس: «سكىتايلار» ، 1957 - يىل، لوندون نەشرى.

ۋ. سامولىن: «تۈركلەردىن ئىلگىرىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ تارىخىي ئېتنولوگىيىسى» ، 1955 - يىل نەشرى.

ۋ. سامولىن: «تارىم ئارخېئولوگىيىسىدە ئەكس ئەتكەن تارىخىي ئېتنولوگىيە»، CAJ، 1959 - يىل نەشرى.

ۋ. سامولىن: «XII ئەسىرگىچە بولغان شىنجاڭ»، 1964-يىل، گائاگا نەشرى.

د. سىلۇمبېرگېر: «سۇرخ كوتالدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە باكترىيە بىلەن ھىندىستاندىكى قەدىمىي يۇنان مەدەنىيىتى»، PBA، XLVII، 1961 - يىل نەشرى.

ۋ. ئا. سىمىس: «ھىندىستاننىڭ قەدىمكى تارىخى»، 1924-يىل، ئوكسفورد نەشرى.

د. ل. سنېلگروۋ: «بۇددىزىمنىڭ ھىمالايىسى»، 1957 - يىل، ئوكسفورد نەشرى.

ئا. س. سوپېر: «گاندارادىكى رىم ئۇسلۇبى»، «ئامېرىكا ئارخېئولوگىيە ژورنىلى»، LV، 1951 - يىل نەشرى.

ب. سپۇلېر: «دەسلەپكى ئىسلام دەۋرىدىكى ئىران»، 1952-يىل، ۋېسبادېن نەشرى.

ۋ. ۋ. تارن: «باكترىيە ۋە ھىندىستاندىكى يۇنانلىقلار»، 1951 - يىل، كامبرىج نەشرى.

ل. ئا. ۋاددېل: «تىبەتتىكى بۇددىزىم ياكى لاما دىنى»، 1934 - يىل، لوندون نەشرى.

گ. ۋېيىل: «خەلىپىلىكنىڭ تارىخى»، 1846 - يىلدىن 1862 -يىلغىچە، ھېيدېلبېرگ-شتۇتگارت نەشرى.

ر. ئې. م. ۋېلېر: «يەنە رىم-بۇددا سەنئىتى توغرىسىدا»، «قەدىمكى دۇردانىلەر»، 1949 - يىل نەشرى.

ر. ب. ۋايتخېد: «ھىندىستان - يۇنان پۇلشۇناسلىقى»، NC، 1923 - يىل نەشرى.

ر. ب. ۋايتخېد: «ھىندى - يۇنانلار ھەققىدە خاتىرە»،

NC ، 1940 -، 1947-، 1950- يىللار نەشرى.
گ. ۋايدىنگرېن: «مانى ۋە مانى دىنى» ، 1961 - يىل، شتۇتگارت نەشرى.
ۋ. پ. يېتس: «قەدىمكى جۇڭگو تارىخىدا ئاتنىڭ رولى» ، «ياۋرو - ئاسىيا خەلق دۆردانىلىرى» ، 1934 - يىل، خېلسىنكى نەشرى.

## VI — VIII بابلار
## دەسلەپكى ماتېرىياللار

ر. پ. بىلىبېيك، ر. ن. فىراي: «ئوقياچى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، HJAS ، 1949 - يىل نەشرى.
ج. ئا. بويېل: «تارىخى جاھانكۇشاي» ، ئىككى توم، 1958- يىل، مانچېستېر نەشرى.
ج. ئا. بويېل: «ئەرمىنىيە پادىشاھى ھەيتۇم I نىڭ مۆڭگكەخان ئوردىسىغا زىيارەتكە بېرىشى» ، CAJ ، IX ، 1964 - يىل نەشرى.
ئې. برېتشنېيدېر: «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» ، ئىككى توم، 1888 - يىل، لوندون نەشرى.
خ. س. داۋسون: «موڭغۇل ئەلچىلەر ئۆمىكى» ، 1955- يىل، لوندون نەشرى.
خ. ئا. ر. گىب: «ئىبنى بەتتۇتەنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ، ئىككى توم، 1958 - يىلدىن 1962-يىلغىچە، كامبرىج نەشرى.
ئې. خائېنىچ: «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ، 1948 - يىل، لېيپتسىگ نەشرى.
ل. خامبىس: « ‹ يۈەن خاندانلىقى تارىخى › نىڭ 107 - جىلد ‹ خان جەمەتى نەسەبنامىسى › گە ئىزاھ » ، 1945 - يىل، لېيدېن

نەشرى.

ل. خامبىس: «‹يۈەن خانىدانلىقى تارىخى›، نىڭ 108 - جىلد ‹خان جەمەتى نەسەبنامىسى› گە ئىزاھ» ، 1954 - يىل، لېيدېن نەشرى.

ج. خامبېر-پۈرگستال: «تارىخى ۋاسساف» ، 1956 - يىل نەشرى.

ئا. موستائارت ۋە ف. ۋ. كلېۋېس: «ۋاتىكاننىڭ مەخپىي ئارخىپلىرى ئارىسىدىكى موڭغۇلچە ئۈچ خىل ھۆججەت» ، HJAS ، 1952 - يىل نەشرى.

ئا. مۇستارت ۋە ف. ۋ. كلېۋېس: «1289—1305-يىللىرى ئىلبېكخان ئارغۇن ۋە ئۆلجايتۇنىڭ فىلىپقا يوللىغان مەكتۇبلىرى» ، 1962- يىل، كامبرىج نەشرى.

پ. پېللىئوت: «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخىنىڭ تەرجىمىسىگە ئىزاھ» ، 1949 - يىل، پارىژ نەشرى.

پ. پېللىئوت ۋە ل. خامبىس: «چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە شەرھى» ، 1951 - يىل، لېيدېن نەشرى.

ئې. م. كوئاترېمېرې: «پارسلار ۋە موڭغۇللارنىڭ تارىخى» ، 1836 - يىل، پارىژ نەشرى.

خ. گ. راۋېرتى: «تەبەقاتى ناسىرى» ، ئۈچ توم، 1881-يىلدىن 1889-يىلغىچە، لوندون نەشرى.

ئا. ۋېيلى: «كىمياگەرنىڭ ساياھىتى» ، 1931 - يىل، لوندون نەشرى.

خ. يۇلې: «ۋېنېتسىيىلىك ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ، ئىككى توم، 1921 - يىل، لوندون نەشرى.

## نەتقىقات ئەسەرلىرى

گ. ئالتۇنيان: « XIII ئەسىردىكى موڭغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ كاۋكازىيە بىلەن كىچىك ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى» ، 1911-يىل، بېرلىن نەشرى.
ئې. بىلوچېت: «راشىدنىڭ ‹جامىئۇت تەۋارىخ› دېگەن ئەسىرىگە مۇقەددىمە» ، 1910 - يىل، لوندون نەشرى.
چېن يۈەن: «موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگودا غەربى ئاسىيالىقلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار» 1966 - يىل، لوس ئانجېلېس نەشرى.
ئا. س. م. دوسون: «موڭغۇل تارىخى» ، تۆت توم، 1852-يىل، ئامستېردام نەشرى.
د. م. دۇنلوپ: «شەرقىي ئاسىيادىكى كېرەيلەر» ، BSOAS ، 1944 - يىل نەشرى.
ن. ئېگامى: «ئۆلون - سۇمې ۋە جېئان مونتېكورۋىنونىڭ رىم چېركاۋىنىڭ بايقىلىشى» ، JA ، 1952 - يىل نەشرى.
ب. گراي: «جۇڭگو ۋە ئىراندىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىدىكى سەنئەت» ، شەرق سەنئىتى ، 1955 - يىل نەشرى.
ب. گرېكوف، ئا. ياكۇبوۋسكى: «ئالتۇن ئوردا» ، 1939-يىل ، پارىژ نەشرى.
ر. گرۇسسېت: «موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخى» ، 1941 - يىل، پارىژ نەشرى.
ر. گرۇسسېت: «دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى» ، 1944 - يىل، پارىژ نەشرى.

ئې. خائېنىش: «موڭغۇل دۇنياۋى ئىمپېرىيىسىنىڭ مەدەنىيەت سىياسىتى»، 1943 - يىل، بېرلىن نەشرى.

ۋ. خەيد: «شەرق دۇنياسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر سودا تارىخى»، ئىككى توم، 1936 - يىل، لېيپتسىگ نەشرى.

خ. خ. خوۋورس: «IX ئەسىردىن XIX ئەسىرگىچە بولغان موڭغۇل تارىخى»، بەش توم، 1876 - يىلدىن 1927-يىلغىچە، لوندون نەشرى.

ۋ. س. كىسېلوف: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى»، 1957 - يىل نەشرى.

ل. كرادېر: «موڭغۇللارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تارىختىكى ئورنى»، AM، 1952 - يىل نەشرى.

ل. كرادېر: «خان، قاغان ۋە موڭغۇل پادىشاھلىرىنىڭ مەنبەسى»، CAJ، 1955 - يىل نەشرى.

ل. كرادېر: «فېئودالىزم ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى تاتار سىياسىتى»، 1958 - يىل نەشرى.

لائىن- پوئول: «بۈيۈك برىتانىيە موزېيىدىكى موڭغۇل تەڭگىلىرى»، 1881 - يىل، لوندون نەشرى.

ئو. لاتتىمورى: «ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى خارابىلىككە ئايلانغان نېستورىيانلار شەھىرى»، 1934 - يىل، جۇغراپىيە ژۇرنىلى نەشرى؛

ئو. لاتتىمورى: «چىڭگىزخاننىڭ جۇغراپىيىسى»، 1963 - يىل، جۇغراپىيە ژۇرنىلى نەشرى.

خ. د. مارتىن: «چىڭگىزخاننىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە شىمالىي جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشى»، 1950 - يىل، بالتىمور نەشرى.

ئا. موستارت: «موڭغۇل خانلىرىنىڭ بىرنەچچە رەسىمى»، AM، 1927 - يىل نەشرى.

پ. ئـولبـرىـچ: « XIV ، XIII ئـەسىرلـەردىكى موڭغۇللار هۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگونىڭ پوچتا ئىشلىرى» ، 1954 - يىل، ۋېسبادېن نەشرى.
ل. ئولسكى: «ماركو پولونىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئاسىيا»، 1960 - يىل، بېركېلېي نەشرى.
پ. پـېـلـلـىـئـوت: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرقتىكى خرىستىئانلار» ، TP ، 1914 - يىل نەشرى.
پ. پـېلـلىئوت: «"ماركو پولو" غا ئىزاھ» ئىككى توم، 1959 - يىلدىن 1963-يىلغىچە، پارىژ نەشرى.
خ. ف. شۇرمان: « XIII ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ ئولپان قوبۇل قىلىش ئادىتى» ، HJAS ، 1956 - يىل نەشرى.
ب. سـپـۇلـېـر: «روسـىـيـىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقى» ، 1965 - يىل، ۋېسبادىن نەشرى.
ب. سپۇلېر: «موڭغۇل دەۋرى» ، 1948 - يىل، بېرلىن نەشرى.
ب. سپۇلېر: «موڭغۇللار ئىراندا» ، 1955 - يىل، بېرلىن نەشرى.
ب. سپۇلېر: «تارىختىكى موڭغۇللار» ، 1961 - يىل، پارىژ نەشرى.
گ. ۋ. ۋېرنادسكى: «موڭغۇللار ۋە روسىيە» ، 1953 - يىل، نيۇخەۋىن نەشرى.
ب. ي. ۋىلادىمىرسوف: «چىنگگىزخان» ، 1948 - يىل، پارىژ نەشرى.
ب. ي. ۋىلادىمىرسوف: «موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم تارىخى» ، 1948 - يىل، پارىژ نەشرى.

# IX — XIII بابلار
# دەسلەپكى ماتېرىياللار

ئا. س. بېۋېرىج: ئىنگلىزچە «بابۇرنامە» ، ئىككى توم، 1834 - يىل، لوندون نەشرى.

ئا. بۇرنېس: «بۇخاراغا سەپەر» ، ئۈچ توم، 1834 - يىل، لوندون نەشرى.

ئو. د. چېخوۋىچ: « XIV ئەسىردىكى بۇخارا ۋەسىقىلىرى» ، 1965 - يىل، تاشكەنت نەشرى.

دېسمېيسون: «موڭغۇللار ۋە تاتارلارنىڭ تارىخى» ، 1871-يىلدىن 1874-يىلغىچە، سانكت-پېتېربۇرگ نەشرى.

ل. م. ئېپىفانوف: «مىرزا ئابدۇل ئەزىم سامى: مانغىت سۇلتانلىرىنىڭ تارىخى» ، 1962 - يىل، موسكۋا نەشرى.

ن. ئېلىياس، د. ئې. روس: «تارىخى رەشىدى» ، ئىنگلىزچە، 1895 - يىل، لوندون نەشرى.

ن. ۋ. خانىكوف: «بۇخارا ھەم ئۇنىڭ ئەمىرلىرى ۋە پۇقرالىرى» ، 1845 - يىل، لوندون نەشرى.

ل. گ. سترېنج: «كلاۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىشى» ، 1928 - يىل، لوندون نەشرى.

ئا. لېۋچىنى: «قىرغىز - قازاق كۆچمەن قوۋملىرى ۋە يايلاق تەزكىرىسى» ، 1840 - يىل، پارىژ نەشرى.

ج. مىشېل: «رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيادا» ، 1885- يىل، لوندون نەشرى.

ك. ف. نىيومان: «سچىلتبېرگېرنىڭ 1394 - يىلدىن 1427- يىلغىچە مىيونخېندىن يولغا چىقىپ ياۋروپا، ئاسىيا،

ئافرىقىغا سەپەر قىلىشى» ، 1859 - يىل، مىيۇنخېن نەشرى.
ج. خ. ساندېرس: « ئۇلۇغ ئەمىر تىمۇر ياكى ئاقساق تىمۇر» ، 1936 - يىل، لوندون نەشرى.
س. سچېفېر: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ، 1876 - يىل، پارىژ نەشرى.
س. سچېفېر: «خارەزىمگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ، 1879 - يىل، پارىژ نەشرى.
ف. سچېرزېر : «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرق تەزكىرىلىرى ھەمدە ساياھەتنامىلەر» ، 1878 - يىل، پارىژ نەشرى.
ج. سېنكوۋسكى: « «ھون، تۈرك ۋە موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» غا تولۇقلىما» ، 1824 - يىل، سانكت - پېتېربۇرگ نەشرى.
ئا. ۋامبېري: «شايبانىلار خاندانلىقى» ، 1885 - يىل، ۋېيېن نەشرى.

## تەتقىقات ئەسەرلىرى

ئا. ج. ئەھمەد: «ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ سۇ ئىنشائاتى» ، «خەلقئارا تەتقىقات» ، 1960 - يىل نەشرى.
ج. ئوۋبىن: «ئەمىر تىمۇر شەھەرلەرنى قانداق تارتىۋالاتتى» ، «ئىسلام تەتقىقاتى» ، XIX ، 1963 - يىل نەشرى.
ۋ. ۋ. بارتولد: «تۈركىستاننىڭ مەدەنىي ھايات تارىخى» ، 1927 - يىل، لېنىنگراد نەشرى.
ۋ. ۋ. بارتولد: «تۈركىستان تارىخى» ، 1922 - يىل، تاشكەنت نەشرى.
ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا دائىر تۆت

ئەسەر» (مىنورسكىي ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان)، ئۈچ توم، 1962- يىل، لېيدېن نەشرى.

خ. ۋ. بېللېۋ: «قەشقەرىيە تارىخى»، 1875 - يىل، كالكۇتتا نەشرى.

م. ب. دىكسون: «شاھتاھمەسب ۋە ئۆزبېكلەر»، 1958 - يىل، پرىنستون نەشرى.

م. خارتمان: «ئىسلام شەرق دۇنياسى»، ئۈچ توم، 1899- يىلدىن 1910-يىلغىچە، بېرلىن نەشرى.

د. خىل، ئو. گرابار: «ئىسلام بىناكارلىقى ۋە نەقىشچىلىكى»، 1964 - يىل، لوندون نەشرى.

ۋ. خىنز: «تىمۇرىلەر خانىدانلىقىغا ئائىت مەنبەلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، ZDMG، 1936 - يىل نەشرى.

م. خولدسۋورس: «XIX ئەسىردىكى تۈركىستان»، 1959- يىل، لوندون نەشرى.

پ. پ. ئىۋانوف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ئوچېركى»، 1958 - يىل، موسكۋا نەشرى.

م. ف. كۆپرۈلۈ: «تۈرك ۋە موڭغۇللاردىكى شامان دىنىنىڭ مۇسۇلمان مىستىزىمىغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، 1929- يىل، ئىستانبۇل نەشرى.

س. لائىن-پوئول: «بۇخارا تەڭگىلىرى»، 1882 - يىل، لوندون نەشرى.

ر. ماجېرزاك: «قازاق خانلىقى قۇرۇلغاندىن تارتىپ XIX ئەسىرگىچە بولغان قازاقلارنىڭ ياكى قىرغىز - قازاقلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، RMM، 1921 - يىل نەشرى.

ۋ. پ. نالىۋكىن: «قوقەند خانلىقىنىڭ تارىخى»، 1889- يىل، پارىژ نەشرى.

ئې. ئې. ئولىۋېر: «چاغاتاي موغۇللىرى» ، JRAS، 1888 - يىلى نەشرى.
ئې. ئې. ئولىۋېر: «چاغاتاي موغۇللىرىنىڭ پۇللىرى» ، «بېنگال ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ژورنىلى» ، 1891 - يىلى نەشرى.
خ. ر. رومېر: «ئەمىر تىمۇر ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر يېڭى ئەسەرلەر» ، CAJ ، 1956 - يىلى نەشرى.
ر. م. ساۋۇرى: «ئەمىر تىمۇرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ئىراندا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى» ، «ئىسلام» ، 1964 - يىلى نەشرى.
ر. ب. شاۋ: «شەرقىي تۈركىستان خوجىلىرىنىڭ تارىخى» ، 1897 - يىلى، بېنگال نەشرى.
ئا. ۋامبېرى: «بۇخارا تارىخى» ، 1872 - يىلى، شتۇتگارت نەشرى.
ر. س. ۋارما: «ئەكبەر ۋە ئابدۇللاخان» ، «ئىسلام مەدەنىيىتى» ، 1947 - يىلى نەشرى.
م. ۋياتكىن: «قازاق س س ر تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» ، 1941 - يىلى، لېنىنگراد نەشرى.
ت. گ. ۋىننېر: «روسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى قازاقلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى» ، 1958 - يىلى، دۇرخام نەشرى.
ل. زىممىنې: «ئەمىر تىمۇرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ قەشقەر، فەرغانە، موغۇلىيىدىكى زەپەرلىرى» ، RMM ، 1914 - يىلى نەشرى.

باب XIV

ئې. ئالۋورز: «ئوتتۇرا ئاسىيا: روسىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەسىرى» ، 1967 - يىل، نيۇيورك نەشرى.

ئې. ئالۋورز: «ئۆزبېكلەرنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى» ، 1964 - يىل، گائاگا نەشرى.

ئې. ئالۋورز: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ۋە مىللەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشى» ، 1965 - يىل، نيۇيورك نەشرى.

ئې. ئې. باكون: «روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار» ، 1966 - يىل، نيۇيورك نەشرى.

ئا. بېننىگسېن: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇلاردىكى تىل مەسىلىسى» ، 1961 - يىل، لوندون نەشرى.

ئا. بېننىگسېن: «روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى» ( I تومى «تاتارىستاندىكى سۇلتانغەلىيېفچىلىك» ، II تومى «1920 - يىلدىن ئىلگىرىكى روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىللەتچىلىك ھەرىكىتى» ) ، 1960-يىل ۋە 1964-يىل، پارىژ نەشرى.

ئا. بېننىگسېن: «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىسلام دىنى» ، 1967- يىل، لوندون نەشرى.

ئو. ك. كارو: «سوۋېت ئىمپېرىيىسى: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر ۋە ستالىنىزم» ، 1967 - يىل، لوندون نەشرى.

خ. كارربرى: «روسىيە ئىمپېرىيىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئىسلاھاتى ۋە ئىنقىلابى» ، 1966 - يىل، پارىژ نەشرى.

ج. كاستاگنى: «بولشېۋىزم ۋە مۇسۇلمانلار» RMM ، 1922 - يىل نەشرى.

س. ۋ. خوستلېر: «تۈركىزم ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتى» ،

1957- يىل، لوندون نەشرى.
ئې. كىرىمال: «قىرىم تۈركلىرىنىڭ مىللىي كۈرىشى» ، 1952 - يىل نەشرى.
گ. فون مېندې: «روسىيىدىكى تۈركلەرنىڭ مىللىي كۈرەشلىرى» ، 1936 - يىل، بېرلىن نەشرى.
ئا. نوۋې ۋە ج. ئا. نيۇس: «ئوتتۇرا شەرق سوۋېتى» ، 1967 - يىل لوندون نەشرى.
ئا. گ. پارك: «تۈركىستاندىكى بولشېۋىزم» ، 1957-يىل، نيۇيورك نەشرى.
ر. پايپېس: «سوۋېت جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلمىسى» ، 1954 - يىل، كامبرىج نەشرى.
ر. پايپېس: «ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى» ، «ئوتتۇرا شەرق ژۇرنىلى» ، 1955 - يىل نەشرى.
ئې. د. سوكول: «روسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى 1916 - يىلى يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ» ، 1953 - يىل، بالتىمور نەشرى.
ب. سپۇلېر: «روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ۋولگا تاتارلىرى ۋە باشقىرتلار» ، «ئىسلام» ، 1949 - يىل نەشرى.
ب. سپۇلېر: «سوۋېت ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» ، «ئىسلام» ، 1964 - يىل نەشرى.
گ. ۋېللېر: «سوۋېت مۇسۇلمانلىرى ئاسىياسىدىكى ئىرقىي مەسىلە» ، 1960 - يىل، لوندون نەشرى.
گ. ۋېللېر: «سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخى» ، 1964 - يىل، لوندون نەشرى.
گ. ۋېللېر: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر» ، 1966- يىل، لوندون نەشرى.
س. ئا. زېنكوۋسكى: «ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا

ئاسىيادا مەدەنىيەت كۈرىشى» ، 1955 - يىل نەشرى.
س. ئا. زېنكوۋسكى: «تاتار ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ ئەسىرى» ، 1958 - يىل نەشرى.
س. ئا. زېنكوۋسكى: « روسىيىدىكى پان تۈركىزم ۋە ئىسلام دىنى» ، 1960 - يىل، كامبرىج نەشرى.

## XV باب

س. بېكېر: «روسىيىنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى—بۇخارا ۋە خىۋا» ، 1968 - يىل، كامبرىج نەشرى.
گ. كاپۇس: «ئاقساق تىمۇر پادىشاھلىقىغا ساياھەت» ، 1892 - يىلى، پارىژ نەشرى.
گ. ن. كېرزون: «روسىيىنىڭ 1899 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا كېڭەيمىچىلىك قىلىشى ۋە ئەنگلىيە - روسىيە تالاش-تارتىشى» ، 1889 - يىل، لوندون نەشرى.
ر. جۇنجى: «روسىيە تۈركىستانىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە ئەكس ئەتكەن شەرق ئىقتىسادىنىڭ ياۋروپالىشىش مەسىلىسى» ، 1915 - يىل، ۋېيمار نەشرى.
ن. ئا. خالفىن: «روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىتى» ، 1964 - يىل، لوندون نەشرى.
خ. كرافت: «روسىيە تۈركىستانىنى كېسىپ ئۆتۈش» ، 1902 - يىل، پارىژ نەشرى.
گ. كراخمېر: «رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيادا» ، 1898 - يىل، لېيپتسىگ نەشرى.
خ. لانسدېل: «روسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسى» ، ئىككى توم، 1885 - يىل، لوندون نەشرى.

ج. ئا. ماگاخان: «ئامۇ دەريا ئۇرۇشى ۋە خىۋانىڭ قولدىن كېتىشى» ، 1874 - يىل، نيۇيورك نەشرى.

ئا. ئى. ماكشېۋ: «تۈركىستان تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ۋە روسىيەنىڭ نېگوغا ھۇجۇم قىلىشى» ، 1890 - يىل، سانكت-پېتېربۇرگ نەشرى.

س. ت. مارۋىن: «شاھىدلارنىڭ رۇسلارنىڭ ئاخال تېككې تۈركمەنلىرىگە قارشى ۋەھشىي ئۇرۇشى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» ، 1880 - يىل، لوندون نەشرى.

ئا. ت. مىددېلدورف: «فەرغانە ئويمانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ، 1881 - يىل، سانكت - پېتېربۇرگ نەشرى.

خ. موسېر: «ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت» ، 1885 - يىل، پارىژ نەشرى.

ئو. ئولۇفسېن: «بۇخارا ئەمىرى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتى» ، 1911 - يىل، كوپېنھاگىن نەشرى.

ر. ئولچا، گ. كلېنوف: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي تارىخى ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر» ، 1942 - يىل، لېيپتسىگ نەشرى.

ك. ك. پاخلېن: «تۈركىستانغا ئاتلانغان ئەلچىلەر» ، 1964 - يىل، ئوكسفورد نەشرى.

ر. ئا. پېرس: «روسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسى (1867—1917) : تالالانغان ئەسەرلەر» ، 1953 - يىل، بېركېلېي نەشرى.

ر. ئا. پېرس: «روسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسى (1867—1917) مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدە تەتقىقات» ، 1960 - يىل، بېركېلېي نەشرى.

ف. فون شۋارز: «تۈركىستان ـ ھىندى - گېرمانلارنىڭ بۆشۈكى» ، 1900-يىل، برېسلاۋ نەشرى.

م. ئا. تېرېنتيېۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى» ، تۆت توم، 1906 - يىل، سانكت-پېتېربۇرگ نەشرى.

م. ئۇلفالۋى-بوردون: «پارىژدىن سەمەرقەندكىچە» ، 1880 - يىل، پارىژ نەشرى.

بۇ كىتاب سودا نەشرىياتى نەشر قىلغان 1994 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据商务印书馆 1994 年 6 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版

تەكلىپلىك تەھرىر: غوجا ئەخمەت يونۇس
مەسئۇل مۇھەررىر: قاھار پولات
تېخرىداكتورى : جەمىلەم نازىمەت

# ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى

**تەرجىمە قىلغۇچىلار : قۇربان تۇران، ھۆرمەتجان فىكرەت**

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010—6429086
تارقاتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2008 - يىل 9 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008 - يىل 9 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1168×850 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 15.375
سانى : 0001 — 3000
باھاسى : 28.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-09543-8/K • 1460 (维 46)

特约编辑：霍加艾合买提·玉努司
责任编辑：卡哈尔·普拉提
技术编辑：洁米莱姆·纳则买提

图书在版编目(CIP)数据

中亚史纲要：维吾尔文/（美）汉布里主编；库尔班·土兰，吾尔买提江·菲克热提译.—北京：民族出版社，2008.8
ISBN 978-7-105-09543-8

Ⅰ.中… Ⅱ.①汉…②库…③吾… Ⅲ.中亚—古代史—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.K360.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 124877 号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2008 年 9 月第 1 版　2008 年 9 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米　32 开
印　　张：15.375
印　　数：0001-3000 册
定　　价：28.00
ISBN 978-7-105-09543-8/K.1460（维 46）